# ركائز الإيمان

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى

**(2 ـ قىسىم)**

مۇھەممەد قۇتۇب (مىسىر)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# ركائز الإيمان

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى

(2 ـ قىسىم)

ئاپتورى: مۇھەممەد قۇتۇب

# ئماننك ئاساسلرى(2 ـ قسم)

# ركائز الإيمان

**محمد قطب**

رحمه الله

**منبر التوحيد والجهاد**

**الدّال على الخير كفاعله**

http://www.tawhed.ws
http://www.almaqdese.net
http://www.alsunnah.info
http://www.abu-qatada.com
http://www.mtj.tw

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ لاَ انفِصَامَ لَهَا وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ، اللّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُواْ يُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوُرِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ أَوْلِيَآؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُم مِّنَ النُّورِ إِلَى الظُّلُمَاتِ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«كىمكى تاغۇت (يەنى اللەدىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، اللە (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. اللە مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، اللە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى تاغۇتتۇر. تاغۇت ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.[1]»

---

① سۈرە بەقەرە: 256ـ ئايەت.

# مۇندەرىجە

**تۆتىنچى باب: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.........7**
**1. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى ..........7**
**2. پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەقىقىتى......................14**
**3. ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى .....................27**
**4. ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلىككە مۇھتاج ئىكەنلىكى ........37**
**5. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى.....................58**
**6. ئىنسانلار ھاياتىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەسىرى .........82**
**7. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى....102**
**8. تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ..............108**
**9. ماتېرىيالىستىك ئاتېئىزم خاھىشىنىڭ جىنايەتلىرى .......112**
**10. پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپىتى .....................118**
**(1) ئۇلارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى.....................118**
**(2) ئۇلارنىڭ پاكلىقى .............................127**
**(3) ئۇلارنىڭ ئۈلگە بولۇش ساھەلىرى...................135**
**11. ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر .......................142**
(1) نۇھ ئەلەيھىسسالام ........................144
(2) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ....................156
(3) مۇسا ئەلەيھىسسالام........................174

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

(4)       ئىسا ئەلەيھىسسالام.............................207
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى .................225
1. ئىسلامدىن بۇرۇنقى دۇنيانىڭ ئەھۋالى ...............225
2. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتى ۋە ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى .........................234
3. تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى بىشارەتلەر ..................237
4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋاللىرى.........................242
5. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى تارىختىكى ئەڭ ئېنىق تەرجىمھالدۇر ...................................247
6. ئۇنىۋېرسال ئوبراز ..............................251
7. تەربىيە مەكتىپى ...............................261
8. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ..264
(1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىلىك ئىكەنلىكى ۋە بۇرۇنقى بارلىق ئەلچىلىكلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقى..................................264
(2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن تەۋھىدكە دەۋەت قىلىدىغانلىقى .............266
(3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ ئالەمشۇمۇللۇقى...................................271
(4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ بارلىق ساھەلەردە ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى: ............275
(5) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ ئەبەدىيلىكى

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)


پرىنسىپى...................................284
(6) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىدىكى شەرىئەت مەنبەسىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكى...........................288
(7) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغانلىقى...............................300
(8) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ كەڭ قورساق ۋە ئاسان ئىكەنلىكى: ..................................306
(9) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكى ئېلىپ كەلگەن ئالىي قىممەت ـ قاراشلارنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىلىرى....................314
1. تەۋھىد ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەش: ................314
2. ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ...........321
3. كېڭەش ۋە ئادالەت پرىنسىپى.....................327
مۆجىزە....................................335
قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى........................340
قۇرئان كەرىمدىكى مۆجىزىلىك تەرەپلەر .................347
بىرىنچى: تىل جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى..................347
ئىككىنچى: تېما جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى.................356
1. قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى........356
2. ئىلمى جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى: ...............366
ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى .................374
ئىسلام ئۇممىتىنىڭ كەلگۈسى.......................382
بەشىنچى باب: ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش....387
ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقىغا بىر قىسىم ئەقلى ۋە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)


نەقلى دەلىللەر..............................391
ئـاخىرەت كـۈنىگە ئىمـان كەلتۈرۈشـنىڭ شـەخس ۋە جامائەتنىـڭ ئىـش ـ ھەرىكەتلىرىدىكى تەسىرلىرى.........................401
ئــــاخىرەت كــــۈنىگە ئىمــــان كەلتــــۈرۈش ئــــۆز ئىچــــگە ئالغــــان ھەقىقەتلەر..................................410
1. قەبرىنىڭ پىتنىسى، ئۇنىڭدىكى ئازاب ۋە نېئمەتلەر......410
2. قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى......................413
3. تىرىلىش: ...............................420
4. ھەشىر قىلىنىش...........................429
5. ھېساب ...............................433
6. پىلسىرات كۆۋرۈكى........................442
7. جەننەت ۋە دوزاخ..........................444
بىرىنچى: جەننەت ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرى.........447
ئىككىنچى: دوزاخ ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرى..........450
ئالتىنچى باب: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش............454
توغرا يۈسۈندا تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەسىرى .......459
تــــــۆنجى ئەۋلاد مۇســــــۇلمانلارنىڭ تەقــــــدىرگە بولغــــــان چۈشەنچىسى..................................465
خاتىمە: ئىسلام ئەقىدىسى ........................474
1. ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ...............474
بىرىنچى: ئاممىباپلىق: ............................476
ئىككىنچى: مۇكەممەللىك (ئۆز ـ ئارا باغلىنىشچانلىق).......477
ئۈچىنچى: تەڭپۇڭلۇق: ............................485

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

2. ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى تەسىرى . . . .490

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

(مۇھەممەد قۇتۇب... ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئىدىيۋى بايلىقى)



(ئاپتورنىڭ سۈرىتى)

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب گەرچە ئاكىسى، «يول بەلگىسى» ۋە «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر،

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىسلامى ئەدەب سەيىد قۇتۇبقا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر بولمىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلامى ھەرىكەتتىكى تەسىرىنى ھەرگىزمۇ ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ تەسىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىتابلىرى، ئەسەرلىرى، لېكسىيىلىرى، يولىيورۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن، زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئۇنىۋېرسىتېت رىسالىلىرى بىلەن مۇكەممەل بىر ئىدىيىۋى «مەكتەپ»نى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، شەرق ۋە غەربتە ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرى كۈنسىرى كۈچەيمەكتە.

تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش:

مۇھەممەد قۇتۇب 1919 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېل

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مىسىر تۈزلەڭلىكىدىكى ئاسيۇت ۋىلايىتىگە قاراشلىق مۇشا يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى قۇتۇب ئىبراھىم شازىلى يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. قۇتۇب ئىبراھىم گەرچە ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇ يېزىدىكى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دېھقان زىيالىيلارنىڭ قاتارىدىن سانىلاتتى.

ئانىسى پاتىمە ئوسمان خانىم دىنى ئائىلىگە مەنسۇب بولۇپ، ئۇ ئىلمخۇمار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھمەد ھۆسەيىن مۇشا ئەدەبىي تالانتى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئەدىب ۋە شائىر ئىدى. ئۇ مۇخبىرلىق ۋە سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. مۇھەممەد قۇتۇب ئۇنى سەيىد

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قۇتۇپ ۋە ئاببىاس مەھمۇد ئۇقاد بىلەن بىر قاتاردىكى داڭلىق ئۈچ ئەدىبنىڭ بىرى دەپ قارايتتى.

قۇتۇب ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پاتىمە خانىم ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن سەيىدنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قاھىرەگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. مۇھەممەد قېرىندىشى سەيىد، ھەمشىرىلىرى ئەمىنە ۋە ھەمىدە بىلەن بىللە قاھىرەگە كەلدى. ئۇ قاھىرەگە كېلىپ، شۇ يەردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىدا ئوقۇدى. ئۇ 1940 ـ يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى ھەمدە مائارىپ ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئالدى.

مۇھەممەد قۇتۇب ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن

كېيىن تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى تەرجىمە ئىدراسىدە بەش يىل ئىشلىدى. كېيىن يەنە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىقىدا كىتاب تۈزۈش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئىككى قېرىنداشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى:

ئۇستاز سەييد قۇتۇب ئىككى يىل (1949 ـ 1950) ئامېرىكىدا تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇتۇب ئائىلىسى مىسىردا پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشقا باشلىدى. چۈنكى، سەييد قۇتۇب قەلەم كۈرىشىگە ئاتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ھەر ۋاقىت دۈشمەن ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولغاچقا، ئۇنىڭ قاماققا ئېلىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)



ئۇستاز سەيىد قۇتۇب

1952 ـ يىلى ئىيۇلدا ئىنقىلاب پارتىلىدى. ئىنقىلابچىلار ئىسلامى يۆزلىنىشتىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» ۋە ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپلا «قېرىنداشلار» بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان «جامائەت» مۇتەپەككۇرى سەيىد قۇتۇب بىلەن توقۇنۇشتى.

توقۇنۇش تاكى 1953 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا سەيىد قۇتۇب قېرىنداشلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن چاقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، 1954 ـ يىلى ئۆكتەبىردە يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان مەشھۇر

«زۇڭتۇڭغا قەست قىلىش ۋەقەسى» يوز بەردى (چۈنكى، جامال ئابدۇناسىر «قېرىنداشلار»غا ئۆزىگە سۇيىقەست قىلىش جىنايىتى بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ئىدى). ۋەقە يوز بېرىپ، ئارقىدىنلا سەيىد قۇتۇپ، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە قېرىنداشلارنىڭ باشقا رەھبەر ۋە ئاساسلىق ئەزالىرى قاماققا ئېلىندى. ھەربى تۈرمىدە ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بىر ـ بىرىدىن يىراق بولغان ئايرىم ـ ئايرىم كامىرغا قامالدى. ئۇلار بىر ـ بىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. بىر ـ بىرىنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغىنىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار ھەربى تۈرمىدە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەھشەتلىك ئازاپ ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.... ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مۇھەممەد قۇتۇب تۈرمىدىن چىقتى. ئەمما، سەيىد قۇتۇپ بولسا، جاللاتنىڭ چاڭگىلىدا ئون نەچچە يىل قېلىپ قالدى.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ھەربى تۇرمىدىكى ئازاپ ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەربى تۇرمىدىكى ئازاپ مېنىڭ روھى دۇنيايىمغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ تەجرىبە خاراكتېرلىك قىيناش ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر قاباھەت ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئازاپ ئىدىكى، ئۇ ھەقتە مەن، پەقەت ‹ئۇ مېنىڭ روھى دۇنيايىمنى ھەر قايسى تەرەپتىن بىر پۈتۈن ئۆزگەرتتى› دېيەلىشىم مۇمكىن... مەن ئىلگىرى ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە مەۋھۇم ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە ياشايتتىم. چوڭقۇر بىر گاڭگىراش مېنى قىينىماقتا ئىدى. مەن ئۇنى ‹زالالەت› نامىلىق قەسىدەمنىڭ تۈۋەنىدىكى قۇرلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدىم:

ئۆتمەكتە ھەر كېچە، ئاقماقتا راۋان،

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

چېچىلدى خىيالىم، يوقالدى ئامان.

كائىنات ئۈستىدە كۆرۈنسە بىر ھەق،
زالالەت ئىلكىدە ئادەملەر قايان؟.

بۇ پانى دۇنيادىن ئىزدىشەر نېمە؟
(يەتمىدى مەقسەتكە، تاپمىدى ھايان).

مەن ۋە ھەم كۆڭلۈمنى چىرمىغان ئويلار،
بارىمىز ئاخىرقى شۇ مەنزىل تامان.

تۆگەيدۇ بىر ـ بىرلەپ، تۆگەيدۇ ھەممە،
قۇملۇقلار قېتىغا كۆمۈلۈپ ھامان.

نامەلۇم چۆللەردە يۈرەر ھاياتلىق،
پەرۋاسىز ئايلىنار، ئايلىنار جاھان.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بۇ خىل گاڭگىراش ھاياتىمدا ماھىيەتلىك كرىزىس پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىمغا بولغان كۈچلۈك تەسىرى تاكى مەن تۈرمىگە تاشلانغانغا قەدەر بىر قانچە يىل داۋاملاشتى. مەن ھەربى تۈرمىگە قامالغان ئاشۇ دەقىقىلەردىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاپ ـ ئوقۇبەت ئاخىرى مېنىڭ گاڭگىراشلىرىمنى تۈگىتىپ، ھاياتىمغا مەنە ئېلىپ كەلدى.... مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلدىم، بەلكى، مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تاپتىم. روھىمدىكى ‹ئويلار› نىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ ھەقىقەت الله يولىدا مېڭىش، الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى. بۇ يولدا ماڭغۇچى ئازغۇن ئەمەس، بەلكى، توغرا يول تاپقۇچى ئىدى. ئۇ ئەجەل تەقدىر قىلىنغان دەقىقىلەردە ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەندە، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھەرگىزمۇ بىكارغا كەتمەيتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۈن ـ تىنسىز يوقۇلۇپ

كەتمەيتتى، بەلكى، اللەنىڭ قېشىغا باراتتى ۋە ھەممىنى شۇ يەردە تاپاتتى.

تۆت كوچا ئېغىزى دەل ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەن دەقىقىلەر ئىدى.... زالالەت كوچىسىدىكى تېگىرقاشلىرىم ئاخىرى تۈگىدى. ئۆزۈمنى قايتىدىن توغرا يول ئۈستىدە تاپتىم.

مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ يۈكى مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. ئىلگىرى ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئاكام كۆتۈرەتتى. ھەممىمىز شۇنىڭغا ئادەتلەنگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ھاياتنىڭ بىر تالاي مۇشەققەتلىرى مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا خىلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئىدىم.... ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1964 ـ يىلى مايدا ئاكام سەيىد ـ اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ـ كېيىسەللىك سەۋەبىدىن كەچۈرۈم قىلىندى دېگەن نام بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. مەن بۇنىڭدىن

## ئىمانىنىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

خۇشـــھال بولـۇشـــنىڭ ئەكســـىچە ئـــىچ ـ ئىچىمـــدىن بىئـــاراملىق ھـــېس قىلاتـــتىم. چـــۈنكى، ئۇلارنـــىڭ ئاكـــامنى تـــۈرمىـــدىن قويـــۇپ بېـــرىش ئـــارقىلىق تـــۈرمىـــــــدىنمۇ يامـــــــانراق بىـــــــر سۇيىقەســـــــتنى پىلانلاۋاتقـانلىقنى كۆڭلـۈم تـۇيـۇپ تـۇراتتى. مەن ئويلىغان ئىش ئاخىرى يـۈز بەردى. ئاكـام ھەربـى تۈرمىـدىن ئايرىلىـپ بىـر يىـل ئـۆتەر ـ ئـۆتمەيلا ئىشـــلار يەنە قالايمىقانلىشـــىپ كەتتـــى. بىـــز سۇيىقەســتچىلەرنىڭ ھەر قايســى تەرەپــتىن بىزنــى قورشـــاپ بولغـــانلىقنى بىلـــدۇق. 1965 ـ يىلـــى تۇتقۇن قىلىش باشلىنىپ كەتتى. مەن ۋە ئاكـام سەيىد يەنە تـۈرمىگە تاشـلاندۇق. 1966 ـ يىلـى 29 ـ ئاۋغۇســت (دۈشــەنبە) تـاڭ ســەھەردە ئاكـام سەيىد «قېرىنداشلار» نىڭ ئالتە رەھبىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكـۈم قىلىندى. مەن تۈرمىـدە (1965 ـ يىلـى 30 ـ ئىيۇلـدىن 1971 ـ يىلـى 17 ـ ئۆكتەبىرگىچە) ئالتە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئاكام سوت قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن باشقا، چوڭ

ئاچامنىڭ ئوغلى رەفئەت سوراق جەريانىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاچام نەپىسە، ئەمىنە ۋە سىڭلىم ھەممىدەمۇ بىز بىلەن بىللە تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، سىڭلىم ھەممىدە دەھشەتلىك سوراقنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆڭۈلگە كەچمىگەن ئېغىر ئازاپ ۋە قىيىن-قىستاقنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياۋى خرىستىئانلار ۋە خەلقئارالىق يەھۇدىيلارغا ۋاكالىتەن دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان ‹مۇسۇلمان› دېگەن نامنى كۆتۈرۈۋالغان مەخلۇقلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئىدى.

بىراق، تۈرلۈك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە تولغان بۇ ئالتە يىل شۇ قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان يىللار دۆۋىسىنى ھاسىل قىلدى».

دېمەك، قۇتۇب ئائىلىسى مىسىردا ناسىرچىلار تۈزۈمىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە يەتكۈدەك ئۇچرىدى. ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.

سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلىش:

1971 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «قېرىنداشلار» جامال ئابدۇناسىرنىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن كوللىكتىپ ھالەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش «قېرىنداشلار»نىڭ جامائەت شەكلىدە مىسىردىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «قېرىنداشلار» بىلەن بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستان مەملىكىتىگە سەپەر قىلغاندىن

بىرى، تا ھازىرغىچە شۇ يەردە ياشاپ كەلمەكتە.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب دەسلەپتە مەككىدىكى «ئۇممۇل قۇرا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن جىددىدىكى پادىشاھ «ئابدۇلئەزىز» ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلدى. سەئۇدى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت خاراكتېرلىك ئىسلامى مەكتەپ تەسىس قىلىنىشتىكى بارلىق پەزىلەت ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبقا مەنسۇپ!. ئۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مەكتىپى بىلەن بۆگۈنكى زاماندىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت قىيىنچىلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە ئورناتقان بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېت رىسالىلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ رىسالىلەر كىتاب ھالىتىدە نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەسىرى سەئۇدى ئەرەب مەملىكىتىدىن ھالقىپ باشقا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېتىپ باردى. دوكتۇر سەپەر

ھاۋالىنىڭ «ئەلمانىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بۆگۈنكى ئىسلامى ھاياتتىكى تەسىرلىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سەئىد قەھتانىنىڭ «دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك چېگرىسى» ناملىق ئەسىرى بۇ رىسالىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى ھېساپلىنىدۇ.... ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب 1988 ـ يىلى دۇنياۋى ئىسلام تەتقىقاتچىلىرىغا تارقىتىلغان پادىشاھ فايسال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى يىللاردىن بىرى مەككە ـ مۇكەررەمەدە ياشاپ كەلدى. ئۇ 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىكى بىلەن سەئۇدى مەملىكىتى جىددە خەلقئارالىق داۋالاش مەركىزى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىر ئاشۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سەيىد قۇتۇبنىڭ مۇھەممەد قۇتۇبقا كۆرسەتكەن تەسىرى:

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا جامال ئابدۇناسىر تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»نىڭ مۇتەپەككۇرى ئۇستاز سەيىد قۇتۇب مۇھەممەد قۇتۇبدىن 12 ياش چوڭ ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ مۇھەممەد قۇتۇبقا نىسبەتەن ئائىلە باشلىقى، دادا ۋە دوستىنىڭ ئورنىدا ئىدى.



ئۇستاز سەيىد قۇتۇب سوتتا

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە ئەقلىي قۇرۇلمىسىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەلىم تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىنىڭ ئاكىسى سەيىد

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قۇتۇب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەربىيە تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەن بىلەن ئاكام ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بىر مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق بىلەن كەسكىنلىك بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇزغۇنچى يۇمشاقلىق ۋە نەپرەتلەندۈرگۈچى قاتتىقلىق ئەمەس ئىدى. ئاكام مېنى ھەر قايسى ساھەلەردە ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۆزىمۇ ئوقۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلھامى مەندە بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا دەرسلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان روھنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى».

مۇھەممەد قۇتۇب ئىككىسى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى بىرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن زېھنىم ئېچىلىپ، ئاڭغا ئىگە بولغىنىمدىن بېرى ئاكام سەيىدنىڭ

ئىدىيىۋى يۈزلىنىشلىرى بىلەن ياشاپ كەلدىم. تولۇق ئوتتۇردا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن باشلاپ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ساھەلىرىگە قاتناشتۇراتتى. ماڭا ئوخشىمىغان تېمىلارغا قارىتا مۇنازىرە قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. شۇ سەۋەپتىن بىزنىڭ ئىدىيىلىرىمىز، پىكىرلىرىمىز ۋە روھلىرىمىز ئۆز-ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قېرىنداشلىق ۋە بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىمۇ ئارىمىزدا زور دەرىجىدە يېقىنلىق ۋە ھەمكارلىقنى ھاسىل قىلدى.

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىدىيىۋى پىرىنسىپى:

بۇ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى غەرب، غەربنىڭ ماددى مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىۋى كۆز-قاراشلىرىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەنقىدى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئەينى چاغدا لىبېرالىزم، كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرى

ئىسلام ئەللىرىنى قاپلىغان، كۆپلىگەن ئاخبارات ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىنى ئىگەللىگەن بولۇپ، بۇ خىل نەزەرىيىلەر 50 ـ 60 ـ يىللاردا ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىلمىي ئىنستىتۇتلاردا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنىپ ئۆگىتىلەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ خىل نەزەرىيىلەرنى تەنقىد قىلىدىغان، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ۋە مائارىپ سىۈپىتىدە ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىغا تەدبىقلاشقا يارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان بىر بۆلۈك باشلامچى خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يازدى.

ئۇ غەربنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى تەنقىد قىلىش دائىرىسىدە بارلىق پەنلەرنى ۋە ئۇنى تەدبىقلاشنى ئىسلامى قىممەت ۋە ئىسلامى ئەخلاق ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان دەۋەت مەسئىلىنى كۆتۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ياۋروپادا ئومۇمەن ئىجتىمائى

پەنلەر، خۇسۇسەن پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئاتالغان پەنلەر پرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئوبيېكتىپ هالدا مۇسۇلمانلار مەسىلىسىنى چىقىش قىلغان پەنلەر ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەنبە اللە ئەمەس، بەلكى، ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى هەل قىلالمايدۇ.... بۇ پەنلەر گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ، ياۋروپادا شۇ جايدىكى يەرلىك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن دىننى دۈشمەن بىلىدىغان مۇهىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. بىز ئۇنى شۇ پېتى نەقلى قىلدۇق. بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭ شۇ خىل دىنغا قارشى روهى بىلەن مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدا دەرسلىك قىلدۇق».

ئۇستاز مۇهەممەد قۇتۇب بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيۋى هۇجۇمنىڭ ئەقىل ۋە

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

روھىمىزنى قاپلىۋالغان بىسمىدىن قۇتۇلۇش پەيتى يېتىپ كەلدى. بىز بۇ پەنلەرنى دىن بىلەن ئىلىم، دىن بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلمايدىغان ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم» .

مانا بۇ ئۇستازنىڭ ھاياتى ئۇنىڭغا باغلانغان تۈپ ئىدىيە .

مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى:



ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب لىۋىيىلىك دەۋەتچى

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇستاز مۇھەممەد شەيخ سالىم بىلەن بىللە

قۇتۇبنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى لېكسىيە سۆزلەش، كىتاب يېزىش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىدىيە، تەربىيە ۋە ئەدەبىيات... قاتارلىق كۆپ خىل تېمىدا بولۇپ، سانى 30 پارچىدىن ئاشىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇستاز 90 يىللىق ئۆمرىنى رېئاللىقنى ئىسلامى كۆزنەك ۋە «غەربنىڭ مائارىپ نەزىرىيىسى»گە قارشى بولغان مائارىپ قارىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئەمما، روشەن تېما خاسلىقىغا ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

1. 20 ـ ئەسىردىكى جاھىلىيەت.

2. بىزنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىمىز (ئۇيغۇرچىغا «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان).

3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى («مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»نىڭ داۋامى).

4. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھاياتنىڭ پرىنسىپى.

5. بىز ئىسلام تارىخىنى قانداق يازىمىز؟.

6. ئەلمانىيلار ۋە ئىسلام.

7. خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام.

8. ئىجتىمائى پەنلەرنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە.

9. ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتلار.

10 . ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىزچىللىق.

11 . ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى (1 ـ 2 ـ قىسىم).

12 . ئىسلام سەنئىتىنىڭ پرىنسىپى.

13 . ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان.

14 . قۇرئان تەتقىقاتى.

15 . بىز مۇسۇلمانمۇ؟.

16 . روھىيەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە.

17 . پەيغەمبەردىن تامچىلار (تاللانمىلار).

18 . ئەنئەنە كۈرىشى.

19 . ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار.

20 . تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.

21 . ئافغانىستان جىھادى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇملىرى.

22. قۇرئان كەرىمدىن ئېلىنغان تەربىيىۋى دەرسلەر.

23. ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامى نۇقتىدىن كۆزىتىش.

24. شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھەققىدە.

25. بوسىنىيە ـ گېرىتسېگوۋىنانىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ھەققىدە خاتىرىلەر.

26. شەرقشۇناسلار ۋە ئىسلام.

27. مۇسۇلمانلار ۋە يەر شارىلىشىش.

28. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ!.

29. ئاقارتىش مەسىلىسى.

30. ئاياللار ئازاتلىقى مەسىلىسى.

31. كېلىڭلار! باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!.

32. بىز كىشىلەرنى قانداق دەۋەت قىلىمىز؟.
33. ئىماننىڭ ئاساسلىرى.
34. تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە.

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى «20ـئەسىردىكى جاھىلىيەت» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا غەرب ۋە غەرب يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا ئىنسانىيىتىنىڭ تەسەۋۋۇر، ھەرىكەت، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، جىنسىيەت ۋە سەنئەت.... قاتارلىق ھاياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە بۇزۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ ئىنسانلىرىغا ئوخشاش جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ھالىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيىۋى ئېقىملار»

بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا «ھەر قايسى ئېقىملار»غا قارىتا تەنقىدى مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان ھەممىدە ئۇلارنىڭ نەزىرىيىلىرىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا پارچىلىنىۋاتقانلىقىنى روشەن سۆرەتلەپ بەرگەن. بۇ ئەسەر ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن شەرىئەت فاكۇلتېتلىرىدا ئاساسلىق مەنبەگە ئايلانغان.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا مۇسۇلمان تارىخچىلارنى ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تارىخى تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسلامى ئەندىزە بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا چاقىرغان.

سۆھبەت جەريانىدا ئاپتورغا «سىز قايسى

ئەسىرىڭىزنى ئەڭ بەك ياخشى كۆرىسىز؟» دېگەن سوئال قويۇلغاندا، ئاپتور بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئادەتتە ئاپتورلار: ‹مېنىڭ ئەسەرلىرىم گويا مېنىڭ بالىلىرىمغا ئوخشايدۇ. مەن ھەممە بالىلىرىمنى ياخشى كۆرگىنىمگە ئوخشاشلا، بارلىق ئەسەرلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن› دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما، مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم ‹ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان› بولۇپ، بۇ ئەسەر مېنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمگە قارىغاندا قەلبىمدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ ئاساسلىق يۆنىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە تەربىيە ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە يازغان بىر قانچە ئەسىرىم ئاشۇ خىل يۆنىلىش بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ‹20ـ ئەسىردىكى جاھىلىيەت› مۇ ئەسەرلىرىم ئىچىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ جاھىلىيەتنىڭ

ماھىيىتىگە بولغان ھەقىقىي قارىشىمىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ: جاھىلىيەت مۇئەييەن زامان ياكى دەۋرگە قارىتىلمايدۇ، بەلكى، ئۇ ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولىدىغان ھالەت. بۈگۈن ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيانقى ئەڭ رەزىل جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ» .

ھەيران قالارلىق سۈكۈت:

مۇھەممەد قۇتۇب ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن «ئىدىيىسى»نى ۋە سەيىد قۇتۇبقا يۈكلەنگەن «ھەممىنى كاپىر دەيدىغان كۆز ـ قاراش»لىرىنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن زور تەنقىد ۋە تاپا ـ تەنىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ سەيىد قۇتۇبنىڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلدى ۋە كىتابلارنىڭ

بېسىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بىر قىسىم كىشىلەر: سەيىد قۇتۇب ۋە مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە باغلانغان جامائەتلەرنىڭ «ئوزۇق» مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جامائەتلەرنىڭ ئاشۇ ئەسەرلەر بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار گاھىدا سەيىد قۇتۇب ئاندىن كېيىن مۇھەممەد قۇتۇب جاھىلىيەت ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە ئالاقىدار تەرەپلەردە ئىشلەتكەن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەينەن ئىشلىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، «بازا تەشكىلاتى»نىڭ داھىيسى ئۇساما بىن لادىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، مۇھەممەد قۇتۇب ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئازغىنە شەخسلەرنىڭ

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىرى ئىدى. ئۇساما بىن لادىننىڭ «بىن لادىننىڭ ئەقلىي ـ ئىقتىدارى قانداق شەكىللەندى؟» ناملىق تەرجىمھالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىۋېرسىتېتتا بىن لادىننىڭ ھاياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى شەخس بولۇپ، ئۇلار ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ۋە شەيخ ئابدۇللا ئەززام ئىدى».

مۇھەممەد قۇتۇب 20 ـ ئەسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بۇيۇك يەتتە مۇتەپەككۇر ۋە ئالىمنىڭ① بىرى. ئۇ دۇنيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى. ئۇ پۇتكۈل ھاياتىنى اللەنىڭ دىنىنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىش ۋە يەر شارىدا اللەنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش يولىدىكى كۆرەشكە بېغىشلىدى.

① سەئىد نۇرەسى، ھەسەنۇلبەننا، ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى، ئەبۇلھەسەن نەدەۋى، سەيىد قۇتۇب، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە ئابدۇللا ئەززام.

شۇنداقتىمۇ، 50 ـ 60 يىلدىن بىرى ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىدا ھاكىمىيەت بىلەن ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ ئادەتلەنگەن ئۆلىمالار مۇھەممەد قۇتۇبنى ئىزچىل تۈردە تەنقىدلەپ ۋە ئەيىبلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب پەرۋاسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئىسلامى مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۈرىشىنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.... مۇھەممەد قۇتۇب دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان ياش ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ بىر ـ بىرىگە يەتكۈزىدىغان ئەسەرگە ئايلاندى.

ئىسلامى ھەرىكەت يەنىمۇ بەكرەك تەربىيىگە مۇھتاج:

(مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كامال ھەبىب بىلەن

ئېلىپ بارغان سۆھبىتى)

كامال ھەببىنىڭ بايانى: ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب مىنى مەككە ـ مۇكەررەمەدىكى ئۆيىدە كۈتۈۋالدى. بىز ئامېرىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان قاباھەتلىك ھۇجۇمىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام ھەرىكىتى دۇچ كەلگەن يېڭى قىيىنچىلىقلار ھەققىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. مۇشۇ خىل ئەھۋالدىمۇ مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ مەسىلىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاۋاتقانلىقى مىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر يامانلىق بىلەن بىر ياخشىلىق بىللە كېلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان ھۇجۇمدا بۇ يامانلىققا ياندىشىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ ياخشىلىق ئامېرىكىنىڭ نىقاۋىنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشى بولۇپ، ئەمدى ئامېرىكا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن

«ئادالەتنىڭ ھامىيسى» دەپ قارالمايدۇ. ھەممە نەرسە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇرۇش مەخپى، يوشۇرۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى، گۇۋاھچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالەتتە داۋاملىشىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكىغا يەھۇدىيلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، 11- سېنتەبىر ۋەقەسىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ «ئۇيۇنى» ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. ھەمدە بۇنىڭدىن «خەلقئارالىق ئوپېرا»نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ كۈنسىرى كۈچىيىدىغانلىقىنى، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئاڭ ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئۇستاز بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىز

ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى. ئەمما، ئۇ ئۆزى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدى. ھەتتا، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش تەلىۋىمنىمۇ پۈتۈنلەي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقا تېمىلاردا سۆزلەشتۇق.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب مىسىردىكى ئىسلامى جامائەت سادىر قىلغان كەمچىلىكلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يازغان ئەسەرلىرىدە يېتەرلىك كۈچ توپلاشتىن ئىلگىرى ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسى تۈزۈملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەر تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە اللەنىڭ:

{وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآَيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ}

«گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق روشەن بايان قىلىمىز①» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇستاز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئىسلامى جامائەت رەھبەرلىكى سىياسى تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرىدىغان ئاڭ ۋە تەجرىبىنى يوقىتىپ قويغان».

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «بۈگۈن خەلقئارالىق مەيداندا ۋە پەلەستىندە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر مېنىڭ قارىشىمدا قىيامەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمىگىچە قىيامەت

① سۈرە ئەنئام: 55 ـ ئايەت.

بولمايدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، بىر يەھۇدى تاش ياكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا ئاشۇ تاش ياكى دەرەخ: ئى مۇسۇلمان! ئى اللەنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدى مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر! دەيدۇ، دېگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرستىدۇ».

ئۇ بۇنىڭغا اللەنىڭ سۈرە ئىسرادىكى:

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيراً}

«ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزلىرىڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران

قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق) ①».

{فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفاً}

«ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز ②» دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ تەپسىرشۇناسلارنىڭ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدىكى: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا بولۇدىغان بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن پەلەستىنگە كەلدى» دېگەن سۆزگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب غەربنىڭ ئىسلامغا تۇتقان مەيدانىنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق

---

① سۈرە ئىسرا: 7ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا: 104ـ ئايەت.

ئەھلىسسەلىپ مەيدانى ئىكەنلىكىنى، غەربلىكلەرنىڭ: «بىز ئىسلام بىلەن چىقىشىپ ئۆتىمىز ياكى ئىسلامغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز» دېگەن گەپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق شوئار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە غەربتىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنسېرى ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تېخىمۇ ئېغىر خەتەر ئۈچۈن تەييارلىنىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

ئاخىرقى بىر سوئال:

بىز ئۇستازدىن كېيىنكى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭرى تارقالغان: «سەييد قۇتۇب ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى مائارىپ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغان»

دېگەن گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سورىدۇق.

مۇھەممەد قۇتۇب بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئاكامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەكلىۋىنى رەت قىلىشى ساقچىلار بىلەن ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ئاشۇ قاباھەتلىك كۈرەشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولغان كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى. ئەمما، ئۇ بۇ يەردىكى ئاساسلىق سەۋەپ ئەمەس. چۈنكى، سەۋەپ «يول»نىڭ ئوخشىماسلىقى ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ئاكامنى بويسۇندۇرىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئاكامنىڭ ھەق ئۈستىدە ۋە اللهنىڭ دىنىدا ئىزچىل تۈردە مۇستەھكەم تۇرۇشى دۈشمەننىڭ «تاما»سىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1966 ـ يىلى ئاكامغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاكامغا جامال ئابدۇناسىردىن كەچۈرۈم سوراش ۋە

«قېرىنداشلار»نىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىش تەكلىۋىنى قويىدى. ئەگەر ئاكام ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلسا، ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاماقتىكى بارلىق ئەزالارنى قاماقتىن بوشىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، ئاكام بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، شەھىد قىلىنىش ئارقىلىق ئاخىرقى «پارلاق مەنزىل»گە يەتتى.

اللە ئىككى ئۇستازنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي! ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلغاي! ئۇلارغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي! (ئامىن)

ـ تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

# تۆتىنچى باب

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

### 1. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى:

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەگەر ئىنسان اللەنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتكە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەقنى يەتكۈزىدىغان، (جەننەت بىلەن بشارەت بېرىپ (دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە بىر ـ بىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ اللە تەرەپتىن ھەقنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە مۆئمىن ۋە مۇسۇلمان دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ﴾

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللەغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.①»

﴿قُلْ آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنْزِلَ عَلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَالنَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "بىز اللەغا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا (يەنى قۇرئانغا)، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەنگە (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە (يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز اللەغا بويسۇنغۇچىلارمىز".②»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالا بَعِيداً﴾

«ئى مۇئمىنلەر! اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق

---

① سۈرە بەقەرە: 177 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 84 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئازغان بولىدۇ.①»

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِاللّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيْنَ اللّهِ وَرُسُلِهِ وَيقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلاً، أُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ حَقًّا وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا، وَالَّذِينَ آمَنُواْ بِاللّهِ وَرُسُلِهِ وَلَمْ يُفَرِّقُواْ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ أُوْلَئِكَ سَوْفَ يُؤْتِيهِمْ أُجُورَهُمْ وَكَانَ اللّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾

«شۈبھىسىزكى، اللەنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، اللە بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (اللەغا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار، ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق. اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋەتمىگەن (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە اللە ئۇلارنىڭ (تېگىشلىك) ئەجرلىرىنى ئاتا قىلىدۇ، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.②»

(... بۇ كىشى جىبرىئىل بولۇپ، ئۇ سىلەرگە دىنىڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەن ...) دېگەن ھەدىستە «ئىمان اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى دەلىللەردىن ـ بۇنىڭغا ئوخشاش دەلىللەر قۇرئان ۋە ھەدىستە ناھايىتى كۆپ ـ بىزگە شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ تۆپ ئاساسلىرىدىن بىرى

① سۈرە نىسا: 136 ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 150 ـ 152 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىمانى بۇ ئاساسسىز پۈتمەيدۇ. اللەنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇئەييەن بىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەم ئوخشاش بولۇپ، اللەنىڭ نەزىرىدە بارلىق ئىنكار قىلغۇچىلار كاپىر ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە بىر ـ بىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر ھەقىقىي مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزدىن «اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاساسى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش بارلىق مەۋجۇداتنىڭ غايىسى ھېسابلىنىدىغان تۇرۇپ، اللە نېمىشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى پەرز قىلدى ۋە ئۇنى ئىماننىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىدى؟ نېمە سەۋەبتىن ئىنسانىيەتتىن پەقەت ئۆزىنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا بولدى قىلمىدى؟» دەپ سورىساق، ئۇنداقتا، بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بولمىسا ئىنسانلار قانداقمۇ ئۆز پەرۋەردىگارىنى ھەقىقىي تونۇپ چىقالايدۇ؟ پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىسا ئىنسانلار قانداقمۇ ئۆز پەرۋەردىگارىغا ھەقىقىي ئىبادەت قىلالايدۇ؟

تارىختىن بۇيانقى ئىنسانلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى ھەققىدىكى ئازغۇن تەسەۋۋۇرلىرىغا قاراپ بېقىڭ!

ئۇلار ئۆز پەرۋەردىگارىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلدى؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل جاھىلىيىتىدە پەرۋەردىگارىغا قانداق ئىبادەت قىلدى؟

پىرئەۋن جاھىلىيىتىدىكىلەر «ئىلاھ»نى قۇياشنىڭ بىر تەرىپىدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. پارىس جاھىلىيىتى بولسا ئۇنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئىچىدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. يۇنان ۋە رىم جاھىلىيىتى بولسا ئۇنى يۈكسەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىنسانلار شەكلىدە تەسەۋۋۇر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلدى. قىسقىسى، خىلمۇ ـ خىل جاھىلىيەتلەر «ئىلاھ»نى بىر قېتىم ئايدا، يەنە بىر قېتىم يۇلتۇزدا ۋە يەنە بىر قېتىم مۇئەييەن بۇت شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلدى. «ئىلاھ» ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار مانا مۇشۇنداق شەكىلدە خىلمۇ ـ خىل بولدى. نەتىجىدە ئۇلار اللهنى ھەقىقىي تونۇپ چىقالمىدى. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى الله تەرەپتىن ۋەھيى قىلىنىدىغان پەيغەمبەرلەر ۋە كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولغان توغرا يولدىن قوبۇل قىلماستىن، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ خام ـ خىيالى، كۆڭۈل ـ خاھىشى ۋە چولتا ئىلمىدىن قوبۇل قىلدى. خىلمۇ ـ خىل جاھىلىيەتلەرنىڭ چوڭ ئىلاھ بىلەن بىرگە يەنە چوڭ ئىلاھنىڭ بىر قىسىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن نۇرغۇنلىغان كىچىك ئىلاھلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمۇ ئازغۇنلۇق جەھەتتە ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئازغۇن ئېتىقادىدىن قېلىشمايتتى. چۈنكى، ئەرەبلەر «يامغۇر ئىلاھى، چاقماق ئىلاھى، گۈلدۈرماما ئىلاھى، شامال ئىلاھى، ئوت ـ چۆپ ئىلاھى، نەسىل ئىلاھى ... دېگەندەك ھاياتنىڭ ھەر بىر ئىشىنى الله بىلەن بىرگە ياكى ئۆزى مۇستەقىل ھالەتتە بىر تەرەپ قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىچىك ئىلاھلار بار» دەپ قارايتتى. الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾

«بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللهغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر.①»

ئۇلار ئىبادەتتىمۇ خۇددى تەسەۋۋۇردا ئازغاندەكلا ئازدى. بۇ دېگەن بىر تەبىئىي ئىش. ئىنسانلار ئىبادەتتە ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنى

① سۈرە زۇمەر: 3 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كۆرسىتىپ بېرىدىغان توغرا مەنبەگە قايىتمىسا باياۋانغا كىرىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشى، خام ـ خىياللىرى ياكى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا شەيتانلىرى ئازغۇنلۇقلىرىنى ئۇلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئىبادەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى اللەنىڭ غەيرىگە تەقدىم قىلدى، اللەنىڭ غەيرىنى «ئىلاھ» دەپ دەۋا قىلدى، اللەنىڭ غەيرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، اللە تەرەپتىن كەلگەن پاكىتقا ئاساسلانماستىن ئۆزلىرى خالىغانچە هالال ـ هارام دەپ هۆكۈم چىقاردى.

ئەگەر بىز ئىنسانىيەت هاياتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە بولغان ئۇلۇهىيەت ۋە رۇبۇبىيەت مەسىلىسىگە ۋە اللەغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بىردىن ـ بىر غايىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرسەكلا، ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم①» پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىماننىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى تونۇپ چىقالايمىز. چۈنكى، ئىنسانلار ـ تارىخي رېئاللىق ئارقىلىق كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ـ ئۇلار بولسىمۇ ئەڭ ئىشەنچىلىك مەنبەلەردۇر ـ نىڭ ۋاستىسى بولمىسا ئۇلۇهىيەت ۋە ئىبادەت ھەقىقىتىنى تونۇپ چىقالمايدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ئىمان كەلتۈرۈشمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ۋاجىپتۇر.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ھەقىقەت ۋە بىرلا سۆزنى ئېلىپ كەلگەن. يەنى، ئۇلار كىشىلەرگە بۇ كائىناتتا شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە بىر اللەدىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش ۋە ﴿اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ

---

① سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾ «اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر[1]» دېگەن بۇ ئۇلۇغ سۆزنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن.

ئۇنداقتا، باشقا پەيغەمبەرلەرنى ئايرىۋېتىپ ئۇلارنىڭ پەقەت بىرىگىلا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ الله تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ۋە كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىگە الله تەرەپتىن ۋەھيى قىلىنغان ھەقىقەتتىن بىرىنى بولسىمۇ يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى ئىنكار قىلىش ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق.[2]»

---

[1] سۈرە ھود: 50 ـ 61 ـ 84 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنبىيا: 25 ـ ئايەت.

## 2. پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەقىقىتى

ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسانلارغا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى:

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولاً أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: "اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار" دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.①»

﴿وَإِنْ مِنْ أُمَّةٍ إِلا خَلا فِيهَا نَذِيرٌ﴾

«قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن.②»

﴿رُسُلاً مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ﴾

«ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن اللەنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق.③»

---

① سۈرە نەھل: 36 ـ ئايەت.
② سۈرە فاتىر: 24 ـ ئايەت.
③ سۈرە نىسا: 165 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەگەر ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن پەيغەمبەر ۋە ئەلچى ئەۋەتكەن بولسا، ئۇنىداقتا، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم بەندىلىرىنى تاللاش، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكنى ئاتا قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئېھسان قىلىش ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى قانۇنىيىتىدۇر:

﴿وَلَقَدْ مَنَنَّا عَلَى مُوسَى وَهَارُونَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن مۇسا بىلەن ھارۇنغا (پەيغەمبەرلىك بىلەن) ئېھسان قىلدۇق.①»

﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولاً مِنْ أَنْفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ﴾

«اللە مۇئمىنلەرگە اللەنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى.②»

پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك اللەنىڭ خالىس تاللىشى بولۇپ، اللە ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇ. ئۇ قانداقتۇر بەندە ئۆزى خالىغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈۋالىدىغان نەرسە ئەمەس.

ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىشلار اللە تەرەپتىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىيىتى (ئىچكى دۇنياسى)غا بېرىلگەن بارلىق ئاتا ـ ئېھسان ۋە كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرمۇ ئوخشاشلا اللە تەرەپتىن بېرىلگەن بولىدۇ. لېكىن، اللە ئىنسانلاردىن بۇ نەرسىلەرنى قولغا

---

① سۈرە ساففات: 114 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 164 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇئەييەن تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. اللە ئىنسانغا بىلىش ئىقتىدارى، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان چىچەنلىك ۋە خىلمۇ ـ خىل ئېنېرگىيىلەرنى ئاتا قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئەمەل قىلىش ۋە بىلىمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇئەييەن دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە ھاياتنىڭ باشقا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن چېچەنلىكنى ئىشقا سېلىشنى تەلەپ قىلدى:

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾

«اللە سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.[①]»

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى ۋە سىلەردىن ئۇ (زېمىن)نى گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.[②]»

﴿عَلَّمَ بِالْقَلَمِ، عَلَّمَ الأِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

«ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.[③]»

﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لا تَعْلَمُونَ شَيْئاً وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، اللە سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.[④]»

ئىنسان ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق اللەنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئاتا ـ ئېھسانلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرالايدۇ. مەسىلەن: بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە

---

① سۈرە مۇلك: 15 ـ ئايەت.
② سۈرە ھود: 61 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەلەق: 4 ـ 5 ـ ئايەت.
④ سۈرە نەھل: 78 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مەشىق قىلىش ئارقىلىق جىسمانى كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەدىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە مۇسكۇللىرى چىڭ بولىدۇ. ئەقلى مەشىق، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق زېھنى كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. نەتىجىدە، شەيئىلەرنى بايقىيالايدىغان، كەشىپ قىلالايدىغان، ئىجاد قىلالايدىغان، لايىھە تۈزەلەيدىغان، بىرەر ئىشقا قارىتا چارە ـ تەدبىر ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. بىر قىسىم ھېسسى لەززەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش، چوڭقۇر پىكىر قىلىش، كۆڭۈلنى بىر مەزگىل كۆز ئالدىدىكى ھېسسى دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق روھىي كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھىي ساپلىشىدۇ ۋە غايەت زور روھىي ئېنېرگىيىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئىنسانغا اللە تەرەپتىن بېرىلگەن ئاتا ـ ئىھسان بولۇپ، ئىنسان پەقەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە بىر مەزگىل جاپا ـ مۇشەققەت چېكىش نەتىجىسىدە ئاندىن بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكمۇ ئوخشاشلا اللە تەرەپتىن كېلىدىغان ئاتا ـ ئىھسان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تەبىئىتى يۇقىرىقى نەرسىلەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ نە قولى، نە تىرىشچانلىقى، نە ئىختىيارلىقى بولماستىن ئەكسىچە، اللە ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن مۇئەييەن بىرىنى تاللاپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ياكى ئەلچىلىكنى ئىنئام قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئىنسانىيەتكە ھىدايەت بىلەن ئەۋەتىدۇ.

گەرچە ئىنسان پۈتكۈل ئۆمرىنى سەرپ قىلسىمۇ مۇئەييەن بىر ئىشنى ئۆزى خالاپ قىلىش ئاقىلىق پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ.

ئەگەر ئىنساندا مۇئەييەن جىسمانىي تەييارلىق بولسا ئىزچىل مەشىق قىلىش ئارقىلىق تەنھەرىكەت چولپانلىرىغا ئايلىنالايدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدا مۇئەييەن ئەقلى قابىلىيەت بولسا ئىزچىل تىرىشىش ئارقىلىق ماھىر ئىنژېنېر، ئۇستا دوختۇر ياكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2ـ قىسىم)

بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدۇ.

ئىزچىل تىرىشىش ئارقىلىق تىرىشچانلىقىغا يارىشا روھىي ساپلىقىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.

لېكىن ئۇ قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن قەتئىينەزەر اللە ئۇنى تاللاپ چىقمىغىچە ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ياكى ئەلچى بولالمايدۇ:

﴿اللَّهُ يَصْطَفِي مِنَ الْمَلَائِكَةِ رُسُلاً وَمِنَ النَّاسِ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ﴾

«اللە پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى بەندىلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ، اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.[1]»

ئەمەلىيەتتە، اللە پەيغەمبەر ۋە ئەلچى قىلىش ئۈچۈن تاللاپ چىققان كىشىلەر ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ تەقۋادار ۋە راستچىل كىشىلەردۇر:

﴿وَإِنَّهُمْ عِنْدَنَا لَمِنَ الْمُصْطَفَيْنَ الْأَخْيَارِ﴾

«ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن ئالاھىدە تاللانغان كىشىلەردۇر، ھەقىقەتەن ياخشى كىشىلەردۇر.[2]»

لېكىن، بىز ئۆز قىياسىمىز بويىچە «ئادەملەر ئىچىدىكى پالانى شەخس پەيغەمبەرلىككە ئەڭ لايىق ياكى باشقىلارغا قارىغاندا پەيغەمبەرلىككە تېخىمۇ باب كېلىدۇ» دېيەلمەيمىز، چۈنكى:

﴿اللَّهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُ﴾

«اللە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ.[3]»

---

[1] سۈرە ھەج: 75ـ ئايەت.
[2] سۈرە ساد: 47ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام: 124ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَقَالُوا لَوْلا نُزِّلَ هَذَا الْقُرْآنُ عَلَى رَجُلٍ مِنَ الْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ، أَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَتَ رَبِّكَ نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُمْ مَعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ﴾

«ئۇلار: ”بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟“ دېيىشتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.①»

پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر دەرىجە جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ:

﴿تِلْكَ الرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ مِنْهُمْ مَنْ كَلَّمَ اللَّهُ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَاتٍ وَآتَيْنَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ﴾

«ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ الله ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىساغا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسەللىنى ساقايتىشقا ئوخشاش) روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق.②»

ماھىيەتتە، پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ دەرىجىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دەرىجىدۇر. چۈنكى، ئىنسانلارمۇ مەرتىۋە جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ئىچىدە تۆۋەن تەبىقىدىكى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر بولىدۇ. لېكىن،

---

① سۈرە زۇخرۇف: 31 ـ 32 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 253 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلار مەرتىۋە جەھەتتە قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىسىدىن خېلىلا تۆۋەن بىر چەكتە توختاپ قالىدۇ. ئەگەر الله باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىرەر ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىش ئۈچۈن تاللىسا، ئىلگىرى ئۇ ئىنسان ئۆزى قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ يېتەلمىگەن يۇقىرى دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنسانلار ئىچىدىكى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلىك ئىنسانلار ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يېتەلەيدىغان دەرىجە ئەمەس. ئىنسان پەيغەمبەرلىككە تاللانغان تۇنجى دەقىقىدىن باشلاپلا باشقىچە بىر شەخسكە ئايلىنىدۇ. شۇنداق! ئۇ ئادەتتىكى بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئىنسان. لېكىن، ئۇ ۋەھيى ئارقىلىق الله بىلەن ئالاقىلىشىشتەك ئادەتتىكى ئىنسانلارغا بېرىلمىگەن يېگانە بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان بولىدۇ:

﴿وَقَالُوا مَالِ هَذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الأَسْوَاقِ لَوْلا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُ نَذِيرًا، أَوْ يُلْقَى إِلَيْهِ كَنْزٌ أَوْ تَكُونُ لَهُ جَنَّةٌ يَأْكُلُ مِنْهَا وَقَالَ الظَّالِمُونَ إِنْ تَتَّبِعُونَ إِلا رَجُلا مَسْحُورًا، انْظُرْ كَيْفَ ضَرَبُوا لَكَ الأَمْثَالَ فَضَلُّوا فَلا يَسْتَطِيعُونَ سَبِيلا، تَبَارَكَ الَّذِي إِنْ شَاءَ جَعَلَ لَكَ خَيْرًا مِنْ ذَلِكَ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الأَنْهَارُ وَيَجْعَلْ لَكَ قُصُورًا، بَلْ كَذَّبُوا بِالسَّاعَةِ وَأَعْتَدْنَا لِمَنْ كَذَّبَ بِالسَّاعَةِ سَعِيرًا، إِذَا رَأَتْهُمْ مِنْ مَكَانٍ بَعِيدٍ سَمِعُوا لَهَا تَغَيُّظًا وَزَفِيرًا، وَإِذَا أُلْقُوا مِنْهَا مَكَانًا ضَيِّقًا مُقَرَّنِينَ دَعَوْا هُنَالِكَ ثُبُورًا، لا تَدْعُوا الْيَوْمَ ثُبُورًا وَاحِدًا وَادْعُوا ثُبُورًا كَثِيرًا، قُلْ أَذَلِكَ خَيْرٌ أَمْ جَنَّةُ الْخُلْدِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ كَانَتْ لَهُمْ جَزَاءً وَمَصِيرًا، لَهُمْ فِيهَا مَا يَشَاءُونَ خَالِدِينَ كَانَ عَلَى رَبِّكَ وَعْدًا مَسْئُولا، وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ فَيَقُولُ أَأَنْتُمْ أَضْلَلْتُمْ عِبَادِي هَؤُلاءِ أَمْ هُمْ ضَلُّوا السَّبِيلَ، قَالُوا سُبْحَانَكَ مَا كَانَ يَنْبَغِي لَنَا أَنْ نَتَّخِذَ مِنْ دُونِكَ مِنْ أَوْلِيَاءَ وَلَكِنْ مَتَّعْتَهُمْ وَآبَاءَهُمْ حَتَّى نَسُوا الذِّكْرَ وَكَانُوا قَوْمًا بُورًا، فَقَدْ كَذَّبُوكُمْ بِمَا تَقُولُونَ فَمَا تَسْتَطِيعُونَ صَرْفًا وَلا نَصْرًا وَمَنْ يَظْلِمْ مِنْكُمْ نُذِقْهُ عَذَابًا كَبِيرًا، وَمَا أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِنَ الْمُرْسَلِينَ إِلا إِنَّهُمْ لَيَأْكُلُونَ الطَّعَامَ وَيَمْشُونَ فِي الأَسْوَاقِ﴾

«مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: ”بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن اللە ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمىدى؟“ زالىملار (يەنى كاپىرلار): ”سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر“ دېدى. مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ. اللەنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلاتتى. ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق. دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قايىنىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ. (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ). ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ”شۇ (دوزاخ) ياخشىمۇ يا تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان، (كىرگەن كىشى) مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتتە ياخشىمۇ؟“ جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايىدۇر. ئۇلار جەننەتتە خالىغان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭدىن ئىشقا ئاشۇرۇش تىلىنىدىغان ۋەدىدۇر. شۇ كۈندە اللە ئۇلارغا قوشۇپ، ئۇلار اللەنى قويۇپ، چوقۇنغان نەرسىلىرىنى يىغىدۇ. ئاندىن اللە (ئۇلارغا): ”مېنىڭ بۇ بەندىلىرىمنى سىلەر ئازدۇردۇڭلارمۇ؟ يا (توغرا) يولدىن ئۇلار ئۆزلىرى ئازدىمۇ؟“ دەيدۇ. (ئىبادەت قىلىنغۇچىلار) ئېيتىدۇ: ”ئى اللە! سەن پاكتۇرسەن، سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە)

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

لايىق ئەمەس، لېكىن سەن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى شۇ قەدەر نېمەتكە چۆمدۈردۈڭكى، ئۇلار سېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇدى. ئۇلار ھالاك بولغۇچى قەۋم بولدى". شۈبھىسىزكى، ئىبادەت قىلىنغۇچىلار سىلەرنىڭ (ئۇلارنى مەبۇد دېگەن) سۆزۈڭلارنى ئىنكار قىلدى، (ئى كۇففارلار!) سىلەر (ئۆزۈڭلاردىن ئازابنى) دەپئى قىلىشقىمۇ ۋە (بۇ بالادىن ئۆزۈڭلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا) ياردەم بېرىشكىمۇ قادىر بولالمايسىلەر، سىلەردىن كىمكى (اللەغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئۆزىگە) زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز. بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى.①»

ئۇلار ئادەتتىكى ئىشلارغا ئالاقىدار بارلىق ھالەتتە ئىنساندۇر. يەنى، تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، تاماق يەيدۇ، رىزىق ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، توي قىلىپ بالا ـ چاقىلىق بولىدۇ ياكى اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بالا ـ چاقىلىق بولالمايدۇ، باشقىلارغا ئوخشاشلا خۇشاللىنىدۇ، ئازاپ چېكىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ئادەتتىكى ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار الله تەرەپتىن ۋەھيى قوبۇل قىلىشتا ۋە قوبۇل قىلىنغان ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتەك بۇ خۇسۇسىيەتتە يېگانىدۇر:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق.②»

﴿رَفِيعُ الدَّرَجَاتِ ذُو الْعَرْشِ يُلْقِي الرُّوحَ مِنْ أَمْرِهِ عَلَى مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ لِيُنْذِرَ يَوْمَ التَّلاقِ﴾

① سۈرە فۇرقان: 7 ـ 20 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئەنبىيا: 25 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«اللەنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، (اللە) ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، (خالايىق) مۇلاقات بولۇشىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، اللە ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيى چۈشۈرىدۇ.[①]»

پەيغەمبەرلەرگە اللە تەرەپتىن ۋەھيى قوبۇل قىلىدىغان ئىقتىدار بېرىلگەن چاغدا، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇلار ئۈچۈن قانداق شەكىلدە ئىشقا ئاشىدۇ؟ ئۇلارنىڭ روھىيىتى ۋە تۇيغۇلىرىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟

بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى ئىنسانلار بۇنى ھەرگىزمۇ بىلىپ يېتەلمەيمىز. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ ئىنسانىيلىق دائىرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن ئىشتۇر. بىز پەقەتلا بۇنى زېھنىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىياس قىلىپ باقىمىز، خالاس.

لېكىن، ئارىمىزدا بىر قىسىم ئادەملەر بەزى ۋاقىتلاردا ئازراق بولسىمۇ روھىي سۈزۈكلىكنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، غايەت پارلاق بىر پارچە نۇرنى ئۆز ئەتراپىدا ئايلىنىۋتقاندەك، ئۆزىنىڭ روھىيىتى ۋە تۇيغۇلىرىغا سىڭىپ كىرىۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. تارتىش كۈچىگە ئىگە بولغان زېمىن مەنپەئەتلىرى ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالمايدۇ ۋە ئۇنى تار رامكا ئىچىگە قاماپ قويالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ روھىيىتى بىلەن بارلىق كىشەنلەردىن ئەركىن ھالەتتە پەرۋاز قىلىدۇ، بارلىق ئىنسانلارغا ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرگە يېڭىچە كۆز قاراش ۋە يېڭىچە روھ بىلەن قارايدۇ. مانا بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش، ئۇنىڭ بىلەن باشقا مەۋجۇداتلار ئارىسىدا بولسا دوستانىلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى

---

① سۈرە غافىر: 15 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شەكىللىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇ ئۆزىنى اللەغا يېقىن ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ روھىيىتى تېخىمۇ پاك ۋە تېخىمۇ سۈزۈكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ اللەنىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلىشى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ اللەنىڭ رەھمىتىگە بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق دەقىقىلەر ئىنسان ھاياتىدا قانچىلىك ۋاقىت داۋاملىشالايدۇ؟ ئىنسان بۇ دەرىجىلەرگە قانچىلىك مىقداردا يېتەلەيدۇ؟

شەكسىزكى، بۇنداق دەقىقىلەر ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت داۋاملىشىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ روھىيەتتىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرلىرى ئىچكى جەھەتتە كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىدە، تاشقى جەھەتتە بولسا باشقا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە روشەن ئەكس ئېتىدۇ. يەنى، كىشىلەرگە مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. كىشىلەر تەرەپتىن كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەبىر قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى تېخىمۇ كېڭىيىپ بارىدۇ.

بۇنداق دەقىقىلەر تەكرارلانغانسېرى ۋە داۋاملاشقانسېرى ئۇ ئادەمدە ئۆزگىچە ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. كىشىلەر ئۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېسىل ئادەم ئىكەنلىكىنى، زېمىننىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرى ۋە كۆڭۈلنىڭ چۈشكۈن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ئۈچۈن ياشايدىغان ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

لېكىن، ھەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ مۆئەييەن ئېنېرگىيىسى بار بولۇپ، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن ئېنېرگىيىنىڭ مىقدارى بويىچە بۇ ئىشلارغا تاقابىل تۇرالايدۇ ـ دە، باشقا ئىنسانلارغا قارىغاندا يۈكسەك ئورۇنغا ئېرىشەلەيدۇ.

قىنى! بىز ئەمدى نەزىرىمىزنى باشقا تەرەپلەرگە ئاغدۇرۇپ باقايلى!

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىز ناھايىتى قىسقا بىر ۋاقىت ھەتتا بىر قانچە مىنۇت مۇشۇنداق روھىي ھالەتلەر بىلەن ياشايدىغان ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى! ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەسلى روھىي ھالەت ۋە ئىنساننىڭ روھىي ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىدىغان ئېشىنچا ئوزۇقلۇق ھەمدە ئىنساننى قورشاپ تۇرىدىغان ئەسلى مۇھىت بولۇپ، قىسقا بىر ۋاقىت بۇنداق روھىي ھالەتلەر بىلەن ياشىغان ئادەمنىڭ تۇيغۇلىرى قانداق بولىدۇ؟ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يۈكسەكلىكنىڭ قايسى دەرىجىلىرىگە يېتەلەيدۇ؟

يۇقىرىقىغا ئوخشاش روھىيىتى ساپ كىشىلەر مۇئەييەن يېقىنچىلىق ئارقىلىق پەيغەمبەرلىككە ئېرىشىدۇ ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەرىجىسى پەزىلەت جەھەتتە روھىيىتىنىڭ ساپلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ.

بىز بۇ مەسىلىنى يەنە بىر تەرەپتىن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى! ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا اللەنىڭ ئۆزىدىن رازى ئىكەنلىكىنى، رەھمىتى بىلەن ئۆزىگە تولىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنداق تۇيغۇنىڭ ئىنساننىڭ روھىي ھالىتىگە ۋە ئىچكى دۇنياسىغا نىسبەتەن قانداق تەسىرى بولىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى، روھىيىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە سۈزۈكلىشىپ ۋە يۈكسىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمامدۇ؟ ئۇ ئىلاھىي مەرھەمەتنىڭ ئۆز قەلبىنى نۇرغا تولدۇرىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى زېمىننىڭ دەرىجىلىرىدىن يۈكسەلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمامدۇ؟ ھەتتا، ئۇ ئۆزىنى زېمىندا كېزىپ يۈرىدىغان تەن ئەمەس، بەلكى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان روھتەك ھېس قىلمامدۇ؟ بۇ خىل ئىلاھىي رەھمەت ئۇ كىشىگە اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، اللەنىڭ ئىبادىتىگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، اللەغا دۇئا قىلىشتا، تەۋەككۇل قىلىشتا، اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشتا، اللەنى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتا تېخىمۇ ئىخلاسمەن ھالەتكە كەلتۈرمەمدۇ؟ ئاندىن

بولارنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىنىڭ روھىي قۇرۇلمىلىرىدا ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە ئەكىس ئەتمەمدۇ؟

ئەگەر بۇ خىل روھىي ھالەت ئىنساننىڭ اللەغا بولغان يېقىنچىلىقىنى ھېس قىلدىغان ئۆتكۈنچە دەقىقىلەرنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا، اللە بىۋاستە سۆزلىگەن، ئىلاھىي ۋەھيى نازىل قىلىنغان، ۋەھيى ئارقىلىق اللەغا باغلىنىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى قانداق بولۇشى مۇمكىن؟

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇلار اللە ئىنئام قىلغان دەرىجىلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قاندا شەكىلدە ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ بىر مەۋھۇم ئىش بولۇپ، بىز بۇنى بىلمەيمىز. بىز پەقەت بۇ ئىشلارنىڭ ـ اللەنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقىنىدەك ـ اللەنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىغان بەندىسىگە ئېھسان قىلغان ئۆزگىچە تەربىيىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنىلا بىلىمىز:

﴿وَلِتُصْنَعَ عَلَى عَيْنِي﴾

«مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم.[①]»

اللە بۇ ھەقتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ مۇنداق دېگەن:

﴿وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحاً مِنْ أَمْرِنَا مَا كُنْتَ تَدْرِي مَا الْكِتَابُ وَلا الأِيمَانُ وَلَكِنْ جَعَلْنَاهُ نُوراً نَهْدِي بِهِ مَنْ نَشَاءُ مِنْ عِبَادِنَا وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾

«شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك)

---

① سۇرە تاھا: 39 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن.[1]»

---

① سۈرە شۇرا: 52 ـ ئايەت.

## 3. ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ سۈرە شۇرادا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَنْ يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلا وَحْياً أَوْ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولاً فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَاءُ إِنَّهُ عَلِيٌّ حَكِيمٌ﴾

«ئاللاھ ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[①]»

بۇ ئايەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن تاللىغان بەندىلىرىگە قىلىنىدىغان ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىگە يۈز تۇرانە ھالدا سۆزلىمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق يۈز تۇرانە ھالدىكى سۆزلىشىشكە ئىنسان ھاياتى دۇنيادا ھەرگىزمۇ قادىر بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل يول ئارقىلىق سۆزلەيدۇ:

1 ـ بىۋاستە قەلبكە تاشلىنىدىغان، ئۇنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان ۋەھيى. بۇ يەنە «ئىلھام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى مانا بۇ خىل ۋەھيىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن: سەييىدىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى

---

① سۈرە شۇرا: 51 ـ ئايەت.

قۇربانلىق قىلىپ چۈش كۆرگىنىگە ئوخشاش:

﴿يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانْظُرْ مَاذَا تَرَى﴾

«ئىبراھىم: "ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللەنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟" دېدى.①»

2ـ پەردە ئارقىسىدىن قىلىنىدىغان ۋەھيى. اللەنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگىنىگە ئوخشاش:

﴿فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِيَ مِنْ شَاطِئِ الْوَادِ الأَيْمَنِ فِي الْبُقْعَةِ الْمُبَارَكَةِ مِنَ الشَّجَرَةِ أَنْ يَا مُوسَى إِنِّي أَنَا اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾

«مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن (مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: "ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن، ھەقىقەتەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دۇرمەن".②»

بۇ خىل ۋەھيى شەكلىدە الله پەيغەمبىرىگە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ خىتاب قىلىدۇ. پەيغەمبەر اللەنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ اللەنى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى بىلەن ۋەدىلەشكەن جايغا يېتىپ كېلىپ، اللەنىڭ جامالىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئۇنىڭ بۇ تەلىپى ئورۇنداپ بېرىلمىدى:

﴿قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنْظُرْ إِلَيْكَ قَالَ لَنْ تَرَانِي وَلَكِنِ انْظُرْ إِلَى الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكّاً وَخَرَّ مُوسَى صَعِقاً﴾

«مۇسا: "پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي" دېدى. الله: "مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن

---

① سۈرە سافقات: 102ـ ئايەت.

② سۈرە قەسەس: 30ـ ئايەت.

(چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن“ دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن تاغنى تۇپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى.①»

3 ـ الله ۋەھىيگە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ ـ دە، بۇ پەرىشتە ۋەھيى تاپشۇرۇۋالىدىغان پەيغەمبەر ياكى ئەلچىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەرگەن يوللار ئارقىلىق اللهنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلىپ بەرگەن پەرىشتىنىڭ ۋەھيى ئېلىپ چۈشۈشتىكى يوللىرى تۆۋەندىكىچە:

1 . ۋەھيىگە مۇئەككەل پەرىشتە ۋەھيى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەستىن ۋەھيىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر مەن بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلساڭلار جەننەتكە يېقىنلىشىسىلەر، دوزاختىن يىراقلىشىسىلەر. مۇبادا، مەن چەكلىگەن ئىشلارنى قىلساڭلار جەننەتتىن يىراقلىشىپ، دوزاخقا يېقىنلىشىسىلەر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق سالدىكى، ”بىرەر ئادەم ئۆلۈپ كەتسىلا ئۇنىڭ رىزقى تۈگىگەن بولىدۇ. شۇڭا سىلەر اللهدىن قورقۇڭلار، اللهدىن بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭلار چىرايلىقچە سوراڭلار. رىزقنىڭ ئاستا كېلىشى سىلەرنى گۇناھ بولىدىغان شەكىلدە سورايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويمىسۇن. چۈنكى، اللهنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب ۋە نېمەتكە پەقەت اللهغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.②»

2 . ۋەھيىگە مۇئەككەل پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا

---

① سۈرە ئەئراف: 143 ـ ئايەت.
② ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئادەم شەكلىدە كېلەتتى ۋە دېگەنلىرىنى تولۇق ئەستە ساقلىۋالغانغا قەدەر ئۇنىڭغا خىتاب قىلاتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىر مۇنچە كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. دەل شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ يېنىمىزغا ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئادەم يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە نە سەپەرنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنمەيتتى، نە بۇ ئادەم بىزگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئادەم مېڭىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە: "ئى مۇھەممەد! ئىسلام دېگەن نېمە؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئىسلام ـ بىر اللەدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇشۇڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ۋە يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ بەيتۇللانى ھەج قىلىشىڭدۇر" دەپ جاۋاب بەرگەندى، ھېلىقى ئادەم: "ئەگەر مەن بۇلارنى قىلسام مۇسۇلمان بولامدىم؟" دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، ئۇ: "راست ئېيتتىڭ" دېدى ۋە: "ئى مۇھەممەد! ئىمان دېگەن نېمە؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىمان ـ اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، جەننەت، دوزاخ ۋە مىزانغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر" دەپ جاۋاب بەرگەندى، ھېلىقى ئادەم: "مەن بۇلارنى قىلسام ‹مۆئمىن› بولامدىم؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق" دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، ئۇ: "راست ئېيتتىڭ" دېدى ۋە: "ئى مۇھەممەد! ئېھسان دېگەن نېمە؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئېھسان ـ اللەغا گويا اللە سېنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. چۈنكى، سەن اللەنى كۆرمىسەڭمۇ اللە سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ" دەپ جاۋاب بەردى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھېلىقى ئادەم: ”ئەگەر مەن شۇنداق قىلسام ‹ئېھسان قىلغۇچى› لارنىڭ قاتارىدىن بولامدىم؟“ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”شۇنداق“ دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى ئادەم: ”راست ئېيتتىڭ“ دېدى-دە، ”قىيامەت قاچان بولىدۇ؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”اللە پاكتۇر! قىيامەت توغرۇلۇق سورالغان ئادەم سورىغان ئادەمدەك بىلمەيدۇ، لېكىن، خالىساڭ ساڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەي“ دېدى. ھېلىقى ئادەم: ”بولىدۇ“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئەگەر سەن قۇللارغا ئوخشاش يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ نامرات كىشىلەرنىڭ ئېگىز بىنالارنى سېلىشتا بەسلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە دېدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغقانلىقىنى كۆرسەڭ قىيامەتنى كۈتكىن. مانا بۇلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر“ دېدى. ھېلىقى ئادەم: ”راست ئېيتتىڭ“ دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. شۇ ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ”ھېلىقى ئادەمنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار“ دېدى. بىز پۈتۈن ئەتراپنى ئىزدىگەن بولساقمۇ ئۇنى تاپالمىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن: ”سىلەر ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ كىشى جىبرىئىل بولۇپ سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەن. سىلەر ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، ئۇ بۇندىن ئىلگىرى مېنىڭ قېشىمغا بۇنداق سۈرەتتە كېلىپ باقمىغان. شۇڭا، ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئايرىلغانغا قەدەر مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەپتىمەن[①]“ دېدى.»

ئەبى زەر ۋە ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدىكى ئۇلار مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى

---

① ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا بۇنداق سورۇنغا بىرەر ناتونۇش ئادەم كېلىپ قالسا كىمنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالاتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناتونۇش كىشىلەر كېلىپ قالسا ئۇنى دەرھاللا تونۇيالىغۇدەك بىرەر بەلگە ياساپ بېرىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردۇق ۋە ئۇنىڭغا لايدىن بىر ئورۇندۇق ياساپ بەردۇق. كېيىنكى كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغاندا داۋاملىق مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇراتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ھېلىقى ئورۇندا، بىز بولساق ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتۇق. دەل شۇ ۋاقىتتا چىرايى تولىمۇ قاملاشقان، پۇتۇن بەدىنىدىن ئىپار پۇراپ تۇرىدىغان ۋە ناھايىتى ئېسىل كىيىنگەن بىر ئادەم بۇ سورۇنغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى شۇنچىلىك پاكىزە ئىدىكى، گويا ھېچقاچان كىرلىشىپ باقمىغاندەك ۋە پۈرلىشىپ باقمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ: ”ئى مۇھەممەد! ساڭا اللهنىڭ سالامى بولسۇن!“ دەپ سالام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا: ”ساڭىمۇ اللهنىڭ سالامى بولسۇن!“ دەپ جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى مۇھەممەد! ساڭا يېقىن ئولتۇرسام بولامدۇ؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا توختىماستىن: ”ئەلۋەتتە بولىدۇ. يېقىن كەل! يەنىمۇ يېقىن كەل!“ دەيتتى. ھەتتا، ئۇ قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىزى ئۈستىدە قويۇپ تۇرۇپ: ”ئى مۇھەممەد! ئىسلام دېگەن نېمە؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”ئىسلام ـ بىر اللهدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، ناماز ئوقۇشۇڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ۋە يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ بەيتۇللانى ھەج قىلىشىڭدۇر“ دەپ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

جاۋاب بەرگەندى، ھېلىقى ئادەم: ”ئەگەر مەن بۇلارنى قىلسام ‹مۇسۇلمان› بولامدىم؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”شۇنداق“ دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، ئۇ: ”راست ئېيتتىڭ“ دېدى. بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان «راست ئېيتتىڭ» دېگەن بۇ سۆزىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدۇق. چۈنكى ئۇ كىشى ئۆزى سوراپ يەنە ئۆزى تەستىقلاۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ: ”ئى مۇھەممەد! ئىمان دېگەن نېمە“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئىمان ـ اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر“ دەپ جاۋاب بەرگەندى، ھېلىقى ئادەم: ”مەن بۇلارنى قىلسام ‹مۇئمىن› بولامدىم؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”شۇنداق“ دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، ئۇ: ”راست ئېيتتىڭ“ دېدى ۋە: ”ئى مۇھەممەد! ئېھسان دېگەن نېمە؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئېھسان ـ اللەغا گويا اللە سېنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. چۈنكى، سەن اللەنى كۆرمىسەڭمۇ اللە سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ“ دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى ئادەم: ”راست ئېيتتىڭ“ دېدى ۋە: ”قىيامەت قاچان بولىدۇ؟“ دەپ سورىغانىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. ھېلىقى ئادەم بۇ سوئالنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغانىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ قېتىممۇ ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. ھېلىقى ئادەم بۇ سوئالنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغانىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ قېتىممۇ ھېچقانداق جاۋاب بەرمەستىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: ”مۇھەممەدنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، قىيامەت توغرۇلۇق سورالغان ئادەم سورىغان ئادەمدەك بىلىملىك ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ بىر قانچە

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئالامەتلىرى بار. يەنى، ئەگەر سەن قۇللارغا ئوخشاش يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ نامرات كىشىلەرنىڭ ئېگىز بىنالارنى سېلىشتا بەسلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە دىدەكنىڭ ئۆز خوجايىنىنى تۇغقانلىقىنى كۆرسەڭ قىيامەتنى كۈتكىن. مانا بۇلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر“ دېدى ۋە ﴿إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ عِلْمُ السَّاعَةِ وَيُنَزِّلُ الْغَيْثَ وَيَعْلَمُ مَا فِي الأَرْحَامِ وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ «قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر. اللە يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) اللە بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، اللە ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر» دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. ھېلىقى ئادەم: ”راست ئېيتتىڭ“ دېدى ـ دە، نۇرغا ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاراڭلاردا ھېچانداق ئادەم ئۇ كىشىنى مەندەك بىلمەيدۇ. ئۇ كىشى جىبرىئىل بولۇپ بۇ قېتىم ئۇ دىھيەتۇل كەلبىنىڭ سۈرىتىدە كەپتۇ“ دېدى.[①]»

3. ۋەھيى ئۇنىڭغا قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشىدەك بىر خىل ئاۋازدا كېلەتتى. ۋەھيىنىڭ بۇ شەكلى سالمىقى جەھەتتە باشقا تۈرلەردىن ئېغىر ئىدى. ھەتتا، قاتتىق سوغۇق كۈنلەردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

① بەزارى رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

چېكىسىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىگە مىنگەن ھالەتتە بولسا ۋەھيىنىڭ ئېغىرلىقىن تۆگە يەرگە چۆكەتتى. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، ھارىسە ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە ۋەھيى قانداق شەكىلدە كېلىدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋەھيى ماڭا بەزىدە قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك شەكىلدە كېلىدۇ. بۇ ماڭا نىسبەتەن ۋەھيىنىڭ ئەڭ ئېغىر شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەن ماڭا يەتكۈزۈلگەن ۋەھيىنى تولۇق ئەستە ساقلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ۋەھيى مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. يەنە بەزىدە، ۋەھيى پەرىشتىسى مېنىڭ قېشىمغا ئادەم شەكلىدە كېلىپ ۋەھيىنى يەتكۈزىدۇ ـ دە، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەستە ساقلىۋالىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بىر كۈنى ۋەھيى چۈشۈۋاتقان ھالەتتە كۆردۈم. بىردەمدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋەھيى كۆتۈرۈلدى بولغاي، ئۇنىڭ چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى.[①]»

4. ۋەھيى پەرىشتىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەسلى سۈرىتىدە كۆرۈنەتتى ۋە ئۇنىڭغا اللەنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزەتتى. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّى، فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى، فَأَوْحَى إِلَى عَبْدِهِ مَا أَوْحَى، مَا كَذَبَ الْفُؤَادُ مَا رَأَى، أَفَتُمَارُونَهُ عَلَى مَا يَرَى، وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى، عِندَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى﴾

«ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ

---

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. اللە بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيي قىلدى. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى). (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر ؟ ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.①»

مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى كۆرگەن، ئۇ ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يوشۇرغان، ئۇ يەنە ئەتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىمۇ بىلىدۇ" دەيدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇ كىشى اللەغا ئەڭ چوڭ تۆھمەت چاپلىغۇلاردىن بولىدۇ.» بۇ گەپتىن كېيىن ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگىنى كىم؟» دېيىلگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۇنىڭ كۆرگىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى قېتىم ئەسلى سۈرىتىدە كۆرگەن. يەنى، بىر قېتىم ئۈپۈققا بىر كەلگەن ھالەتتە يەنە بىر قېتىم بولسا ئاسماننىڭ ئۈپۈقلىرىنى توسۇۋالغان ھالەتتە كۆرگەن②» دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدىكى ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئەسلى سۈرىتىدە كۆرگەندە ئۇنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بار ئىدى، ھەر بىر قانىتى ئۈپۈققا بىر كېلەتتى. ئۇنىڭ قانىتىنىڭ كۆركەملىكىدىن ئۈنچە ـ مارجانلار ۋە اللەدىن باشقا ھېچكىم

① سۈرە نەجم: 8 ـ 14 ـ ئايەتلەر.
② ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

بىلمەيدىغان ئاجايىپ نەرسىلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى.[①]»

① ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## 4. ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلىككە مۇھتاج ئىكەنلىكى:

اللە ئىنسانلارنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئوبدان بىلىدۇ.

اللە ئىنسانلار ئۈچۈن تەننى ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ ـ جايغا مۇھتاج بولغاندەك ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تەقدىر قىلىنغان مۇددەتنى تۈگەتكۈزگەنگە قەدەر ياشاش ئۈچۈن ئوزۇقلۇققا مۇھتاج. شۇنىڭدەك، اللە ئۇلار ئۈچۈن يەنە ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە تەلىم ـ تەربىيىگە مۇھتاج بولغان ئەقىلنى ياراتقان. ئىنسانلار ئەقىلگە تايىنىپ ئوزۇقلۇق، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ ـ جاي ... قاتارلىق تەننىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ ۋە ئۆزىگە يۈكلەنگەن زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ:

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى ۋە سىلەردىن زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.[①]»

ۋە شۇنىڭدەك اللە ئۇلار ئۈچۈن يەنە ھىدايەتكە مۇھتاج بولغان روھنى ياراتتى. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پەقەت ھىدايەت ئارقىلىقلا اللە ياراتقاندەك توغرا شەكىلدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە اللە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىغا ئۆزى كېپىللىك قىلدى. چۈنكى، ئىنسانلارغا بارلىق نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدىغان ئاشۇ

---

① سۈرە ھۇد: 61 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىلاھىي كاپالەت بولمىسا ئىنسانلار ھېچ نەرسىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

الله پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ رىزقىغا كېپىللىك قىلدى ۋە ئۇنى ئىنسان يارىتىلغان تۇپراق (يەر شارى)غا يەنى، ئىنسانلار ئاسان قولغا كەلتۈرەلەيدىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەر شارىنى يەنە سۇ، ھاۋا ۋە باشقا پىلانتلار قورشاپ تۇرىدۇ:

﴿وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ مِنْ فَوْقِهَا وَبَارَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا فِي أَرْبَعَةِ أَيَّامٍ سَوَاءً لِلسَّائِلِينَ﴾

«ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم-زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر).[1]»

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾

«الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللهنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار.[2]»

﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقاً لَكُمْ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الأَنْهَارَ، وَسَخَّرَ لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَائِبَيْنِ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ، وَآتَاكُمْ مِنْ كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَتَ اللَّهِ لا تُحْصُوهَا﴾

«الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، الله سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 10 ـ ئايەت.

② سۈرە مۇلك: 15 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. اللە سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر اللەنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر.[1]»

﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ﴾

«اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.[2]»

اللە ئەقىللەر مۇھتاج بولغان مەرىپەتكە كېپىللىك قىلدى ۋە ئىنسانلارنىڭ مەرىپەتنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىللارنى ئۇلارغا ئاتا قىلدى:

﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا﴾

«اللە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى.[3]»

﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لا تَعْلَمُونَ شَيْئاً وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، اللە سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.[4]»

﴿اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ، الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ، عَلَّمَ الإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

«ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.[5]»

﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِتَبْتَغُوا فَضْلاً مِنْ رَبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ وَكُلَّ شَيْءٍ فَصَّلْنَاهُ تَفْصِيلاً﴾

---

① سۈرە ئىبراھىم: 32 ـ 34 ـ ئايەت.
② سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 31 ـ ئايەت.
④ سۈرە نەھل: 78 ـ ئايەت.
⑤ سۈرە ئەلەق: 3 ـ 5 ـ ئايەت.

«كىچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق.①»

شۇنىڭدەك، اللە يەنە ئىنسانىنىڭ روھىيىتى مۇھتاج بولىدىغان ھىدايەتكە كېپىللىك قىلدى ۋە كىشىلەرگە ھەقنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەققە يېتەكلەيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى:

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولاً أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: "اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار" دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.②»

گەرچە اللە ھېچقانداق مەجبۇرلانماستىن (كىممۇ اللەنى بىرەر ئىشقا مەجبۇرلىيالىسۇن؟) بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى ئارقىلىق ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق نەرسىلەرگە كېپىللىك قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئىنسان ھەددىدىن ئاشىدۇ ۋە غەپلەتكە پاتقان دەقىقىلەردە ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى اللەنىڭ كاپالىتىدىن بىھاجەت دەپ ئويلاپ قالىدۇ:

﴿كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَى، أَنْ رَآهُ اسْتَغْنَى﴾

① سۈرە ئىسرا: 12 ـ ئايەت.
② سۈرە نەھل: 36 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (ئاللاھقا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ.①»

ئۇ تېخى بەزىدە ـ ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ـ يېيىش ئۈچۈن دانلىق زىرائەتلەرنى ئۇندۇرگەندەك، ئىچىش ئۈچۈن زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن سۇلارنى تارتىپ چىقارغاندەك، ئولتۇراقلىشىش ۋە مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن زېمىننى گۈللەندۇرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ ـ دە، "بۇلارنى مەن ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق قىلدىم" دەپ بىلجىرلايدۇ:

﴿أَفَرَأَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ، أَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ الزَّارِعُونَ، لَوْ نَشَاء لَجَعَلْنَاهُ حُطَامًا فَظَلَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ، إِنَّا لَمُغْرَمُونَ، بَلْ نَحْنُ مَحْرُومُونَ، أَفَرَأَيْتُمُ الْمَاء الَّذِي تَشْرَبُونَ، أَأَنتُمْ أَنزَلْتُمُوهُ مِنَ الْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ الْمُنزِلُونَ، لَوْ نَشَاء جَعَلْنَاهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ، أَفَرَأَيْتُمُ النَّارَ الَّتِي تُورُونَ، أَأَنتُمْ أَنشَأْتُمْ شَجَرَتَهَا أَمْ نَحْنُ الْمُنشِؤُونَ، نَحْنُ جَعَلْنَاهَا تَذْكِرَةً وَمَتَاعًا لِّلْمُقْوِينَ، فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ﴾

«سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى سىلەر ئۇندۇردۇڭلارمۇ ياكى بىز ئۇندۇرۇپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟). ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار. سىلەر: "بىز ھەقىقەتەن (ئەمگەك بىلەن ئۇرۇقتىن) زىيان تارتتۇق، بەلكى بىز (رىزىقتىن) مەھرۇم قالدۇق" (دەيتتىڭلار). سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى بۇلۇتتىن② سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز

---

① سۈرە ئەلەق: 6 ـ 7 ـ ئايەت.

② بەزىلەر ئۆز گۇمانىغا ئاساسلىنىپ يامغۇر ياغدۇرۇشنىڭ، ھېچبولمىسا «سۈنئىي يامغۇر» بولسىمۇ ياغدۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ يەتكەندىن كېيىن بۇ ئىش بىلەن يۇقىرىقى ئايەتنىڭ زىتلىقى باردەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدىغان زات ئاللاھ بولماي قانداقسىگە ئىنسان بولسۇن؟ بۇ بىر يۈزەكى گۇمان بولۇپ ئۇنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. چۈنكى، ئىنسان بۇلۇتنى پەيدا قىلالمايدۇ. ھور شەكىلدە ھاۋا بوشلۇقىغا ئۆرلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن يامغۇر بۇلۇتى شەكىللىنىدىغان سۇنى ياراتقان زات ئىنسان بولماستىن ئەكسىچە ئاللاھدۇر. ئىنسان ئۆزىگە تايىنىپ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بۇ ھەقتە ياۋروپا ھەققىدە مۇنداق

چۈشۈردۇقمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟ سىلەر ياندۇرۇۋاتقان ئوتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنىڭ دەرىخىنى (يەنى مۇرخۇ، ئۇبار ناملىق بىرىنىڭ شېخىنى بىرىگە سۈركىسە ھۆل تۇرۇپلا ئوت ئالىدىغان دەرەخنى سىلەر ئۆستۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۆستۈردۇقمۇ؟ ئۇنى بىز ئىبرەت ۋە يولۇچىلار پايدىلىنىدىغان نەرسە قىلدۇق. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى (مۇشرىكلارنىڭ ئىپتىرالىرىدىن) پاك ئېتىقاد قىلغىن[1]»

الله بۇ ئايەت ئارقىلىق ئىنساننىڭ دىققىتىنى «بۇلارنى پەيدا قىلغۇچى، ياراتقۇچى زات اللهدۇر» دېگەن ھەقىقەتكە قايتۇرىدۇ. ئەگەر الله ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈشى، ئۇنىڭدا ئولتۇراقلىشىشى ۋە زېمىننىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئاسمان ۋە زېمىنلارنىڭ ئېنېرگىيىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا ئىنسان اللهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئۆزىگە بېرىلگەن كائىناتتىكى اللهنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش ئىقتىدارى ۋە بۇ ئىقتىدارىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن لايىقىدا ئىشلىتىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. لېكىن، (اللهنىڭ ياردىمى بولمىسا) ئىنساننىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئەگەر الله خالىسا ئىدى ئىنسانلار زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرىنى سەرىپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنى قۇرۇق

---

خەۋەرلەر تارقالغان. يەنى، ھىجرىيە 1396، مىلادىيە 1976 ـ يىلى ياۋروپادا 150 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، قاتتىق ئىسسىق دەل ـ دەرەخ ۋە زىرائەتلەرنى قۇرۇتۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. نۇرغۇنلىغان مال ـ چارۋىلار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ھەتتا بىر قىسىم ياۋروپا ئەللىرىدە سۇ كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى ئارانلا باسالىغۇدەك ئۆلچەم بىلەن تارقىتىپ بېرىلگەن. ئىنسانىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلغان ئىلىم ـ پەن تېخنىكىلىرىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، بۇ ئىلاھىي بۇيرۇق ئالدىدا ئاجىزلىق بىلەن توختاپ قالغان.

① سۈرە ۋاقىئە: 63 ـ 74 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئوت ـ چۆپكە ئايلانـدۇرۇپ قويغـان بـولاتتى ۋە شـۇنداقلا بۇلـۇتتىن چۈشىدىغان يامغۇرنى ئىچكىلى بولمايدىغان تۇزلۇق، قىرتاق قىلىپ قوياتتى① ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بارلىققا كېلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئىسسىنىش ئارقىلىق سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان ماددىلارنى بارلىققا كەلتۈرمىگەن بولاتتى.

ئىنسان ئېرىشكەن ئىلىم ـ مەرىپەتلىرىدىن كۆرەڭلەپ، ئۇنى «ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق قولغا كەلتۈردۈم» دەيدۇ ـ دە، ئۆزىنى اللهدىن بىھاجەت ھېسابلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا الله ئىنسانغا مۇنۇ ھەقىقەتنى ئەسلىتىدۇ:

﴿اللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لا تَعْلَمُونَ شَيْئاً وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، الله سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.②»

يۈرەك، مېڭە، كۆز، قۇلاق، ئېغىز ... قاتارلىق ئىلىم ـ مەرىپەت ئامىللىرى ئەسلىدىنلا ئىنسانغا الله تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەدىيەدۇر. ئەگەر الله ئىنسانغا بۇ ئەزالارنى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى بەرمىگەن بولسا ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئۆگىنەلمىگەن بولاتتى:

﴿الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ، عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

«ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن

---

① الله ئۆز قۇدرىتى ئارقىلىق بۇلۇت ۋە يامغۇرنى شەكىللەندۈرىدىغان ھورنى پەيدا قىلدى. تاتلىق سۇ ھورغا ئايلىنىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ ۋە تۇزلۇق سۇ دېڭىزدا قالىدۇ. نەتىجىدە، بۇلۇتتىن چۈشكەن يامغۇر ئىچكىلى بولىدىغان تاتلىق سۇ بولۇپ چۈشىدۇ. ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى بۇ قانۇنىيەتنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن بولاتتى. يەنى، بۇلۇتتىن چۈشكەن يامغۇرمۇ دېڭىز سۈيىگە ئوخشاشلا تۇزلۇق ھالەتتە چۈشەتتى ۋە ئىنسانلار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن بولاتتى. ﴿لَوْ نَشَاءُ جَعَلْنَاهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُونَ﴾ «ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟» دېگەن ئايەت مۇشۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ.

② سۈرە نەھل: 78 ـ ئايەت.

نەرسىلەرنى بىلدۈردى.[1]»

ئەگەر اللە خالىغان بولسا ئىدى ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ كۆز، قۇلاق، يۈرەك ... قاتارلىق ئەزالىرىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولاتتى ـ دە، ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئۆگىنەلمىگەن بولاتتى ياكى اللە ئۇلارنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولسا ئۇلار گەرچە كۆزلىرى ۋە قۇلاقلىرى بار تۇرۇپمۇ ھېچ نەرسىنى ئۆگىنەلمىگەن بولاتتى.

شۇنداقلا، ئىنسان ئۆزىنى اللەنىڭ ھىدايىتىدىن بىھاجەتتەك، ئۆز ئىشلىرى ۋە پايدا ـ مەنپەئىتىنى اللەغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بىلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ.

گەرچە، پۈتكۈل جاھىلىيەت ھەرخىل سەۋەب ۋە ئامىللار تۈپەيلىدىن ئىلاھىي ھىدايەت يولىدىن ئېغىپ كەتكەن بولسىمۇ بىراق، ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نامايەندىسىدۇر.

ھەرقانداق بىر جاھىلىيەتتىكى، بولۇپمۇ ھازىرقى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى كىشىلەر: «مېنىڭ تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەقلىم بار. شۇڭا مەن ئەقلىمگە تايىنىپ تەپەككۇر قىلالايمەن ۋە بارلىق ئىشلىرىمنى اللەنىڭ ھىدايىتىگە مۇھتاج بولماستىن بىر تەرەپ قىلالايمەن» دەپ بىلجىرلايدۇ.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۈتكۈل جاھىلىيەتنى، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنى قاپلاپ كەتكەن ئازغۇنلۇق، زۇلۇم ۋە قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

ھەرقانداق بىر جاھىلىيەتتە ياشاۋاتقان ئىنسان بۇ خاتا سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قالىدۇ:

1 ـ ئىنسان ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ ۋە كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقان بۇ

---

[1] سۈرە ئەلەق: 4 ـ 5 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەقىلنى ئىنسان ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن بولماستىن، ئەكسىچە، ئۇ ئىنسانغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان ھەدىيەدۇر. شۇڭا ئىنسان بۇ نېمەتكە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھ تەرەپكە قايتىشى، ئەقىلنى جايىدا ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭ كۈچىدىن توغرا شەكىلدە پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئاللاھ بەلگىلىگەن پرىنسىپقا رىئايە قىلىشى كېرەك. شۇنىڭدەك، ئاللاھ ئىنسانغا ئۆز سەلتەنىتى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشنىڭ پرىنسىپىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئىنسان بۇ ئارقىلىق يەككە ـ يېگانە ئاللاھنى تونۇپ چىقالايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى قۇلچىلىق، ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش قاتارلىق ئىبادەتلىرىنى توغرا شەكىلدە ئېلىپ بارالايدۇ.

2 ـ بۇ ئەقىلنى ئاللاھ ئۆزى يارىتىپ ئىنسانغا ھەدىيە قىلدى ۋە ئەقىل ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان مۇئەييەن چەك ـ چېگرانى بەلگىلىدى ئاندىن ئۇنى ئەقىلنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنى ئەقىلنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىدى.

مەسىلەن: بۇ ئەقىل ماددى كائىنات بىلەن مۇئامىلە قىلىش، كائىناتتا يۈرگۈزۈلىدىغان ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرنى بايقاش (بىز بۇنى فىزىكا ئىلمىدە ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ ئاتايمىز)، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە زېمىن بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇ ئىلىملەرنى ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ ئېنېرگىيىلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلانغان. لېكىن ئۇ قانچىلىك تىرىشىش ۋە قانچىلىك ئۇرۇنۇشتىن قەتئىينەزەر غەيبنى بىلىش ئۈچۈن تەييارلانمىغان.

شۇنداقلا ئىنسان ئەقلى بارلىق نەرسىلەرنى بىلىشكە قادىر ئەمەس. بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلى ئەنە شۇ ئىلىم ـ پەندۇر. ئىلىم ـ پەن ھەرقانداق شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە سۈپەتلەپ بېرەلىسىمۇ لېكىن، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئوتتۇرغا قويالمايدۇ. چۈنكى، «شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى» ئىلىم ـ پەننىڭ بايقاش

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس. مەسىلەن: ئىلىم ـ پەن ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىنىڭ تەسىرلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئىلىم ـ پەن ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە سۆزلىسىمۇ، لېكىن، ماددىلارنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ھېچنەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ. ئىلىم ـ پەن ماددىلارنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكىنىڭ ئاتوم ئىكەنلىكىنى بايقاپ چىقتى. ئاندىن، ئاتومنى ئانالىز قىلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق «ئاتوم ماس ھالىدىكى مۇسبەت ۋە مەنپىي زەرەت ئېنېرگىيىسىدۇر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرغا قويدى. مانا ئەمدى نە ئىلىم ـ پەن، نە ئەقىل جاۋاب بېرەلمەيدىغان «ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزى قانداق نەرسە؟» دېگەن بىرلا سوئال قالدى. بۇ سوئالنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابى بار. يەنى، اللە مۇشۇ كائىناتنىڭ قاتلىمىدا ئامانەت قويغان نەرسە دەل ئېنېرگىيىدۇر.

ئەقىلنىڭ رېئال دۇنيادىكى شەيئىلەر ئالدىدىكى ئورنى مۇشۇنچىلىك بولسا، ئۇنداقتا، تولۇق بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان ۋە ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق تونۇپ چىققىلى بولمايدىغان غەيبىي ۋە نامەلۇم ئىشلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئورنى قانچىلىك بولماقچى؟

3 ـ جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار بۇ خاتا سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان يەنە بىر ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قالدۇ ياكى ئۇ ھەقىقەت ھەققىدە خاتالىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ جاھىلىيەت مۇھىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان نەرسە قانداقتۇر ئەقىل بولماستىن، بەلكى، بىرەر شەخسنىڭ ياكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ۋە ياكى بارلىق كىشىلەرنىڭ نەپسى ـ خاھىشى ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىدۇر.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نامايەندىسىدۇر. ئەگەر «ئۇنداق ئەمەس» دەپ قارىسىڭىز، يەر شارىنىڭ ھەرقايسى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تەرەپلىرىدە كەڭ تارقىلىۋاتقان ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئەقىللىرىنى ئىشقا سالمايدۇ؟ ھالبۇكى، تارىخنىڭ پۈتكۈل تەجرىبىلىرىدىن: «ھەرقانداق بىر مىللەت ئىچىدە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق پەيدا بولسا بۇ مىللەت ۋەيران بولۇپ يەر شارىدىن يوقىلىدۇ» دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان.

غايەت زور ۋەيران قىلىش كۈچىگە يادرو قوراللارغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەقىللىرى نەگە كەتتى؟ ھالبۇكى، مۇشۇ يادرو قوراللارغا سېلىنغان مەبلەغلەر تىنچلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا ئىدى ـ كاشكى، پۈتۈن يەر شارىدا بىرەرمۇ ئاچ ۋە مۇھتاج ئادەم قالمىغان بولاتتى.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرى نەگە كەتتى؟ ھالبۇكى، ئۇلار اللەدىن يىراقلاشقاندىن كېيىنكى ئۆزلىرىنىڭ پىسخىكا جەھەتتىكى نورمالسىزلىق، گاڭگىراش، روھىي ۋە نېرۋا كېسەللىكلەر، بىئاراملىق، ساراڭلىق ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش قاتارلىق ئاقىۋەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرماقتا. گەرچە ئۇلار مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرسىمۇ، يەنىلا خاتا يولدا مېڭىشنى ۋە اللەنىڭ يولىدىن چەتنەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.

شۇنداق! جاھىلىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان نەرسە ئەقىل بولماستىن، بەلكى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە نەپسى ـ خاھىشتۇر. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى اللەنىڭ ھىدايىتىدىن بىھاجەت ھېسابلايدۇ.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ـ گەرچە تارىختىكى ئەڭ ناچار ۋە ئەڭ سەركەش جاھىلىيەت بولسىمۇ ـ اللەنىڭ ھىدايىتىدىن يىراقلاشقان ئىنسانىيەت ئازغۇنلىقىنىڭ بىردىنبىر نامايەندىسى ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانىيەت تارىخى ھەرقايسى دەۋرلەردە مۇشۇنداق ئازغۇنلۇقنىڭ بىر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىسىم نامايەندىلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

مەسىلەن: پىرئەۋن جاھىلىيىتىدە، پىرئەۋن ـ ئەر ۋە ئايالنىڭ ئارلاشما ئىسپىرمىسىدىن شەكىللەنگەن ئىنسان بولسىمۇ ـ «ئىلاھ» دەپ قارىلاتتى. ئۇ كىشىلەر ئىچىدە تۇرۇپ اللەنى ئىنكار قىلاتتى ۋە قاپ يۈرەكلىك بىلەن: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن» دەيتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتى ۋە ئىبادەت قائىدە ـ يۇسۇنلىرىنى تەقدىم قىلاتتى.

ھىندىستان جاھىلىيىتىدە بولسا كالا «ئىلاھ» ھېسابلىناتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ «مۇقەددەس سۈيدۈكى» بىلەن يۇيۇنۇش ئارقىلىق بەرىكەت تىلەيتتى.

ئەرەب ۋە باشقا جاھىلىيەتلەردە بولسا كىشىلەر ئۆز قوللىرى بىلەن ئويۇپ ياسىۋالغان بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئۇنىڭغا قۇربانلىقلارنى ۋە نەزىر ـ چىراغلارنى تەقدىم قىلىشاتتى.

بۇ جاھىلىيەتلەردە مەۋجۇد بولغان يۇقىرىقىدەك ئازغۇنلۇقلاردىن باشقا شېرىكنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان ھەرقانداق كىشى بۇ ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قالىدۇ.

كىشىلەر اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىشتىن باش تارتقان ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ چىقىدۇ. مانا بۇ چاغدا قانۇن تۈزگۈچىلەر باشقا كىشىلەر ئۈچۈن «ئىلاھ» قا ئايلىنىپ قالىدۇ. اللەنىڭ قانۇنىنى تاشلاپ ئۆزئالدىغا قانۇن تۈزگەن، ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋىسى بويىچە ھالال ـ ھارام ھۆكۈملەرنى بېكىتكەن كىشى ئەمەلىيەتتە، اللەنى قويۇپ ئۆزىنى «ئىلاھ» تىكلىۋالغان بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھوقۇقىغا تايىنىپ باشقىلارنى قۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋىسى ئۈچۈن بويسۇندۇرىدۇ. باشقىلار بولسا بۇ «ئىلاھلار»نىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ قۇللار

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھېچقانداق ئىشتا ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ. چۈنكى، بۇ «ئىلاھلار» ئۆز قۇللىرىنى بويسۇندۇرىدىغان ھوقۇققا ئىگە. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىنسان اللە ھۆرمەتلىك قىلغان شېرىكسىز يەككە ـ يېگانە اللەغا قۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئالى ماقامدىن ئايرىلىپ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا قۇل بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قانۇن تۈزىدىغان كىشىلەر دائىم مەزلۇم ئاۋام ـ خەلقنىڭ زىيىنى بەدىلىگە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن قانۇن تۈزىدۇ. پۇقرالار ۋە ئاۋام ـ خەلق بۇ قانۇننىڭ پايدىسىغا ئېرىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارغا بۇ قانۇننىڭ ئېغىر بېسىملىرى چۈشىدۇ. مەسىلەن: فېئوداللىق تۈزۈم يەر شارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە پومېشچىكلار ھۆكۈمرانلىق كۈچىگە ئىگە خوجايىن بولۇپ باشقىلار بۇ پومېشچىكلارغا قۇل بولىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە باي، پۇلدارلار ھۆكۈمران خوجايىن بولۇپ ئىشچىلار ئۇلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە ھۆكۈمرانلار (كومپارتىيە ئەزالىرى) پۈتكۈل بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىدىغان خوجايىن بولۇپ باشقا خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ قۇلى بولىدۇ. پۈتكۈل يەرشارىغا اللەنىڭ شەرىئىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىلا ئاندىن كىشىلەر ھەقىقى ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشەلەيدۇ. مانا شۇ چاغدىلا مەيلى ھاكىم ۋە ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن ھەممىسى قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ دېگەن اللەنىڭ قانۇنى بولۇپ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇنى بىرەر شەخس ۋە بىرەر تەشكىلات ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن تۈزمىگەن. شۇ سەۋەبتىن ھاكىم ۋە ئاۋام ـ خەلق ئوخشاشلا اللە ئۈچۈن قۇل بولىدۇ. ئۇلار ھەممىسى بىردەك اللەنىڭ شەرىئىتىدىن ئىبارەت بىرلا ھۆكۈمگە بويسۇنىدۇ.

ھەرقانداق بىر جاھىلىيەتتە اللەنىڭ پرىنسىپلىرىدىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يىراقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ھەردائىم ئىجتىمائىي، ئەخلاقى، روھى ۋە ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

قەدىمكى جاھىلىيەتلەردە تولىمۇ كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق مىساللار تېپىلاتتى.

مەسىلەن: گرېك جاھىلىيىتىدە جىنايەتچى بىر جىنايەتنى سادىر قىلغاندىن كېيىن جازادىن قېچىپ قۇتۇلالىسا «قەھرىمان» ھېسابلىناتتى. ئەگەر قېچىپ قۇتۇلالماي ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا جازاغا لايىق جىنايەتچى بولۇپ ھېسابلىناتتى....

ئەرەب جاھىلىيىتىدىكى كىشىلەر قىزلارنى تىرىك پېتى كۆمەتتى. مىراسخورلار ئۆز دادىسىنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ھەتتا دادىسىنىڭ ئاياللىرىنى (ئۆز ئانىسىدىن باشقا) مىراس ئالاتتى. دادىسىنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇلار بۆلۈشىدىغان مىراسنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىناتتى.

ھىندىستان ۋە تىبەتلەرنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئېرى بىلەن تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىلەتتى. بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە جىنايەت ھېسابلانماستىن ئەكسىچە، «ئايالنىڭ ئېرىگە بولغان ۋاپادارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى» دەپ قارىلاتتى.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىمۇ ناچارلىق جەھەتتە يۇقىرىقىلاردىن قېلىشمايدۇ. ئەگەر بىز ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قىسقىچە نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بۇزۇقچىلىقلار كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

ئامېرىكا ستاتىستىكىسىدىن ئىگەللىنىشىچە، بۇ يەردىكى ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى ئاجرىشىش نىسبىتى توي قىلىش نىسبىتىدىن 40% يۇقىرى ئىكەن. بۇنىڭ مەنىسى، «ئائىلە ئەھۋالى قالايمىقانلاشتى ۋە مۇقىملىقى بۇزۇلدى» دېگەنلىكتۇر.

يەنە ئىگەللىنىشچە، روھىي كېسەللىك ئامېرىكا خەلقىدىن زور بىر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تۈركۈم كىشىلەرنى چىرماپ كەتكەن بولۇپ، ھەتتا بۇ كېسەل غايەت زور يۇقۇش خاراكتېرىگە ئىگە ھەرقانداق يۇقۇملۇق كېسەللەردىن ئېشىپ چۈشكەن. بۇنىڭ مەنىسى، «ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى تەقدىم قىلغان ھاياتلىق شەكلى ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ماسلىشالمىدى ۋە ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېرىشتۈرەلمىدى» دېگەنلىكتۇر.

يەنە كۆرستىلىشىچە، بۇ يەردىكى جىنايەت نىسبىتى كۆنسېرى ئاشماقتا. ئاخبارات ۋاستىلىرى بولۇپمۇ تېلېۋىزور جىنايەت نىسبىتىنىڭ ئېشىشىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالماقتا.

ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار ئارىسىدىكى جىنايەتنىڭ يامراپ كېتىشى بۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىگە خەتەر شەكىللەندۈرمەكتە. ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار ئارىسىدا جىنايەتنىڭ بۇ دەرىجىدە يامراپ كېتىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئانىنىڭ خىزمەتتە ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدە بولماسلىقى، بالىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ياخشى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ چىقىدىغان كىشىنىڭ مەۋجۇد بولماسلىقىدۇر. چۈنكى، مۇھىتى ۋە تەربىيە پرىنسىپلىرى قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەسلى ۋە باللار باغچىسى يەنىلا ئۆينىڭ ۋە ئانىنىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

قارىماققا ئامېرىكا خەلقى غايەت زور پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك روھىي بوھران ھۆكۈم سۈرمەكتە.

شۇنداق! ئىنسان ئىلاھى ھىدايەتتىن يىراق ھالدا ھەرگىزمۇ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ. تارىختىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىلاھى ھىدايەتتىن يىراق ھالەتتىكى ھاياتى مانا بۇ ھەقىقەتنىڭ دەلىلى ۋە گۇۋاھچىسىدۇر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنساننىڭ ئەقلى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالى، مۇكەممەل بىر پرىنسىپنى تۈزۈپ چىقالمىدى. ھەرقېتىم ئىنسانىيەت «ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالى، مۇكەممەل» دەپ قارىغان پرىنسىپنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى ئاشكارىلانسا، ئىنسانىيەت ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يېڭىچە پرىنسىپلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ ـ دە، بۇنىڭ خاتا نەتىجىلىرى بىر مەزگىلدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنسانىيەت ھاياتىغا ماس كېلىدىغان قانۇن ۋە پرىنسىپ تۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قانچە ئىشلار بار بولۇپ ئىنسان ئەقلى بۇ ئىشلاردىن ئاجىز كېلىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى مۇكەممەل، ھەقىقى رەۋىشتە بىلىشكە مۇھتاج. ئىنسان گەرچە بىر قىسىم ماددى ئىلىملەرگە ئىگە بولسىمۇ بىراق تا ھازىرغىچە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەي كەلمەكتە. خۇددى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئالېكسىس كارېل ئېيتقاندەك ئىنسانىيەت ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەسلىك بىلەن بىرگە يەنە ئۆز ھاياتىنى ياخشىلايدىغان ۋە ھاياتىغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنىمۇ بىلەلمەي كەلمەكتە①.

---

① ئالېكسىس كارېل فىرانسىيىلىك مەشھۇر دوختۇر ۋە ئالىم بولۇپ ھەر قايسى ئىلمى ۋە ئىجتىمائى تەتقىقاتلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يازغان. «ئىنسان ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ مەخلۇق» ناملىق كىتاب ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىتابى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابىتا مۇنداق دەيدۇ: «غەرب مەدەنىيىتى ئىنسانلار ئۈچۈن سىياسى، ئىقتىسادى،ئىجتىمائى، ئىدىيىۋى ۋە مائارىپ پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلارغا يۇقىرىقىدەك پرىنسىپلارنى تۈزۈپ بېرىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتى ئەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىشلار دائىم خاتالىق ۋە قالايمىقانچىلىقلار بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ قارىماققا تەرەققى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە كۈنسېرى چېكىنىپ ۋە ياۋايىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئۆز تەبىئىتىنى بىلىشتىنمۇ ئاجىز كەلگەنىكەن ئۇنداقتا ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. بىزدىكى يەنى غەربتىكى «ئاتالمىش ھېكمەت»

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىككىنچىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى، كەلگۈسى، ئىنسانلارنىڭ ئېلىپ بارغان سىناقلىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىرىنى بىلىشكە مۇھتاج. مانا بۇ ئىشلار ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۆتمۈشنىڭ كۆپلىگەن ھادىسىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن نائېنىق بولۇپ، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان بۈگۈننىڭ ھادىسىلىرىنى بىلىشتىنمۇ ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما كەلگۈسى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا تامامەن نامەلۇم غەيب بولۇپ ئىنسان ئەقلى ئۇنى ھەرگىزمۇ بىلەلمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ھېچكىمگە يان باسمايدىغان، ھېچقانداق ئىشتا شەخسىي مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە نەپسانىيەتچىلىكتىن خالى بولغان پرىنسىپ تۈزگۈچىگە مۇھتاج. مانا بۇ شەرت ھېچقانداق ئىنساندا تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىغا رىئايە قىلمىغان دەقىقىلەردە ھەر ۋاقىت ئۆز شەخسىي مەنپەئىتىنى قوغلىشىدۇ ۋە ئۇنى ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە شەھۋەت ئارزۇلىرى ھەركەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ:

﴿إِنَّ الْأِنْسَانَ خُلِقَ هَلُوعاً، إِذَا مَسَّهُ الشَّرُّ جَزُوعاً، وَإِذَا مَسَّهُ الْخَيْرُ مَنُوعاً، إِلَّا الْمُصَلِّينَ﴾

«ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، كېسەللىك ياكى قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇ. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.[①]»

تۆتىنچىدىن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالەتلەردە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغانلارنى تولۇق بىلىدىغان، ئىتائەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلاپ، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالايدىغان پرىنسىپ تۈزگۈچىگە مۇھتاج. مانا

---

ئەمەلىيەتتە قۇرۇق پەلسەپە ۋە ئازغۇنلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ياراتقۇچىنىڭ ھېكمىتىگە قايىتماقتىن باشقا ئامال يوق.

① سۈرە مائارىج: 19 ـ 22 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بۇ پرىنسىپ ئاۋام ـ خەلقنىڭ نەزىرىدە يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ۋە رىئاللىققا تەتبىقلىنىدۇ. يۇقىرىقى سۈپەتلەر ھېچقانداق ئىنساندا تولۇق تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان پەقەت كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىلا كۆرىدۇ ۋە ئاڭلاش دائىرىسىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىلا ئاڭلايدۇ.

ئەمما، بۈيۈك الله ئىنساننىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ياخشى ـ يامان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَا يَكُونُ مِنْ نَجْوَى ثَلاثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمْ وَلا خَمْسَةٍ إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمْ وَلا أَدْنَى مِنْ ذَلِكَ وَلا أَكْثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا ثُمَّ يُنَبِّئُهُمْ بِمَا عَمِلُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«اللهنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، الله ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن، الله ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، الله ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.①»

الله ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارنى مۇكاپاتلاپ، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا قادىردۇر:

﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْراً يَرَهُ، وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرّاً يَرَهُ﴾

«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.②»

---

① سۈرە مۇجادەلە: 7 ـ ئايەت.
② سۈرە زەلزەلە: 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شۇ سەۋەبتىن، ئەڭ ياراملىق ۋە ئەڭ توغرا پرىنسىپ پەقەت اللەدىن ئىبارەت بىرلا مەنبەدىن كېلىدۇ.

اللە ئىنسانلارنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان بىلىدۇ:

﴿أَلا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.[①]»

شۇنداقلا، اللە ئىنسانلار ھاياتىدىكى، جۈملىدىن پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى تولۇق، ئېنىق بىلىدۇ:

﴿يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الْأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا وَهُوَ الرَّحِيمُ الْغَفُورُ﴾

«اللە زېمىننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان (يەنى يامغۇر، كان ۋە ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش) نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان (ئۆسۈملۈك، بۇلاق ۋە قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان (پەرىشتە، يامغۇر، ئەجەل، رىزىق قاتارلىق) نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان (ياخشى ئەمەللەر، مەقبۇل دۇئالار قاتارلىق) نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. اللە بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.[②]»

﴿عَالِمِ الْغَيْبِ لا يَعْزُبُ عَنْهُ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلا فِي الْأَرْضِ وَلا أَصْغَرُ مِنْ ذَلِكَ وَلا أَكْبَرُ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾

«اللە غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە اللەدىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ (يەنى زەررە) دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھپۇزدا

---

① سۈرە مۇلك: 14 ـ ئايەت.
② سۈرە سەبەئ: 2 ـ ئايەت.

خاتىرىلەنمىگىنى يوق.[①]»

الله ھېكمەتلىك شەرىئەت (قانۇن)نى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. الله كىشىلەرنىڭ ھېچنېمىسىگە مۇھتاج ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا اللهغا مۇھتاجدۇر. كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەڭ تەقۋادار بىر كىشىگە ئوخشاش بولۇپ كېتىشى اللهنىڭ سەلتەنىتىنى كۆچەيتەلمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەڭ پاسىق بىر ئادەمدەك بولۇپ كېتىشىمۇ اللهنىڭ سەلتەنىتىنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلۇغ اللهنىڭ مۇنۇ سۆزىنى يەنى، ھەدىس قۇددۇسىنى يەتكۈزگەن: «ئى بەندىلىرىم! مەن ئۆزۈمگە زۇلۇمنى ھارام قىلدىم ۋە ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم. شۇڭا سىلەر ئۆز ـ ئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار! ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە ۋە كۈندۈلەردە خاتالىق ئۆتكۈزۈسىلەر. مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمەن. سىلەر مەندىن گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈۋېتىمەن. ئى بەندىلىرىم! مەن تاماق بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلارنىڭ قورسىقى ئاچ. شۇڭا سىلەر مەندىن تاماق تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرگە تاماق بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ. سىلەر مەندىن كىيىم تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرگە كىيىم بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ قەلبى يەنى، بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەر، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبى ئاراڭلاردىكى ئەڭ تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسىمۇ مېنىڭ

① سۈرە سەبەئ: 3 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سەلتەنىتىمنى قىلچە كۆچەيتەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ قەلبى يەنى، بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەر، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبى ئاراڭلاردىكى ئەڭ پاسىق بىر ئادەمنىڭ قەلبىدەك بولۇپ كەتسىمۇ مېنىڭ سەلتەنىتىمگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار يەنى، بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەر، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسى بىر ئورۇنغا يىغىلىپ مەندىن ھاجەتلىرىنى سورىسا، ئاراڭلاردىكى ھەممە ئادەمگە سورىغان نەرسىلىرىنى تولۇق بەرسەممۇ مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدىكى نەرسىلەردىن يىڭنىنىڭ دېڭىز سۈيىنى كېمەيتكەنچىلىك نەرسىمۇ كېمەيمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! مانا بۇلار سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار بولۇپ مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويىمەن. كىمكى ئەمەللىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسە اللەغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسۇن. كىمكى ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆرسە پەقەت ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن.①»

ئىنسانلار ھاياتىغا ماس كېلىدىغان پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھى ھىدايەتكە پەقەت پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەرلىك ئىنسانلار ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ ئىنسانىيەت ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى اللە ياراتقاندەك چىرايلىق شەكىلدە بولمايدۇ.

شۇنداقلا اللە ـ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى سەۋەبىدىن ـ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلايدىغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ ـ جاي ۋە ئىشلارنى پىلانلىيالايدىغان ئەقىل ... قاتارلىقلارغا كېپىللىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان ئىلاھى

---

① مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىمانىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھىدايەتكە كېپىللىك قىلدى:

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾

«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.①»

---

① سۈرە ھەدىد: 25 ـ ئايەت.

## 5. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى

پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجى ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى ئۆز ياراتقۇچىسىنى تونۇش ۋە ئۇنى ھەرقايسى تەرەپلەردە (يەنى، ئۇلۇھىيەت، رۇبۇبىيەت ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلەردە) «بىر دەپ بىلىش»كە يېتەكلەشتۇر.

بىز ئىلگىرىكى بابلاردا ئىنسان ئىنسان تەبىئىيىتىنىڭ ئەسلىدىنلا ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى تونۇيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت بىلەن يۈزلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. لېكىن، ئىنسان تەبىئىيىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خاتالىشىدۇ ـ دە، يارتقۇچىنى ھەرخىل شەكىللەردە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن اللە ئىنسانلارغا ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇتىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە روھىيەتلىرىدىن اللە ھەققىدىكى ھەرخىل باتىل تەسەۋۋۇرلارنى يوقىتىدىغان ۋە بۇ خىل باتىل تەسەۋۋۇردىن كېلىپ چىققان ئىدىيە ۋە ھەرىكەت يولىدىكى ئېغىپ كېتىشلەرنى تۈزىتىپ بېرىدىغان، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئىنسانلار ھاياتىدىكى «شېرىك مەسىلىسى»نى بىر تەرەپ قىلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ. چۈنكى، شېرىك مەسىلىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسى ۋە ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىدا دۇچ كېلىدىغان ئەڭ ئېغىر خاتالىقتۇر.

بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلىدۇ:

﴿اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُ﴾

«اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق

يوقتۇر.①»

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: ”مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلا“ دەپ ۋەھيى قىلدۇق.②»

الله تەڭداشسىز، يەككە ـ يېگانە زاتتۇر: ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ، اللَّهُ الصَّمَدُ، لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ، وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ الله بىردۇر. ھەممە اللەغا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.③»

شۇ سەۋەبتىن، «اللەنىڭ بالىسى بار، ئۇنىڭ ئىنسانلار، جىنلار ياكى پەرىشتىلەر ئىچىدىكى مەلۇم بىرەرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار» دېگەندەك سەپسەتىلەرنىڭ ھەممىسى اللەغا چاپلانغان تۆھمەتلەردۇر. بۇنداق سەپسەتىلەر مەيلى يوقالغان بولسۇن ياكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئېنىقلا جاھىلىيەتنىڭ خۇراپاتلىرىدۇر.

شۇنداقلا، الله (ھەرقايسى جاھىلىيەتتىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك) بۇت، ھەيكەل، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە باشقا ھەرقانداق مەۋجۇدىيەتتە ئەمەس. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەخلۇقتۇر. الله بولسا ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر:

﴿لا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ﴾

«قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان اللەغا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت اللەغىلا ئىبادەت

---

① سۈرە ئەئراف: 59 ـ 65 ـ 73 ـ 85 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئەنبىيا: 25 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئىخلاس.

قىلىدىغان بولساڭلار.①»

﴿وَأَنَّهُ هُوَ رَبُّ الشِّعْرَى﴾

«الله شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.②»

﴿إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ﴾

«سىلەر اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر.③»

الله ئۆز ھۆكمىگە ھېچكىمنى شېرىك قىلمايدۇ ۋە ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىنى مەخلۇقاتلىرىدىن ھېچكىمگە بەرمەيدۇ. ئۇلارمۇ بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى اللەدىن تارتىۋالالمايدۇ:

﴿لَهُ غَيْبُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَبْصِرْ بِهِ وَأَسْمِعْ مَا لَهُمْ مِنْ دُونِهِ مِنْ وَلِيٍّ وَلا يُشْرِكُ فِي حُكْمِهِ أَحَداً﴾

«ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى غەيبنى (بىلىش) اللەغا خاستۇر. اللەنىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! اللەنىڭ ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! ئۇلارغا اللەدىن بۆلەك ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، الله ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ.④»

﴿قُلِ ادْعُوا الَّذِينَ زَعَمْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ لا يَمْلِكُونَ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ فِي السَّمَاوَاتِ وَلا فِي الْأَرْضِ وَمَا لَهُمْ فِيهِمَا مِنْ شِرْكٍ وَمَا لَهُ مِنْهُمْ مِنْ ظَهِيرٍ﴾

«ئېيتقىنكى، "سىلەر اللەنى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا اللەغا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە اللەغا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملىشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق".⑤»

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 37 ـ ئايەت.
② سۈرە نەجم: 49 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەئراف: 194 ـ ئايەت.
④ سۈرە كەھف: 26 ـ ئايەت.
⑤ سۈرە سەبەئ: 22 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَمَنْ يَقُلْ مِنْهُمْ إِنِّي إِلَهٌ مِنْ دُونِهِ فَذَلِكَ نَجْزِيهِ جَهَنَّمَ كَذَلِكَ نَجْزِي الظَّالِمِينَ﴾

«ئۇلاردىن كىمكى، "مەن اللەدىن باشقا ئىلاھمەن" دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز.①»

شۇنداقلا پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ئۆز ياراتقۇچىسىنى ئۇنىڭ بارلىق ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ:

﴿وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا﴾

«اللەنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللەنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار.②»

﴿هُوَ اللَّهُ الَّذِي لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ، هُوَ اللَّهُ الَّذِي لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ، هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

«اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۇئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اللە (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ

① سۈرە ئەنبىيا: 29 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 180 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[①]»

ئەگەر ئىنسانلار پەرۋەردىگارىنى مۇشۇ خىل شەكىلدە تونۇپ زېھنىلىرىدىكى ۋە تۇيغۇلىرىدىكى الله ھەققىدىكى باتىل تەسەۋۋۇرلارنى چىقىرىپ تاشلىسا، ئۇلاردا «اللهغا ئىبادەت قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى»دىن ئىبارەت ئىككىنچى بىر مەسىلە قالىدۇ. چۈنكى، توغرا ئىبادەت ئۇسۇلىدا ئىنسانلار جاھىلىيەتتىكى ۋاقىتلىرىدا بىرىنچى مەسىلىگە ئوخشاشلا خاتالىشىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

---

① سۈرە ھەشر: 22 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

## 6. توغرا ئۇسۇلدا ئادا قىلىنغان ئىبادەت

شەك ـ شۈبھىسىزكى، «اللە يەككە ـ يېگانە زات بولۇپ ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە اللەغا ناماز، روزا، قۇربانلىق قاتارلىق ئىبادەت قائىدە ـ يۇسۇنلىرىنى تەقدىم قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئىبادەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۇ يەردە ئىبادەتنىڭ باشقا بىر تۈرىمۇ بار:

﴿اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَ﴾

«(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، اللەنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.[①]»

چوقۇم اللە نازىل قىلغان قانۇنغا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ئىبادەت توغرا شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان بولمايدۇ. ئىبادەت قىلىنىدىغان مەبۇدمۇ بىر ئىلاھ بولماستىن ئەكسىچە بىرى ناماز، روزا، ھەج، قۇربانلىق قاتارلىق ئىبادەت قائىدە ـ يۇسۇنلىرى تەقدىم قىلىنىدىغان ۋە يەنە بىرى ئۆز ئالدىغا قانۇن تۈزىدىغان، اللەنى قويۇپ ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىنىدىغان ئىككى ئىلاھ بولۇپ قالىدۇ:

﴿وَقَالَ اللَّهُ لا تَتَّخِذُوا إِلَهَيْنِ اثْنَيْنِ إِنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾

① سۈرە ئەئراف: 3 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«اللە: ”ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر“ دېدى.①»

مانا بۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنى شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە اللە تەرەپكە يېتەكلەيدۇ. ئۇلارغا اللەغا ئىبادەت قىلىشنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى اللەنى ئۇلۇھىيەت، رۇبۇبىيەت ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلەردە بىر دەپ بىلىش، ئېتىقاد، ئىبادەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە اللە نازىل قىلغان شەرىئەتكە ئەگىشىش (يەنى اللەنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش)تىن ئىبارەت توغرا ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

بۇ ۋەزىپە بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئىككىنچى بىر ۋەزىپىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى دۇنيادا توغرا شەكىلگە ئىگە قىلىدىغان ۋە ئاخىرەتتە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ھەقىقى پرىنسىپنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشتۇر. ئۇلار بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى اللە تەرەپتىن ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەھيىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇنى شەرھىلەش ۋە بايان قىلىش، ۋەھيىنى ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاش ئۇسۇلىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى شۇ بويىچە تەربىيىلەپ چىقىش ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ اللە تەرەپتىن قىلىنغان ۋەھيىنى تولۇق ئەستە ساقلىۋالغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۆز ھاياتىغا توغرا شەكىلدە تەتبىقلىغانلىقىنى كۆرگەنگە قەدەر ئەگەشكۈچىلىرىگە خۇددى تەلەپچان ئۇستازنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇئامىلە قىلغىنىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

بۇ ۋەزىپە ئۇلاردىن زور مىقداردىكى سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ باشقىلارغا دەرس سۆزلەش

---

① سۈرە نەھل: 51 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ۋە كىتاب ئوقۇپ بېرىش ۋەزىپىسى بولۇپ قالماستىن بەلكى، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىدۇر.

گەرچە، كىشىلەرگە تەۋھىد ئىلمىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۆگىتىشنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور ئەھمىيىتى بولسىمۇ، بىراق، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى نوقۇل بۇ ئىككىسىگىلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. اللهنىڭ دىنى مۇنداقلا قوبۇل قىلىپ يادلاپ قويىسىلا بولىدىغان مەلۇماتلار بولماستىن ئەكسىچە، ئىلاھىي تەلىم ـ تەربىيەنىڭ تەلىپى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشتۇر. ئەمەلىي ھەرىكەت تەربىيىچى ۋە تەربىيىلەنگۈچى ئورتاق سەرىپ قىلىشقا تېگىشلىك تىرىشچانلىقسىز، ئۇشتۇمتۇتلا مەيدانغا كەلمەيدۇ. تەربىيىچى بولغان ئادەم (يەنى پەيغەمبەر) ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى تەربىيە، مۇلاھىزە، پەند ـ نەسىھەت قاتارلىقلارغا يۈزلەندۈرۈش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى تۈزەلگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئېغىپ كېتىشلىرىگە قارىتا ئۇزاق ۋاقىت سەۋر قىلىش، ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن نەسىھەت قىلىش قاتارلىقلارغا زور تىرىشچانلىق سەرىپ قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسانلارنىڭ روھىيىتى بۇ تەلىماتلارنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمەل قىلىدۇ. قوبۇل قىلغۇچى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى) ئۆز ھاياتىنىڭ الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى كونترول قىلىش، توغرا يولدىن ئۆزىنى ئازدۇرىۋېتىدىغان شەھۋەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا گۇناھ ـ مەئسىيەتنى ۋە اللهنىڭ يولىدىن يىراقلاپ كېتىشنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدىغان شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى چېكىندۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردا تىرىشچانلىق سەرىپ قىلىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تەربىيە ۋەزىپىسى پەيغەمبەرلەر ئورۇندايدىغان ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، روھىيەت گەرچە ھەقنى تونۇغان، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئەگىشىشكە ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ توغرا پرىنسىپقا دەۋەت قىلىنىش بىلەنلا تۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، روھىيەتتە ھەرۋاقىت دۇنيا ھاياتىنىڭ بايلىق ۋە لەززەتلىرىگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، اللەنىڭ بەلگىلىملىرى ئىچىدە كونترول قىلىپ تۇرۇشقا تېگىشلىك خاھىشلار بار بولۇپ ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا﴾

«ئەنە شۇلار اللەنىڭ بەلگىلىملىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار.[①]»

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا﴾

«ئەنە شۇلار الله بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلىنغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار.[②]»

بۇ ۋەزىپە ئاز بولمىغان تىرىشچانلىق، دائىم اللەنى ئەسلىتىپ تۇرۇش ۋە اللەدىن قورقۇش قاتارلىقلارغا مۇھتاج. چۈنكى، شەيتان ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى ئەسلەشنى ئۇنتۇپ قالغان غەپلەت مىنۇتلىرىنى ئىنساننىڭ قەلبىگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىدۇ:

﴿وَلَقَدْ عَهِدْنَا إِلَىٰ آدَمَ مِن قَبْلُ فَنَسِيَ﴾

«بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيەنى) يادىدىن چىقاردى.[③]»

---

① سۈرە بەقەرە: 229 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 187 ـ ئايەت.
③ سۈرە تاھا: 115 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿يَا بَنِي آدَمَ لا يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُمْ مِنَ الْجَنَّةِ يَنْزِعُ عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْآتِهِمَا إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لا تَرَوْنَهُمْ﴾

«ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر.①»

﴿إِنْ يَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ إِلَّا إِنَاثاً وَإِنْ يَدْعُونَ إِلَّا شَيْطَاناً مَرِيداً، لَعَنَهُ اللَّهُ وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيباً مَفْرُوضاً، وَلَأُضِلَّنَّهُمْ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمْ وَلَآمُرَنَّهُمْ﴾

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) اللەنى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت اللەنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. اللە شەيتانىنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: "مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگىلەيمەن. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن)، ئۇلارنى چوقۇم چاھار پايلارنىڭ (بۇتلارغا نەزىر قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن.②»

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەپىيە بىنتى ھۇيەيدىن نەقىل قىلىنىغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كۈنلەردە، بىر كېچىسى مەن ئۇنى يوقلاپ مەسجىدكە كەلدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز مۇڭداشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتمەكچى

① سۈرە ئەئراف: 27 ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 117 ـ 119 ـ ئايەت.

بولۇپ ئورنۇمـدىن تـۇردۇم. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامۇ مېنـى ئۆزنىتـپ قويۇش مەقسىتىدە مەن بىلەن تەڭ ئورنىدىن تـۇردى. (سەپىيىە بىنتى ھۇيەيىنىڭ تۇرالغۇسى ئۇسامە ئىبنى زەيـدنىڭ ھويلىسـىنىڭ ئۇدۇلـىدا ئىدى.) مۇشۇ ھالەتتە بىزنى ئەنسارىلاردىن ئىككى كىشى كۆردى. ئـۇ ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كـۆرۈپ ئىتائەتمەنلىـك بىـلەن باشـلىرىنى ئەگـكەن ھـالەتتە ئۆتـۈپ كەتتـى. بـۇ چاغـدا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ ئىككـى كىشـىگە: «توختـاپ تـۇرۇڭلار! بىلىـپ قېلىڭلاركى، بۇ دېگەن سەپىيىە بىنتى ھۇيەيي» دېدى. ھېلىقى ئىككـى كىشـى بـۇ گەپنـى ئـاڭلاپ: «اللـه پـاكتۇر! ئەي اللەنىـڭ پەيغەمبـىرى» دېيىشىشىپدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسـىزكى، شـەيتان ئىنساننىڭ قان تومۇرلىرىدىن ماڭىدۇ. شۇڭا مەن شەيتاننىڭ سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا بـىرەر يامـان گۇمـان پەيـدا قىلىـپ قويۇشـىدىن ئەنسـىرەپ قالدىم» دېدى.①

1. پەيغەمـبەرلەر ئـۆز ئەگەشـكۈچىلىرىنى اللـه يولـىدا مۇسـتەھكەم تۇرالايـدىغان، شـەيتاننىڭ ئازدۇرۇشـلىرىدىن سـاقلىنالايدىغان ھـالەتكە يەتكۈزگەنگە قەدەر ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە روھىيىتىنـى ساپلاشـتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزىـدىن باشلىشـى كېـرەك. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرنى ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

سەئىد ئىبنى ئامىر ئىبنى ھىشامدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە ئـۇ مۇنداق دېگەن: مەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشـىغا كېلىـپ: «ئـى مۇئمىنلەرنـىڭ ئانىسـى، ماڭـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئەخلاقـى ھەققىـدە سـۆزلەپ بەرگەن بولسـىڭىز»

① ئىبنى ھىببان، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

دېگەنىدىم، ئۇ ماڭا جاۋاب بېرىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. سەن ئۇلۇغ اللەنىڭ "(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن" دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ باقمىغانمۇ؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە: «مەن تويى قىلماي تەنها ياشاشنى ئويلاۋاتىمەن» دېگەنىدىم، ئۇ ماڭا: «ئۇنداق قىلما! سەن اللەنىڭ "سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۇۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر" دېگەن ئايىتىنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تويى قىلىپ بالىلىق بولغانىدى» دېدى.[1]

شۇ سەۋەبتىن اللە ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنسانلارغا ئۈلگە بولالايدىغان ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلىق كىشىلەر ئىچىدىن تاللاپ چىقىدۇ:

﴿وَكُلٌّ مِنَ الْأَخْيَارِ﴾

«(ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر.[2]»

﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن.[3]»

2. ئۇلار سەۋرچان، ئىخىر بېسىق ۋە كەڭ قورساق بولۇشى كېرەك:

﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾

«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بىللە بولغىن.[4]»

﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ﴾

«اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ساد: 48 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەلەم: 4 ـ ئايەت.
[4] سۈرە كەھف: 28 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۇچۇن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن.[1]»

3. ئۇلار كىشىلەرگە دائىم اللەنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى كېرەك:

﴿وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنْفَعُ الْمُؤْمِنِينَ﴾

« ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ۋەز ـ نەسىھەت مۆئمىنلەرگە پايدىلىق.[2]»

4. پەيغەمبەرلەر كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالماستىن ۋە يىراقلاپ كەتمەستىن ئەكسىچە دائىم ئۇلار بىلەن زىچ ئارلىشىپ ياشىشى، ھەمسۆھبەتتە بولۇشى ۋە ئۇلار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا پەيغەمبەرلەر كىشىلەرگە لايىقىدا تەلىم ـ تەربىيە ۋە ھايات پرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىپ چىقالايدۇ. بۇ جەريانىدا كىشىلەرنىڭ تەلەپ قىلىنغان ئەدەب ـ ئەخلاق بويىچە تۈزۈلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا كېرەكلىك بولغان مۇلاھىزە ۋە تەتقىقاتلار تولۇقلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە ياخشى ئادەتنى بىخلاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

5. پەيغەمبەرلەر روھىيەتنى بىزار قىلىپ قويمايدىغان ئۇنۇملۈك ئۇسۇلدا ئۇنىڭغا مۇناسىپ يولىيورۇقلارنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە روھىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيىتىنى بىلىشكە مۇھتاج. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە: «كىشىلەرگە ئۇلار چۈشىنەلىگۈدەك ئاددى سۆزلەرنى قىلىڭلار. چۈشىنىكسىز سۆزلىرىڭلار بىلەن اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى ياقتۇرامسىلەر» دېگەن.[3]

ئەبى ۋائىلدىن نەقىل قىلىنىدىكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللا ھەر پەيشەنبە كۈنى كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتاتتى. ئۇنىڭغا بىركىشى:

---

① سۈرە ئال ئىمران: 159 ـ ئايەت.
② سۈرە زارىيات: 55 ـ ئايەت.
③ بۇخارى رىۋايىتى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ئەي ئەبۇ ئابدۇراھمان! مەن سېنىڭ بىزگە ھەركۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دېگەنىدى، ئابدۇللا ئۇ كىشىگە: «سىلەرنى بىزار قىلىپ قويۇشنى خالىمىغانلىقىم مېنى ھەركۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن توسۇپ قويىدى. شۇڭا مەن، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ بىزار بولۇپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ ئارىلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانىدەك سىلەرگىمۇ ئارىلاپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.[①]

شۇنىڭدەك، كۆڭۈل بۆلۈشكە، كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇشقا ۋە قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەرزىيدىغان ھەقىقىي قىممەتلەرنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ئىنسانلار خاراكتېرى جەھەتتىن تەبىئىيلا زېمىننىڭ بايلىقلىرىغا ھېرىسمەن كېلىدۇ:

﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾

«ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر. اللەنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك).[②]»

ئىنسانلار ھەرۋاقىت ئۆزلىرىنى بۇ ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن يۈكسەلدۈرىدىغان، راستچىللىق، ئىخلاسمەنلىك، ئامانەتكە رىئايە قىلىش، قۇربانلىق بېرىش، سېخىيلىق، باتۇرلۇق، باشقىلارنىڭ

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
② سۈرە ئال ئىمران: 14 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش ۋە ئادىللىق قاتارلىق يۈزلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئالىي قىممەت ـ قاراشلارنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىدىغان كىشىگە مۇھتاج. مانا بۇ خىل ئالىي قىممەت ـ قاراشلار ئىنسانلارنى ھەقىقىي ئىنسانلىق ئورنىغا لايىقلاشتۇرىدۇكى، اللە بۇ ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلدى، ياراتقان نۇرغۇن مەخلۇقاتلاردىن ئارتۇق قىلدى، شۇنداقلا ئۇنى يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) قىلىپ ئۇنىڭ زىممىسىگە شەرىئەت تەكلىپلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ ئامانەتنى يۈكلىدى:

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: "مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن" دېدى.①»

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلۇغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.②»

﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَنْ يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنْسَانُ﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى)دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى.③»

---

① سۈرە بەقەرە: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەھزاب: 72 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەزىپە بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن تەربىيە ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن، بىز بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز. چۈنكى، بارلىق پەيغەمبەرلەر تۈنجى قەدەمدە بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىداش، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى شۇ بويىچە تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئاچچىق كۆرەشلەرگە قاتنىشىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىرىنچى ئامىل ـ ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ ساختا مەنپەئەتلىرىگە بولغان زىيادە ھېرىسمەنلىكى ۋە شۇنداقلا اللهغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە اللهنىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدۇر.

ئەمما، ئىنسانلار ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر (يەنى ھۆكۈمرانلار) باشقىلارنى ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋىسى ۋە تويماس نەپسىگە قۇل قىلىپ بېرىدىغان باتىل ھۆكۈمرانلىقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالىدۇ ـ دە، باشقىلارنى زورلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋەت ھۆكۈمرانلىقنى اللهغا تاپشۇرۇش ۋە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئىنسانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن قانۇن چىقىرىدىغان ۋە ئادىللىقنى بۇيرىيدىغان اللهغا تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ھوقۇق ۋە تاجاۋۇزچىلىقتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ﴾

«شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.[1]»

ئەمما، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر (يەنى قۇللار)غا كەلسەك، گەرچە الله تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ (يەنى ھۆكۈمرانلارنىڭ) قۇللىقىدىن ئازات قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن ئۆز ھاۋايى ـ ھەۋىسى ۋە تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى، ئىبادەتكە لايىق يەككە ـ يېگانە اللهغا بەندە قىلىش ئارقىلىق تارتىۋېلىنغان ئىنسانىيلىقنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەسلەپتە پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايىتىگە ئەگەشمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار دائىم شەھۋەتلەرگە ۋە كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا غەرق بولغان بولۇپ، اللهنىڭ دىنى ئۇلارنى بۇ نىجىس شەھۋەتلەردىن پاكلاش ئۈچۈن كەلگەن. لېكىن ئۇلار ھىدايەت تېپىشتىن ئىلگىرى بۇنى «پاكلاش» دەپ قارىماستىن ئەكسىچە، ـ ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن روھىيىتى بىلەن ـ ئۆزىگە بېرىلگەن زېمىن مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزىنى مەھرۇم قالدۇرغانلىق دەپ قارايدۇ:

﴿زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا﴾

«كاپىرلارغا دۇنيا تىرىكچىلىكى چىرايلىق كۆرسىتىلدى (يەنى ئۇلار دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىگە، نېمەتلىرىگە مەپتۇن بولدۇ).[2]»

﴿وَفَرِحُوا بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا مَتَاعٌ﴾

«(مۇشرىكلار) دۇنيا تىرىكچىلىكىگە خۇش بولۇپ كەتتى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتكە قارىغاندا ئازغىنا نەرسىدۇر.[3]»

﴿وَوَيْلٌ لِلْكَافِرِينَ مِنْ عَذَابٍ شَدِيدٍ، الَّذِينَ يَسْتَحِبُّونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا عَلَى الْآخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ

---

[1] سۈرە نىسا: 58 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە: 212 ـ ئايەت.
[3] سۈرە رەئىد: 26 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَيَبْغُونَهَا عِوَجاً﴾

«قاتتىق ئازابتىن كاپىرلارغا ۋاي! ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق. كۆرىدۇ (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن توسىدۇ، اللەنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ.①»

بۇ كاپىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى ھۆكۈمرانلار پەيغەمبەرلەرنى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغىلى قويمايدۇ. بەلكى، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئارقىلىق قارشى تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ خىل ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۆلۈم بىلەن، تۈرمىگە قاماش بىلەن، يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن تەھدىت سېلىشقا بېرىپ يەتسە، يەنە بەزىدە بۇ خىل تەھدىتلەر خۇددى يەھيا ئەلەيھىسسالام ۋە زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلگەندەك راستىنلا ئىجرا قىلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ:

﴿قَالُوا لَئِنْ لَمْ تَنْتَهِ يَا نُوحُ لَتَكُونَنَّ مِنَ الْمَرْجُومِينَ﴾

«ئۇلار ئېيتتى: "ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋىتىڭدىن) يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن".②»

﴿قَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا مِنْ قَوْمِهِ لَنُخْرِجَنَّكَ يَا شُعَيْبُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَكَ مِنْ قَرْيَتِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا قَالَ أَوَلَوْ كُنَّا كَارِهِينَ﴾

«شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: "ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك" دېدى. شۇئەيب: "بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرىدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا

---

① سۈرە ئىبراھىم: 2 ـ 3 ـ ئايەت.
② سۈرە شۇئەرا: 116 ـ ئايەت.

شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)“ دېدى.①»
﴿قال لئن اتخذت إلها غيري لأجعلنك من المسجونين﴾
«پىرئەۋن ئېيتتى: ”ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن“.②»
پەيغەمبەرلەر ئەنە شۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قىزىقىشقا ۋە جىھاد قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەقىقىي قىممەتنى گەۋدىلەندۈردى.
پەيغەمبەرلەر ئۆز ئەقىدىسى ۋە ئىماندىن ۋاز كەچكەن بولسا ياكى دەۋەتكە قارشى چىققۇچىلار بىلەن يارىشىپ قالغان بولسا ئىدى ئۆزىنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك ئازابلاردىن ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيەلەردىن ساقلاپ قالالايتتى. ياكى، ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرى بىلگەن بۇ ھەقىقەتنى كۆڭۈللىرىدە ساقلاپ، كاپىرلارنى، بولۇپمۇ ئىماندىن باش تارتقان تەكەببۇر كاتىباشلارنى بىئارام قىلىۋاتقان دەۋەت خىزمىتىنى توختاتقان بولسا ۋە باشقىلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلماستىن ئۆزىنىڭ مۆئمىنلىكىنى ئىچكى دۇنياسىدىلا ساقلاپ يۈرگەن بولسا بۇنچىۋالا ئازابلارغا يولۇقمايتتى.
لېكىن، بارلىق پەيغەمبەرلەر بۇنداق قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ. اللەنىڭ دىنىنى دۇنيانىڭ ئەزىمەس، ساختا، يوقىلىدىغان ئازغىنە مەنپەئەتلىرىگە سېتىۋېتىشنى خالىمايدۇ. ھەتتاكى، ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن دەۋەتتىن بىر دەقىقە بولسىمۇ ۋاز كېچىشنى خالىمايدۇ.
مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پادىشاھلىق، مول بايلىق، يۈز ـ ئابرۇي، ھۆكۈمرانلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زېمىننىڭ

---

① سۈرە ئەئراف: 88 ـ ئايەت.
② سۈرە شۇئەرا: 29 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنسانىنى قىزىقتۇرغۇچى بارلىق نەرسىلىرىنى ۋەدە قىلىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدى. ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ياقۇب ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مۇغىرە ئىبنى ئەخنەس شۇنداق سۆزلەپ بەردىكى، قۇرەيشلەر ئەبۇ تالىپقا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، سېنىڭ قەۋمىڭ (يەنى قۇرەيشلەر) مۇنداق مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ» دېدى ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ تۇرۇپ: «ماڭىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مېنى كۆچۈم يەتمەيدىغان ئىشلارغا مەجبۇر قىلمىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىپنى «ئۆزىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئۇنى مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش قارارىغا كەلگەن چېغى. شۇڭا ئۆزىگە ياردەم بېرىش ۋە ئۆزى تەرەپتە تۇرۇشتىن يالتىيىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىپقا: «ئەي تاغا، اللە بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشىم بەدىلىگە ئۇلار ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى ئېلىپ بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ اللە بۇ دىننى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغانغا قەدەر ياكى مەن مۇشۇ يولدا ھالاك بولغانغا قەدەر بۇ ئىشتىن (يەنى دەۋەتتىن) ۋاز كەچمەيمەن» دېدى-دە، ياش تۆكۈپ يىغلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىنى قىلىپ قايتماقچى بولۇۋىدى، ئەبۇ تالىپ ئۇنى چاقىرىپ: «ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، بېرى كەل» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تالىپنىڭ قېشىغا كېلىۋىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، بارغىن، ئۆزۈڭ ياقتۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىۋەرگىن. اللە بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلارغا ھەرگىزمۇ تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن» دېدى.①

مانا بۇ يەردە ئۇلار ـ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ـ ھەقىقى ئالىي قىممەت قاراشىنىڭ اللهغا ئىمان كەلتۈرۈش، الله تەرەپكە دەۋەت قىلىش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش ئىكەنلىكىنى، بۇ قىممەت قاراشىنىڭ زېمىننىڭ بارلىق مال ـ دۇنيالىرىدىن، ئالتۇن ـ كۆمۈشلىرىدىن ۋە ھوقۇق ـ سەلتەنەتلىرىدىن ئۈستۈن، ئالىي ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مانا بۇ چاغدا ئىنسانلار ھاياتىدىكى قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەر تامامەن ئۆزگىرىدۇ.

اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بولسا ئۆزلىرى ئەگەشكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىگە يېتەكچى بولغان پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئۆز ئەقىدىسى يولىدىكى ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆز ئەقىدىسىدە تەۋرەنمەستىن مۇستەھكەم تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قىزىقتۇرۇش ۋە تەھدىت سېلىش ... قاتارلىق تۈرلۈك بېسىملار ئاستىدىمۇ ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى كۆرىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن بىرگە تۈرلۈك ئەزىيەت، ئېكسپىلاتاتسىيە، سۈرگۈن قىلىنىش، ئازابلاش ۋە مەھرۇمىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ. نەتىجىدە، خۇددى پىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلىرى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى ئۈستۈن ھېس قىلغاندەك، ئۇلارمۇ ئەقىدىسى بىلەن ئۆزىنى زېمىننىڭ پۈتكۈل بايلىقلىرىدىن ئۈستۈن ھېس قىلىدۇ:

﴿فَأُلْقِيَ السَّحَرَةُ سُجَّداً قَالُوا آمَنَّا بِرَبِّ هَارُونَ وَمُوسَى، قَالَ آمَنْتُمْ لَهُ قَبْلَ أَنْ آذَنَ لَكُمْ إِنَّهُ لَكَبِيرُكُمُ الَّذِي عَلَّمَكُمُ السِّحْرَ فَلَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ مِنْ خِلافٍ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمْ فِي جُذُوعِ النَّخْلِ وَلَتَعْلَمُنَّ أَيُّنَا أَشَدُّ عَذَاباً

---

① ئىبنى ھىشامنىڭ «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشەنچلىك تەرجىمھالى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

وَأَبْقَى، قَالُوا لَنْ نُؤْثِرَكَ عَلَى مَا جَاءَنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالَّذِي فَطَرَنَا فَاقْضِ مَا أَنْتَ قَاضٍ إِنَّمَا تَقْضِي هَذِهِ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا، إِنَّا آمَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغْفِرَ لَنَا خَطَايَانَا وَمَا أَكْرَهْتَنَا عَلَيْهِ مِنَ السِّحْرِ وَاللَّهُ خَيْرٌ وَأَبْقَى﴾

«(مۇسا هاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋەتتى) شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر (سەجدە قىلغان هالدا يىقىلىپ): ”هارۇن بىلەن مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق“ دېيىشتى. پىرئەۋن ئېيتتى: ”سىلەر مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن، مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن، سىلەر قايسىمىزنىڭ (يەنى مېنىڭ ياكى مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ) ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر“. ئۇلار ئېيتتى: ”سېنى (يەنى ساڭا ئەگىشىشنى) ئىختىيار قىلىپ، بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە بىزنى خەلق ئەتكەن اللەنى هەرگىز تاشلىمايمىز. (بىزنىڭ هەققىمىزدە) نېمىنى هۆكۈم قىلساڭ، شۇنى هۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ هۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ. بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، اللەنىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ اللەنىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر“.[①]»

باشقا كىشىلەر بولسا ئاستا ـ ئاستا ئۆز غەپلىتىدىن ئويغىنىدۇ.

---

① سۈرە تاھا: 70 ـ 73 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

چۈنكى، ئۇلار اللەغا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى، خاتىرجەملىكى ۋە ئىنسانلار ئىنتىلىۋاتقان ۋە ھاياتلىقنىڭ غايىسى ۋە ھاياتلىقتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە دەپ قاراۋاتقان پۈتكۈل بايلىقلىرى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ ئۆز ئەقىدىسى ۋە ئىماندىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ـ دە، بۇ يەردە اللەنىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت مەنپەئىتىدىن ئىبارەت ھاياتلىقتىكى زېمىننىڭ بايلىقلىرىدىنمۇ كۆپرەك قىزىقىشقا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىقلارنى بېرىشكە ئەرزىيدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ:

﴿وَمَا هَذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا لَهْوٌ وَلَعِبٌ وَإِنَّ الدَّارَ الْآخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾

«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى).»①

﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَمَنْ زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾

«ھەر بىرجان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ.»②

مانا بۇ چاغدا ئۇلار خۇددى ئاشۇ مۇئمىن جامائەتنىڭ روھىي جەھەتتە يۈكسەلگىنىگە ئوخشاش يۈكسىلىش ئۈچۈن ھايات

① سۈرە ئەنكەبۇت: 64 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 185 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما، باتىلدا چىڭ تۇرغان، دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن يۇقىرى بىلگەن ۋە ئىلاھىي ھىدايەتنى رەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى دۇنيادىكى، ياكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىقلا بولىدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ بَدَّلُوا نِعْمَتَ اللَّهِ كُفْراً وَأَحَلُّوا قَوْمَهُمْ دَارَ الْبَوَارِ، جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا وَبِئْسَ الْقَرَارُ، وَجَعَلُوا لِلَّهِ أَنْدَاداً لِيُضِلُّوا عَنْ سَبِيلِهِ قُلْ تَمَتَّعُوا فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ إِلَى النَّارِ﴾

«اللەنىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ھالاكەت مەۋقەسى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! ئۇلار (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) ئازدۇرۇش ئۈچۈن، اللەغا نۇرغۇن بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالدى. ئۇلارغا: "(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر" دېگىن.»[①]

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قاتناشقان ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى ئاچچىق كۈرەشلەر ئارقىلىق ئالىي قىممەت قاراشلار ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىشقا ئاشىدۇ ۋە ھەقىقى مەنپەئەت ساختا مەنپەئەتلەردىن ئايرىلىدۇ:

﴿فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاءً وَأَمَّا مَا يَنْفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الْأَرْضِ كَذَلِكَ يَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ﴾

«كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، اللە مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ».[②]

﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾

---

① سۈرە ئىبراھىم: 28 ـ 30 ـ ئايەت.
② سۈرە رەئد: 17 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«اللە ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن اللە (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر».[1]

﴿وَلَوْلا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيراً وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾

«ئەگەر اللە ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللەنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اللە ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر[2].»

---

① سۈرە بەقەرە: 251 ـ ئايەت.
② سۈرە ھەج: 40 ـ ئايەت.

## 7. ئىنسانلار ھاياتىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەسىرى

تارىختىن بۇيان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەرلەر ئۆزى بىلەن بىرگە ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ئۇنى توغرا قىبلىپقا كىرگۈزىدىغان يېتىزلىق (ئاساسلىق) ئىسلاھاتنى ئېلىپ كەلگەن ۋە بارلىق ياخشى ئىشلاردا ئۇلارغا ئۈلگە بولغان.

ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆپلىگەن رەھبەرلەر، داھىيلار ۋە ئىسلاھاتچىلار ئۆتكەن. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز ساندىكى مۇئمىنلەردىن باشقىلارنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى تەسىرى چەكلىك بولغان. ئۇلارنىڭ تەسىرى ھەرقانچە زور بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرى ياشاپ ئۆتكەن دەۋر كىشىلىرىدىن ياكى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۆزلىرىدىن كېيىنكى ئازغىنە بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن.

بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆز قەۋمىنىڭ ھاياتىدىكى قىسمەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققىدۇ ۋە ئۇنى نەزەر دائىرىسى چەكلىك بولغان ئىنسانىيەتنىڭ پەم-پاراستى دائىرىسىدىلا ھەل قىلىدۇ.

2. مانا بۇ كىشىلەر كەمچىلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە ئوخشاش ئىنسانلاردا بولىدىغان بىر قىسىم ئېغىپ كېتىشلەردىن خالى ئەمەس.

مۇشۇ ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ تەسىرى-ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ-دائىرىسى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قېنى! سىز ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر سىياسىي رەھبەرگە قاراپ بېقىڭ! ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ۋەزىپىسى نېمە؟
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تارقىلىپ كەتكەن پۇقرالىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۇقرالىرىنى باشقىلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ياكى باشقا مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇ.
لېكىن، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ ئاساسى بولغان، ئۆز خەلقىنى يۈزلەندۈرىۋاتقان قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلار نېمە؟
ئەمەلىيەتتە بۇ قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلار دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ اللەدىن ۋە ئاخىرەتتىن ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن چەكلىك قىممەت ـ قاراش ۋە چەكلىك پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ قىممەت قاراش ۋە پرىنسىپلار گەرچە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە داھىيلىرى يېتەكلەۋاتقان سىياسىي قىزغىنلىق قايىنىمىدا يۈكسەك قىممەت ـ قاراش ۋە يۈكسەك پرىنسىپتەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە چۈشكۈن قىممەت ـ قاراش ۋە چۈشكۈن پرىنسىپتۇر. كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى بىر قىسىم جەھەتلەردە ياخشىدەك كۆرۈنسىمۇ لېكىن ئۇ زېمىننىڭ چەكلىك قىممەت ـ قاراشلىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئومۇمى يىغىندىسىدا ناچار ئەخلاقتۇر. روھىيەت گەرچە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى قىزغىنلىقىدا بىر مەزگىل تولىمۇ يۈكسەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ لېكىن روھىيەت ئىنتىلىۋاتقان بۇ نىشانلار ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ بىر ھەر خاتالىقى بىلەن قانچىلىك زىچ باغلانسا بۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەقىقىتىدىن شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كېتىدىغان، ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئەسلىگە تامامەن قارشى نىشان بولغانلىقى ئۈچۈن روھىيەت ئۆزىنىڭ ئازغۇنلىقىدا داۋاملىشىۋېرىدۇ. بەزىدە بۇ

# ئىمانىنىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

خاتالىقلار تۈزەلسىمۇ لېكىن ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئەسلى ئىسلاھ بولۇشتىن يىراق ھالدا داۋاملىشىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن سىز ئىنسانىيەت تارىخىدىكى (مۇئمىن داھىيلاردىن باشقا) ھەرقانداق بىر سىياسىي داھىينىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ باققىدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا كونا خارابىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دۆۋە ناچار تەسىرلەرنى بايقايسىز.

قېنى سىز تارىختىكى ھەرقانداق بىر بۈيۈك ھەربىي قوماندانىنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇپ بېقىڭ! ئۇلارنىڭ ئورۇندىغان ۋەزىپىسى ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىش ـ ئىزلىرى قانداق بولغان؟

توغرا! بۇ بۈيۈك قوماندانلارنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش، ئۇلارنى ئۇرۇشقا يېتەكلەش ۋە قاتناشقان ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش بولغان. لېكىن، بۇ ئۇرۇشلار ماھىيەتتە نېمە سەۋەبتىن ئېلىپ بېرىلغان؟ بۇ بۈيۈك قوماندانلار قايسى نىشان ئۈچۈن بۇنداق ئۇرۇشلارنى قوزغىغان؟ بۇ قوماندانلار ئۆز قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشلاردا نېمە سەۋەبلىك غەلىبە قىلدى؟ ھەقىقەت، ئادالەت، يۈكسەك ئۆلگىنى نامايەن قىلىش ۋە ئىنسانلار ھاياتىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈنمۇ ياكى غەلىبە، ئۆز زېمىنىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، باشقىلارنى كونترول قىلىش ۋە خورلاش ئۈچۈنمۇ؟ غەلىبە قىلغۇچى بىلەن مەغلۇپ بولغۇچى قايسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئوخشاش بولۇپ، كۈچى يەتسە باشقىلارنى پاچاقلاپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلامدۇ؟

بىز تارىختىكى مۇئمىن قوماندانلاردىن باشقا بىرەر قوماندانىنىڭ زېمىندا ئالىي ئۆلگىلەرنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، يۈكسەك قىممەت ـ قاراشلارنى مۇداپىئە قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

روھىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئىنسانىيلىق ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى تېپىچە ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئۇلارنى قاپلاپ كەتكەن نەرسە پۈتۈنلەي ئىشغالىيەتچىلىك، غەلىبە ئارزۇسى، كېڭەيمىچىلىك ۋە مەغلۇپلارنىڭ زىيىنى ۋە ھالاكىتى بەدىلىگە ئۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئىپادىلەنگەن دۇنياۋى ئاچكۆزلۈكلىرىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا بۇنى تارىختا «قوماندان» دەپ ئاتالغانلارنىڭ بىرى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان. چۈنكى، ئۇرۇشنىڭ ئەخلاقى بولمايدۇ. بۇ ئۇرۇشقا پەقەت كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان «ئورمان قانۇنى» ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تارىختا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقىدىغان بولساڭىز، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىكى بىر قىسىم تەڭداشسىز قەھرىمانلىقلىرىنى ئۇچرىتالىسىڭىزمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغان ئالىي قىممەت ـ قاراشلارنى ئەسلا ئۇچرىتالمايسىز. ھەتتا بۇ قوماندانلار ئۆز دەۋرلىرىدە قۇرۇپ چىققان بۈيۈك ئىمپېراتورلۇقلارمۇ ئالىي ئىنسانىي قىممەت ـ قاراشلارغا ۋەكىللىك قىلماستىن ئەكسىچە پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا ۋەيران بولۇپ يوقىلىدۇ. قېنى سىز ئاتالمىش «ئىسلاھاتچى» ۋە «جەمئىيەتشۇناس»لارنىڭ قانداق ئىسلاھات يۈرگۈزگەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ تارىختا قانداق تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ!

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى اللهنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن مۇئمىنلەردىن باشقا كۆپىنچە كىشىلەر بىر تەرەپلىمە نۇقتىنەزەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك توغرا ئەقىدىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتىكى ئىنسانىي تەپەككۇرنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ۋە مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق بىلەلمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئاتالمىش

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«داھىي» ۋە «قوماندانلار» ئىنسان روھىيىتىنىڭ خاراكتېرى، ئۇنىڭ مايىللىقى، خاتالىقى، ئۇنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئەسلا بىلەلمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز جەمئىيىتىدە پەيدا بولغان بىر قىسىم ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرمەستىنلا بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ئىنساننىڭ روھىيىتىگە ماس كېلىدىغان پرىنسىپلارنىڭ غەيرىگە تايىنىپ قىسمەن جەھەتتىن ھەل قىلغان بولسىمۇ بىراق، روھىيەتنىڭ يەنە بىر قىسىم خاتالىقلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئالدىراڭغۇلۇق، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يەڭگىلتەكلىكى (قىزىققاقلىقى) ۋە قىسقىغىنە ئۆمرىدە نەتىجىنى تېزرەك كۆرۈشكە بولغان ئىنتىلىشى سەۋەبىدىن جەمئىيەتتە يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەيدانغا كېلىدۇ:

﴿خُلِقَ الْإِنْسَانُ مِنْ عَجَلٍ﴾

«ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان.»[①]

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ خىل ئىسلاھات ـ خۇددى ياۋروپادىكى «ئاياللار ئازادلىقى» مەسىلىسىدە ئايدىڭلاشقاندەك ـ بىر تەرەپلىمە ۋە كەمتۈك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، يەنە بىر تەرەپنىڭ زىيىنى بەدىلىگە ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ ئاتالمىش «ئىسلاھات» باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ۋە ۋەيران قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە غەرب ئاياللىرىغا چۈشكەن زۇلۇملار كۆتۈرۈۋېتىلدى. لېكىن بۇ مەسىلە ئىلاھىي پرىنسىپنى مەنبە قىلغان توغرا بولغان ھەل قىلىش چارىسىگە تايانماستىنلا ھەل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاياللار ـ بۈگۈنكى كۈندە

① سۈرە ئەنبىيا: 37 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك ـ ئائىلە ۋە بالىلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە سىرتتا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق چارچاش، ئۆيدىكى كەپسىز بالىلىرى بىلەن سىرتتىكى خىزمەت بېسىملىرى ئارىسىدا نېرۋىلىرى قالايمىقانلىشىش قاتارلىق بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولماقتا. جەمئىيەتنى قاپلاپ كەتكەن ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە توغرا شەكىلدە تەربىيىلىشىگە ئېھتىياجلىق ئۆسمۈرلەرنىڭ ئانىسىز ھالەتتە تاشلىنىپ قېلىشى... دېگەندەك ئېچىنىشلىق تېراگېدىيەلەردىن باشقا يەنە ئاياللار خالىغان كىشى ئاسانلا ئېرىشەلەيدىغان بازاردىكى ئەرزان باھالىق تاۋارلارغا ئايلىنىپ قالماقتا.

ئاتالمىش «ئىسلاھاتچىلار»نىڭ خاتالىقلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلاھ قىلغاندىنمۇ كۆپرەك بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىۋاتقان ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنىڭ بىردىنبىر نامايەندىسى يالغۇز بۇلارلا ئەمەس. بىز باشقا بىر تېمىدىكى مىسالغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى!

كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشچىلارغا چۈشۈۋاتقان زۇلۇملارنى تەنقىد قىلىپ، بۇ زۇلۇملارنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە بۇ جەمئىيەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى جار سېلىپ بىر توپ «ئىسلاھاتچىلار» ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ نەقىل قىلىۋاتقان دەلىللىرىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەندە ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا. ئەمەلىيەتتىمۇ كاپىتالىستىك تۈزۈم ئازغۇن جاھىلىيەتنىڭ تۈزۈملىرى بولۇپ، ئۇ الله ھارام قىلغان جازانە (ئۆسۈم) مۇئامىلاتلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جەمئىيەتتىكى ئاز ساندىكى بىر توپ كىشىلەر جازاننى ـ خۇددى قۇرئان كەرىم سۈپەتلىگەندەك ـ قاتمۇ ـ قات ئاشۇرۇپ يەيدۇ ۋە ئىقتىسادى كۈچى كۈنسېرى ئاجىزلاۋاتقان ۋە ئارقىغا چېكىنىۋاتقان كۆپ ساندىكى نامرات

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ۋە ئاجىز كىشىلەرنىڭ زىيىنى ۋە ھالاكىتى بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى كۈچىنى زورايتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ جەمئىيەتتىكى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن نامرات، ئاجىز كىشىلەرگە كۈندىن ـ كۈنگە چەكتىن ئېشىۋاتقان زۇلۇملار ھەسسىلەپ چۈشىدۇ. شۇ ئەسنادا بۇ جەمئىيەتتىكى ئاز ساندىكى بىر توپ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مول بايلىقى ئارقىلىق زېمىندا بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىپ ئەخلاقنى بۇزىدۇ، كىشىلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئادىمىيلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ. بۇ خىل جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىشلار كۈنسېرى يامانلىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتى دەۋا ـ دەستۇرلىرىنى اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلمايدىغان جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاز ساندىكى ھەددىدىن ئاشقان بىر توپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان نامرات، ئاجىز كىشىلەرگە ھەسسىلەپ زۇلۇم ئېلىپ كېلىدىغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

توغرا، كاپىتالىستىك تۈزۈم ھەقىقەتەنمۇ ئېزىلگۈچى سىنىپلارغا زۇلۇم ئېلىپ كېلىدىغان ئازغۇن جاھىلىيەت تۈزۈمىدۇر.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل تۈزۈمنىڭ زۇلۇملىرىنى تەنقىدلەپ ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەلەپ قىلىپ بىر توپ ئىسلاھاتچىلار مەيدانغا چىقتى.

لېكىن، ئۇلار بۇنى قانداق ئىسلاھ قىلدى؟

ئۇلار اللەنىڭ پرىنسىپىغا ئەگەشمىگەنلىكى ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش چارىسىنى اللەنىڭ كىتابىدىن قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ يەنە بىر قىيىنچىلىققا، بىر خاتالىقتىن چىقىپ يەنە بىر خاتالىققا چۈشۈپ قالدى.

ئۇلار: «”شەخسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى“ پۈتكۈل زۇلۇمنىڭ

سەۋەبىدۇر. شۇڭا بىز بۇ خىل تۈزۈمنى بىكار قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ”شەخسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى“ ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان يېڭىچە بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ھازىرقى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان كىشىلەر (يەنى فېئودال كاپىتالىستلار) تەلتۆكۈس يوقىلىشى كېرەك» دېيىشتى ۋە ئىلگىرىكى پۈتكۈل ھۆكۈمرانلىق جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولىدىغان تۈزۈلمىنى بىكار قىلىپ بۇ ھۆكۈمرانلىقنى دۆلەتكە تاپشۇردى. بۇ دۆلەتكە مانا مۇشۇنداق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغان كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

مانا بۇ كوممۇنىزم دۆلىتىدە بارلىق كىشىلەر دۆلەتنىڭ مالايلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دۆلەت ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتى، ئىش ھەققى، خىزمەت ۋاقتى شۇنداقلا خىزمەت ئورۇنلىرى ... قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرەر كىشى دۆلەتكە قارشى بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن گەرچە تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ ھەرخىل قىيىن ـ قىستاق، ئازابلىنىش، سۈرگۈن قىلىنىشلار ئارقىلىق ھالاك بولمىغان تەقدىردىمۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دۆلەتتە كىشىلەر كەڭ دائىرىدە قۇللارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ئاتىنى بالىغا، قېرىنداشنى قېرىنداشقا ئىشەنمەس قىلىپ قويىدىغان جاسۇسلۇقنىڭ بېسىمى ئاستىدا ھېسسىي ئۆلۈمدىن قورققاندىن كۆرە مەنىۋى ئۆلۈمدىن بەكرەك قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

دۆلەت بىر بۇردا نان ۋە غورىگىل تۇرمۇش ئۈچۈن كىشىلەرنى قۇل قىلىۋاتقان مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ھۆكۈمران كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ئەيش ـ ئىشرەت ۋە كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تۇرمۇشى كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى فېئودال كاپىتالىستلارنىڭ چەكتىن ئاشقان راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەرگىز قىلىنىشمايدۇ.

مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا اللەنىڭ پرىنسىپىغا تايانمايدىغان «ئىسلاھاتچىلار» ئەنە شۇنداق قىلىدۇ.

ئاتالمىش «پەيلاسوپلار»غا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ كۈلكىلىك.

پەيلاسوپلار ـ ئەمەلىيەتتە دېيىلىۋاتقاندەك ـ خىيالىي دۇنيادا ياشايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار رېئال دۇنيادىن ۋە ئىنسانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ نوقۇل خىيالىي دۇنيادىلا لەيلەپ يۈرىدۇ.

ئۇلار كىشىلىك جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى بىر دۆۋە خاتالىق ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى بايقاپ چىقىدۇ ـ دە، بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ ئۇنى ھەل قىلىش چارىسى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەھلىلىنىڭ توغرا ياكى خاتا، پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى دېمەيلا تۇرايلى، ئۇلار رېئال دۇنيادا ھېچقانداق بىرەر ئەمەلىي ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماستىن، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغىلا بېكىنىپ ياشايدۇ. بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ زېھنىدىلا پۈتۈپ كېتىدۇ، رېئال دۇنيادا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ بەزىسى قىسمەن ۋاقىتلاردا ئاممىباپ، چوڭقۇر نەزەرىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ ئىنساننىڭ روھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى ـ نەزىرىيە جەھەتتىن ـ بىلىپ چىقالىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەمەلىي تەجرىبە مەيدانىدىن ۋە كىشىلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشتىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن تەتبىقلاشقا يارىغۇدەك ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى يالتىراق، گۈزەل ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىلا چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئۇنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان ئادەم

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

چوڭقۇر ھاياجانغا چۆكسىمۇ، لېكىن بۇ گۈزەل ئىدىيەلەر ئۇ كىشىنىڭ رېئال دۇنيادىن بىرەر نەرسىنى ئۆزگەرتىشىگە تۈرتكە بولالمايدۇ. نەتىجىدە، جەمئىيەتتىكى خاتالىق ۋە ئېغىر كېتىشلەر ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆز پېتى داۋاملىشىۋېرىدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ يالتىراق پەلسەپىلىرى رېئال تۇرمۇشتىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەستىن ئىزچىل بوشلۇقتا ئېسىلغان ھالەتتە تۇرىۋېرىدۇ. سىز تارىختىن بۇيانقى پەيلاسوپلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقىدىغان بولسىڭىز، بۇ تەسىرلەرنىڭ پەقەت شەخس دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغانلىقىنى بايقايسىز. سىز پەيلاسوپلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگەرگەن ياكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيە ـ پەلسەپىلىرىنىڭ نەتىجىسىدە خاتالىقلىرى تۈزۈلۈپ كەتكەن بىرەر جەمئىيەتنى ئۇچرىتالمايسىز. لېكىن، ئۇنىڭ ئىدىيە ـ پەلسەپىلىرىنى ئىنسانلاردىن بىرەر قەۋم ياكى بىرەر مىللەت قوبۇل قىلىپ، ئۇنى روھىي دۇنياسىدا شۇ تەرەپكە دەۋەت قىلىدىغان ۋە شۇ يولدا «جىھاد» قىلىدىغان «ئەقىدە»گە ئايلاندۇرۇۋالغان بولسا بۇ باشقا گەپ. مانا بۇنداق ۋاقىتلاردىمۇ ئۇ قەۋم ياكى مىللەتلەر بۇ خىل ئىدىيە ۋە پەلسەپىلەرنىڭ ياكى پەيلەسۇپلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بۈيۈك خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى، شۇ خىل ئىدىيە ۋە پەلسەپىلەرنى قوبۇل قىلىپ باشقىلارنى شۇ تەرەپكە دەۋەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيە ۋە پەلسەپىلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش جەريانىدا بۇ ئىدىيە ۋە پەلسەپىلەرنىڭ پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا قويغان شەكىلدە ئەمەلىي تەتبىقلاشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى، رېئال دۇنيادا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگەرتىشكە، يېڭىدىن ياساپ چىقىشقا مۇھتاج ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەمما، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى بۇلارنىڭ ئەھۋالىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

1. پەيغەمبەرلەر ئەسلا ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسى، شەخسىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ كەمتۈك تەسەۋۋۇرلىرىغا تايىنىپ سۆزلىمەيدۇ:

﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى، إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾

«ئۇ (پەيغەمبەر) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»①

2. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان قىممەت ـ قاراش، پرىنسىپ، ئەخلاق ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت يولى ... قاتارلىقلار ـ باشقا ئاتالمىش «داھىيلار»غا ئوخشاش ـ ئۇلارنىڭ شەخسىي نۇقتىنەزىرى، شەخسىي پايدا ـ مەپەئەتى، كۆڭۈل ئارزۇسى ۋە باشقىلارغا بولغان ئۆچ ـ ئاداۋىتى، (كوممۇنىزىم ئەنە شۇنداق ئۆچ ـ ئاداۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان) ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلەلمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تۇغرا ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان ئىنساني يېتەرسىزلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەس.

3. پەيغەمبەرلەر ـ ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ يوليورۇقى بويىچە ـ دۆچ كېلىۋاتقان مۇشەققەتلەرگە يۈزەكى، قىسمەن نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلماستىن بەلكى، يىلتىزلىق، چوڭقۇر نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەت خاراكتېرى بىلەن بىۋاستە مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ خاتالىقلارنى يىلتىزىدىن ئىسلاھ قىلىدۇ.

4. ئۇلار ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلارنى ـ كوممۇنىستلارغا ئوخشاش ـ

---

① سۈرە نەجم: 3 ـ 4 ـ ئايەت.

ئايرىم يول بىلەن، ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنى ـ ئايالىلار ئازادلىقىنىڭ تەشۋىقاتچىلىرىغا ئوخشاش ـ ئايرىم يول بىلەن، سىياسىي قىيىنچىلىقلارنى ـ سىياسىي داھىيلارغا ئوخشاش ـ ئايرىم يول بىلەن بىر تەرەپ قىلمايدۇ. چۈنكى، مەسىلىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم يول بىلەن ھەل قىلىدىغان بۇ خىل ھەل قىلىش چارىسى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ۋە يېتەرسىزلىكى بىلەن ھەقىقىي ئۈنۈم ۋە پايدا ـ مەنپەئەتتىن خالىي بولغاندىن باشقا ئۇ يەنە ھاياتنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۇقىرىقى كىشىلەر ئىچىدىن ھەرقانداق بىر داھىي ياكى ئىسلاھاتچى مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى ھەل قىلغاندا ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن غەپلەتتە قالىدۇ ياكى مەسىلىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە ـ بولۇپمۇ، ئەخلاقى ۋە روھىي تەرەپلىرىگە ـ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇلارمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىپ بۇ ھەقتە: «ئىقتىساد، سىياسەت ... قاتارلىقلارنىڭ ئەخلاق بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق» دېيىشىدۇ.

5. ۋەھيى ئارقىلىق كۆچەيتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاتالمىش «داھىيلار» ۋە «ئىسلاھاتچىلار» چۈشۈپ قالغان بۇنداق بالايىئاپەتلىك خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالمايدۇ. بەلكى، ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە روھىيەتتىكى خاتالىقلارنى تۈپ ئاساستىن تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ئىككىنچى قەدەمدە جەمئىيەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن اللە ۋەھيى قىلغان ئاممىباپ ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىساھات چوڭقۇر پۇختا ئاساس بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىسلاھات ئاممىباپ ئىلاھىي پرىنسىپتا گەۋدىلەنگەندەك ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ئىسلاھات مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى ھەل قىلىپ يەنە بىر تەرىپىنى تاشلاپ قويمايدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە مەسىلىنى باشقىلارنىڭ زىيىنى بەدىلىگە يەنە بىراۋلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بىر تەرەپ قىلمايدۇ.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا جاھىلىيەت ئىنسانلىرىنىڭ پرىنسىپىغا خاس قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىققان بولاتتى.

6. پەيغەمبەرلەرنىڭ ـ ئىلاھىي پرىنسىپ بويىچە ـ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ خىل ھەل قىلىش چارىلىرى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىلىرىگە ئوخشاش ئىسلاھات ئىدىيىلىرى بولماستىن بەلكى، ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھەققىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغان ھەممىدىن خەۋەردار، شەيئىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى تولۇق بىلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ يەر شارىدىكى ھاياتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان توغرا ئۇسۇلنى بىلىدىغان زات اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ئەمەلىيەتچانلىقتا ئىگە پرىنسىپلاردۇر:

﴿قُلْ أَأَنْتُمْ أَعْلَمُ أَمِ اللَّهُ﴾

«ئېيتقىنكى، سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى اللە ئوبدان بىلەمدۇ؟»①

7. ﴿وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئاً وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئاً وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ﴾

«سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اللە بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.»②

8. پەيغەمبەرلەر ئۆز ئوبرازى بىلەن كىشىلەر ئۈچۈن جانلىق ئۈلگە شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ جانلىق ئۈلگىدە ـ ئەڭ دەسلەپتە ـ قىممەت ـ قاراش ۋە كىشىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئىدىيىلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. اللە ئۆز پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلىرىنى ئەڭ ياخشى

① سۈرە بەقەرە: 140 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 216 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان ھەقنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان سالاھىيەتكە لايىق ھالدا تەربىيىلەپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىمنى گۈزەل قىلدى.» ئۇلاردا ئادەتتىكى ئىنسانلار ئىچىدىكى «داھىي» ۋە «ئىسلاھاتچىلار»دا بولىدىغان يېتەرسىزلىك ۋە ئاجىزلىق نۇقتىلىرى بولمايدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى جەريانىدا بىرەر داھىي، بىرەر ئىسلاھاتچى ۋە ياكى بىرەر رەھبەر بۇنداق يېتەرسىزلىك ۋە ئاجىزلىق نۇقتىلىرىدىن خالىي بولالىغان ئەمەس. اللە ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى سەممىي، تەقۋادار، ھەققانىي ۋە پاك قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەممە ئەگىشىدىغان ئۈلگىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشلىرى بىلەن ئىنسانلارنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئارىسىدا (مۇتەپەككۇر ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھاياتىدا ھەر ۋاقىت كۆرۈلىۋاتقاندەك) قارمۇ ـ قارشىلىق ۋە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇد ئەمەس.

9. پەيغەمبەرلەر كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدا ياشاپ تۇرۇپ كىشىلەرگە ھەرخىل ئىدىيىلەرنى تەقدىم قىلىدىغان پەيلاسوپلارغا ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئۇلار كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزى اللە تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن ئىدىيە، پرىنسىپ ۋە قىممەت ـ قاراشلارغا بىۋاستە دەۋەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇلار ئەگەشكۈچىلىرىنى شۇ خىل ئىدىيە، پرىنسىپ ۋە قىممەت ـ قاراشلار بويىچە تەربىيىلەيدۇ. مانا بۇ، پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن ھەقىقىي تىرىشچانلىق بولۇپ، بۇ تىرىشچانلىق يەر شارى رېئاللىقىدا ناھايىتى تېزلا مېۋە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىدىيىلىرى بوشلۇقتا ئېسىلغان جىسىمدەك ئۆز رولىنى

يوقاتماستىن بەلكى، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئوبرازلىرى ئارقىلىق، ئاندىن كېيىن ئۇلار تەربىيىلەپ چىققان بىر توپ كىشىلەر ئارقىلىق جانلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشلىرى كىشىلەر ئۇنىڭ رېئال سۈرىتىنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك رېئال ئەمەلىيەتكە ئايلانغان بولىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر ئۇنىڭ گۈزەل نەتىجىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى كۆرىدۇ ـ دە، توپ ـ توپ بولۇپ بۇ دىنغا كىرىپ كېلىدۇ.

10. ئىنسانىيەت ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر قوللانغان ئەڭ بۈيۈك ۋە ھەقىقىي ۋاستە ئىنسانىيەت قەلبىنى ئاللاھقا باغلاش بولۇپ، قەلبى ئاللاھ بىلەن باغلانغان ئىنسان ئاللاھ تەرەپكە كۆز تىكىدۇ ۋە ئاللاھدىن قورقىدۇ. مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھايات رېئاللىقىنى ئىسلاھ قىلىش قىلىشتىكى تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر ۋاستىدۇر. بۇ خىل ۋاستە ئىنسانىيەت ھاياتىنى ئىنتىزامچانلاشتۇرۇشتا ئادەتتە قوللىنىلىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇرۇپ چىققان بازىسى روھىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى چوڭقۇر، پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان ئېتىقاد (ئىمان)غا تايانغانلىقى ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇستەھكەم بازا بولۇپ چىقىدۇ. شۇ ئەسنادا، ئىنسانلار تۈزۈپ چىققان قانۇن ـ پرىنسىپلارنى ئاساس قىلغان باشقا تۈزۈملەر كىشىلەرنى پايدا ـ مەنپەئەتكە ۋە ھۆكۈمرانلىقنى ئىگىلەشكە قىزىقتۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پايدا ـ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈپ ھۆكۈمرانلىقنى ئىگەللىگەن ھامان بۇ خىل تۈزۈملەر ئۆز رولىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ. پۈتكۈل تارىخ جەريانىدا پەيغەمبەرلەر قۇرۇپ چىققان ئىمانى بازا بولسا يۇقىرىقىغا روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئاساسلىرى پۇختا ھالەتتە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

11 . پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىگە اللە تەرەپتىن ۋەھيى قىلىنغان ئاممىباپ ئىسلاھات پرىنسىپلىرى جەھەتتە ۋە بۇ پرىنسىپلارنىڭ ئاساسىنى ئۆلگە ۋە تەربىيە يولى ئارقىلىق ئىنسانىيەت رېئاللىقىدا مۇستەھكەملەش ئۇسۇلى جەھەتتە شۇنداقلا يەنە، ئۆزىنى اللەغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىم بىلەن يەككە ـ يېگانىدۇر.

ئاز ساندىكى مۆئمىنلەردىن باشقا بارلىق ئىسلاھاتچىلار كىشىلەرنى پەقەت ھاياتى دۇنيادىلا مەنپەئەتلىنىشكە بولىدىغان كۆز ئالدىدىكى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە يۆزلەندۇرىدۇ. ئۇلارنى اللە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئەسلا يۆزلەندۇرمەيدۇ.

اللە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى دۇنيا ھاياتىغىلا چەكلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋملىرى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان يولىيورۇق ۋە پرىنسىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك نەزەر ـ دائىرىسىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىنسان بولغانلىقى يەنە بىر تەرەپتىن اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز قەۋمى ۋە خەلقىنى ئۆز ئەتراپىغا ياكى ئۆز پرىنسىپى، قىممەت ـ قارىشى ۋە چەكلىك نۇقتىئىنەزىرى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆز يولىيورۇق ۋە پرىنسىپلىرى ئاساسىدا كىشىلەرگە ئۆگەتتۇاتقان بۇ ئىلىملىرى (ئادەتتە بۇ ئىلىملار ئەيىپ ـ نۇقسانسىز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن خالىي دەپ پەرەز قىلساق) ھاياتى دۇنيادا ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ، خاتىرجەملىك، ساغلاملىق، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش، پۇل ـ مال ۋە پەرزەنت ... دېگەندەك كىشىلەر ھاياتى دۇنيادا

ئارزۇ قىلىدىغان بەزى نەرسىلەرنى ئۇلارغا بېرەلىشى مۇمكىن.

لېكىن، بۇ ئىلىم (كەمچىلىكلەردىن، ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن ۋە خاتالىقلاردىن خالىي دېگەن پەرەزگە ئاساسەن) كىشىلەرگە پەقەت زېمىندىكى بىر قىسىم پايدا ـ مەنپەئەتلەرنىلا ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرەلىشى مۇمكىن. بىراق ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز ئىگىسىنى (يەنى مۇشۇ ئىلىم بىلەن قوراللانغۇچىنى) ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئۇلار الله قۇرئان كەرىمدە سۈپەتلىگەندەك ھالەتكە كېلىپ قالغان:

﴿يَعْلَمُونَ ظَاهِراً مِنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ﴾

«ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر.»[①]

شەك ـ شۈبھىسىزكى، دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئاخىرلاشقان بولماستىن پەقەت ئۇنىڭ بىر باسقۇچىلا ئاخىرلاشقان بولىدۇ. ئاندىن ئۇ تىرىلىش، اللهنىڭ دەرگاھىغا تۇپلىنىش، (لاياقەتلىك بولالىسا) ھۆرمەت، مۇكاپات ۋە نېمەتلىك، مەڭگۈلۈك جەننەت ئىرىشىدىغان، (لاياقەتلىك بولالمىسا) رەسۋا بولۇپ مەڭگۈلۈك دوزاخ ئازابىغا مۇپتىلا بولىدىغان ئىمتىھان باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىككىنچى باسقۇچىنى باشلايدۇ.

ئەگەر دۇنيا ھاياتى ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان بولسا ئىدى، گەرچە كىشىلەرنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرەلمىسمۇ، ھەر بىر دەۋردىكى كىشىلەرگە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىنى مىراس قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ئاشۇ ئاتالمىش «ئىسلاھاتچىلار»نىڭ ھەر تۈرلۈك ئىسلاھاتلار ھەققىدىكى

---

① سۈرە رۇم: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

جار سېلىۋاتقان شۇئارلىرى ۋە باتىل دەۋالىرى ئەلىۋەتتە توغرا بولغان بولاتتى.

ئۇنداقتا، ئىنسانلارنىڭ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ھاياتى ئۇنىڭ ھاياتى باسقۇچلىرىنىڭ ئەڭ قىسقا بىر باسقۇچى بولماي مۇمكىنمۇ؟ ساناقلىق بىر نەچچە يىللار ئۆمۈرنىڭ چەكلىك مەزگىللىرى بولۇپ، بۇ مەزگىللەردىن كېيىن سانىنى اللهدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئۇزاق مەزگىللىك، ئۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈلۈك بىر مۇساپە باشلىنىدۇ.

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ھاياتى دۇنيانىڭ دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان ۋاقىتتىكى ئويپىكىرچۇق زىيانكارلىقتىتۇر. ئەگەر ئۇلار ھاياتى دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلسا، دۇنيا ھاياتىدىكى كۆڭۈل تارتىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولسا:

﴿أَفَرَأَيْتَ إِنْ مَتَّعْنَاهُمْ سِنِينَ، ثُمَّ جَاءَهُمْ مَا كَانُوا يُوعَدُونَ، مَا أَغْنَى عَنْهُمْ مَا كَانُوا يُمَتَّعُونَ﴾

«ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (نۇرغۇن) يىللار (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.»①

شۇنداق بولغانىكەن ئۇلار قانداقسىگە زېمىننىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلمىسۇن؟ ئۇلار ئىسلاھ قىلمىسىمۇ قانداقسىگە زېمىننىڭ نېمەتلىرى ئۇلارغا داۋاملىق كېلىپ تۇرسۇن؟ ھەرۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىشلار سەۋەبىدىن ۋە كېلىشى ئېنىق بولغان ئۆلۈم سەۋەبىدىن ھاياتى دۇنيانىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى دائىملىق گاڭگىراش بولىدۇ.

---

① سۈرە شۇئەرا: 205 ـ 207 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەقىقەتەن ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قاتمۇ ـ قات زىيانكارلىقتۇر:

﴿وَمَا هَذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلا لَهْوٌ وَلَعِبٌ وَإِنَّ الدَّارَ الآخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾

«دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى).»①

شۇ سەۋەبتىن، الله ۋە ئاخىرەتتىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ئىنسانىنىڭ زېمىندىكى بارلىق ئىلىملىرى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ھەقىقىي مەنپەئەتلىك ئىلىم بىرلا ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىگە ئەسقاتىدىغان، ئۇلار ئۇچۇن دۇنيالىق پايدا ـ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاخىرەتتىكى خاتىرجەملىك ماكانى بولغان جەننەتكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ئىلىمدۇر:

﴿وَأُدْخِلَ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِمْ تَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلامٌ﴾

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ) سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، دەپ سالام بېرىدۇ.»②

﴿وَهُمْ فِي مَا اشْتَهَتْ أَنْفُسُهُمْ خَالِدُونَ، لا يَحْزُنُهُمُ الْفَزَعُ الأَكْبَرُ وَتَتَلَقَّاهُمُ الْمَلائِكَةُ هَذَا يَوْمُكُمُ الَّذِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ﴾

«ئۇلار كۆڭلى تارتقان نازۇ ـ نېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ. چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: "الله سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ" (دەپ)، ئۇلارنى

① سۈرە ئەنكەبۇت: 64 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىبراھىم: 23 ـ ئايەت.

(جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ.»①

كىشىگە ئەسقاتىدىغان مەنپەئەتلىك ئىلىم ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ھەقىقىي تونۇپ چىقىش، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئاللاھ نازىل قىلغان شەرىئەتكە (يەنى قۇرئان كەرىمگە) ئەگىشىشتۇر. مانا بۇ ئىلىم كىشىلەرنىڭ بۇگۈنگە ۋە كەلگۈسىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇگۈنى ئاللاھنىڭ پرىنسىپىغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىنغان بولسا، كەلگۈسى ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان جەننىتىگە كىرىش بىلەن ئىسلاھ قىلىنغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ تەقۋادار بەندىلىرى ھاياتى دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يانغان كىشىلەردۇر.

مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتىلا، دوختۇرلۇق، ئىنژېنېرلىق، پەن ـ تېخنىكا، ئالگېبرا، خىمىيە ۋە فىزىكا قاتارلىق دۇنياۋى ئىلىملەر كىشىلەر ئۈچۈن پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىلاھىي پرىنسىپنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالماسلىقىغا ياردەمچى بولىدۇ.

لېكىن ئۇ كىشىلەرگە ھاياتى دۇنيانى چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقىقىي ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ مۇكاپات ۋە جازالىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى شەھۋەت ئازغۇنلۇقلىرىغا غەرق قىلىۋېتىش ئۈچۈن قوللىنىلسا زىيانلىق ئىلىم بولۇپ قالىدۇ.

مانا بۇ مەنپەئەتلىك ئىلىم بىلەن بارلىق پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر ئىنسانىيەت تارىخىدا تەكىداشسىز ئۆلگىنى تىكلىگەن. چۈنكى ئۇلار بۇ

① سۈرە ئەنبىيا: 102 ـ 103 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىلمنى ۋەھيى يولى ئارقىلىق الله تەئالادىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلاتتى، ئۇنىڭغا ھەقىقى ئىشىنەتتى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلاتتى

اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان باشقا ئاتالمىش «داھىي» ۋە «ئىسلاھاتچى» ئۆزلىرى بىرىنچى بولۇپ بۇ مەنپەئەتلىك ئىلمنى رەت قىلىدىغان تۇرسا ئۇنى كىشىلەرگە قانداقمۇ ئۆگىتەلىسۇن؟ ئۆزلىرى اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىدىغان تۇرسا قانداقمۇ باشقىلارنى اللەغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلالىسۇن؟

پەقەت پايدىلىق ئىلىملا تارىختىن بۇيانقى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان باشقا بارلىق دۇنياۋى ئىلىملەر مۇشۇ پايدىلىق ئىلىملەر ئاساسىدا قوللىنىلغان. پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرگىلا خاس بولغان ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى مۇئمىن دەۋەتچىلەر كىشىلەرنى ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىپ كەلگەن بۇ پايدىلىق ئىلىمنى ئاساس قىلمىغان باشقا ئىلىملەر كىشىلەرگە بەزىدە زىيان ۋە يەنە بەزىدە پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ بىراق، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ زىيىنى پايدىسىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتاكى، بۇ ئىلىملەر ـ بىز بۈگۈنكى جاھىلىيەتتە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك ـ زېمىننى گۇللەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ قورالى بولغاندىن كۆرە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالماقتا.

## 8. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى

ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولغىنىمىزدا، بەزىلەرنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى تېزلا بىز ھەققىدە ـ ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ـ «ئۇ چوقۇم پويىز، ماشىنا، ئايرۇپىلان ... قاتارلىق خىلمۇ ـ خىل قاتناش ۋاستىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددى تەرققىيات ھەققىدە سۆزلىمەكچى» دېگەن خىيال پەيدا بولىدۇ.

ئىشلارغا چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان ۋە ئەستايىدىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئويلىشى توغرا ئەمەس.

ماددى تەرەققىيات ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ۋە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، ئۇ ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ تەرەققىيات پەلەمپىيىدىن تۆۋەنگە غۇلىتىدىغان نەرسە بولماستىن ئەكسىچە، ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلارنىڭ مىقدارى بويىچە ئۇلارنى تەسەۋۋۇر، ھەرىكەت يولى، ئىدىيە ۋە تۇيغۇ ... قاتارلىق جەھەتلەردە يۈكسەك تەرەققىياتنىڭ ئىگىز چوققىلىرىغا يۈكسەلدۈرىدىغان ئامىلدۇر. تۆۋەندە بىز قىسقىغىنە سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق بۇ مەسىلىدىكى ھۆكۈمنى ئايدىڭلاشتۇرايلى! ئىنسانى ئۆلچەملەر بويىچە قىياس قىلغاندا بۇزۇقچىلىق، زۇلۇم ـ سىتەم، قالايمىقانچىلىق ۋە خاتالىق جەھەتلەردە ساھابىلەر (اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن) جەمئىيىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى ھازىرقى زامانىدىكى غەرب جەمئىيىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرامدۇ؟

ئۇلارنىڭ قايسىسى اللە تۇنجى قېتىم ياراتقاندەك ۋە يەنە شۇنداق

بولۇشىنى ئىرادە قىلىۋاتقاندەك ئىنساننىڭ «ئەڭ چىرايلىق» شەكىلگە يېقىن؟:

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ، إِلا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾

«بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېئمىتىمىزگە شۈكرى قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاختا قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.[1]»

ئۇلارنىڭ قايسىسى اللەغا ۋە سىزگە ئەڭ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ؟ تەقۋادارلىق، جۇشقۇنلۇق، راستچىللىق، ھەرىكەت ۋە تۈيغۇدىكى پاكىزلىق، ئادىللىق، دۇرۇسلۇق، ئۆزىنى ئەرزىمەس ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن يۇكسەلدۈرىدىغان يۈكسەكلىكى بىلەن اللەغا بويسۇنۇش، ھەق يولىدىكى جاسارەت، الله يولىدا، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان توغرا ئەقىدە يولىدا، ئىنسانلارنى بەندىگە ۋە كۆڭۈلنىڭ شەھۋەت ـ ئارزۇلىرىغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازاد قىلىپ، شېرىكسىز يەككە ـ يېگانە اللەنىڭ قۇلچىلىقىغا ئېلىپ چىقىش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا بولغان چوڭقۇر ھېرىسمەنلىككە ... ئىگە بولغان ئاشۇ ئۇلۇغ ساھابىلەرمۇ ياكى ئۆزىدىكى ساختا ئىلىملەر بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ماددى شارائىتنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ زېمىندا زومىگەرلىك قىلىدىغان، شەھۋەت پاتقاقلىرىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدە ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان غەربلىكلەرمۇ؟:

﴿ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ﴾

«ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېئمىتىمىزگە شۈكرى قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاختا قايتۇردۇق.»[2]

---

[1] سۈرە تىن: 4 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە تىن: 5 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلار ـ دىنىنىڭ ئىشلىرى رەتكە سېلىنىپ ئۇلار زېمىندا قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن ـ دۇنياۋى ئىلىملەرنى ۋە ماددى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ ۋە بۇ ساھەلەردە شۇ دەۋر كىشىلىرىدىن ھېچكىم يېتىپ باقمىغان پەللىگە يېتىدۇ ۋە بۇنى «زېمىننى الله بۇيرۇغاندەك ھەق بىلەن گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى» دەپ بىلىدۇ... لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىغا مىزان قىلىدىغان ئۆلچەملىرى ماددى ئۆلچەم ئەمەس، بەلكى، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەملەردۇر. زېمىندا خەلىپە (ئىز باسار) بولۇش، ئاسمان، زېمىن ۋە تاغلار ئۈستىگە ئېلىشتىن قورققان ئەڭ چوڭ ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئارقىلىق اللەنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدا ئىنسانلارنىڭ تەڭداشسىز قىياپىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ «ئەڭ چىرايلىق شەكلى»نى نامايان قىلىش ئۈچۈن بەندىلەرنىڭ قىلمىشىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بۈيۈك الله تۈزۈپ بەرگەن ئۆلچەملەردۇر:

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.»①

بىز ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ ماددى تەرەققىيات جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ئەمەس، بەلكى، ھەقىقىي ئىنساننى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلار

---

① سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەققىدە سۆزلەيمىز. يەنى، ئىنسان پەرۋەردىگارىغا قانداق مۇئامىلىدە بولىدۇ؟ ئۆزىگە قارىتا قانداق مۇئامىلىدە بولىدۇ؟ باشقا كىشىلەرگە قارىتا قانداق مۇئامىلىدە بولىدۇ؟ ... دېگەن مۇشۇ پرىنسىپلار ھەققىدە سۆزلەيمىز.

بىز بۇ ساھەدە ـ ئەمەلىيەتتە ئۇ ھاياتلىقنىڭ ئەسلى ساھەسى ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىق ئىنسانلاردىن زور دەرىجىدە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى ئۇلار ـ اللەنىڭ ۋەھيى قىلىشى ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشى ئارقىلىق ـ ئەمەلىي ھايات رېئاللىقىدا ئاشۇ قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز دەۋرلىرىدىكى رېئال ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ يېتىپ بارىدىغان مىراسقا ئايلاندۇرىدۇ.

بىز زور ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىنسانىيەت تونۇپ چىققان بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسي پەيغەمبەرلەر الله تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن، ئىنسانلارنى ئىشىنىشكە دەۋەت قىلغان، ئۆز جىھادى ئارقىلىق يەر شارىدا ئۇنىڭ ھەقىقي مەۋجۇدلىقىنى مۇستەھكەملىگەن ئىلاھى ۋەھيىدۇر. شۇنداقلا، ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن بارلىق يامانلىقلارنىڭ سەۋەبى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىدىن يىراقلىشىش ۋە ئۇلارغا ئەگەشمەسلىكتۇر. بۈگۈنكىگە ئوخشاش ھەق بىلەن باتىل ئارىلىشىپ كەتكەندە، ھەرقانداق جاھىلىيەتتە يۈز بەرگىنىدەك ياخشىلىق يامانلىق بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. يەر شارىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق ياخشىلىقلار ـ ئۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـ نىڭ مەنبەسى پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەردۇر. شۇنداقلا، بارلىق يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى ئىنسانلاردۇر.

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر سۆزلەپ يۈرگەن ھەقىقەت، ئادالەت، ئەركىنلىك، قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك ... دېگەن سۆزلەرنىڭ

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەممىسى ئەسلىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىدىن ئېلىنغان. لېكىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەر دەۋرىدىكى ھالىتى بىلەن ھازىرقى ھالىتى ئارىسىدا مۇنداق پەرق بار: يەنى، بۇ سۆزلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدا ھەقىقىي رېئاللىققا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى شۇ بويىچە تەربىيىلەپ چىققان ۋە ئۇنى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ سۆزلەر بۈگۈنكى كۈندە ساختىپەز سىياسەتۋازلارنىڭ قوللىرىدا رېئاللىقتا ھېچقانداق تەسىرى يوق، كىشىلەرنى ئالدايدىغان شېرىن ـ شېكەر، چىرايلىق سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالدى.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق مەزگىللەر پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ئېغىزدا تەكرار سۆزلەپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىدىغان ئەمەس، بەلكى، ئەمەلىيەتتە ياشاشقا تېگىشلىك رېئاللىققا ئايلانغان مەزگىللەر ئىدى.

ئاشۇ دەۋرلەر ئەڭ يۈكسەك ۋە ھەقىقىي مەدەنىيەت دەۋرلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ساختا، جاھىلىيەت مەدەنىيىتى بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت دەۋرلىرىدە ياخشىلىق يامانلىق بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن يامانلىقنىڭ نىسبىتى كۆنسېرى ئېشىپ بارىدۇ ھەتتاكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى قاپلىۋالىدۇ ۋە ساقلىنىپ قالغان كىچىككىنە ياخشىلىقلارنىمۇ يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ ھەتتاكى بۈگۈنكى كۈندە يۈز بېرىۋاتقاندەك پۈتكۈل بىنا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر بىلەن قوشۇلۇپ ۋەيران بولىدۇ.

ئىنسانلار پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمىغىچە ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرىغا قايتىپ ئۇنى ھايات رېئاللىقىغا تەتبىقلىمىغۇچە بۈگۈنكى ھالاكەتتىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايدۇ:

﴿إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ھەقىقەتەن ئاللەنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر.»①

﴿وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الأِسْلامِ دِيناً فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾

«كىمكى ئىسلام (دىنى)دىن غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىزمۇ ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.»②

① سۈرە ئال ئىمران 19 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 85 ـ ئايەت.

## 9. تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى

تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كىشىلەرگە بىر دۆۋە قۇرۇق مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىش ۋە ئۇنى كىشىلەرنىڭ زېھنىدا تېخىمۇ مۇللاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا تەتبىقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلار بويىچە كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئىنسانىيەت كاللىسىدىكى بىر دۆۋە قۇرۇق مەلۇماتلار ئارقىلىق ۋە بۇ مەلۇماتلارنى ماشىنا، ئايروپىلان، دۇنياۋى ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ خىلمۇ ـ خىل ئامىللىرى ياكى ۋەيران قىلغۇچى بومبىلارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تەرەققىي قىلالمايدۇ.

ئىنسانىيەت ـ بىز «ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوينىغان رولى» دېگەن بابتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ رېئاللىقتا ھېچقانداق تەسىرى بولمىغان ئېغىزدا سۆزلەپ قويۇسلا بولىدىغان قۇرۇق سەپسەتىلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى، ئەمەلىيەتچانلىقىقا ئىگە بولغان ئىنساني قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلار ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. ئاشۇ قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى تەلىم ـ تەربىيە يولىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللەدىن قالسىلا تۇنجى ئۇستاز ۋە مۇكەممەل تەربىيىچى ھېسابلىنىدۇ:

﴿الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ، عَلَّمَ الأِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

«ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن

نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»[1]

ئۇستاز شاگىرتلىرىنى تەربىيىلىمەكچى بولغان بۈيۈك ئەخلاقتا ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشى، ئۇلارنى ئاشۇ بۈيۈك ئەخلاق بويىچە تەربىيىلەپ چىقىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارغا مەلۇماتلارنى ئاغزاكى ئۆگىتىپ قويۇش ۋە بىر خىل تەجرىبە بويىچە مەشقلەندۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىك كېرەك. چۈنكى، نوقۇل ئاشۇ مەلۇمات ۋە تەجرىبىلەر ھەقىقى ئىنسان ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ ۋە ئىنسانىيەتنى بىرەر ياخشى ئەمەلگە ئۈندىيەلمەيدۇ. ئىنسانىيەتنى ياخشى ئەمەللەرگە ئۈندەيدىغان نەرسە ئۇنىڭ ئالىي ئىنسانى قىممەت ـ قاراش ۋە پرىنسىپلارغا بولغان ئىمانىدۇر. زەمبىرەك يەنىلا بىر زەمبىرەكتۇر. بىراق ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ قولىدا يەر شارىدا ھەقنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ئىنسانلار ھاياتىدا ئىلاھىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلانغان بولسا، ئەكسىچە، كاپىرلارنىڭ قولىدا تاجاۋۇزچىلىق، زۇلۇم، زوراۋانلىق ۋە زېمىندا ناھەق بۇزغۇنچىلىق قىلىش (يەنى ناھەق قان تۆكۈش)نىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يۇقىرىقىغا ئوخشاش «ئىلمىي تەرەققىيات»نىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلەتكىلى بولغىنىدەك، شۇنداقلا، ئۇنى يامان ئىشلارغىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يۆنىلىشى ۋە غايىسىنى بەلگىلەيدىغىنى يەنىلا ئۇنى ئىشلەتكەن كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى قىممەت ـ قاراشلاردۇر.

شۇ سەۋەبتىن، تەلىم ـ تەربىيەنىڭ تۇنجى ۋەزىپىسى ـ بىر دۆۋە مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىش ۋە تېخنىكا ئىگىلەشتىن بۇرۇن ـ بۇ مەلۇمات ۋە تېخنىكىلارنى يامانلىققا ئەمەس ياخشىلىققا، ئىنسانلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئەمەس مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ياخشى قەلبنى مەيدانغا

---

[1] سۈرە ئەلەق: 4 ـ 5 ـ ئايەت.

كەلتۈرۈشتۇر.

بۇنداق قەلبىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. مانا بۇ، ئىنسانىيەت ـ الله ياراتقاندەك ـ «ئەڭ چىرايلىق شەكىل» بولغانغا قەدەر ئۇنى يۈكسەلدۈرىدىغان بىردىنبىر ئامىلدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر ـ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر ـ ئەڭ تاللانغان ۋە بۈيۈك ئەخلاقتا باشقىلارغا ئەڭ ياخشى ئۆلگە بولىدىغان كىشىلەردۇر. ئەگەر ئىنسانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئامانەتكە رىئايە قىلىش، راستچىللىق، دۇرۇسلۇق، ئادىللىق، اللهغا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە اللهدىن قورقۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان تاشقى ۋە ئىچكى پاكىزلىق قاتارلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ئۆگەنگەن بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزىدە ئەڭ ئېسىل ئەخلاقنى مۇجەسسەملىگەن ۋە بۇ ئەخلاق ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەڭ چوڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولاتتى. نەتىجىدە ئۇ، الله ئىرادە قىلغاندەك ياخشى ئىنسانغا ئايلانغان بولاتتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن اللهنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقان بولاتتى:

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً﴾

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.»①

① سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الأُمُورِ﴾

«(اللەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللەغا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللەغا قايتىدۇ).»[1]

﴿وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِنْ بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ﴾

«بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق.»[2]

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئېتىقاد، ئەمەل، ئىبادەت قائىدە ـ يۇسۇنلىرى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىبادەتنىڭ كەڭ، ئامىباپ دائىرىسى ۋە مەنىسى ئىچىدە اللەغا ئىبادەت قىلىدىغان ھەقىقىي ئىنسانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتۇر. ئىبادەتنىڭ كەڭ، ئامىباب دائىرىسىدە اللەغا ئىبادەت قىلىدىغان بۇ ئىنسان ئاۋات شەھەرلەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ، ئىلاھىي پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىلاھىي ئادالەتنى بەرپا قىلىدۇ، ھەقكە ياردەم بېرىدۇ، ئالىي ئۆلگىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش يولىدا جىھاد قىلىدۇ.

---

[1] سۈرە ھەج: 41 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا: 105 ـ ئايەت.

## 10 ـ ماتېرىيالىستىك ئاتېئىزىم خاھىشىنىڭ جىنايىتى

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ماتېرىيالىستىك ئاتېئىزىم خاھىشىنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايىتى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنى ئىلاھىي پرىنسىپقا ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ ھىدايىتىگە ئەگىشىشتىن مەھرۇم قالدۇردى:

﴿وَجَعَلُوا لِلَّهِ أَنْدَاداً لِيُضِلُّوا عَنْ سَبِيلِهِ قُلْ تَمَتَّعُوا فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ إِلَى النَّارِ﴾

«ئۇلار (كىشىلەرنى) اللەنىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) ئازدۇرۇش ئۈچۈن، اللەغا نۇرغۇن بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالدى. ئۇلارغا: ”(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولدۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر“ دېگىن.»[①]

ئەنە شۇ ماتېرىيالىستىك ئاتېئىزم ئىنسانلار بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىدى:

﴿وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾

«اللەغا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، اللەنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ.»[②]

ئۇ كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى اللەنىڭ ۋەھيىسىگە قۇلاق سېلىشتىن توسۇپ، بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى بىر پۈتۈن

---

① سۈرە ئىبراھىم: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە رەئد: 25 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە ئازغۇنلۇقتا چوڭقۇرلاپ ھەتتا اللەنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى:

﴿سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَإِنْ يَرَوْا كُلَّ آيَةٍ لا يُؤْمِنُوا بِهَا وَإِنْ يَرَوْا سَبِيلَ الرُّشْدِ لا يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً وَإِنْ يَرَوْا سَبِيلَ الْغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلاً ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا وَكَانُوا عَنْهَا غَافِلِينَ﴾

«يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى.»[1]

ئۇلار يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلدى ۋە اللەغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتتى:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَانٍ أَتَاهُمْ إِنْ فِي صُدُورِهِمْ إِلا كِبْرٌ مَا هُمْ بِبَالِغِيهِ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾

«شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (اللە تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلارنىڭ كۆكرەكلىرىدە پەقەت كىبىرى بار، ئۇلار (اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت) مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، اللەغا سىغىنىپ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن)، ھەقىقەتەن اللە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»[2]

ئەنە شۇنداق ئۆزىنىڭ باتىل سەپسەتىلىرى بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە اللەنىڭ ھىدايىتىدىن يىراقلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى؟

بۇنىڭ نەتىجىسىدە، شەيتان اللەنىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان

---

① سۈرە ئەئراف: 146 ـ ئايەت.
② سۈرە غافىر: 56 ـ ئايەت.

يەر يۈزىدىكى ئىلاھقا ئايلىنىپ قالدى.

ماتېرىيالىستىك ئاتېئىزمنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى كىشىلەرگە «ئەگەر ئىنسانلار اللهغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتسا، ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولالايدۇ ۋە ئىلاھقا ئايلىنالايدۇ» ـ اللهدىن مەغپىرەت تىلەيمىز ـ دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرۈۋەتتى. ئەمەلىيەتتە قانداق بولدى؟

ئىنسانلار مەيلى غەربتىكى كاپىتالىزم تاغۇتلىرى بولسۇن ياكى شەرقتە قەد كۆتۈرگەن سوتسىيالىزم تاغۇتلىرى بولسۇن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تاغۇتلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئىنسانلار مېخانىكىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدى. مېخانىكا ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈردىغان، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە تۇيغۇلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئىلاھقا ئايلاندى.

ئىنسانلار شەھۋەتنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار شەھۋەتنى ئەمەس ئەكسىچە شەھۋەت ئۇلارنى بويسۇندۇرىۋالدى. خىلمۇ ـ خىل شەھۋەت ئارزۇلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلدى. مەيلى جىنسىي تەلەپ، ھاراق ـ شاراپ، مال ـ دۇنيا ۋە ھوقۇق شەھۋىتى بولسۇن ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار ـ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ شەيتاننىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇنداقتا، ئىنسانلار ئۆزىنى اللهغا قۇلچىلىق قىلىشتىن تارتقاندا ئېرىشكەن ئىززەت ـ ھۆرمەتلىرى قېنى؟

ئەمەلىيەتتە، اللهغا قۇلچىلىق قىلىش ئىنساننى ھەقىقى ھۆرمەتكە، ئىززەت ـ ئابرۇيغا، ئىنسانى يۈكسەكلىككە ۋە ھۆرلۈككە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىنساننى «ئىنسانى ھۆرمەت» بىلەن بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتقان بۈيۈك اللهغا بولغان قۇللۇقتۇر:

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تَفْضِيلاً﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلۇغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.»[1]

الله ئۆزىگە قىلىنىدىغان قۇللۇقنىڭ شەرتى بەدىلىگە مۇئمىنلەرگە ھەقىقى ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئاتا قىلدى:

﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾

«غەلىبە اللهغا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ.»[2]

الله مۇئمىنلەرگە ئۆز ئىمانى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئىمانى ئۈستۈنلۈكنى بەردى:

﴿وَلا تَهِنُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾

«(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.»[3]

الله ئۇلارنى ـ ئۇلار اللهغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ۋە اللهغىلا قۇللۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ـ زېمىندىكى ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ، كۈچ ـ قۇۋۋەت، يۈز ـ ئابرۇي ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قۇللىقىدىن ئازاد قىلدى.

ئۇلارنىڭ اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلىشۋاتقان ئاتالمىش «يېڭى ئىلاھلىرى» ئۇلارغا نېمىلەرنى ئاتا قىلدى؟

ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «يېڭى ئىلاھلىرى» ئۇلارنى تاغۇتلارغا بويسۇندۇرۇپ، شەھۋەتلەرگە قۇل قىلىپ بەردى.

---

① سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.
② سۈرە مۇنافىقۇن: 8 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئال ئىمران: 139 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنسانىنىڭ ئورنى ئۆزى ئىبادەت قىلىشقا ئىلاھقا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

يەنى، ئىنسان ھەقىقى اللەغا ئىبادەت قىلغان ۋاقىتتا ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە بولىدۇ. ئەكسىچە اللەنى قويۇپ باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلغاندا خورلۇق ۋە بىچارىلىكنىڭ پاتقاقلىرىغا چوڭقۇر پېتىپ قالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلار پەيغەمبەرلىك يېتەكلەۋاتقان ئىلاھى پىرىنسىپتىن يىراقلىشىپ كەتكەندە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدى؟

ئۇلارنىڭ ئەخلاقى قانداق بولۇپ كەتتى؟ ئۇلارنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىچۇ؟

ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈشى، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن شەخسىيەتچىلىك، چەكتىن ئاشقان ئۆزۈمچىلىك خاھىشى، ئۇلارنى ـ مەيلى شەخس ھالىتىدە، مەيلى مىللەت ھالىتىدە، مەيلى دۆلەت ھالىتىدە ۋە ياكى باشقا ئومۇمى گەۋدە ھالىتىدە بولسۇن ـ ماددى مەنپەئەتنىڭ كونترول قىلىۋېلىشى ... قاتارلىقلار يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ. گەرچە ئۇلار ماددى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش يولىدا ھەر قانداق قىممەت ـ قاراش، پىرىنسىپ ۋە ئەخلاققا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشىمۇ بۇنىڭدىن قىلچە ئىچى سىقىلمايدۇ. (ھازىرقى زاماندىكى ئەخلاقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئىرقى ئايرىمىچىلىق مەسىلىسى شۇنداقلا پەلەستىن مەسىلىسىگە قاراپ بېقىڭ!) يۈز ـ ئابرۇي تۆكۈلىدىغان، نەسەپلەر ئارىلىشىپ كېتىدىغان، قەلبلەردىكى ئادەمگەرچىلىك يوقىلىدىغان، ئادەم ۋەھشىي ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدىغان «جىنسىي ئەركىنلىك» مەسىلىسىدىكى چۈشكۈنلۈك ۋە پاراكەندىچىلىك قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭغا يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئۇلاردىكى روھىي قالايمىقانچىلىقلار، نېرۋىسىدىن ئادىشىش، ساراڭلىق، بىئاراملىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە بېرىلىپ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش قاتارلىقلار يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ.

جىنايەتنىڭ تارقىلىش نىسبىتى بۇنىڭ يەنە بىر ئىسپاتىدۇر. چۈنكى، جىنايەتنىڭ نىسبىتى كۆنسېرى ئېشىپ، كىشىلەرنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپ، مۇقىملىقنى ھېس قىلىش ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ قالدى.

دېموكراتىيە، سوتسىيالىزم، ئەدلىيە، ئەركىنلىك، قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ... دېگەندەك يالتىراق ناملار ئاستىدا كۆپلىگەن يەر شارى ئاھالىسىگە چۈشۈۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇملارمۇ بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

ئاخىرىدا، يەر شارىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى قاپلاپ كەتكەن ئاچارچىلىق كۆرۈنۈشلىرى، پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلاپ كەتكەن ئۇرۇش ۋە ۋەيرانچىلىق كۆرۈنۈشلىرىمۇ بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.

مانا بۇلار ئىنسانلارنىڭ اللەنىڭ پىرىنسىپىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ، اللە تەرەپىتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىدايىتىن يىراقلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مانا بۇلار ماتېرىيالىستىك ئاتېئىزم خاھىشىنىڭ ئىنسانلار بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويغان ۋاقىتتىكى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىي ھىدايەت تەرىپكە بولغان يولغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇلارنى ھەقىقى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ھىدايىتى بىلەن توغرا يول تېپىشتىن توسۇپ قويغان ۋاقىتتىكى كىشىلەر ئۇستىدىكى جىنايەتلىرىدۇر. ئىنسانلارنى توغرا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبەرلەر مەنپەئەتلىك ئىلىملەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىلىملەرنى كىشىلەرگە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۆگىتىدۇ ۋە بۇ ئىلىملەرنى بۇ دۇنيادىكى ئەمەلىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ئاخىرەتتە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈپ، دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھەقىقى ئىسلاھات ۋە ھەقىقى نىجادلىق يولىغا ئىشلىتىدۇ.

## 11. پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى

**1 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى:**

الله تەرەپتىن كىشىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئەۋەتىلگەن قەۋملەرنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيتتى.

بۇنىڭدا اللەنىڭ چوڭقۇر ھېكمىتى بار بولۇپ، بۇ ھېكمەت پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن ئاشۇ جاھىلىيەت خەلقىگە نىسبەتەن مەخپىي بولسىمۇ بىراق ئۇ، ئىشلارنى چوڭقۇر پاراسەت بىلەن ئويلايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مەخپىي ئەمەس.

پۈتكۈل جاھىلىيەت خەلقى ئىشلارنى تەستىقلاش، ئېتىراپ قىلىش مەيدانىدا ئەمەس بەلكى، ئىنكار قىلىش مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ھېكمىتى ئۇلارغا نىسبەتەن ئېنىق بولماي قالغان.

ئۇلار دەسلەپتە ۋەھيىنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش دەپ قاراش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ خاتا تەسەۋۋۇرلىرىنى مۇشۇ خىل ئىدىيە ئۈستىگە قۇرۇپ چىقاتتى. ئۇلار: «اللەنىڭ بىرەر ئىش توغرۇلۇق ئىنسانلار ئىچىدىن بىرەر كىشىگە ۋەھيى قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دېيىشەتتى. ئۇلار اللەنىڭ قۇدرىتىنى ناھايىتى چەكلىك، كەمتۈك شەكىلدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى:

﴿وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ إِذْ قَالُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ عَلَى بَشَرٍ مِنْ شَيْءٍ﴾

«ئۇلار اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)

ئۆز ۋاقتىدا: ”اللە ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى“ دېدى (يەنى ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى).»[①]

شۇنىڭدەك، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارىنىمۇ ناھايىتى چەكلىك تەسەۋۋۇر قىلىپ: «ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىلا بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ۋەھيىنى ئەمەلىيەتتە قوبۇل قىلىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئۇلارنىڭ ۋەھيى قوبۇل قىلىشىنى ئويلاپمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلار بارلىق كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە قىياس قىلىپ: «ھەرقانداق بىر كىشىگە ۋەھيىنىڭ نازىل قىلىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دېيىشەتتى:

﴿وَمَا مَنَعَ النَّاسَ أَنْ يُؤْمِنُوا إِذْ جَاءَهُمُ الْهُدَى إِلا أَنْ قَالُوا أَبَعَثَ اللَّهُ بَشَراً رَسُولاً﴾

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى ”اللە ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟“ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر.»[②]

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا خاتا تەسەۋۋۇرلىرىنىمۇ مۇشۇنداق ئىدىيىلەر ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە: «ئەگەر اللە ۋەھيي نازىل قىلىشتەك مۇشۇنداق ئادەتتىن ھالقىغان مۆجىزىلىك بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىداقتا ۋەھيىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلار ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان مۆجىزىۋى شەكىلدە بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، ئىنسانلاردىن بىرەر كىشىگە ۋەھيىنىڭ نازىل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئىنساني مەۋجۇدىيەت ئادەتتىكى نەرسە بولۇپ، بۇنداق ئادەتتىكى نەرسە ۋەھيىگە ئوخشاش ئادەتتىن ھالقىغان، مۆجىزىۋى نەرسىگە ماس كەلمەيدۇ. بەلكى، ۋەھيىگە ـ ئۇلارنىڭ خىيالىچە بولغاندا ـ

---

① سۈرە ئەنئام: 91 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىسرا: 94 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئاسماندىن ۋەھيى نازىل قىلىنىدىغان پەرىشتىنىڭ چۈشۈشى ياكى ۋەھيى نازىل قىلىنىدىغان پەيغەمبەر بىلەن بىرگە (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) پەرىشتىنىڭ چۈشۈشىدەك يەنە بىر ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزە ماس كېلىدۇ:

﴿فَقَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ قَوْمِهِ مَا هَذَا إِلا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُرِيدُ أَنْ يَتَفَضَّلَ عَلَيْكُمْ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لأَنْزَلَ مَلائِكَةً مَا سَمِعْنَا بِهَذَا فِي آبَائِنَا الأَوَّلِينَ﴾

«ئۇنىڭ (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ) قەۋمىدىكى ئىمانسىز كاتتىلار ئېيتتى: ”بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر الله (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتى، بۇنداق سۆزنى بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز“.»[1]

﴿وَقَالُوْا لَوْلا أُنْزِلَ عَلَيْه مَلَكٌ﴾

«ئۇلار: ”ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟“ دەيدۇ.»[2]

﴿وَقَالُوا مَالِ هَذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الأَسْوَاقِ لَوْلا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُ نَذِيراً﴾

«مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: ”بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى؟»[3]

اللەنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارى ھەققىدىكى

---

① سۈرە مۇئمىنۇن: 24 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنئام: 8 ـ ئايەت.
③ سۈرە فۇرقان: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

جاھىلىيەتنىڭ ئازغۇن تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق بىز ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن ‹اللەنىڭ پەرىشتىلەرنى ئەمەس بەلكى ئىنسانلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشىدىكى ھېكمىتى› دىن بىخەۋەر قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر ئۇلار اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان بولسا ۋە اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تار دائىرىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىغا ئوخشاش چەكلىك قۇدرەت ئەمەس، بەلكى چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا:

﴿إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»①

ئەگەر ئۇلار ئىنسانىيەت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىلا ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى بەلكى ئەسلەش، تەپەككۇر قىلىش دېگەندەك ئىنسانىيەت روھىيىتىنىڭ مەلۇم بىر قىسىم تەرەپلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەنگە نىسبەتەن ھېلىھەم نائېنىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىڭ كۆڭۈلگە كېچىشى دېگەندەك يەنە نۇرغۇن نائېنىق تەرەپلەرمۇ بار بولۇپ ئىنساننىڭ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئەسلا ئەقلى يەتمەيدىغانلىقىنى، اللەنىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن مەلۇم شەخسلەرنى تاللاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەسلى ئىنسانى چەك ـ چېگرادىن ھالقىتىۋەتمەستىن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىچە ئامىللار ئارقىلىق ۋەھيى قوبۇل قىلالايدىغان قابىلىيەتنى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ... بىلگەن بولسا، ئەگەر ئۇلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگەن بولسا،

---

① سۈرە نۇر: 45 ـ ئايەت.

ئۆزلىرىگە ئۆز ئىچىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ كەلگىنىدىن ھەيران قالمىغان ۋە بۇ خىل شەكىلدە قاتتىق ئىنكار قىلىپ «اللە ئىنسانىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېيىشمىگەن ۋە «ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟» دېگەندەك بۇنداق بىمەنە تەلەپنى قويمىغان بولاتتى.

ئۇلار بۇنداق بىمەنە تەلەپنى ئوتتۇرغا قويۇۋاتقاندا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئىشلاردىن غەپلەتتە قالغان:

(1) پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا ئوخشاش زېمىندا مېڭىپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار زېمىندا ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن يارىتىلمىغان:

﴿وَمَا مَنَعَ النَّاسَ أَنْ يُؤْمِنُوا إِذْ جَاءَهُمُ الْهُدَى إِلا أَنْ قَالُوا أَبَعَثَ اللَّهُ بَشَراً رَسُولاً، قُلْ لَوْ كَانَ فِي الأَرْضِ مَلائِكَةٌ يَمْشُونَ مُطْمَئِنِّينَ لَنَزَّلْنَا عَلَيْهِمْ مِنَ السَّمَاءِ مَلَكاً رَسُولاً﴾

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى "اللە ئىنسانىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟" دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق".»[①]

(2) ئەگەر پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشۈشكە توغرا كەلسە ئادەم سۈرىتىگە كىرىشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئۇنىڭ پەرىشتىلىك سالاھىيىتىنى بىلەلمەيدۇ ۋە پەرىشتە بىلەن باشقا كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ:

﴿وَلَوْ جَعَلْنَاهُ مَلَكاً لَجَعَلْنَاهُ رَجُلاً وَلَلَبَسْنَا عَلَيْهِمْ مَا يَلْبِسُونَ﴾

«بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى

① سۈرە ئىسرا: 94 ـ 95 ـ ئايەت.

ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى يەنە شۇبھىگە چۈشۈرەتتۇق (يەنى ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەندە: "بۇ ئىنسان، ئەمما پەرىشتە ئەمەس" دەيتتى).»①

(3) اللهنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ھەرقانداق جاھىلىيەت ئۆز پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغاندا ۋە ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۇنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرغان ۋاقىتتا، الله بۇ كاپىرلارنى دەرھال ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت كەسكىن بۇيرۇقى بىلەن پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ:

﴿وَقَالُوا لَوْلا أُنْزِلَ عَلَيْهِ مَلَكٌ وَلَوْ أَنْزَلْنَا مَلَكاً لَقُضِيَ الأَمْرُ ثُمَّ لا يُنْظَرُونَ﴾

«ئۇلار: "ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟" دەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى (يەنى بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا، ھالاك قىلىناتتى)، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيتتى.»②

﴿يَوْمَ يَرَوْنَ الْمَلائِكَةَ لا بُشْرَى يَوْمَئِذٍ لِلْمُجْرِمِينَ وَيَقُولُونَ حِجْراً مَحْجُوراً﴾

«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: "(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر" دەيدۇ.»③

(4) كىشىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان پەيغەمبەرنى ئىنساندىن قىلماي پەرىشتىدىن قىلىش اللهنىڭ ھېكمىتىگە تامامەن قارشى. چۈنكى،

---

① سۈرە ئەنئام: 9 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنئام: 8 ـ ئايەت.
③ سۈرە فۇرقان: 22 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پەيغەمبەر كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا كەلمىگەن. يەنى، اللە تەرىپتىن كەلگەن مۇئەييەن بۇيرۇقنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇپلا كېتىش ئۈچۈن كەلگەن بولماستىن بەلكى، كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرۇش ئارقىلىق ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى ھەقىقەت ئۈستىدە تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۈلگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئىش ـ ئىزلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولىدۇ:

﴿لِيَكُونَ الرَّسُولُ شَهِيداً عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ﴾

«پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى).»[1]

ئەگەر پەيغەمبەر ئىنساندىن بولماي پەرىشتىدىن بولسا بۇ ئۈلگە قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن؟ بۇ چاغدا كىشىلەر: «بۇ دېگەن پەرىشتە، بىز بولساق ئىنسان. بىزنىڭ تېنىمىز، كۆڭۈل ـ خاھىشىمىز ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىمىز بار» دېيىشمەسمۇ؟ ئۇلار ئەلۋەتتە شۇنداق دېيىشىدۇ ۋە «بۇ بۇيرۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ۋە ئۇلارغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلاركەن، بەلكى ئۇ زېمىندا ئولتۇراقلاشمايدىغان، قىزىقىش ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدىغان زېمىننىڭ مال ـ دۇنيالىرىغا قىزىقمايدىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئىشىكەن» دېگەننى باھانە قىلىپ پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. ئۇلار يەنە : «اللە قانداقسىگە بىزگە پەرىشتە ئەۋەتىپ يەنە بىزدىن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىدىغاندۇ؟ نېمىشقا بىزگە ھېس قىلغاننى ھېس

---

① سۈرە ھەج: 78 ـ ئايەت.

قىلىدىغان، بىر ئويلىغانىدەك ئويلايدىغان، بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى چۈشىنىدىغان ۋە بىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئۆزىمىزگە ئوخشاش بىر ئىنساننى پەرىشتە قىلىپ ئەۋەتمەيدۇ؟» دېيىشىدۇ.

مانا بۇ پەيغەمبەرنى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان ئىنسانلار ئىچىدىن ئەۋەتىشنىڭ ئەڭ چوڭ ھېكمىتىدۇر. بۇنداق بولغاندا ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدە ئۈلگە قىلىدىغان پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تۇر جەھەتتىن ئوخشىماسلىق كېلىپ چىقمايدۇ. ئۈلگە كىشىلەرگە بەدەن تۈزۈلۈشى، تەلەپ ـ ئېھتىياجى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ ـ جاي ... قاتارلىق ئىنسانى ئېھتىياجلىرى ئۆزلىرىگە تامامەن ئوخشاش بىر ئادەمدە ئەكس ئېتىدۇ.

اللە پەيغەمبەرلەرنى ـ كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش مەقسىتىدە تاللىغانلىقى ئۈچۈن ـ بۇ بۈيۈك ۋەزىپىگە لايىق كېلىدىغان رەۋىشتە تەربىيىلەپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارغا ۋەھيى نازىل قىلىنىدۇ. ئۇلار ۋەھيىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق اللە بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ھەقىقەتنىڭ ئۇقۇمى شۇ قەدەر چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇكى، بۇ ئۇقۇملار ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ھەرگىزمۇ بۇنداق چوڭقۇرلاشمايدۇ.

شۇنداق! اللە بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە خاس قىلغان بولۇپ، باشقا كىشىلەرنى بۇ دەرىجىگە يېتىپ بېرىشقا تەكلىپ تەكلىپ قىلغىنى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە يېتەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئىنسانى سۈپەت جەھەتتە ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەردىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پەرقلەنمەيدۇ:

﴿قُلْ سُبْحَانَ رَبِّي هَلْ كُنْتُ إِلا بَشَراً رَسُولاً﴾

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ”اللە پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن“.»[1]

﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَمَنْ كَانَ يَرْجُوا لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلاً صَالِحاً وَلا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَداً﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن“.»[2]

شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ يورۇش-تۇرۇش ۋە گەپ-سۆزلىرىدە گەۋدىلەنگەن ئىشلار ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە تەۋە بولمىغان ئىشلار بولماستىن بەلكى اللە ئۆز بەندىلىرىدىن تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشلاردۇر.

﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَاسْمَعُوا وَأَطِيعُوا﴾

«تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزىنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار.»[3]

﴿لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْساً إِلا وُسْعَهَا﴾

«اللە ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.»[4]

يەنى، اللە ئىنسانىنى تەكلىپ قىلغان بارلىق تەكلىپ ۋە

---

① سۈرە ئىسرا: 93 ـ ئايەت.
② سۈرە كەھف: 110 ـ ئايەت.
③ سۈرە تەغابۇن: 16 ـ ئايەت.
④ سۈرە بەقەرە: 286 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مەجبۇرىيەتلەر ئۇلارنىڭ تاقىتى يېتىدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى، اللە ئىنساننىڭ تاقىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

پەيغەمبەرلەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتىشنىڭ ھېكمىتىگە كەلسەك، بۇ ناھايىتى ئېنىق بولۇپ بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ﴾

«قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۇز قەۋمىگە (اللەنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق.»①

**2 ـ ئۇلارنىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقلاردىن پاكلىقى:**

پەيغەمبەرلەر ۋەھيى يەتكۈزۈشتە پاك بولۇپ، ئۇلار اللە تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتە ۋە بۇ ۋەھيىنى ئىجرا قىلىشتا قىلچىلىك خاتالىق سادىر قىلمايدۇ. چۈنكى اللە ئۇلارنى يا ئۇنداق يا مۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

1. ئەگەر پەيغەمبەرلەر اللە تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە خاتالىق سادىر قىلسا ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەتنىڭ بىرى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىرى، پەيغەمبەر خاتالىقلىرىنى تۈزەتكەنگە قەدەر ۋەھيى توختاپ قالىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، اللە كىشىلەرگە مۇئەييەن بىر ئىشنى يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان، ئاندىن كېيىن ئۆزىدىن بۇ

---

① سۈرە ئىبراھىم: 4ـ ئايەت.

ئىشنىڭ ئەكسىنىڭ يەتكۈزۈلىشىگە رازى بولغان... دېگەنلىكتۇر. بۇ اللە تەبارەك ۋەتەئالانىڭ ھەققىگە لايىق كەلمەيدىغان ئىشتۇر.

يەنە بىرى بولسا، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ ۋەھيى چۈشىدۇ. پەيغەمبەر كىشىلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ «اللە مېنى سىلەرگە مۇنداق مۇنداق ئىشلارنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغانىدى، لېكىن مەن يەتكۈزۈشتە خاتالىشىپتىمەن. مانا ئەمدى سىلەر توغرا يەتكۈزۈشنى قوبۇل قىلىڭلار» دەيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىشىلەر «ئېھتىمال پەيغەمبەر ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە يەنە خاتالاشقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن تۈيغۇ بىلەن پەيغەمبەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرەپتىن يەتكۈزگەن ۋەھيىسىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇنداق ئىككى خىل ئىشنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ۋەھيىنىڭ ھەقىقىتىگە ۋە اللەنىڭ كالامىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۇلۇغلىقىغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا قارشى كېلىدۇ:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ﴾

«بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق اللەغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ).»①

2. ئەگەر پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەھيىنى ئىجرا قىلىشتا خاتالىق سادىر قىلسا ئىشلار ئوخشاشلا قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۈلگە غايىب بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىدىغان ئەگەشكۈچىلەرنىڭ روھىيىتىدە ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار قايسى يولدا مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،

① سۈرە نىسا: 64 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلاردىن ئىشلارغا جىددى قارايدىغان تۈيغۇلار يوقىلىدۇ. ھەرقانداق بىر مۇئمىنگە پەرز قىلىنغان ئىش شۇكى، ئۇلار ھەرقانداق ئىشنىڭ توغرا تەرىپىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ يېتىشىچە اللە نازىل قىلغان ۋەھيىگە ئەگىشىشى كېرەك. ئەگەر كۆز ئالدىدىكى ئۈلگە (يەنى پەيغەمبەر) ئىجرا قىلىشتا خاتالاشقان بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ ناھايىتى تېزلا خاتالىقنى تۈزىتىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك. مۇئمىنگە چوقۇم ھەرقانداق ئىشنىڭ توغرىسىنى تېپىپ قىلىش كەسكىن پەرز ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ۋەھيى ئارقىلىق كۈچەيتىلگەن پەيغەمبەر ئەمەس. (ئۇلارغا مۇشۇنداق يۈكىرى تەلەپ قويۇلغان) چاغدا ئىشلار ھەل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى اللەنىڭ بۇ دىن (يەنى ئىسلام دىنى) ئۈچۈن ئىرادە قىلغان ئۇلۇغلىقى دىنغا مەنسۇپ بولماي قالىدۇ.

توغرا! بەزىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەخسى ئىشلىرىدا ـ ۋەھيىگە ئالاقىدار بولمىغان ئىشلىرىدا ـ ياكى ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىجتىھاد مەسىلىلىرىدە اللەنىڭ تۈزىتىشىگە ۋە ئۆزگەرتىشىگە مۇھتاج بولغان بىر قىسىم ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: اللەنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى بىر دەۋاگەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي تۇرۇپ بىرىنچى دەۋاگەر ئۈچۈن ھۆكۈم قىلغان ۋاقتىدىكى ۋەقەلىكىگە ئوخشاش:

﴿وَهَلْ أَتَاكَ نَبَأُ الْخَصْمِ إِذْ تَسَوَّرُوا الْمِحْرَابَ، إِذْ دَخَلُوا عَلَى دَاوُودَ فَفَزِعَ مِنْهُمْ قَالُوا لا تَخَفْ خَصْمَانِ بَغَى بَعْضُنَا عَلَى بَعْضٍ فَاحْكُم بَيْنَنَا بِالْحَقِّ وَلا تُشْطِطْ وَاهْدِنَا إِلَى سَوَاءِ الصِّرَاطِ، إِنَّ هَذَا أَخِي لَهُ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ نَعْجَةً وَلِيَ نَعْجَةٌ وَاحِدَةٌ فَقَالَ أَكْفِلْنِيهَا وَعَزَّنِي فِي الْخِطَابِ، قَالَ لَقَدْ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعْجَتِكَ إِلَى نِعَاجِهِ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنْ الْخُلَطَاءِ لَيَبْغِي بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ إِلا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَقَلِيلٌ مَّا هُمْ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (داۋۇد ئىبادەت قىلىۋاتقان) مەسجىدنىڭ تېمىدىن

ئارتىلىپ چۈشۈشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار داۋۇدنىڭ يېنىغا كىردى. داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار (داۋۇدقا): ”قورقمىغىن، بىز بىرىمىز ـ بىرىمىزگە چېقىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن“ دېدى. (ئۇلارنىڭ بىرى) ”شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ 99 ساغلىقى بار، مېنىڭ بىر ساغلىقىم بار، قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقنىمۇ ماڭا بەرگىن دەيدۇ، (ئارىمىزدا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە بولۇپ) ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويدى“ دېدى. داۋۇد ئېيتتى: ”ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر (يەنى دوستلار)، شۈبھىسىزكى، بىر ـ بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر ـ بىرىگە چېقىلمايدۇ) بۇلار ئازدۇر“.»①

شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا قاراپ تەرىنى تۈرگەن ۋەقەلىكىگە ئوخشاش. بۇ ھەقتە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿عَبَسَ وَتَوَلَّى﴾ سۈرىسى ئەما ساھابە ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە نازىل بولغان. ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى، مېنى توغرا يولغا باشلاپ قويسىلا» دېيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا مۇشرىكلەرنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىر كىشى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمدىن يۈزىنى ئۆرۈپ ھېلىقى ئادەم تەرەپكە قاراپ ئۇنىڭغا: «سەن مېنىڭ سۆزلىرىمدىن بىرەر تەسلىكنى ھېس قىلدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم :

① سۈرە ساد: 21 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

«ياق» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا اللە تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى:

﴿عَبَسَ وَتَوَلَّى أَنْ جَاءَهُ الأَعْمَى، وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّهُ يَزَّكَّى، أَوْ يَذَّكَّرُ فَتَنْفَعَهُ الذِّكْرَى، أَمَّا مَنِ اسْتَغْنَى فَأَنْتَ لَهُ تَصَدَّى، وَمَا عَلَيْكَ أَلا يَزَّكَّى، وَأَمَّا مَنْ جَاءَكَ يَسْعَى وَهُوَ يَخْشَى، فَأَنْتَ عَنْهُ تَلَهَّى﴾

«يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن. ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن). ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى. سەندىن مەرىپەت تىلەپ، اللەدىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن.»[①]

شۇنداقلا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدىكى ئەسىرلەر توغرىسىدىكى ئىجتىھادىغا ئوخشاش. چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇتتۇرىغا قويغان ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش پىكرىگە قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەندە ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوللاپ ۋەھيى چۈشكەن. ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدىكى ئۇ مۇنداق دېگەن: بەدرى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سېلىپ: «بۇ ئەسىرلەر ھەققىدە قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» دېدى. ئەبۇ بەكرى مەسلىھەت بېرىپ: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار سېنىڭ قەۋمىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ. شۇڭا ئۇلارنى ھايات قالدۇرۇپ ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن. بەلكى اللە

---

① سۈرە ئەبەسە: 1 ـ 11 ـ ئايەتلەر

ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىشى مۇمكىن» دېدى. بۇ چاغدا ئۆمەر: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار سېنى يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا قىلىچ ئۇرغىن (يەنى ئۇلارنى ئۆلتۈرگىن)» دېدى. ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە بولسا: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنى ئوتۇن ۋە يېقىلغۇلىرى كۆپ بولغان جىلغا ئىچىگە سولاپ ئوت قويۇۋەتكىن» دېدى. بۇ چاغدا ئابباس (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەتۈر قاراپ): «سەن بىزدىن ئۇرۇق-تۇغانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزدۈڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ ئۇلارغا ھېچنەرسە دېمىدى. بۇ چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر: «ئېھتىمال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن» دېيىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا: «ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل مۇمكىن» دېيىشتى ۋە يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا: «ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن» دېيىشتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ: «اللە بۇ ئەسىرلەرگە نىسبەتەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى ناھايىتى مۇلايىم قىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قەلبى پىشلاقتەك مۇلايىم. االله يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى ناھايىتى قاتتىق قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئەسىرلەرگە نىسبەتەن تاشتىنمۇ قاتتىق. ئى ئەبۇ بەكرى، سەن مۇلايىملىقتا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايسەن. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ﴿مَنْ تَبِعَنِي فَإِنَّهُ مِنِّي، وَمَنْ عَصَانِي فَإِنَّكَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن)» دەپ دۇئا قىلغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بولسا: ﴿إِنْ تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ، وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ «ئى پەرۋەردىگارىم، ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىماقچى بولساڭ،

ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭ. ئەگەر ئۇلارنى كەچۈرىۋەتسەڭ، شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن غالىپ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېگەن. ئى ئۆمەر، سەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايسەن. چۈنكى نۇھ ئەلەيھىسسالام: ﴿رَبِّ لاَ تَذَرْ عَلَى الأَرْضِ مِنَ الْكَافِرِينَ دَيَّارًا﴾ «ئى پەرۋەردىگارىم، يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن» دەپ دۇئا قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا: ﴿اشْدُدْ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَلاَ يُؤْمِنُوا حَتَّى يَرَوُا الْعَذَابَ الأَلِيمَ﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن» دەپ دۇئا قىلغان. سىلەر ھازىر بەك يوقسۇل. شۇڭا، ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىنمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىسۇن. ئەگەر فىدىيەنى رەت قىلغۇچىلار بولسا بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇلسۇن دېدى. ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ، مەن: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى، سۇھەيل ئىبنى بەيزانى قويۇۋەتسەڭ. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئىسلامنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم» دېسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىمىپلا كەتتى. ئابدۇللا شۇنداق دەيدۇ: مەن شۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سۇھەيل ئىبنى بەيزا قويۇپ بېرىلسۇن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۈستۈمگە ئاسماندىن چوڭ بىر قورام تاش چۈشۈشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم. بۇ چاغدا اللە تەئالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الأَرْضِ تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللَّهُ يُرِيدُ الآخِرَةَ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ، لَوْلا كِتَابٌ مِنَ اللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

«پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، اللە سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. اللە غالىبتۇر،

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللهنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.»[①]

بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىغا داغ تەگكۈزەلمەيلا قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلار شەخسىي ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئىجتىھادلاردا خاتالىق سادىر قىلىپ سالىدىغان ئىنساندۇر. لېكىن ئۇلار ۋەھيىگە ئالاقىدار ئىشلاردا يەنى ۋەھيىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ... دېگەندەك ئىشلاردا خاتالىقلاردىن پاكتۇر. مانا بۇ خۇسۇسىيەت (يەنى ئۇلارنىڭ پاكلىقى) ئۇلارنى باشقىلارغا ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن باشقا كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر مەخلۇقاتلارغا ئايلىنىپ قالغان بولسا، ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار بۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە يۈز بەرمىسە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش تولىمۇ قىيىن بولغان بولاتتى ۋە كىشىلەر كۆڭۈللىرىدە: «بۇ پەيغەمبەرلەر ھېچقانداق ئىشتا بىزگە ئوخشىمايدىغان تۇرسا، ئۇلارغا قانداقمۇ ئەگەشكىلى بولسۇن؟» دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ۋەھيى ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەھيىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئېلىپ بارغان ئىش ـ ھەرىكىتى ـ ئۆزى مۇستەقىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان ئىش بولۇپ، ئۇ خاتالىقلارغا دۇچ كەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالدىنىمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يېقىنلىشالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي بويسۇنۇش ۋاجىپتۇر:

---

[①] سۈرە ئەنفال: 67 ـ 68 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى، مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى، وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى، إِنْ هُوَ إِلا وَحْيٌ يُوحَى﴾

«ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»[1]

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ﴾

«بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق اللەغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ).[2]»

---

[1] سۈرە نەجم: 1 ـ 4 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە نىسا: 64 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

## 3. ئۆلىمالارنىڭ ئۈلگە قىلىنىش دائىرىسى:

ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئۈلگە ۋە نەمۇنە قىلىشقا يارايدىغان پەزىلەتلىك ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەر ئىچىدىن تاللاپ چىقتى. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ داھىيسى، ئۇلارنىڭ ئۇستازى، تەربىيىلىگۈچىسى ۋە ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان قوماندانىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرى دەۋەت قىلىۋاتقان بارلىق ئېسىل ئەخلاقلاردا كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىن يەتكۈزۈلگەن ھەقىقەتنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشقا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇ ھەقىقەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، كۆرگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغان ئىنسانى مەۋجۇدىيەت شەكلىدە كۆرۈشكە ئېتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بۇنداق بولغاندا بۇ ھەقىقەتنىڭ ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ۋە تەتبىقلاش ئۇلارغا تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىنى بىلدى.

شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ۋەھيىنى كىشىلەر ئوقۇيدىغان قەغەز شەكلىدە نازىل قىلمايدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇنى ھەممە كىشىگە ئۇلار ئوقۇيدىغان قەغەز شەكلىدە نازىل قىلىشقا قادىر ئىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى ئىنساننىڭ قەلبىگە بىۋاستە نازىل قىلدى، ئۇنى كۆز ئوڭىدا تەربىيىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان ياخشى قورالغا ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان ياخشى ئۈلگىگە ئايلاندۇرىدىغان سۈپەتلەرنى ئاتا قىلدى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

اللە تۇنجى قەدەمدە كىشىلەرنى شېرىكسىز، يەككە ـ يىگانە بىر ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىردۇ. كىشىلەرگە:

﴿اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾

«اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق يوقتۇر.)»[①] دېيىش ئۇچۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ.

ئاندىن ئۇلارنى ئىبادەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا، ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتىنى ئىنتىزاملاشتۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ھاياتىنى قۇرۇپ چىقىشتا تېگىشلىك ئىلاھىي ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان ئەمىر، نەھىيلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىبادەتنىڭ مۇئەييەن شەكىللىرىگە چاقىردۇ:

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ﴾

«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.»[②]

كىشىلەر ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىماننىڭ ئەنە شۇ ئىمانغا دەۋەت قىلىۋاتقان پەيغەمبەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى، پەيغەمبەرنىڭ يەككە ـ يىگانە اللەغا تەرەپكە ھېچقانداق يۈز ـ ئابرۇي ۋە ھۆكۈمرانلىقتا تايانماستىن دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بەلكى تېخى ئۆز دەۋىتى ئارقىلىق ھەرقانداق يۈز ـ ئابرۇي ۋە ھۆكۈمرانلىقتا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

ھوقۇقدار كاتىباشلار زېمىندا ناھەق چوڭچىلىق قىلىدىغان، اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان خاراكتېرى بىلەن ھېچقانداق يوللۇق ئاساسى يوق تۈرۈپ كىشىلەرنى قۇل قىلىۋاتقان مۇشۇنداق

---

① سۈرە ھۇد: 50 ـ 61 ـ 84 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ھەدىد: 25 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شارائىتتا پەيغەمبەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ھوقۇقدار كاتىباشلارنىڭ قۇلىقىغا گويا بازغان بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان تولىمۇ چۆچۈنىشلىك بولغان: ﴿اعبُدوا الله ما لَكُم مِن إلهٍ غَيْرُهُ﴾ «اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دېگەن سۆزنى جاكارلايدۇ. ھوقۇقدار كاتىباشلار ناھايىتى تېزلا بۇ ئاددى ۋە جاراڭلىق سۆزنىڭ كىشىلەرنى قۇل قىلىۋاتقان تاغۇت ھۆكۈمرانلىقنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىگە قىلىنىۋاتقان قۇلچىلىقنى يەككە ـ يېگانە اللەغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى شۇنىڭ بىلەن بۇ كاتىباشلار بىلەن ئېزىلگەن ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئوخشاش ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھوقۇقدار كاتىباشلار قولىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى بۇنچە ئاسان تاپشۇرمايدۇ. بەلكى ئۇلار پەيغەمبەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ اللەدىن باشقا زېمىندىكى ھېچقانداق كۈچكە تايانماستىن ئۆزى يالغۇز ھالەتتە بۇ ياۋۇز ھۆكۈمرانلىققا تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى پەقەت ئېغىزدىلا سۆزلەپ قويۇلىدىغان سۆز ياكى بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرىدىغان، رېئاللىقتا ھېچقانداق ئەمەلىيىتى بولمىغان شۇئار شەكلىدە ئەمەس بەلكى كۆزگە كۆرۈنىدىغان رېئال ئۆلگە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ھوقۇقدار كاتىباشلارنىڭ پەيغەمبەرگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ بىراق ئۇ، ئۆز دىنى ۋە ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ھەرگىزمۇ ئۇلارغا خۇشامەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلاردىن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنمەيدۇ. كىشىلەر اللەغا بولغان ئىماننىڭ چوڭقۇرلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھەقىقى شەكىلدە كۆرىدۇ. ئۇ قاتتىق بېسىملار ئاستىدا پاچاقلىنىپ كېتىدىغان يۈزەكى ئىمان بولماستىن،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھادىسىلەرنىڭ بىسىمى ئاستىدا يوقىلىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق ئىمان بولماستىن بەلكى ئەزىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئىزچىل چوڭقۇرلىشىپ بارىدىغان مۇستەھكەم ئىماندۇر.

پەيغەمبەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سۈرگۈن قىلىش، زىندانغا تاشلاش ۋە ئۆلتۈرۈش ... دېگەندەك تەھدىتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ بىراق يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم مەيدانىدىن تەۋرەنمەيدۇ. شۇنداقلا تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە تەۋھىد دەۋىتى يولىدا دۇچ كېلىدىغان ئۇرۇش ۋاستىلىرىگە ئوخشاش ئېزىتقۇ ۋاستىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇ يەككە ـ يىگانە اللهغا يىلىنىدۇ، ئۆزىگە چۈشكەن جاھىلىيەتنىڭ زۇلۇمى، ھىيلە ـ مىكىرى ۋە سۈيىقەستلىرىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ اللهغا دۇئا قىلىدۇ. كىشىلەر يەنە بىر قېتىم اللهغا بولغان چوڭقۇر ئىماننىڭ تۈيغۇلارنى قانداق ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ۋە ھەرىكەتكە قانداق يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى جانلىق شەكىلدە كۆرىدۇ.

مانا بۇ ۋاقىتتا ئىمان قۇرۇق دەۋا ۋە كۆرۈنۈشلىرى نا ئېنىق بولغان مەۋھۇم سۈرەتكە ئايلىنىپ قالماستىن بەلكى كىشىلەر ئۇنىڭ ھېسسىي ۋە مەنىۋى ئۇقۇملىرىنى چۈشىنىدىغان، ئىمان دەۋىتىگە ئاۋاز قوشقان مۇئمىنلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان بەلگىلىك رېئال ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن الله ئىنسانلاردىن ئۇلار ئۆزلىرىدە ھازىرلاشقا ۋە مۇئامىلاتلىرىنى ئۇنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىشلىك بولغان ئەخلاقنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى، ئۇلاردىن راستچىللىق، ئىخلاسمەنلىك، ئامانەتكە رىئايە قىلىش، سەۋرچانلىق، مۇستەھكەملىك، باتۇرلۇق، سېخىيلىق، مەردلىك، الله ئۈچۈن دوستلىشىش، ناچار قىلىقلاردىن، بۇزۇقچىلىقلاردىن ۋە گۇناھلاردىن ... يىراقلىششنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ئۆزلىرىگە

ئۆلگە قىلىدىغان ئۆلگىگە مۇھتاج.

كىشىلەر بۇ ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغان قىسسە ۋە ئوقۇغان تارىخلىرى ئارقىلىق نەزىرىيە جەھەتتىن بىلگەن بولۇش مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى بۇ ئۆلگىگە ۋە ئۇنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقان ئەخلاقىغا ئەگىشىشكە يېتەكلەپ كېتەلمەيدۇ. بەلكى ئۇلار بۇ ئۆلگىگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملەشنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئەگەشمەكچى بولغان ئۆلگىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىنسانى شەكىلدە گەۋدىلىنىشىنى كۆرۈشكە مۇھتاج. الله ئۆز مەخلۇقاتلىرىنىڭ بۇنىڭغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان بارلىق ئۇقۇملارنىڭ جانلىق ئۆلگىسى ۋە نامايەندىسى بولغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ. پەيغەمبەرلەر مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە الله يولىدىكى ئەزىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ ئۆلگىسىدۇر. ئۆزىنىڭ ھاياتى، تىنچ ـ خاتىرجەملىكى ۋە مۇقىملىقىغا ئوخشاش ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئۆلگىسىدۇر. دوستلۇق ۋە مۇھەببەتتىن ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەت ۋە باشقا مەقسەتنى كۆزلىمەيدىغان ساپ مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنىڭ ئۆلگىسىدۇر. ھەق توغرىسىدا مادارا قىلمايدىغان، مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق ۋە دۇرۇستلۇقنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇلار بارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ۋە بارلىق ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۆزلىرىدىن سادىر بولىدىغان بارلىق گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردە كىشىلەر ئۈچۈن ئۆلگىدۇر.

لېكىن، ئىسلام مەيدانلىرىدىكى دەۋەتچى ۋە ئىسلاھاتچىلاردىمۇ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ بىر قىسىم ئۆلگىلىرى مەۋجۇد.

دەۋەتچىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر دۇچ كەلگەن كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەق كەلىمىسى كىشىلەرگە زېمىندا چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئۇنى (ھەق كەلىمىسىنى) ئۆچ كۆرىدىغان ۋە يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئازار ـ كۈلپەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ.

ھەتتا ئاۋام ـ خەلقمۇ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى خارلىق بىچارىلىك ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدىن ۋە قىسقىغىنە ئۆمرىدە تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشتىن ئۈمىدسىزلىنىش ... دېگەندەك روھىي ھالەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن دەۋەتچىلەر بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى كېرەك:

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً﴾

«سىلەرگە ـ اللەنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»①

دەۋەتچىلەر بولۇپمۇ چىدامچانلىق، سەۋرچانلىق، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، اللەغا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئىشلارنى اللەغا تاپشۇرۇش جەھەتلەردە پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىگە ئالاھىدە ئۈلگە قىلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ خىسلەتلەر ئۇلارنىڭ اللە يولىدا سەرپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك تىرىشچانلىقلىرىدىكى ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىدۇر.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىدىن بۇرۇنقى بارلىق

---

① سۈرە ئەھزاب: 21 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرگە ئەگىشىش ھەققىدە يول-يورۇق بېرىدۇ:

﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ فَإِنْ يَكْفُرْ بِهَا هَؤُلاءِ فَقَدْ وَكَّلْنَا بِهَا قَوْماً لَيْسُوا بِهَا بِكَافِرِينَ، أُولَئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ﴾

«ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز. ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) اللە ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن.»①

ئۇنداقتا، بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولماقچى؟ بىز ئۆلگە ۋە پرىنسىپلارغا ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەر ئەمەسمۇ؟

---

① سۈرە ئەنئام: 89 ـ 90 ـ ئايەت.

## 12 ـ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر

الله تەبارەك ۋەتەئالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُولُوا الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن.»[①]

بۇ ئايەتتىن شۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتىكى، ئەنە شۇ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىكى ئەڭ گەۋدىلىك سۈپەت سەۋرچانلىقتۇر. چۈنكى سەۋرچانلىق الله تەبارەك ۋەتەئالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تەلەپ قىلىۋاتقان ۋە ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر قانچە سۈپەتلىرى ئىچىدىن ئۆلگە قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ كېلىۋاتقان سۈپەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

بارلىق پەيغەمبەرلەر ـ ئىلگىرىكى قۇرلاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ سەۋرچان، چىدامچان ۋە غەيرەتلىك كىلىدۇ. شۇڭا، الله ئۆزىنىڭ مۇبارەك كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەر ئىچىدىن «ئىرادىلىك» دېگەن بۇ سۈپەتنى خاس قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى پەيغەمبەرلەردىكى سەۋرچانلىقتىن ھالقىغان سەۋرچانلىقى، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشتىكى يۈكسەك ئىقتىدارغا، تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش جەريانىدا يولۇققان قىيىن ئۆتكەللەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاجايىپ غەيرەت ـ شىجائەتكە ئىگە

---

① سۈرە ئەھقاف: 35 ـ ئايەت.

بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئەگەر ئۆلگە ۋە نەمۇنىنىڭ ئوبيېكتى بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسى ۋە قوماندانى بولسا ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشقانلىقى، دۇچ كەلگەن قىيىن ئۆتكەللەرنىڭ كۆپلىكى، يۈرەكلەرنى قېپىدىن چىقىرىۋەتكۈدەك دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلارغا روبىرو تۇرۇشتىكى مۇستەھكەملىكى، اللەنىڭ تەقدىرىگە، قۇتۇلدۇرۇش ۋە ياردەم بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا قەۋمى ئىچىدىكى ئىنكار قىلغۇچىلارغا چۈشكەن ۋەيرانچىلىق ۋە ھالاكەت سەۋەبىدىن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىچە ئىبرەتلەر بار.

بولۇپمۇ دەۋەتچىلەر ـ ئىلگىرىكى قۇرلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر. لېكىن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدى ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشىغا تېخىمۇ لايىق كېلىدۇ. ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى، دەۋەت جەريانىدا ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر يولۇققان ھەربىر قىيىن ئۆتكەلدە ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدا ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىقلار ناھايىتى كۆپ. ئۇزاق ۋاقىتلىق كۆرەش ۋە مۇشەققەتلىك تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن ھەق غەلىبە قىلىدۇ ۋە باتىل كۆچلەر يوقىلىدۇ. ھەق زېمىندا مۇستەھكەم ھالەتتە ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەڭ كەتكەن سايىسى ئارقىلىق كىشىلەرگە سايە تاشلايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ سايىسىدا تىنچ ـ ئامانلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. مۇجاھىدلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنچ ـ ئامانلىقىنى، راھەت ـ پاراغەتلىرىنى، ماللىرىنى، جانلىرىنى قۇربان قىلغاندىن كېيىن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى الله يولىدا شېھىت بولۇپ كېتىدۇ، بەزىلىرى سەۋرچانلىقى، مۇستەھكەملىكى

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ۋە اللە ئۈچۈن ئىخلاسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقەت ئۈچۈن گۇۋاھچى بولۇپ ھايات قالىدۇ:

﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلاً﴾

«مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) اللەغا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتكەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.»[①]

تۆۋەندە بىز ئاشۇ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ تۆتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز:

### 1 ـ نۇھ ئەلەيھىسسالام:

دەۋەتتىكى مۇشەققەتلەرگە ۋە دەۋەت قىلىنغۇچىلارنىڭ قارشىلىقلىرىغا سەۋر قىلىشنىڭ جانلىق ئۈلگىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامدۇر. ھەقىقەتەن نۇھ ئەلەيھىسسالام تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىڭ يىلغا يېقىن (يەنى 950 يىل) تۇرغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئازغىنە بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقىلار ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشمىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئوغلىمۇ ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشمىدى ۋە غەرق بولغۇچىلار بىلەن غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ شۇنداق بولدى. كىشىلەرنى ياخشىلىققا ۋە نىجاتلىققا چاقىرىۋاتقان تۇرسا ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋىتىگە ئاۋاز قوشماسلىقى دەۋەتچىنىڭ روھىيىتىگە ئەڭ

---

① سۈرە ئەھزاب: 23 ـ ئايەت.

ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. لېكىن بۇنىڭدىنمۇ بەك ئېغىر كېلىدىغىنى قارشىلىقنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكى ئايالى، ئوغلى ... دېگەندەك ئەڭ يېقىن ئادەملىرى تەرەپتىن كېلىشىدۇر. ھالبۇكى، ئايالى ۋە ئوغلى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇشقا ئەڭ لايىق ئىدى.

قۇرئان كەرىم بىزگە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى كۆپلىگەن ئورۇنلاردا بەزىدە قىسقىچە ۋە بەزىدە كەڭرى ھالەتتە بايان قىلىپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ قىسسەلەرنىڭ ھەممىسى قىسسىنى ئاڭلىق قەلب بىلەن ۋە ئۆتكۈر ئەقلى بىلەن ئويلىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىبرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پەيغەمبەرلەر قىسسىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لأُولِي الأَلْبَابِ﴾

«ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ.»①

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحاً إِلَى قَوْمِهِ فَلَبِثَ فِيهِمْ أَلْفَ سَنَةٍ إِلا خَمْسِينَ عَاماً فَأَخَذَهُمُ الطُّوفَانُ وَهُمْ ظَالِمُونَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ (قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ) ئۇلارنىڭ ئىچىدە 50 يىل كەم 1000 يىل تۇردى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چىنپۈتمىدى). ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى (يەنى كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقلىرى)ئۈچۈن، الله ئۇلارنى توپان (بالاسى) بىلەن ھالاك قىلدى.»②

قېنى بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەققىدىكى قىسسىگە نەزەر سالايلى:

---

① سۈرە يۈسۈف: 111 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنكەبۇت: 14 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿إِنَّا أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ أَنْ أَنذِرْ قَوْمَكَ مِن قَبْلِ أَن يَأْتِيَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ، قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ، أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاتَّقُوهُ وَأَطِيعُونِ، يَغْفِرْ لَكُم مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرْكُمْ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى إِنَّ أَجَلَ اللَّهِ إِذَا جَاء لا يُؤَخَّرُ لَوْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ، قَالَ رَبِّ إِنِّي دَعَوْتُ قَوْمِي لَيْلا وَنَهَارًا، فَلَمْ يَزِدْهُمْ دُعَائِي إِلا فِرَارًا، وَإِنِّي كُلَّمَا دَعَوْتُهُمْ لِتَغْفِرَ لَهُمْ جَعَلُوا أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِمْ وَاسْتَغْشَوْا ثِيَابَهُمْ وَأَصَرُّوا وَاسْتَكْبَرُوا اسْتِكْبَارًا، ثُمَّ إِنِّي دَعَوْتُهُمْ جِهَارًا، ثُمَّ إِنِّي أَعْلَنتُ لَهُمْ وَأَسْرَرْتُ لَهُمْ إِسْرَارًا﴾

«بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە: ”قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا توپان بالاسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى) كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن“ دەپ ئەۋەتتۇق. نۇھ ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن كىشىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئۇ بەزى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ (يەنى ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، اللەنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.“ نۇھ ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە-كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم. مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەر قاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋالدى، (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋالدى، (كۇفرىدا) چىڭ تۇردى، چوڭچىلىق قىلىپ (ئىماندىن) تېخىمۇ باش تارتتى. ئاندىن مەن ئۇلارنى تۈۋلاپ دەۋەت قىلدىم. ئاندىن ئۇلارنى ئاشكارا دەۋەت قىلدىم ۋە يوشۇرۇن دەۋەت قىلدىم.»①

① سۈرە نۇھ: 1ـ9ـئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كېچە ـ كۈندۈز بوشىشىپ قالماستىن، بەزىدە مەخپىي، بەزىدە ئاشكارا ھالەتتە ھارماي ـ تالماي ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟:

﴿قَالَ نُوحٌ رَّبِّ إِنَّهُمْ عَصَوْنِي وَاتَّبَعُوا مَن لَّمْ يَزِدْهُ مَالُهُ وَوَلَدُهُ إِلا خَسَارًا، وَمَكَرُوا مَكْرًا كُبَّارًا، وَقَالُوا لا تَذَرُنَّ آلِهَتَكُمْ وَلا تَذَرُنَّ وَدًّا وَلا سُوَاعًا وَلا يَغُوثَ وَيَعُوقَ وَنَسْرًا، وَقَدْ أَضَلُّوا كَثِيرًا﴾

«نۇھ ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىباشلىرىغا) ئەگەشتى. ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۈتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى. ئۇلار: ‹مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەدنى، سۇۋائنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار› دېدى. ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى“.»①

نۇھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى ياغاچچى بولۇپ، ئۇ قەۋمى ئىچىدە راستچىللىقى، دۇرۇسلۇقى ۋە كەسىپتىكى تىرىشچانلىقى بىلەن ھەممىگە تونۇلغان ئىدى. اللە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىۋېدى، ئۇنىڭغا قەۋمىنىڭ تۆۋەن تەبىقىسىدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئەگەشتى. لېكىن، ھوقۇقدار كاتتىباشلار ـ ئۆز ئادىتى بويىچە ـ چوڭچىلىق قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن جىدەللىشىشكە ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ نۇھ ئالەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتىكى دەۋاسى شۇ ئىدىكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسان ئىدى. ئەگەر اللە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئاسماندىن

---

① سۈرە نۇھ: 21 ـ 24 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پەرىشتە ئەۋەتكەن بولاتتى. ئەمما ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى ـ ئۇلارنىڭ دەۋاسى بويىچە بولغاندا ـ توغرا ئەمەس. ئۇنىداقتا نۇھ ئۆزىنىڭ «مەن اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن» دېگەن سۆزىدە يالغانچى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دەۋاسى ئارقىلىق ئۇلاردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى. شۇڭا ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە «ساراڭ» دېگەن ئاتاققا تولىمۇ لايىق:

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ فَقَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ أَفَلا تَتَّقُونَ، فَقَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِن قَوْمِهِ مَا هَذَا إِلا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ عَلَيْكُمْ وَلَوْ شَاء اللَّهُ لأَنزَلَ مَلائِكَةً مَّا سَمِعْنَا بِهَذَا فِي آبَائِنَا الأَوَّلِينَ، إِنْ هُوَ إِلا رَجُلٌ بِهِ جِنَّةٌ فَتَرَبَّصُوا بِهِ حَتَّى حِينٍ﴾

«بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، نۇھ ئېيتتى: "ئى قەۋمىم! (يالغۇز اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق، اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟". ئۇنىڭ قەۋمىدىكى ئىمانسىز كاتتىلار ئېيتتى: "بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر اللە (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى، بۇنداق سۆزنى بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز. ئۇ پەقەت بىر مەجنۇندۇر، سىلەر ئۇنى بىر مەزگىل كۈتۈڭلار".»[①]

شۇنداقلا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ قەۋمىنىڭ ئېسىلزادىلىرى ئەمەس بەلكى (كاپىر كاتتىلارنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەس كىشىلەر بولغانلىقى ئۇلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشىدىكى يەنە بىر دەۋاسى ئىدى:

① سۈرە مۆئمىنۇن: 23 ـ 25 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ إِنِّي لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ، أَن لاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ اللهَ إِنِّيَ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ أَلِيمٍ، فَقَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قِوْمِهِ مَا نَرَاكَ إِلاَّ بَشَرًا مِّثْلَنَا وَمَا نَرَاكَ اتَّبَعَكَ إِلاَّ الَّذِينَ هُمْ أَرَاذِلُنَا بَادِيَ الرَّأْيِ وَمَا نَرَى لَكُمْ عَلَيْنَا مِن فَضْلٍ بَلْ نَظُنُّكُمْ كَاذِبِينَ﴾

«شۈبهىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: ”مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بىر اللهدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن“ دېدى. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: ”بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن، بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن، بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز“ دېدى.»[①]

ئاندىن ئۇلار ـ سەركەشلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ ـ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: «ئەگەر سەن بىزنىڭ ئۆز دەۋىتىڭگە قۇلاق سېلىشىمىزنى خالىساڭ ئاشۇ پەس كىشىلەرنى ئۆز سۆھبىتىڭدىن قوغلىۋېتىشىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ اللهنىڭ رەھمىتىدىنمۇ قوغلانغانلىقىنى جاكارلىشىڭ كېرەك» دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

﴿وَمَا أَنَاْ بِطَارِدِ الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّهُم مُّلاَقُو رَبِّهِمْ وَلَكِنِّيَ أَرَاكُمْ قَوْمًا تَجْهَلُونَ، وَيَا قَوْمِ مَن يَنصُرُنِي مِنَ اللهِ إِن طَرَدتُّهُمْ أَفَلاَ تَذَكَّرُونَ، وَلاَ أَقُولُ لَكُمْ عِندِي خَزَآئِنُ اللهِ وَلاَ أَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلاَ أَقُولُ إِنِّي مَلَكٌ وَلاَ أَقُولُ لِلَّذِينَ تَزْدَرِي أَعْيُنُكُمْ لَن يُؤْتِيَهُمُ اللهُ خَيْرًا اللهُ أَعْلَمُ بِمَا فِي أَنفُسِهِمْ إِنِّي إِذًا لَّمِنَ الظَّالِمِينَ﴾

«مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن، (چۈنكى) ئۇلار، شۈبهىسىزكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدۇ، لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرۈۋەن. ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، اللهنىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلىنىپ

---

① سۈرە ھۇد: 25 ـ 27 ـ ئايەت.

باقامسىلەر؟ مەن سىلەرگە، مەندە اللەنىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، غەيبنى بىلىمەن دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە (ئۆزۈمنى) پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن ھەمدە سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرنى اللە ئۇلارغا ياخشىلىق بەرمەيدۇ دېمەيمەن، اللە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، بولمىسا مەن چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمەن.»①

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن شۇ ئايدىڭلاشتىكى، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە زېمىننىڭ خەزىنىلىرىدىن كۆپلىگەن بايلىقلارنى چىقىرىپ بېرىشىنى، غەيبتىن خەۋەر بېرىشىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشىنى خالىسا ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈرۈشىنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئۈچۈن ئۇزۇن يىل، يوشۇرۇن ـ ئاشكارە ۋە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىپ بارغان ئىزچىل دەۋەتتىن كېيىن ئۇلاردىن كەلگەن ئۇزاق مۇددەتلىك قارشىلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋر قىلدى:

﴿وَأُوحِيَ إِلَى نُوحٍ أَنَّهُ لَنْ يُؤْمِنَ مِنْ قَوْمِكَ إِلا مَنْ قَدْ آمَنَ فَلا تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُوا يَفْعَلُونَ﴾

« نۇھقا (مۇنداق) ۋەھيى قىلىندى: "قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن قايغۇرمىغىن".»②

اللە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنى غەرق قىلىدىغان توپان بالاسى كەلگەندە مۇئمىنلەر چىقىۋالىدىغان بىر كېمە ياساشنى ۋەھيى قىلدى. بۇ نۇھ

---

① سۈرە ھۇد: 29 ـ 31 ـ ئايەت.
② سۈرە ھۇد: 36 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇچۇن ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا «ساراڭ» دېگەن تۆھمەت چاپلايدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. چۈنكى، تۆت ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرغان مۇشۇنداق قاقاس زېمىندا كېمە ياساش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەستە!

﴿وَيَصْنَعُ الْفُلْكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيْهِ مَلأٌ مِّن قَوْمِهِ سَخِرُواْ مِنْهُ قَالَ إِن تَسْخَرُواْ مِنَّا فَإِنَّا نَسْخَرُ مِنكُمْ كَمَا تَسْخَرُونَ، فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ مَن يَأْتِيهِ عَذَابٌ يُخْزِيهِ وَيَحِلُّ عَلَيْهِ عَذَابٌ مُّقِيمٌ﴾

«نۇھ كېمە ياسىدى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نۇھ ئېيتتى: "ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغانىدەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز. خار قىلغۇچى ئازاب (يەنى توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش)نىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب (يەنى جەھەننەم ئازابى)نىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى كېلەچەكتە بىلىسىلەر".»[1]

اللهنىڭ تەقدىرىدە قارار قىلىنغان ۋاقىتتا توپان يېتىپ كەلدى...

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان ئۇزاق كۆرەشلەردىن كېيىن ۋە ئۇلارنىڭ كۆلپەتلىرىگە ئۇزاق سەۋر قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى ھالاك قىلىش ھەققىدە پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلغانىدى:

﴿وَقَالَ نُوحٌ رَبِّ لا تَذَرْ عَلَى الأَرْضِ مِنَ الْكَافِرِينَ دَيَّاراً﴾

«نۇھ ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن".»[2]

ئۇلار يەنە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەھدىت سالغانىدى:

﴿قَالُوا لَئِنْ لَمْ تَنْتَهِ يَا نُوحُ لَتَكُونَنَّ مِنَ الْمَرْجُومِينَ﴾

---

① سۈرە ھۇد: 38 ـ 39 ـ ئايەت.

② سۈرە نۇھ: 26 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ئۇلار ئېيتتى: ”ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋىتىڭدىن) يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن“.»①

شۇڭا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تىلەپ اللەغا دۇئا قىلغانىدى:

﴿قَالَ رَبِّ إِنَّ قَوْمِي كَذَّبُونِ، فَافْتَحْ بَيْنِي وَبَيْنَهُمْ فَتْحاً وَنَجِّنِي وَمَنْ مَعِيَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾

«نۇھ ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! قەۋمىم مېنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلدى. مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن، مېنى ۋە مەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزغىن“.»②

﴿فَدَعَا رَبَّهُ أَنِّي مَغْلُوبٌ فَانْتَصِرْ﴾

«ئۇ پەرۋەردىگارىغا: ”ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن“ دەپ دۇئا قىلدى.»③

ئىشلار يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، ئەمدى پەقەت مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە نىجاتلىق، (تەۋھىد دەۋىتىنى) ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئازاب ۋە ھالاكەتنى ئېلىپ اللەنىڭ بۇيرۇقى كەلسىلا بولاتتى:

﴿حَتَّى إِذَا جَاءَ أَمْرُنَا وَفَارَ التَّنُّورُ قُلْنَا احْمِلْ فِيهَا مِنْ كُلٍّ زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلا مَنْ سَبَقَ عَلَيْهِ الْقَوْلُ وَمَنْ آمَنَ وَمَا آمَنَ مَعَهُ إِلا قَلِيلٌ﴾

«(توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: ”كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن

---

① سۈرە شۇئەرا: 116 ـ ئايەت.
② سۈرە شۇئەرا: 117 ـ 118 ـ ئايەت.
③ سۈرە قەمەر: 10 ـ ئايەت.

كېمىگە چىققىن“ دېدۇق. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى.»[1]

﴿فَدَعَا رَبَّهُ أَنِّي مَغْلُوبٌ فَانتَصِرْ، فَفَتَحْنَا أَبْوَابَ السَّمَاء بِمَاء مُّنْهَمِرٍ، وَفَجَّرْنَا الأَرْضَ عُيُونًا فَالْتَقَى الْمَاء عَلَى أَمْرٍ قَدْ قُدِرَ، وَحَمَلْنَاهُ عَلَى ذَاتِ أَلْوَاحٍ وَدُسُرٍ، تَجْرِي بِأَعْيُنِنَا جَزَاء لِّمَن كَانَ كُفِرَ﴾

«ئۇ پەرۋەردىگارىغا: ”ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن“ دەپ دۇئا قىلدى. ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قويۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (اللە تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە) قوشۇلدى. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق. كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق).»[2]

توپان بالاسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغانىدى...

ئۇ ئىگىز تاغلار بىلەن قورشالغان قاقاس زېمىننى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي پۈتۈنلەي غەرق قىلىۋەتتى. ئەينى چاغدا نۇھ ئەلەيھىسسالام قورۇقلۇقتا كېمە ياساۋاتقاندا ئۇنىڭ قەۋمى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىشقانىدى. مانا بۈگۈن (نەرسە كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان ئاشۇ كېمىدىكى مۆئمىنلەر نىجاتلىققا ئېرىشتى.

لېكىن، توپان بالاسى يېتىپ كەلگەن دەقىقىلەردىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بولغان سىناقلار تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئائىلىدە ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر دۇچ كېلىدىغان ئۆزىنىڭ ئەڭ

---

[1] سۈرە ھۇد: 40 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەمەر: 10 ـ 14 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يېقىن ئادىمى بولغان بالىسى ھەققىدىكى سىناقتىن ئىبارەت ئېغىر بىر سىناق تۇرماقتا ئىدى:

﴿وَهِيَ تَجْرِي بِهِمْ فِي مَوْجٍ كَالْجِبَالِ وَنَادَى نُوحٌ ابْنَهُ وَكَانَ فِي مَعْزِلٍ يَا بُنَيَّ ارْكَب مَّعَنَا وَلاَ تَكُن مَّعَ الْكَافِرِينَ، قَالَ سَآوِي إِلَى جَبَلٍ يَعْصِمُنِي مِنَ الْمَاء قَالَ لاَ عَاصِمَ الْيَوْمَ مِنْ أَمْرِ اللهِ إِلاَّ مَن رَّحِمَ وَحَالَ بَيْنَهُمَا الْمَوْجُ فَكَانَ مِنَ الْمُغْرَقِينَ﴾

«كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: "ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن" دەپ توۋلىدى. ئۇ: "مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن" دېدى. نۇھ: "بۈگۈن الله رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ" دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى.»①

توپان بالاسى ئاخىرلاشتى... اللەنىڭ مۆجىزىسى ئىشقا ئاشتى... (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغۇچىلار غەرق بولدى... مۇئمىنلەر قۇتۇلۇپ قالدى. بىراق، نۇھ ئەلەيھىسسالام ـ اللەنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ئاساسەن ـ ‹قۇتۇلۇپ قالىدۇ› دەپ ئويلىغان ئوغلىغا قارىتا ھەسرەتلەنمەكتە ئىدى. ئۇ ئوغلىنى دۇنيادا يوقىتىپ قويۇش بىلەن ئاخىرەتتە يوقىتىپ قويغانلىقىغا قارىتا ئارىلىشىپ كەتكەن ھەسرەت ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغلى ئاخىرەتتە كاپىرلار بىلەن بىرگە دوزاختا بولاتتى:

﴿وَقِيلَ يَا أَرْضُ ابْلَعِي مَاءكِ وَيَا سَمَاء أَقْلِعِي وَغِيضَ الْمَاء وَقُضِيَ الأَمْرُ وَاسْتَوَتْ عَلَى الْجُودِيِّ وَقِيلَ بُعْداً

---

① سۈرە ھۇد: 42 ـ 43 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

لِّلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ، وَنَادَى نُوحٌ رَّبَّهُ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ابْنِي مِنْ أَهْلِي وَإِنَّ وَعْدَكَ الْحَقُّ وَأَنتَ أَحْكَمُ الْحَاكِمِينَ، قَالَ يَا نُوحُ إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ إِنَّهُ عَمَلٌ غَيْرُ صَالِحٍ فَلاَ تَسْأَلْنِ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنِّي أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ﴾

«”ئى زېمىن! سۈيۈڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن“ دېيىلدى. سۇ سوغۇلدى، اللەنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، ”زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن“ دېيىلدى. نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: ”پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن“ دېدى. اللە ئېيتتى: ”ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن“.»[1]

«ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس». گەرچە ئوغلۇڭ ئۆز پۇشتۇڭدىن تامغان بولسىمۇ، ئەقىدە ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى. شۇڭا ئۇ سېنىڭ ئائىلەڭدىكىلەر قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. پەقەت مۆئمىنلەرلا سېنىڭ ئائىلەڭدىكىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئوغلۇڭنىڭ ئەملى يامان ئەمەلدۇر. چۈنكى ئۇ ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتىپ كۇپىرلىقتا چىڭ تۇردى... شۇڭا ئۇ تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. مانا بۇ كاپىرلارنىڭ جازاسىدۇر.

مانا بۇ چاغدا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئەڭ يۇقىرى پەللىگە، يەنى اللەغا بويسۇنۇش، اللەنىڭ تەقدىرىگە چىنپۈتۈش، اللەنىڭ بېكىتكەن

---

[1] سۈرە ھۇد: 44 ـ 46 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھۆكۈملىرىگە رازى بولۇش، اللەدىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتى:

﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْأَلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلاَّ تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِي أَكُن مِّنَ الْخَاسِرِينَ، قِيلَ يَا نُوحُ اهْبِطْ بِسَلاَمٍ مِّنَّا وَبَرَكَاتٍ عَلَيْكَ وَعَلَى أُمَمٍ مِّمَّن مَّعَكَ﴾

«نۇھ ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن. ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن“. ئېيتىلدى (يەنى اللە ئېيتتى): ”ئى نۇھ ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن“.» ①

﴿سَلامٌ عَلَى نُوحٍ فِي الْعَالَمِينَ﴾

«خالايىقلار نۇھقا سالام يوللايدۇ.» ②

## 2 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

﴿إِنَّ إِبْرَاهِيمَ كَانَ أُمَّةً قَانِتاً لِلَّهِ حَنِيفاً وَلَمْ يَكُ مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾

«ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، اللەغا ئىتائەتمەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ اللەغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى.» ③

يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئۇممەت» سۆزى نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىر مەنىسى، «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ـ بىر ئۆزى ـ ئىماننىڭ چوڭقۇرلۇقىدا، ئەقلىنىڭ

---

① سۈرە ھۇد: 47 ـ 48 ـ ئايەت.
② سۈرە سافغات: 79 ـ ئايەت.
③ سۈرە: 120 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۆتكۈرلىكىدە ۋە خىسلەتلىرىنىڭ ئېسىللىكىدە بىر ئۈممەتكە باراۋەر كېلىدۇ» دېگەنلىكتۇر. يەنە بىر مەنىسى، «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز نەسلىدىن بارلىققا كەلگەن پۈتكۈل ئۈممەتنىڭ ئاتىسى» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، اللە ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە كۆپ پەرزەنت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر دۇنياغا كەلگەن:

﴿ووَهَبْنَا لَهُ إِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ كُلاًّ هَدَيْنَا وَنُوحًا هَدَيْنَا مِن قَبْلُ وَمِن ذُرِّيَّتِهِ دَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَى وَهَارُونَ وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ، وَزَكَرِيَّا وَيَحْيَى وَعِيسَى وَإِلْيَاسَ كُلٌّ مِّنَ الصَّالِحِينَ، وَإِسْمَاعِيلَ وَالْيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطًا وَكُلاًّ فضَّلْنَا عَلَى الْعَالَمِينَ، وَمِنْ آبَائِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَإِخْوَانِهِمْ وَاجْتَبَيْنَاهُمْ وَهَدَيْنَاهُمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾

«بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ھىدايەت قىلدۇق. (ئىبراھىمدىن) ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلدۇق، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە ئىلياسلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر. ئىسمائىل، ئىليەسە، يۇنۇس ۋە لۇتلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى) تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق.»①

ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى، «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا ئىدى» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، اللە ئۇنىڭغا:

﴿قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَاماً﴾

---

① سۈرە ئەنئام: 84 ـ 87 ـ ئايەت.

«اللە ئۇنىڭغا: ”سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىنىدا) پېشىۋا قىلىمەن“ دېدى.»[1]

ئۇ اللە يولىدا مۇستەھكەم تۇرغان، ئىبادەت ۋە تەۋھىدنى اللە ئۈچۈن خالىس قىلغان ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ پېشۋاسىدۇر. اللە قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە ئورۇنلىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى «ئۇ باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ اللەغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى» دېگەن ئىبارەت بىلەن سۈپەتلىگەن. اللە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ:

﴿أَنِ اتَّبِعْ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفاً﴾

«باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلغان. چۈنكى ئۇ بارلىق باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) كىشىلەر ئەگىشىدىغان يولباشچىدۇر.

اللە ئۇنىڭغا ئۆتكۈر ئەقىل، كەسكىن دەلىل ـ پاكىت ۋە ھازىر جاۋابلىقنى ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بۇتپەرەسلىكنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن قەۋمى بىلەن ئەقلى پاكىتلار ئاساسىدا ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىدە جانلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى قۇرئان كەرىمۇ بىر قانچە ئورۇنلاردا تىلغا ئالدى. تۆۋەندىكى ئايەت ئۇنىڭ بىر قىسمىدۇر:

﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ لأَبِيهِ آزَرَ أَتَتَّخِذُ أَصْنَامًا آلِهَةً إِنِّي أَرَاكَ وَقَوْمَكَ فِي ضَلاَلٍ مُّبِينٍ، وَكَذَلِكَ نُرِي إِبْرَاهِيمَ مَلَكُوتَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلِيَكُونَ مِنَ الْمُوقِنِينَ، فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَى كَوْكَبًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لا أُحِبُّ الآفِلِينَ، فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِن لَّمْ يَهْدِنِي رَبِّي لأَكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ،

---

[1] سۈرە بەقەرە: 124 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَذَا رَبِّي هَذَآ أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ، إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ، وَحَآجَّهُ قَوْمُهُ قَالَ أَتُحَاجُّونِّي فِي اللهِ وَقَدْ هَدَانِ وَلاَ أَخَافُ مَا تُشْرِكُونَ بِهِ إِلاَّ أَن يَشَاء رَبِّي شَيْئًا وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيْءٍ عِلْمًا أَفَلاَ تَتَذَكَّرُونَ، وَكَيْفَ أَخَافُ مَا أَشْرَكْتُمْ وَلاَ تَخَافُونَ أَنَّكُمْ أَشْرَكْتُم بِاللهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَانًا فَأَيُّ الْفَرِيقَيْنِ أَحَقُّ بِالأَمْنِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ، الَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُواْ إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَئِكَ لَهُمُ الأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا، ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: ”(سەن ئۆزۈڭنى ياراتقان اللەنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرۈمەن“ دېدى. ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق. ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): ”بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر“ دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، ”مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن“ دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): ”بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر“ دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، ”ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن“ دېدى. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): ”بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر“ دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: ”ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن“. ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، ”مېنى الله ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن الله(نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ اللەغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر! اللەنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە اللە سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى اللەغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك“. ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.»①

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئۇلار پېتىپ كەتكەن شېرىكنىڭ چوڭقۇر پاتقاقلىرىدىن شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش تەرەپكە قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغان. شۇڭا ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلاپ كىرگەن ۋە «(سەن ئۆزۈڭنى ياراتقان اللەنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟» دېگەن ئىنكارى سوئال ئارقىلىق غاپىللارنى سەگىتىپ قويغان:

﴿وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ إِبْرَاهِيمَ، إِذْ قَالَ لأَبِيهِ وَقَوْمِهِ مَا تَعْبُدُونَ، قَالُوا نَعْبُدُ أَصْنَامًا فَنَظَلُّ لَهَا عَاكِفِينَ، قَالَ هَلْ يَسْمَعُونَكُمْ إِذْ تَدْعُونَ، أَوْ يَنفَعُونَكُمْ أَوْ يَضُرُّونَ، قَالُوا بَلْ وَجَدْنَا آبَاءنَا كَذَلِكَ يَفْعَلُونَ﴾

① سۈرە ئەنئام: 74 ـ 82 ـ ئايەت.

«ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: ”نېمىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟“ دېدى. ئۇلار: ”بۇتلارغا ئىبادەت قىلىمىز، بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرىمىز“ دېيىشتى. ئىبراھىم ئېيتتى: ”دۇئا قىلغان چېغىڭلاردا ئۇلار دۇئايىڭلارنى ئاڭلامدۇ؟ يا سىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەمدۇ؟ يا زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟“. ئۇلار ئېيتتى: ”ئۇنداق ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىدۇق“.»①

«ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بايقىغانىدۇق» دېگەندىن باشقا جاۋاب بېرەلمەيدىغان بۇ سوئال ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئويغاتقاندىن كېيىن ۋە ئۆزىنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆزى ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھنى ئىزدەشكە باشلىدى. (ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ ۋاقىتتا ھەقىقى اللە تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قەۋمىنى تاكى ئۇلار ھەقىقى ئىشەنچكە يەتكەنگە قەدەر ئاستا ـ ئاستا بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن قايتۇرماقچى بولغان.) شۇڭا ئۇ، ئەتراپنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى قاپلاپ، ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزنى كۆرگەندە قەۋمىنىڭ ئالدىدىلا: «بۇ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. يۇلتۇزلار پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ قەۋمىگە ئۆزىنىڭ پېتىپ كېتىدىغان ۋە يوقاپ كېتىدىغان ئىلاھقا چوقۇنمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ: «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ ئىلاھ بولۇشقا ئەڭ

① سۈرە شۇئەرا: 69 ـ 74 ـ ئايەت.

لايىقتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ نۇرى يۇلتۇزنىڭ نۇرىدىن كۈچلۈك. لېكىن، ئايمۇ نۆۋىتى كەلگەندە پېتىپ كېتىدۇ» دېدى ۋە (يالغاندىن) ھەيران قالغان قىياپەتتە: «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» دېدى. ئاخىرىدا كۈچلۈك نۇر چېچىپ ۋە قىززىق ھارارەت پەيدا قىلىپ قۇياش كۆتۈرۈلۈۋىدى، ئۇ ئۆزى ئىزدەۋاتقان ئىلاھنى تاپقانلىقىدىن (يالغاندىن) قاتتىق خۇشاللىنىپ: «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىبادەتكە لايىق كەلمەيدىغان ئاشۇ باتىل ئىلاھلارنىڭ ھەممىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى جاكارلىدى ۋە ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان ھەقىقى اللەنىڭ خاتالىقلاردىن ۋە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالى بولغان توغرا دىنىغا يۈزلەندى. ۋە ئىبادەتتە اللەغا قوشۇلۇپ قالغان بارلىق شېرىكلەردىن تامامەن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. مانا بۇ «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرى قىلغان ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شۇنچە ئەسىرلەر جەريانىدا خاتالىشىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەققىدىكى خىياللىرىدىن باشقا ھېچقانداق پاكىتقا ئىگە بولمىسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغانلىقىنى تەبىئىيلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

لېكىن ئۇ اللە ئۆزىگە مۇۋەپپەق قىلغان توغرا يولدا ۋە ئۆزىنى ئىماننىڭ ھەقىقىتىگە باشلىغان يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىشتا مۇستەھكەم تۇردى. بۇ چاغدا ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆز ئىلاھلىرىغا تىل تەگكۈزگەنلىكى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىلاھلىرىنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇنىڭدىن ئۈچ ئالدىنقىسىدىكى ھەققىدە تەھدىت سالدى ۋە ئۇنىڭغا بۇ «ئاتالمىش ئىلاھلار»نىڭ ئۇنىڭغا چوقۇم زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

﴿وَلاَ أَخَافُ مَا تُشْرِكُونَ﴾

«سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم.»

لېكىن ئۇ پەرۋەردىگارىغا بولغان مۇئامىلىسىدە ھەرگىزمۇ ئۇ ھەقتە قارىسىغا سۆزلىمەيدۇ. ئەگەر اللە ئۇنىڭغا بىرەر ئەزىيەت كېلىشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇ (بۇنىڭغا رازى بولغان ھالەتتە) مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٍوَلاَ أَخَافُ مَا تُشْرِكُونَ بِهِ إِلاَّ أَن يَشَاء رَبِّي شَيْئًا وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾

«مەن سىلەرنىڭ اللەغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.»

ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقى مەيدانى بىلەن ئۇلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارغا: «سىلەر اللەغا شېرىك قىلىۋالغان ئاشۇ ‹ئاتالمىش ئىلاھلىرىڭلار› بىلەن مېنى قانداقمۇ قورقۇتالايسىلەر؟ چۈنكى ئۇ ‹ئاتالمىش ئىلاھلىرىڭلار› زىيان يەتكۈزەلەيدىغان ياكى پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس. ھالبۇكى، سىلەر پايدا ـ مەنپەئەت ۋە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلەيدىغان ھەقىقى اللەدىن قورقمايۋاتىسىلەر، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈۋاتىسىلەر ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلىۋاتىسىلەر. ئۇنداقتا، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك؟ ھەقىقى اللەغا تايانغان ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن كىشىمۇ ياكى ئاررۇ ـ

ھەۋەسلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ھىمايىسى يوق كىشىمۇ؟ ئەگەر بىلسەڭلار ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟» دەيدۇ.

ئاندىن ئۇ كەسكىن خۇلاسە چىقىرىدىغان ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

﴿الَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُواْ إِيمَانَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَئِكَ لَهُمُ الأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾

«ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.»

بۇ يەردە مەقسەت قىلىنىۋاتقان ئەمىنلىك دۇنيا ھاياتىدىكى ئازار-كۈلپەتلەردىن ساقلىنىپ قېلىش بولماستىن بەلكى، دۇنيا ھاياتىدا اللەنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش بىلەن ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىشتۇر. چۈنكى، مۇئمىنگە يەتكەن بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر.[①]

مانا بۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىدە اللە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان كەسكىن پاكىتلار بولۇپ بىز بۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زالىم، كاپىر پادىشاھ نەمرۇد بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىدىكى باشقا بىر مەيداندا ناھايىتى ئېنىق بايقايمىز:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللَّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللَّهُ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

«پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن،

---

① سۇھەيبتىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىننىڭ ئىشى تولىمۇ ئاجايىپ. ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. بۇ ياخشىلىق مۇئمىندىن باشقا ھېچكىشىگە مەنسۇپ ئەمەس. چۈنكى مۇئمىن ئۆزىگە بىرەر خۇشاللىق يەتسە، شۈكرى قىلىدۇ-دە، بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پىشكەللىك يەتسە، سەۋر قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلىگىمۇ ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم)

اللەنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (اللەنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): "مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ" دېدى. ئۇ: "مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن" دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): "اللە ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن" دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»①

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئارىسىدا يۈز بەرگەن مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئىشلار تېخىچە ئاخىرلاشماي تۇرغان مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ئۆز قولى بىلەن شېرىكنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى ـ دە، ئۇلار ئىبادەت قىلىشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇتلارنى كۈكۈلگە پۇكۇپ قويۇپ، قەۋمىنىڭ بىخۇد ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى پاچاقلاپ تاشلىدى:

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا إِبْرَاهِيمَ رُشْدَهُ مِن قَبْلُ وَكُنَّا بِه عَالِمِينَ، إِذْ قَالَ لأَبِيهِ وَقَوْمِهِ مَا هَـذِهِ التَّمَاثِيلُ الَّتِي أَنتُمْ لَهَا عَاكِفُونَ، قَالُوا وَجَدْنَا آبَاءنَا لَهَا عَابِدِينَ، قَالَ لَقَدْ كُنتُمْ أَنتُمْ وَآبَاؤُكُمْ فِي ضَلالٍ مُّبِينٍ، قَالُوا أَجِئْتَنَا بِالْحَقِّ أَمْ أَنتَ مِنَ اللاعِبِينَ، قَالَ بَل رَّبُّكُمْ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ الَّذِي فَطَرَهُنَّ وَأَنَا عَلَى ذَلِكُم مِّنَ الشَّاهِدِينَ، وَتَاللَّهِ لأَكِيدَنَّ أَصْنَامَكُم بَعْدَ أَن تُوَلُّوا مُدْبِرِينَ، فَجَعَلَهُمْ جُذَاذًا إِلا كَبِيرًا لَّهُمْ لَعَلَّهُمْ إِلَيْهِ يَرْجِعُونَ، قَالُوا مَن فَعَلَ هَذَا بِآلِهَتِنَا إِنَّهُ لَمِنَ الظَّالِمِينَ، قَالُوا سَمِعْنَا فَتًى يَذْكُرُهُمْ يُقَالُ لَهُ إِبْرَاهِيمُ، قَالُوا فَأْتُوا بِهِ عَلَى أَعْيُنِ النَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَشْهَدُونَ، قَالُوا أَأَنتَ فَعَلْتَ هَذَا بِآلِهَتِنَا يَا إِبْرَاهِيمُ، قَالَ بَلْ فَعَلَهُ كَبِيرُهُمْ هَذَا فَاسْأَلُوهُمْ إِن كَانُوا يَنطِقُونَ﴾

---

① سۈرە بەقەرە: 258 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنسىتمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: ”سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)“ دېدى. ئۇلار: ”ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)“ دېدى. ئىبراھىم: ”سىلەرمۇ، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ (پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر“ دېدى. ئۇلار: ”سەن راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاق دەۋاتامسەن؟“ دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: ”ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن. اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن“. ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى. (ئۇلار بايرىمىدىن قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ) ”بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن“ دېدى. (ئۇلارنىڭ بەزىسى): ”ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)“ دېدى. ئۇلار (يەنى نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): ”ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن“ دېدى). ئۇلار: ”ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟“ دېدى. (ئىبراھىم: ”(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر

ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!“ دېدى.»[1]

ئەمەلىيەتتە بۇ تاسادىپىيلىق ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇلار دىللىرىغا قاتتىق تەسىر قىلغان بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھەقىقەتكە قايتقىلى ئازلا قالغانىدى. لېكىن ئۇلار دەرھال ئارقىغا يېنىۋېلىپ گۇمراھلىقتا چىڭ تۇردى. ئىمان ئېيتىشنىڭ ئورنىغا ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرىدىغانلىقى ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى:

﴿فَرَجَعُوا إِلَى أَنْفُسِهِمْ فَقَالُوا إِنَّكُمْ أَنْتُمُ الظَّالِمُونَ، ثُمَّ نُكِسُوا عَلَى رُؤُوسِهِمْ لَقَدْ عَلِمْتَ مَا هَؤُلاءِ يَنطِقُونَ، قَالَ أَفَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللهِ مَا لا يَنفَعُكُمْ شَيْئًا وَلا يَضُرُّكُمْ، أُفٍّ لَّكُمْ وَلِمَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللهِ أَفَلَا تَعْقِلُونَ، قَالُوا حَرِّقُوهُ وَانصُرُوا آلِهَتَكُمْ إِن كُنتُمْ فَاعِلِينَ﴾

«ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ: ”(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر“ دېدى. ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: ”ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟“ دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: ”سىلەر اللەنى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ سىلەرگە ۋە اللەنى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟“. ئۇلار ئېيتتى: ”ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار“.[2]»

بىز بۇ يەردە ئىرادىلىك كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىر مەيدانغا يۈزلىنىۋاتىمىز.

ئەمەلىيەتتە اللە تەئالا ئوتقا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرمەسلىكنى ئەمىر قىلغانىدى:

---

[1] سۈرە ئەنبىيا: 51 ـ 63 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا: 64 ـ 68 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿قُلْنَا يَا نَارُ كُونِي بَرْدًا وَسَلامًا عَلَى إِبْرَاهِيمَ﴾

«بىز ئوتقا: "ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن" دېدۇق.»[①]

لېكىن، قۇرئان كەرىم بىزگە الله تەئەلانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭغا قورقماستىن يۈزلەنسە بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغانلىقىنى بايان قىلمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ تەقدىرىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالەتتە ئوتقا يۈزلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ـ ئىلگىرى قەۋمىگە ئېيتقاندەك ـ ئوتنىڭ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى قەتئىي يىراق سانىمايدۇ:

﴿وَلا أَخَافُ مَا تُشْرِكُونَ بِهِ إِلا أَنْ يَشَاءَ رَبِّي شَيْئاً﴾

« مەن سىلەرنىڭ اللەغا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ.»[②]

مانا بۇ اللەغا بولغان ھەقىقى چوڭقۇر ئىمان بولۇپ، بۇنداق ئىمان ھەرقانداق خەتەر ئالدىدا تەۋرەپ قالمايدۇ. گەرچە ئوتتا كۆيۈۋېتىش خەتەرلەرگە دۇچ كەلسىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. اللەنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوت بىلەن ياردەم بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى كاپىرلارنىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى كاتتا بىر مۆجىزە بولدى:

﴿قُلْنَا يَا نَارُ كُونِي بَرْدًا وَسَلامًا عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَأَرَادُوا بِهِ كَيْدًا فَجَعَلْنَاهُمُ الأَخْسَرِينَ، وَنَجَّيْنَاهُ وَلُوطًا إِلَى الأَرْضِ الَّتِي بَارَكْنَا فِيهَا لِلْعَالَمِينَ﴾

«بىز ئوتقا: "ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن" دېدۇق. ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك

---

① سۈرە ئەنبىيا: 69 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنئام: 80 ـ ئايەت.

قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق. بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى بىز ئەھلى جاھان ئۈچۈن بەرىكەتلىك زېمىنغا كۆچۈردۇق.»[①]

لېكىن بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر سىناق بولمىدى. شۇنداقلا ئىلاھى ئېھسانمۇ بىردىنبىر ئېھسان بولۇپ قالمىدى... بەلكى ئەڭ ئېغىر سىناق اللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىشقا ئەمىر قىلغاندا يۈز بەردى:

﴿قَالُوا ابْنُوا لَهُ بُنْيَانًا فَأَلْقُوهُ فِي الْجَحِيمِ، فَأَرَادُوا بِهِ كَيْدًا فَجَعَلْنَاهُمُ الأَسْفَلِينَ، وَقَالَ إِنِّي ذَاهِبٌ إِلَى رَبِّي سَيَهْدِينِ، رَبِّ هَبْ لِي مِنَ الصَّالِحِينَ، فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلامٍ حَلِيمٍ، فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ﴾

«ئۇلار: "ئىبراھىم ئۈچۈن بىر بىنا سېلىڭلار، (ئۇنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ئوت يېقىڭلار، ئوت يانغاندا) ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار" دېدى. (ئۇلار ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش بىلەن) ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى. بىز (ئىبراھىمنى ئوتتىن سالامەت قۇتقۇزۇش بىلەن) ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق. ئىبراھىم ئېيتتى: "مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ.. پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن". بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: "ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمىر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللەنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ).» دېدى.[②]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ چۈشنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭدىن اللەنىڭ

---

① سۈرە ئەنبىيا: 69 ـ 71 ـ ئايەت.
② سۈرە سافقات: 97 ـ 102 ـ ئايەت.

ئۆزىگە ياشانغىنىدا بىرىلگەن سۆيۈملۈك ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىشقا ئەمىر قىلىشۋاتقانلىقىنى چۈشەندى:

﴿اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي وَهَبَ لِي عَلَى الْكِبَرِ إِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ إِنَّ رَبِّي لَسَمِيعُ الدُّعَاءِ﴾

«جىمى ھەمدۇسانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن اللهغا خاستۇر! پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر).»①

بۇ ناھايىتى ئېغىر سىناق بولۇپ، بۇنداق سىناققا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك باغرى يۇمشاق، ۋىجدانلىق ئادەملەرلا ئەمەس باشقا ھەرقانداق دادىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ دېگەن اللهنىڭ بۇيرۇقى تۇرسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسۇنمۇ؟ ياق! گەرچە اللهنىڭ بۇيرۇقى ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەرگىز ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايدۇ.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا اللهنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇ ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە رازى بولدۇ:

﴿فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ السَّعْيَ قَالَ يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانظُرْ مَاذَا تَرَى قَالَ يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِن شَاء اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ﴾

«ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: "ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمىر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللهنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟" دېدى. ئۇ ئېيتتى: "ئى ئاتا! نېمىگە

① سۈرە ئىبراھىم: 39 ـ ئايەت.

بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن“.»[1]

ئىنساننىڭ خىيالىي ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ اللهنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولۇۋاتقان چاغدىكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق دەقىقىلەرنى بىر مىنۇت بولسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

بۇنداق ئېغىر سىناقتا ئىرادىلىك كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم بەرداشلىق بېرەلەيدۇ... لېكىن بۇ سىناقتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەرداشلىق بەردى:

﴿فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ﴾

«ئىككىسى (اللهنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى.[2]»

لېكىن الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلدى. الله ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغلىنى ھەقىقىي بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلمىغان بولۇپ پەقەتلا ئۇنى سىناپ باققانىدى.

ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشتا قانچىلىك دەرىجىدە تەييار تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن الله ئۇنى ئۆزلۈكسىز سىنايدۇ. ئۇ ئاسان ئىشلاردا اللهغا ئىتائەت قىلىپ، قىيىن ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن توختاپ قالامدۇ ياكى اللهنىڭ بۇيرۇقى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن دائىم تەييار تۇرامدۇ؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىناقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتتى. بەلكى ئۇ بۇ سىناقتا پەقەت كۈچلۈك ئىرادىگە ئىگە كىشىلەرلا قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ئاجايىپ يارقىن نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ

---

① سۈرە سافقات: 102 ـ ئايەت.
② سۈرە سافقات: 103 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىلەن اللەنىڭ رەھمىتى نازىل بولدى:

﴿فَلَمَّا أَسْلَمَا وَتَلَّهُ لِلْجَبِينِ، وَنَادَيْنَاهُ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ، قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ، إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْبَلاءِ الْمُبِينُ، وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ﴾

«ئىككىسى (اللەنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: "ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)" دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق.»①

مانا شۇ ۋاقىتتا سىناقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن اللە ئۇنىڭغا پېشىۋالىقنى (يەنى دىندا رەھبەر بولۇشنى) ئېھسان قىلدى:

﴿ۢإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَاماً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. اللە ئۇنىڭغا: "سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشىۋا قىلىمەن" دېدى.»②

اللە ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى بەيتۇللانى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپ قىلغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلاش خىزمىتىگە مۇشەررەپ قىلدى. مانا بۇ يەردە ئۇ ئىككىسى اللەغا ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى ئوتلۇق دۇئاسىنى قىلدى:

---

① سۈرە ساففات: 103 ـ 107 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 124 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْناً وَاتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ، وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ اجْعَلْ هَـٰذَا بَلَدًا آمِنًا وَارْزُقْ أَهْلَهُ مِنَ الثَّمَرَاتِ مَنْ آمَنَ مِنْهُم بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُ قَلِيلاً ثُمَّ أَضْطَرُّهُ إِلَى عَذَابِ النَّارِ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ، وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ، رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ، رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنتَ العَزِيزُ الحَكِيمُ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: ”پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تېنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن“ دېدى. اللە: ”كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن“ دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت! ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: ”پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

(يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن“دېدى.»①

اللە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئۈممەتكە اللەنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىش، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۆگىتىش ۋە اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋەگۇناھلاردىن) پاكلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مەن اللەنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى (بەلگىلەندىم). ھالبۇكى، ئاتام ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا لاي ھالىتىدە يۇغۇرۇلۇۋاتقان ئىدى. مەن سىلەرگە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىمەن. مەن بولسام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتى، ئانام ئامىنەنىڭ كۆرگەن چۈشى. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئانىلىرى شۇنداق چۈش كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغقان چاغدا بىر نۇرنىڭ شامنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى②. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

﴿يَأَيُّهَا النَّبِيُّ إِنَّا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَمُبَشِّرًا وَنَذِيرًا وَدَاعِيًا إِلَى اللَّهِ بِإِذْنِهِ وَسِرَاجًا مُنِيرًا﴾

«ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە، تائەت ـ

---

① سۈرە بەقەرە: 214 ـ 129 ـ ئايەت.
② ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق.»[1]

﴿سَلَامٌ عَلَى إِبْرَاهِيمَ﴾

«ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!»[2]

---

① سۈرە ئەھزاب: 45 ـ 46 ـ ئايەت.

② سۈرە سافقات: 109 ـ ئايەت.

**3 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام:**

﴿وَكَلَّمَ اللَّهُ مُوسَى تَكْلِيماً﴾
«اللە مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلدى.»[1]
﴿قَالَ يَا مُوسَى إِنِّي اصْطَفَيْتُكَ عَلَى النَّاسِ بِرِسَالاتِي وَبِكَلامِي فَخُذْ مَا آتَيْتُكَ وَكُنْ مِنَ الشَّاكِرِينَ﴾
«اللە ئېيتتى: "ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاسىتە سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغىن پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن".»[2]

قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان قىسسە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسىدۇر. چۈنكى، بۇ قىسسە ئىبرەت ئالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەرنى ۋە مۆئمىنلەرگە مەنپەئەت بېرىدىغان نۇرغۇن دەرسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسسىدۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن باشلاپلا اللە ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، اللە ئۇنى ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەزىپە ئۈچۈن تەييارلاۋاتاتتى.

بەنى ئىسرائىلغا قارشى تۈزۈلگەن پىرئەۋننىڭ قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا خىلمۇ-خىل ئازابلار چۈشۈۋاتقان، پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەنى ئىسرائىل ئىچىدە تۇغۇلغان ھەرقانداق ئوغۇل بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان، ئەرلەرسىز بىچارىلىك ۋە خارلىقتا ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن قىزلار تىرىك قالدۇرۇلۇۋاتقان مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار مەجبۇرىي ئەمگەك، قۇل قىلىش،

---

① سۈرە نىسا: 164 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 144 ـ ئايەت.

ئازابلاش ... دېگەندەك خىلمۇ ـ خىل ئازابلارغا دۇچ كېلىۋاتاتتى. پىرئەۋىننىڭ بۇنداق قىلىشتىكى باھانىسى شۇ ئىدىكى، بۇ ئەلدە (يەنى مىسىردا) بەنى ئىسرائىلنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك ئاقىۋەتتىن ئەنسىرەۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، بەنى ئىسرائىل خەلقى پىرئەۋىننىڭ دىنىدا بولماستىن بەلكى ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالام دەۋرلىرىدىن باشلاپ تونۇپ كېلىۋاتقان ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى ئىلاھى بولغان يېگانە اللەنىڭ تەۋھىد دىنىدا ئىدى:

﴿أَمْ كُنْتُمْ شُهَدَاءَ إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ الْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِنْ بَعْدِي قَالُوا نَعْبُدُ إِلَهَكَ وَإِلَهَ آبَائِكَ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ إِلَهاً وَاحِداً وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

«يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: "مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: "سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر اللەغا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز" دېدى.»①

ئۇلار مىسىرغا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا كۆچۈپ كېلىپ يەرلىشىپ، تا بۈگۈنگە قەدەر مۇشۇ يەردە كۆپىيىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا ئۇلار پىرئەۋنگە ئەمەس بەلكى ئىزچىل ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى ئىلاھى بولغان يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى... مانا شۇ سەۋەبتىن، پىرئەۋن ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئېزىشكە باشلىدى.

پىرئەۋن ـ ئەگەر ئۇنىڭ كۆرستىۋاتقان باھانىسى راست بولغان

① سۈرە بەقەرە: 133 ـ ئايەت.

بولسا ـ بەنى ئىسرائىلنى مىسىردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى كەلگەن يۇرتقا قايتۇرۇۋېتەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ پىرئەۋىننىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىدىن قۇتۇلۇپ قالالايتتى. لېكىن، زوراۋانلىق ۋە باشقىلارنى قۇل قىلىش ئارزۇسى پىرئەۋىننى بەنى ئىسرائىلغا قارشى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا دۇنياغا كەلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى پىرئەۋىننىڭ جاسۇسلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بايقاپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن قاتتىق ئەنسىرىدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ اللهنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھىمايىسى باشلاندى. چۈنكى، الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ئىلھام ئارقىلىق ئۇنى ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان ئاجايىپ چارىنى بىلدۈردى. بۇ چارە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا نىسبەتەن سەل غەلىتە تۇيۇلۇپ قالدى. دېمىسىمۇ بۇ ئىنسانىنىڭ خىيالىغا مۇتلەق كىرىپ چىقمايدىغان ئاجايىپ بىر چارە ئىدى.

بىز سۈرە قەسەستىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقايلى:

﴿وَأَوْحَيْنَا إِلَى أُمِّ مُوسَى أَنْ أَرْضِعِيهِ فَإِذَا خِفْتِ عَلَيْهِ فَأَلْقِيهِ فِي الْيَمِّ وَلا تَخَافِي وَلا تَحْزَنِي إِنَّا رَادُّوهُ إِلَيْكِ وَجَاعِلُوهُ مِنَ الْمُرْسَلِينَ﴾

«مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: "مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى(ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى(ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن

قىلىمىز“.»[①]

پاھ! مۇشۇنداق قىيىن دەقىقىلەردە ئۇنىڭغا ئىلھام قىلىنغان بۇ بىشارەت نېمىدېگەن قالتىس ـ ھە! (ھېلىغۇ بۇ اللە تەرەپتىن ئىلھام قىلىنغان چارىكەن) گەرچە ئۇ اللە تەرەپتىن ئىلھام قىلىنغان چارە بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئاجايىپ ئاقىلانە چارە بولغانىدى.

ئۇنى ئېمىتكىن، قورقمىغىن! ئەگەر پىرئەۋىننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن! ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن! (ئۇنىڭ ئايرىلىپ قالغىنىڭغا) قايغۇرمىغىن! بىز ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمىز... پەقەت بۇلا ئەمەس، بەلكى بىز ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئۇنى ئۆيدە ساقلاشتىن ۋە ئېمىتىشتىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭغا ئىككىنچى خىل چارە (بىرىنچى چارىگە قارىغاندا) ئىشەنچلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا مۇسا ئەلەيھىسسالام دەريادا پىرئەۋىننىڭ قوشۇنلىرىدىن يىراق جايلارغا ئېقىپ كېتەتتى. لېكىن، اللەنىڭ تەقدىرى بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئاجايىپ بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى:

﴿فَالْتَقَطَهُ آلُ فِرْعَوْنَ لِيَكُونَ لَهُمْ عَدُوًّا وَحَزَنًا إِنَّ فِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَجُنُودَهُمَا كَانُوا خَاطِئِينَ، وَقَالَتِ امْرَأَتُ فِرْعَوْنَ قُرَّتُ عَيْنٍ لِّي وَلَكَ لا تَقْتُلُوهُ عَسَى أَن يَنفَعَنَا أَوْ نَتَّخِذَهُ وَلَدًا وَهُمْ لا يَشْعُرُونَ﴾

«پىرئەۋىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن، ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى

---

① سۈرە قەسەس: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

خاتالاشقان ئىدى. پىرئەۋنىنىڭ ئايالى: "(بۇ بالا) ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى، (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، بەلكى ئۇ بىزگە ئەسقىتىپ قالار ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز" دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار (پىرئەۋنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى.»①

سۇ دولقۇنلىرى ئۇنى ئېقىتىپ پىرئەۋنىنىڭ قەسرىگە ئېلىپ بارغاندا پىرئەۋنىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى سۈزۈۋالدى. ئۇلار بىر قاراپلا بۇ بوۋاقنىڭ پىرئەۋنىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆزلىرى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئىنتىنتلاپ يۈرگەن بەنى ئىسرائىل جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىشلىرى پىرئەۋنىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس بەلكى اللەنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. پىرئەۋنىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى اللەنىڭ مەلۇم ئىرادىسى ۋە ھەممىدىن خەۋەردا ئىلمى سەۋەبىدىن ئەگەر پۈتكۈل كائىناتتا پىرئەۋنىنىڭ گېپى ئۆتىدىغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنىدىغان ئىش بولۇپ، الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئىرادە قىلسا، پىرئەۋنىنىڭ بۇيرۇقى ھەرگىزمۇ ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى بۇندىن ئىلگىرىمۇ ئۆزلىكىدىن ئىجرا قىلىنغان بولماستىن بەلكى اللەنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىجرا قىلىنغانىدى. ئەگەر اللەنىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭ يولىغا قارشى تۇرسا، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى قانداقمۇ ئىجرا قىلىنسۇن؟

پىرئەۋن ئائىلىسىگە بولغان ئەڭ چوڭ مەسخىرە ـ اللەنىڭ ئالدىنئالا بېكىتىلگەن تەقدىرى بىلەن ـ ئىشقا ئېشىپ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن، ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل

---

① سۈرە قەسەس: 8 ـ 9 ـ ئايەت.

دەرياسىدىن) سۇزۇۋېلىپ ئۇنىڭ تەربىيە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار (پىرئەۋىننىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى.

بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار:

﴿وَأَصْبَحَ فُؤَادُ أُمِّ مُوسَى فَارِغًا إِن كَادَتْ لَتُبْدِي بِهِ لَوْلَا أَن رَّبَطْنَا عَلَى قَلْبِهَا لِتَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾

«مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋىننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى، (ئۇنىڭ اللهنىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق، ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى.»[①]

بۇ يەردە الله ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۆزىدىكى قورقۇنچ ۋە بىئاراملىقنى چاندۇرۇپ قويغان بولسا، ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قالغان ۋە پىرئەۋىننىڭ پايلاقچىلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى ئۆيدە تۇغۇلغانلىقىنى بىلىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى قاتتىق ئازابلىغان بولاتتى. لېكىن، الله مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن خاتىرجەم قىلدى.

ھەقىقەتەن اللە تەئالا قەلبلەرنى خاتىرجەم قىلىدۇ ۋە ئۇنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئىنسان ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا قىلالمايدۇ:

﴿وَقَالَتْ لِأُخْتِهِ قُصِّيهِ فَبَصُرَتْ بِهِ عَن جُنُبٍ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ، وَحَرَّمْنَا عَلَيْهِ الْمَرَاضِعَ مِن قَبْلُ فَقَالَتْ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى أَهْلِ بَيْتٍ يَكْفُلُونَهُ لَكُمْ وَهُمْ لَهُ نَاصِحُونَ، فَرَدَدْنَاهُ إِلَى أُمِّهِ كَيْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ وَلِتَعْلَمَ أَنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ﴾

---

① سۈرە قەسەس: 10 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە: "(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن" دېدى. ھەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئۇنى) تونۇمايتتى. (ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق، مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: "سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئوبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ" دېدى. ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە اللەنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (اللەنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.»[①]

ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى اللەنىڭ تەدبىرى بىلەن بېسىلىپ ئىشلار الله تەرەپتىن تەقدىر قىلىنغان ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىدۇ.

بۇۋاق ـ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ـ بارلىق ئىنكىئانلارنى ئېمىشكە ئۇنىمايدۇ. «(ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئايالLARنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق». ھەتتاكى پىرئەۋىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى قىزىنى ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئەنسىرەشىنىڭ تۈرتكىسىدە ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزچاق (مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ) يولغا چىقىپ ـ بۇ جەرياندا ئۇ ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى، پىرئەۋن ئايالLARنى ئۆلتۈرمەيتتى. بەلكى بوزغۇنچىلىقتا تېخىمۇ چەكتىن ئېشىش ئۈچۈن ئۇلارنى تىرىك قالدۇرۇپ قوياتتى ـ ئۇنى پىرئەۋىننىڭ قەسرىدە

---

① سۈرە قەسەس: 11 ـ 13 ـ ئايەت.

كۆرۈپ ئۇلارغا: «سىلەرگە مۇسانى باقىدىغان ئوبدان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ» دەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئائىلىسىگە باشلاپ بارىدۇ. (ھالبۇكى، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمشىرىسىنى تونۇمايتتى).

شۇنداق قىلىپ (اللە تەرەپتىن) بېكىتىلگەن تەقدىرنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاخىرلىشىپ، ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى، قايغۇرماسلىقى ۋە اللەنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىدۇ.

پىرئەۋننىڭ قەسرىدە تەقدىرنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلىنىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە گويا پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق شاھزادىسىگە ئوخشاش تەربىيىلىنىدۇ، ئەتىۋارلىنىدۇ ۋە ھۆرمەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتىشكەن ئۇستاز ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئۆيىدە قەۋمىنىڭ تىلىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ تىلى بولغا ئىبرانى تىلىنى)، پىرئەۋننىڭ قەسرىدە بولسا پىرئەۋننىڭ تىلىنى (قىبتىلارنىڭ تىلىنى) ئۆگىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن تەقدىرنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى باشلىنىپ، ئۇنىڭ قەدەملىرى ـ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ـ يىراقلارغا يۆتكىلىدۇ...

﴿وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُ وَاسْتَوَى آتَيْنَاهُ حُكْمًا وَعِلْمًا وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ، وَدَخَلَ الْمَدِينَةَ عَلَى حِينِ غَفْلَةٍ مِّنْ أَهْلِهَا فَوَجَدَ فِيهَا رَجُلَيْنِ يَقْتَتِلانِ هَذَا مِن شِيعَتِهِ وَهَذَا مِنْ عَدُوِّهِ فَاسْتَغَاثَهُ الَّذِي مِن شِيعَتِهِ عَلَى الَّذِي مِنْ عَدُوِّهِ فَوَكَزَهُ مُوسَى فَقَضَى عَلَيْهِ قَالَ هَذَا مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ عَدُوٌّ مُّضِلٌّ مُّبِينٌ، قَالَ رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي فَغَفَرَ لَهُ إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ، قَالَ رَبِّ بِمَا أَنْعَمْتَ عَلَيَّ فَلَنْ أَكُونَ ظَهِيرًا لِّلْمُجْرِمِينَ، فَأَصْبَحَ فِي الْمَدِينَةِ خَائِفًا يَتَرَقَّبُ فَإِذَا الَّذِي اسْتَنصَرَهُ بِالأَمْسِ يَسْتَصْرِخُهُ قَالَ لَهُ مُوسَى إِنَّكَ لَغَوِيٌّ مُّبِينٌ، فَلَمَّا أَنْ أَرَادَ أَن يَبْطِشَ بِالَّذِي هُوَ عَدُوٌّ لَّهُمَا قَالَ يَا مُوسَى أَتُرِيدُ أَن تَقْتُلَنِي كَمَا قَتَلْتَ نَفْسًا بِالأَمْسِ إِن تُرِيدُ إِلا أَن تَكُونَ جَبَّارًا فِي الأَرْضِ وَمَا تُرِيدُ أَن تَكُونَ مِنَ الْمُصْلِحِينَ، وَجَاء رَجُلٌ مِّنْ أَقْصَى الْمَدِينَةِ يَسْعَى قَالَ يَا مُوسَى إِنَّ الْمَلأَ يَأْتَمِرُونَ بِكَ لِيَقْتُلُوكَ فَاخْرُجْ إِنِّي لَكَ مِنَ النَّاصِحِينَ، فَخَرَجَ مِنْهَا خَائِفًا يَتَرَقَّبُ قَالَ رَبِّ نَجِّنِي مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«مۇسا ئۆسۈپ يېتىلگەندە، ئەقلى توشقاندا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئىلىمنى ئاتا قىلدۇق، بىز ياخشىلارغا مۇشۇنداق مۇكاپات بېرىمىز. مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقىدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: ”بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر“. مۇسا ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن“. الله ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. مۇسا ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! (ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن“. مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى، ناگاھان تۈنۈگۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئادەم (بىر قىبتى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان ھالدا) مۇسادىن يەنە ياردەم تىلىدى، مۇسا ئۇنىڭغا: ”سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا گۇمراھ ئىكەنسەن“ دېدى. مۇسا ئىككىسىنىڭ (ئورتاق) دۈشمىنى بولغان ئادەم (يەنى قىبتى) گە قول ئۇزاتماقچى بولغاندا، ياردەم تىلىگەن ئادەم: ”ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن، سەن زېمىندا تۈزگۈچىلەردىن بولۇشنى خالىماي، پەقەت زومىگەر بولۇشنىلا خالايسەن“ دېدى. بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: ”ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ،

(شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەن ئەلۋەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن" دېدى. مۇسا قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا شەھەردىن چىقتى، ئۇ: "ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن" دېدى.»①

ئەينى چاغدا، (مىسىرنىڭ) ھەرقايسى جايلىرىدىكى بەنى ئىسرائىل خەلقى (يەرلىك قىپتىلارنىڭ) قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتاتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مىسىرلىق بىر كىشى بەنى ئىسرائىل خەلقىدىن بولغان بىر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. بەنى ئىسرائىل خەلقىدىن بولغان ھېلىقى كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ـ گەرچە ئۇ بەنى ئىسرائىل جەمەتىدىن بولسىمۇ ـ پىرئەۋننىڭ قەسرىدە خېلى چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنى مىسىرلىقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئۈنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. بۇ چاغدا، ئىسرائىل خەلقىگە چۈشۈۋاتقان قۇللۇق ۋە زۇلۇملارنى كۆرۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ ـ دە، ھېلىقى مىسىرلىقنى (ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئەمەس بەلكى ئازراق ئەدەپلەپ قويۇش مەقسىتىدە) قاتتىق ئۇرىدۇ. لېكىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك قولى ھېلىقى مىسىرلىققا قاتتىق تېگىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ اللەدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇنىڭدىن بۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلماسلىقنى نىيەت قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا باققان ھالدا تۈنۈگۈنكى ھادىسىنىڭ خەۋىرىنى تىڭتىڭلاش ۋە كىشىلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلگەن بىلمىگەنلىكىنى بىلىش

① سۈرە قەسەس: 14 ـ 21 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مەقسىتىدە شەھەر كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، ھېلىقى بەنى ئىسرائىللىقنىڭ يەنە بىر مىسىرلىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، مىسىرلىق كىشىنىڭ ئۇنى قاتتىق بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، (گەرچە تۈنۈگۈن بۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلماسلىقنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ) مىسىرلىقنى ئازراق ئەدەپلەپ قويماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى مىسىرلىق (ياكى بەنى ئىسرائىللىق كىشى كۆڭلىدە «مۇسا مېنى ئۇرماقچى» دەپ ئويلاپ قېلىپ) قاتتىق قوقۇپ كېتىپ: «ئى مۇسا! سەن تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام خەۋەرنىڭ ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خىيال قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ قېشىغا بىر ناتونۇش ئادەم كېلىپ (ئېھتىمال ئۇ بىز تۆۋەندە سۆزلىمەكچى بولغان پىرئەۋن ئائىلىسىدىكى مۇئمىن كىشى بولۇشى مۇمكىن.) ئۇنىڭغا شەھەردىن چىقىپ كېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا كاتتىلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشىۋاتاتتى:

﴿وَلَمَّا تَوَجَّهَ تِلْقَاء مَدْيَنَ قَالَ عَسَى رَبِّي أَن يَهْدِيَنِي سَوَاء السَّبِيلِ، وَلَمَّا وَرَدَ مَاء مَدْيَنَ وَجَدَ عَلَيْهِ أُمَّةً مِّنَ النَّاسِ يَسْقُونَ وَوَجَدَ مِن دُونِهِمُ امْرَأتَيْنِ تَذُودَانِ قَالَ مَا خَطْبُكُمَا قَالَتَا لا نَسْقِي حَتَّى يُصْدِرَ الرِّعَاء وَأَبُونَا شَيْخٌ كَبِيرٌ، فَسَقَى لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّى إِلَى الظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّي لِمَا أَنزَلْتَ إِلَيَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ، فَجَاءتْهُ إِحْدَاهُمَا تَمْشِي عَلَى اسْتِحْيَاء قَالَتْ إِنَّ أَبِي يَدْعُوكَ لِيَجْزِيَكَ أَجْرَ مَا سَقَيْتَ لَنَا فَلَمَّا جَاءهُ وَقَصَّ عَلَيْهِ الْقَصَصَ قَالَ لا تَخَفْ نَجَوْتَ مِنَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ، قَالَتْ إِحْدَاهُمَا يَا أَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الأَمِينُ، قَالَ إِنِّي أُرِيدُ أَنْ أُنكِحَكَ إِحْدَى ابْنَتَيَّ هَاتَيْنِ عَلَى أَن تَأْجُرَنِي ثَمَانِيَ حِجَجٍ فَإِنْ أَتْمَمْتَ عَشْرًا فَمِنْ عِندِكَ وَمَا أُرِيدُ أَنْ أَشُقَّ عَلَيْكَ سَتَجِدُنِي إِن شَاء اللَّهُ مِنَ الصَّالِحِينَ، قَالَ ذَلِكَ بَيْنِي وَبَيْنَكَ أَيَّمَا الأَجَلَيْنِ قَضَيْتُ فَلا عُدْوَانَ عَلَيَّ وَاللَّهُ عَلَى مَا نَقُولُ وَكِيلٌ﴾

«ئۇ مەديەن تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدا: "پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن"دېدى. مۇسا مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كەلگەندە (ماللىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى سۇدىن) توسۇپ تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. مۇسا ئۇلارغا: "سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟)" دېدى، ئۇلار: "پادىچىلار قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان بوۋايدۇر" دېدى. مۇسا ئۇلارنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەردى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ): "پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج" دېدى. ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ: "(قويلىرىمىزنى) سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن ئاتام سېنى راستلا چاقىرىدۇ" دېدى. مۇسا ئۇنىڭ (يەنى شۇئەيبنىڭ) قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بەردى، شۇئەيب: "قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ" دېدى. ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى ئېيتتى: "ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر". ئۇ (يەنى شۇئەيب) ئېيتتى: "ماڭا سەككىز يىل ئىشلەپ بېرىشىڭ بەدىلىگە ساڭا بۇ ئىككى قىزىمنىڭ بىرىنى بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر ئون يىلنى توشقۇزۇۋەتسەڭ (ئۇمۇ) ئىختىيارىڭ، (ئون يىلنى شەرت قىلىپ) سېنى مۇشەققەتكە سېلىپ قويۇشنى خالىمايمەن، خۇدا خالىسا، مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقايسەن". مۇسا ئېيتتى: "بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدىكى توختامدۇر، ئىككى مۇددەت (يەنى سەككىز يىل بىلەن ئون يىل) نىڭ قايسىسىنى توشقۇزسام توشقۇزاي، ماڭا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇشقا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بولمايدۇ، اللە بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر“.»①

مۇسا ئەلەيھىسسالام ـ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ـ مەديەنگە يېتىپ كەلدى ۋە مەديەن قۇدۇقى ئەتراپىدا بىر توپ كىشىلەرنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىۋاتانلىقىنى ۋە يەنە ئىككى قىزنىڭ قويلىرىنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىككىسى قىستاڭچىلىق پەسەيمىگۈچە قۇدۇقتىن سۇ ئالالمايتتى. بۇلارنىڭ دادىسى ياشىنىپ قالغان ئادەم بولغاچقا ئائىلىسىدە قىزلارنىڭ يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغان باشقا ئادەم يوق ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىكى باتۇرلۇق ۋە جەسۇرلۇق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ قىزلارنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بەردى ئاندىن كېيىن سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن ئارام ئېلىش مەقسىتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (بىر دەرەخنىڭ) سايىسىگە بېرىپ (ئولتۇرۇپ) ئېرىشكەن خاتىرجەملىك، سۇ ۋە سايىگە بىنائەن اللەغا شۈكرى قىلىدۇ... شۇ ۋاقىتتا ئىككى قىزنىڭ بىرى ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى ۋە ئادەمگەرچىلىكىنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن دادىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە چاقىرىپ كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام قىزلارنىڭ دادىسىغا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇ: «قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ» دېدى ۋە ئۇنىڭغا ـ قىزنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى تەكلىپىگە بىنائەن ـ سەككىز يىل ياكى خالىسا ئون يىل ئىشلەپ بېرىش بەدىلىگە ئىككى قىزنىڭ بىرىنى نىكاھلاپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە بۇ سالىھ كىشىنىڭ قېشىدا بىر قانچە يىلنى ئۆتكۈزدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام كېلىشكەن مۇددەتنىڭ تولۇقراقى بولغان ئون

---

① سۈرە قەسەس: 22 ـ 28 ـ ئايەت.

يىلنى توشقۇزۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقىدۇ ۋە تۇر تېغى تەرەپتە بىر ئوتنى كۆرۈپ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار! سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي» دېدى... بۇ يەردە مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋە باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ بىر تاسادىپىيلىق يۈز بېرىدۇ.

مۇسا ئەلەيهىسسالام بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن ئوتتىن ئۇنى چاقىرغان ئاۋاز چىقىدۇ ۋە بۇ ئاۋاز: «مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهدۇرمەن» دەيدۇ:

﴿فَلَمَّا قَضَى مُوسَى الأَجَلَ وَسَارَ بِأَهْلِهِ آنَسَ مِن جَانِبِ الطُّورِ نَارًا قَالَ لأَهْلِهِ امْكُثُوا إِنِّي آنَسْتُ نَارًا لَّعَلِّي آتِيكُم مِّنْهَا بِخَبَرٍ أَوْ جَذْوَةٍ مِنَ النَّارِ لَعَلَّكُمْ تَصْطَلُونَ، فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِي مِن شَاطِئِ الْوَادِي الأَيْمَنِ فِي الْبُقْعَةِ الْمُبَارَكَةِ مِنَ الشَّجَرَةِ أَن يَا مُوسَى إِنِّي أَنَا اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾

«مۇسا (ئۆز ئارا كېلىشكەن مۇددەتنى (يەنى كېلىشكەن مۇددەتنىڭ تولۇقراقى بولغان ئون يىلنى) توشقۇزغاندىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ (مىسىرغا قاراپ) يولغا چىقتى، ئۇ تۇر تېغى تەرىپىدە ئوت كۆردى①، ئۇ ئايالىغا: "شۈبهىسىزكى، مەن (يىراقتىن) ئوت كۆردۈم، ئۇ يەردىن مەن سىلەرگە بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي، يا سىلەرنىڭ ئىسسىنىشىڭلار ئۈچۈن ئوتتىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلەي" دېدى (مۇسا ئەلەيهىسسالام ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئوت ئەمەس نۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى). مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن (مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: "ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن، ھەقىقەتەن، ئالەملەرنىڭ

---

① بۇ سوغوق كېچىدە ئۇلار يولدىن ئادىشىپ كەتتى. قاتتىق بوران چىقىپ، مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ پادىسىنى تارقىتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالدى. مۇشۇنداق چاغدا مۇسا ئەلەيهىسسالامغا يىراقتىن بىر ئوت كۆرۈندى.

پەرۋەردىگارى اللە دۇرمەن".»①
بۇ ئاجايىپ بىر تاسادىپىيلىق بولۇپ هارقاندىداق ئادەم ئۇنىڭدىن هەيران قالاتتى.
ئەگەر مۇسا ئەلەيهىسسالام بۇ ئاۋازدىن هەقىقى ئەهۋالنى بىلىپ بىقىش مەقسىتىدە ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا ئوتقا يېقىنلاشتۇرۇۋاتقان ئاجايىپ مۇلايىملىقنى هېس قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن بولاتتى. ئەمما، مۇسا ئەلەيهىسسالام ئۆزى كۆتۈرۈۋالغان هاسىنىڭ گويا غايەت زور ئەجدىھاغا ئوخشاش هەرىكەتلىنىشىدەك تاسادىپىيلىققا بەرداشلىق بېرەلمىدى:

﴿وَأَنْ أَلْقِ عَصَاكَ فَلَمَّا رَآهَا تَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَانٌّ وَلَّى مُدْبِرًا وَلَمْ يُعَقِّبْ يَا مُوسَى أَقْبِلْ وَلَا تَخَفْ إِنَّكَ مِنَ الْآمِنِينَ، اسْلُكْ يَدَكَ فِي جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاء مِنْ غَيْرِ سُوءٍ وَاضْمُمْ إِلَيْكَ جَنَاحَكَ مِنَ الرَّهْبِ فَذَانِكَ بُرْهَانَانِ مِن رَّبِّكَ إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ، قَالَ رَبِّ إِنِّي قَتَلْتُ مِنْهُمْ نَفْسًا فَأَخَافُ أَن يَقْتُلُونِ﴾

«"سەن هاساڭنى تاشلىغىن". مۇسا هاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز هەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىمىدى، (نىدا قىلىندىكى) "ئى مۇسا! ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن هەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن. قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ هېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر، ئۇلار هەقىقەتەن (بىزنىڭ ئىتائىتىمىزدىن چىققۇچى) پاسىق قەۋم ئىدى". مۇسا ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! مەن هەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى

① سۈرە قەسەس: 29 ـ 30 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرۈۋشىدىن قورقىمەن".» ①

مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ پەيغەمبەر بولدى. مانا ئۇ ئەمدى غايەت زور ئەجدىھاغا ئايلىنىدىغان ھاسا ۋە قويىنىغا سالسا ھېچقانداق ئىللەتسىز (بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدىغان قولدىن ئىبارەت ئىككى مۆجىزىنى ئېلىپ پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇلدى.

لېكىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىشتىن قورقۇپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ قىپتىلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولۇپ (ئەگەر ئۇلارنىڭ قېشىغا بارسا) بەلكى ئۇلار تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ تىلى كېكەچ بولۇپ، سۆزنىدە تەمتىرەپ قېلىپ دېمەكچى بولغان گېپىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكتىن ئەنسىرەپ، اللەدىن قېرىندىشى ھارۇننى پەيغەمبەرلىكتە ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ:

﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي قَتَلْتُ مِنْهُمْ نَفْسًا فَأَخَافُ أَن يَقْتُلُونِ، وَأَخِي هَارُونُ هُوَ أَفْصَحُ مِنِّي لِسَانًا فَأَرْسِلْهُ مَعِيَ رِدْءًا يُصَدِّقُنِي إِنِّي أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ﴾

«مۇسا ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋشىدىن قورقىمەن. قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭدىن راۋاندۇر، ئۇنى مەن بىلەن (پەيغەمبەرلىكىمنى) تەستىقلايدىغان ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن".» ②

اللە ئۆز رەھمىتى بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ زىيانكەشلىك قىلالمايدىغانلىقى ئارقىلىق ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ:

---

① سۈرە قەسەس: 31 ـ 33 ـ ئايەت.

② سۈرە قەسەس: 33 ـ 34 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿قَالَ سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ وَنَجْعَلُ لَكُمَا سُلْطَانًا فَلا يَصِلُونَ إِلَيْكُمَا بِآيَاتِنَا أَنتُمَا وَمَنِ اتَّبَعَكُمَا الْغَالِبُونَ﴾
«اللـه ئېيتتى: ”قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز، ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر“.»[1]

مۇسا ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىنى ئېلىپ پىرئەۋننىڭ قېشىغا باردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئارىسىدا ھەرقانداق جاھىلىيەتتىكى تاغۇت بىلەن ﴿لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ﴾ «بىر اللەدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دېگەن تەۋھىد ھەقىقىتىگە دەۋەت قىلغۇچى ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان كۈرەشلەر باشلىنىپ كېتىدۇ.

ھەقىقەتەن ئۇ تارىختا تەكرارلىنىدىغان بىردىنبىر قىسسىدۇر.

پۈتكۈل يەر شارىدا ﴿لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ﴾ دەۋىتىنى قارشى ئېلىپ كۈتىۋالىدىغان ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزىدىغان بىرەرمۇ تاغۇت يوق.

گەرچە ﴿لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ﴾ تولىمۇ ئاددى سۆز بولسىمۇ بىراق ئۇ ـ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ـ تاغۇتلارنىڭ قۇلىقىغا گويا بازغان بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق ئاڭلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: «بۇ تاغۇتلار ئۆزلىرى دەۋا قىلىۋاتقاندەك ئىلاھ بولماستىن بەلكى اللەنىڭ بەندىسىدۇر. شۇڭا ئۇلار اللەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىشى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندىشى كېرەك. پەقەت اللـە تەئالالا ئىبادەتكە ۋە ئىتائەتكە لايىق ھەقىقى ئىلاھ بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆزى يەككە ـ يىگانە ھالەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

---

[1] سۈرە قەسەس: 35 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شۇ سەۋەبتىن، خۇددى اللەنىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغانىدەك، دەۋەتچىلەر ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى قورال كۆتۈرۈشكە ۋە ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىۋاتقان بولماستىن بەلكى تىنچلىققا ۋە سەۋر قىلىشقا چاقىرىۋاتقان بولسىمۇ تاغۇتلار بىلەن ﴿لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ﴾غا دەۋەت قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك جەڭ باشلىنىدۇ:

﴿وَإِن كَانَ طَآئِفَةٌ مِّنكُمْ آمَنُواْ بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ وَطَآئِفَةٌ لَّمْ يْؤْمِنُواْ فَاصْبِرُواْ حَتَّى يَحْكُمَ اللّهُ بَيْنَنَا وَهُوَ خَيْرُ الْحَاكِمِينَ، قَالَ الْمَلأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُواْ مِن قَوْمِهِ لَنُخْرِجَنَّكَ يَا شُعَيْبُ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَكَ مِن قَرْيَتِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا﴾

«ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، اللە بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. اللە ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: "ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك" دېدى.»①

تاغۇت ﴿لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ﴾غا دەۋەت قىلىشنىڭ ئۆزىنىلا شەخسەن ئۆزىگە قارشى ئېلان قىلىنغان جەڭ دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇ ﴿لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ﴾نىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ، ﴿لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ﴾نىڭ مەنىسىنىڭ «تاغۇتلار كىشىلەرنى قۇل قىلىشتا ئىشلىتىۋاتقان، تارتىۋېلىنغان ھۆكۈمرانلىقنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى ۋە پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان يېگانە اللەغا قايتۇرۇپ بېرىش» ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

گەرچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە پىرئەۋنىدىن ئۆزىنىڭ

---

① سۈرە ئەئراف: 87 ـ 88 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ۋە ئۆزىگە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلماستىن، بەنى ئىسرائىلنى قويۇۋېتىشنى ۋە ئۇلارنى ئازابلىماسلىقنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تارىختىن بۇيانقى تاغۇت بىلەن ﴿لاَ إِلهَ إلا الله﴾غا دەۋەت قىلغۇچى ئارىسىدا پارتىلىغاندەك شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنى ئازابلىماسلىقنى ئۆزىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللەنىڭ نامى بىلەن تەلەپ قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ يەردىكى مەسىلە ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا «ئىتائەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ھەقىقى ئىلاھ اللەمۇ ياكى تاغۇتلارمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى ئىلاھ مەسىلىسى ئىدى.

سىز مەسىلىنى قايسى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، تاغۇتلارنىڭ ئېڭىدا يەنىلا ئىلاھ مەسىلىسىدۇر.

بەزىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلە سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە شەخسنىڭ زۇلۇملىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش مەسىلىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىز زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋېتىشنى اللەنىڭ نامى بىلەن ۋە اللەنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ نامى بىلەن تەلەپ قىلسىڭىز، تاغۇتنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھالەتتە ئۇنىڭدىن ئىلاھلىقنى تارتىۋېلىپ يىگانە اللەغا تاپشۇرغان بولىسىز. تاغۇتلار باشقا ھەرقانداق نەرسىگە بەرداشلىق بېرەلىسىمۇ لېكىن بۇ سۆز قورالسىز ۋە ئۇرۇشسىز ئېيلان قىلىنىۋاتقىنى بىلەن ئۇلارغا گويا ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە مۇپتىلا قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

بارلىق تاغۇتلار اللەنىڭ نامى بىلەن ۋە اللەغا ئىتائەت قىلىشنىڭ نامى بىلەن بىرەر ئىشقا چاقىرىلغان چاغدا ھېس قىلىدىغان خەتەرنى پىرئەۋنمۇ ھېس قىلدى... ئۇ (بۇنىڭدىن) باش تارتتى ۋە (اللەغا ئىتائەت قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلدى. ئاندىن ئۇ (مۇسا ئەلەيھىسسالامغا

ئۇنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى ھەققىدە) تەھدىت سالدى.

خۇددى سۈرە شۇئەرادا تىلغا ئېلىنغانـدەك، مۇسـا ئەلەيھىسسـالام بىلەن پىرئەۋن ئارىسىدىكى دىئالوگلار بۇنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

﴿فَأْتِيَا فِرْعَوْنَ فَقُولا إِنَّا رَسُولُ رَبِّ الْعَالَمِينَ. أَنْ أَرْسِلْ مَعَنَا بَنِي إِسْرَائِيلَ، قَالَ أَلَمْ نُرَبِّكَ فِينَا وَلِيدًا وَلَبِثْتَ فِينَا مِنْ عُمُرِكَ سِنِينَ، وَفَعَلْتَ فَعْلَتَكَ الَّتِي فَعَلْتَ وَأَنتَ مِنَ الْكَافِرِينَ. قَالَ فَعَلْتُهَا إِذًا وَأَنَا مِنَ الضَّالِّينَ، فَفَرَرْتُ مِنكُمْ لَمَّا خِفْتُكُمْ فَوَهَبَ لِي رَبِّي حُكْمًا وَجَعَلَنِي مِنَ الْمُرْسَلِينَ، وَتِلْكَ نِعْمَةٌ تَمُنُّهَا عَلَيَّ أَنْ عَبَّدتَّ بَنِي إِسْرَائِيلَ، قَالَ فِرْعَوْنُ وَمَا رَبُّ الْعَالَمِينَ، قَالَ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ، قَالَ لِمَنْ حَوْلَهُ أَلا تَسْتَمِعُونَ، قَالَ رَبُّكُمْ وَرَبُّ آبَائِكُمُ الأَوَّلِينَ، قَالَ إِنَّ رَسُولَكُمُ الَّذِي أُرْسِلَ إِلَيْكُمْ لَمَجْنُونٌ، قَالَ رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ، قَالَ لَئِنِ اتَّخَذْتَ إِلَهًا غَيْرِي لأَجْعَلَنَّكَ مِنَ الْمَسْجُونِينَ﴾

«سىلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا بېرىـپ: ”بىـز ھەقـقەتەن ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىگارىنىـڭ ئەلچىسـىمىز. ئىسـرائىل ئەۋلادىنـى (قۇللۇقتىـن) بوشاتقىن، ئۇلار بىز بىلەن (شامغا) كەتسۇن دەڭلار“. (ئۇلار پىـرئەۋنگە كېلىپ ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى) پىرئەۋن (مۇساغا) ئېيتتـى: ”سـېنى بىـز ئۆيىمىزدە كىچىكىڭدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلمىـدۇقمۇ؟ ئـارىمىزدا كـۆپ يىللار تۇرمىدىڭمۇ؟ سەن ھېلىقى قىلغان ئىشىڭنى قىلمىـدىڭمۇ؟ (يەنـى قىبتىنى ئۆلتۈرمىدىڭمۇ؟) سەن تۇزكورلاردىنسەن“. مۇسا ئېيتتـى: ”مەن ئـۇ ئىشنى قىلغـان چېغىمـدا نـادانلاردىن ئىـدىم. سـىلەردىن قورقـۇپ، سـىلەردىن قـاچتىم، پەرۋەردىگـارىم ماڭـا ھـېكمەت ئاتـا قىلـدى، مېنـى پەيغەمبەر قىلدى. سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلدىڭ، سېنىڭ ماڭـا مىننەت قىلغان نېمىتىڭ ئەنە شۇدۇر“. پىرئەۋن ئېيتتـى: ”ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىگـارى دېـگەن نـېمە؟“. مۇسـا ئېيتتـى: ”ئـۇ ئاسـمانلارنىڭ، زېمىننىـــڭ ۋە ئۇلارنىـــڭ ئارىســـىدىكى پۈتـــۈن مەخلۇقاتلارنىـــڭ پەرۋەردىگارىـدۇر. ئەگەر سـىلەر ھەقىقـي ئىشـىنىدىغان بولسـاڭلار“. پىـرئەۋن چۆرىسـىدىكىلەرگە: ”(ئۇنىـڭ جـاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسـىلەر؟“ دېدى. مۇسا ئېيتتى: ”(ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ

ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر". پىرئەۋن ئېيتتى: "سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە مەجنۇندۇر". مۇسا ئېيتتى: "(ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار". پىرئەۋن ئېيتتى: "ئەگەر مەندىن غەيرىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولساڭ، سېنى چوقۇم زىندانغا تاشلايمەن".»①

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدۇ. پىرئەۋن بولسا بۇ مەسىلىنى «ئىتائەت قىلىنىشقا تېگىشلىك مەبۇد زادى كىم؟» دېگەن ئۇلۇھىيەت مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى قويۇۋېتىشنى سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى مەسىلە نامىدىن ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك نامىدىن تەلەپ قىلماستىن بەلكى اللەنىڭ نامى بىلەن تەلەپ قىلىۋاتاتتى:

﴿فَلَمَّا جَاءهُم مُّوسَى بِآيَاتِنَا بَيِّنَاتٍ قَالُوا مَا هَذَا إِلا سِحْرٌ مُّفْتَرًى وَمَا سَمِعْنَا بِهَذَا فِي آبَائِنَا الأَوَّلِينَ، وَقَالَ مُوسَى رَبِّي أَعْلَمُ بِمَن جَاء بِالْهُدَى مِنْ عِندِهِ وَمَن تَكُونُ لَهُ عَاقِبَةُ الدَّارِ إِنَّهُ لا يُفْلِحُ الظَّالِمُونَ، وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَا أَيُّهَا الْمَلأُ مَا عَلِمْتُ لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرِي فَأَوْقِدْ لِي يَا هَامَانُ عَلَى الطِّينِ فَاجْعَل لِّي صَرْحًا لَّعَلِّي أَطَّلِعُ إِلَى إِلَهِ مُوسَى وَإِنِّي لأَظُنُّهُ مِنَ الْكَاذِبِينَ، وَاسْتَكْبَرَ هُوَ وَجُنُودُهُ فِي الأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَظَنُّوا أَنَّهُمْ إِلَيْنَا لا يُرْجَعُونَ﴾

«مۇسا ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇلار: "بۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان سېھىردۇر، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ (زامانىدا) بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدۇق" دېدى. مۇسا ئېيتتى: "پەرۋەردىگارىم! ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىن كىمنىڭ ھىدايەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىگە كىمنىڭ ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، زالىملار (يەنى اللەغا

① سۈرە شۇئەرا: 16 ـ 29 ـ ئايەت.

يالغاننى چاپلىغۇچى فاجىرلار) چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ“. پىرئەۋن ئېيتتى: ”ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى هامان، مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى (ئاسماندا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا) يالغانچىلاردىن گۇمان قىلىمەن“. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر زېمىنىدا زۇلۇم قىلىپ (ئىمان ئېيتىشقا) بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايمىز (يەنى قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىش يوق، ھېساب ئېلىنىشمۇ، جازاغا تارتىلىشمۇ يوق) دەپ گۇمان قىلدى.»①

ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ھاسا، قول، سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا ۋە قاندىن ئىبارەت روشەن يەتتە مۆجىزىنى كۆردى:

﴿وَلَمَّا وَقَعَ عَلَيْهِمُ الرِّجْزُ قَالُواْ يَا مُوسَى ادْعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَ لَئِن كَشَفْتَ عَنَّا الرِّجْزَ لَنُؤْمِنَنَّ لَكَ وَلَنُرْسِلَنَّ مَعَكَ بَنِي إِسْرَآئِيلَ، فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُمُ الرِّجْزَ إِلَى أَجَلٍ هُم بَالِغُوهُ إِذَا هُمْ يَنكُثُونَ﴾

«ئۇلارغا بالا نازىل بولغاندا، ئۇلار: ”ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۆزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە) دۇئا قىلساڭ، اللهغا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز“ دېگەن ئىدى. ئۇلاردىن بالانى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار توساتتىن ئەھدىلىرىنى بۇزدى.»②

---

① سۈرە قەسەس: 36 ـ 39 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 134 ـ 135 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن توققۇز مۆجىزىدىن[①] يۈز بەرمىگەن ئىككى مۆجىزىلا قالدى:

﴿وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِي إِنَّكُم مُّتَّبَعُونَ، فَأَرْسَلَ فِرْعَوْنُ فِي الْمَدَائِنِ حَاشِرِينَ، إِنَّ هَؤُلَاء لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ، وَإِنَّهُمْ لَنَا لَغَائِظُونَ، وَإِنَّا لَجَمِيعٌ حَاذِرُونَ، فَأَخْرَجْنَاهُم مِّن جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ، وَكُنُوزٍ وَمَقَامٍ كَرِيمٍ، كَذَلِكَ وَأَوْرَثْنَاهَا بَنِي إِسْرَائِيلَ، فَأَتْبَعُوهُم مُّشْرِقِينَ، فَلَمَّا تَرَاءى الْجَمْعَانِ قَالَ أَصْحَابُ مُوسَى إِنَّا لَمُدْرَكُونَ، قَالَ كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ، فَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنِ اضْرِب بِّعَصَاكَ الْبَحْرَ فَانفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَالطَّوْدِ الْعَظِيمِ، وَأَزْلَفْنَا ثَمَّ الآخَرِينَ، وَأَنجَيْنَا مُوسَى وَمَن مَّعَهُ أَجْمَعِينَ، ثُمَّ أَغْرَقْنَا الآخَرِينَ﴾

«بىز مۇساغا: "كېچىدە بەندىلىرىمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) ئېلىپ ئاتلانغىن. سىلەر ئەلۋەتتە قوغلىنىسىلەر، (يەنى پىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىلەن سىلەرنى قوغلاپ چىقىدۇ)" دەپ ۋەھيى قىلدۇق. پىرئەۋن شەھەرلەرگە (ئەسكەر) توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى. (پىرئەۋن ئېيتتىكى) "بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرۈپ قويدى. بىز ھەقىقەتەن ئېھتىياتچان جامائەمىز". بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى) ئۇلارنى كۈن چىققان چاغدا قوغلاپ چىقتى. ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر-بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: "ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى)بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى" دېدى. مۇسا ئېيتتى: "ئۇنداق بولمايدۇ

① ﴿وَأَدْخِلْ يَدَكَ فِي جَيْبِكَ تَخْرُجْ بَيْضَاءَ مِنْ غَيْرِ سُوءٍ فِي تِسْعِ آيَاتٍ إِلَى فِرْعَوْنَ وَقَوْمِهِ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمًا فَاسِقِينَ﴾

«قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى.» (سۈرە نەمل: 12 ـ ئايەت.)

(يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ". بىز مۇساغا: "ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن" دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېدى) دەريا يېرىلدى، (ھەر بىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا كىرگۈزدۇق). مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) غەرق قىلدۇق.»[①]

ئۆز قوشۇنلىرى ۋە تەۋەلىرىگە ﴿أَنَا رَبُّكُمُ الأَعْلَى﴾ «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»[②] دېگەن پىرئەۋن غەرق بولدى.

يىللاردىن بىرى ـ ئۇلارنىڭ پاسىقلىقى سەۋەبىدىن ـ پىرئەۋن ئالداپ كېلىۋاتقان ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن قۇل قىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە غەرق بولدى:

﴿فَاسْتَخَفَّ قَوْمَهُ فَأَطَاعُوهُ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْماً فَاسِقِينَ﴾

«پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى.»[③]

ئۇلارنىڭ غەرق قىلىنىشى زېمىندا چوڭچىلىق قىلىغۇچى زوراۋانلار ئۈچۈن ئىبرەت بولغانىدى. لېكىن، تاغۇتلار قاچانمۇ ئىبرەت ئېلىپ باققان؟

﴿قُلِ انْظُرُوا مَاذَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا تُغْنِي الآيَاتُ وَالنُّذُرُ عَنْ قَوْمٍ لا يُؤْمِنُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، "ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى

---

① سۈرە شۇئەرا: 52 ـ 66 ـ ئايەت.
② سۈرە نازىئات: 24 ـ ئايەت.
③ سۈرە زۇخرۇف: 54 ـ ئايەت.

پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ.»①

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى جاپالىق مەزگىللەر... يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئىزچىل ئېلىپ بارغان بىر قانچە يىللىق جىھاد مەزگىللىرى، بەنى ئىسرائىلغا توختىماستىن كېلىۋاتقان زىيانكەشلىكلەر ئاخىرلاشتى. ھالبۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام (بۇ مەزگىللەردە) ئۇلاردا سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىقنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلاردىن ئۈمىدسىزلىكنىڭ تۇمانلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى:

﴿وَقَالَ الْمَلأُ مِن قَوْمِ فِرْعَونَ أَتَذَرُ مُوسَى وَقَوْمَهُ لِيُفْسِدُواْ فِي الأَرْضِ وَيَذَرَكَ وَآلِهَتَكَ قَالَ سَنُقَتِّلُ أَبْنَاءهُمْ وَنَسْتَحْيِي نِسَاءهُمْ وَإِنَّا فَوْقَهُمْ قَاهِرُونَ، قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ اسْتَعِينُوا بِاللّهِ وَاصْبِرُواْ إِنَّ الأَرْضَ لِلّهِ يُورِثُهَا مَن يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ، قَالُواْ أُوذِينَا مِن قَبْلِ أَن تَأْتِينَا وَمِن بَعْدِ مَا جِئْتَنَا قَالَ عَسَى رَبُّكُمْ أَن يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الأَرْضِ فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ﴾

«پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى (پىرئەۋنگە): ”مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە-پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟“ دېدى. پىرئەۋن: ”ئۇلارنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرۇپ قويىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز“ دېدى. مۇسا ئۆز قەۋمىگە: ”اللەدىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن اللەنىڭ مۈلكىدۇر، (اللە) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ“ دېدى. ئۇلار: ”سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق“ دېدى. مۇسا: ”پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا

① سۈرە يۇنۇس: 101 ـ ئايەت.

سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشىمۇ ھەقىقەتتۇر“ دېدى.»[①]

اللەنىڭ بەنى ئىسرائىلغا قىلغان ۋەدىسى ئىشقا ئېشىپ، ئۇلارنى (مىسىر) زېمىنىغا دەسسىتىدۇ:

﴿وَأَوْرَثْنَا الْقَوْمَ الَّذِينَ كَانُواْ يُسْتَضْعَفُونَ مَشَارِقَ الأَرْضِ وَمَغَارِبَهَا الَّتِي بَارَكْنَا فِيهَا وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ الْحُسْنَى عَلَى بَنِي إِسْرَآئِيلَ بِمَا صَبَرُواْ وَدَمَّرْنَا مَا كَانَ يَصْنَعُ فِرْعَوْنُ وَقَوْمُهُ وَمَا كَانُواْ يَعْرِشُونَ﴾

«بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى)نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى)نى ۋەيران قىلدۇق.»[②]

اللەنىڭ ئۆز زامانىدىكى جاھان ئەھلىدىن ھېچكىمگە بېرىپ باقمىغان مول نېمەتلەرنى بەرگەنلىكىگە شۈكرى قىلىش ئۈچۈن ئۇلار اللەنىڭ يولىدا مۇستەھكەم تۇرالىدىمۇ؟ ياق! ئۇلار پىرئەۋنىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن بىرەر خاتىرجەملىكنى ئەسلا ھېس قىلالمىغىلى تاسلا قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار بىچارىلىك ۋە خارلىقتىن كېيىن ھۆرمەتنى ھېس قىلىۋاتاتتى. ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھايات تۇرسىمۇ، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىشقا باشلىدى:

﴿وَجَاوَزْنَا بِبَنِي إِسْرَآئِيلَ الْبَحْرَ فَأَتَوْاْ عَلَى قَوْمٍ يَعْكُفُونَ عَلَى أَصْنَامٍ لَّهُمْ قَالُواْ يَا مُوسَى اجْعَل لَّنَا إِلَهًا كَمَا لَهُمْ آلِهَةٌ قَالَ إِنَّكُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ﴾

---

① سۈرە ئەئراف: 127 ـ 129 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەئراف: 137 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: "ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن" دېدى. مۇسا: "سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر" دېدى.»①

ئاندىن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن كەتكەندە ئالتۇندىن ياسالغان موزايىنى ئىلاھ قىلىۋالدى:

﴿وَاتَّخَذَ قَوْمُ مُوسَى مِن بَعْدِهِ مِنْ حُلِيِّهِمْ عِجْلاً جَسَدًا لَّهُ خُوَارٌ أَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّهُ لاَ يُكَلِّمُهُمْ وَلاَ يَهْدِيهِمْ سَبِيلاً اتَّخَذُوهُ وَكَانُواْ ظَالِمِينَ﴾

«مۇسانىڭ قەۋمى مۇسادىن كېيىن (يەنى مۇسا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن)، زىننەت بۇيۇملىرىدىن موزايدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر جانسىز موزاي ياسىدى. ئۇلار موزاينىڭ ئۆزلىرىگە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى مەبۇد قىلىۋالدى، ئۇلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچى بولدى.»②

ئۇلار يەنە تېخى «اللەنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ھەرگىز ئىمان ئېيتمايمىز» دېيىشتى:

﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى نَرَى اللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ الصَّاعِقَةُ وَأَنْتُمْ تَنْظُرُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا: "ئى مۇسا! اللەنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز" دېدىڭلار ـ دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى.»③

ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرى ۋە ئاسىيلىقلىرى ئىزچىل داۋاملاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا

---

① سۈرە ئەئراف: 138 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 148 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 55 ـ ئايەت.

بەرداشلىق بېرىپ بولالمىدى ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىن خاتىرجەم بولالمىدى:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَكُونُوا كَالَّذِينَ آذَوْا مُوسَى فَبَرَّأَهُ اللَّهُ مِمَّا قَالُوا وَكَانَ عِنْدَ اللَّهِ وَجِيهاً﴾

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل)دەك بولماڭلار، اللە مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا اللەنىڭ دەرگاھىدا ئابرۇيلۇق ئىدى.»①

﴿أَمْ تُرِيدُونَ أَنْ تَسْأَلُوا رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَى مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَتَبَدَّلِ الْكُفْرَ بِالْإِيمَانِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَاءَ السَّبِيلِ﴾

«ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.»②

ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاسىيلىقى ـ مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ـ ئۇلارنىڭ اللە ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلغان مۇقەددەس زېمىنغا كىرىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئىدى:

﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِقَوْمِهِ يَا قَوْمِ اذْكُرُواْ نِعْمَةَ اللّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَعَلَ فِيكُمْ أَنبِيَاء وَجَعَلَكُم مُّلُوكًا وَآتَاكُم مَّا لَمْ يُؤْتِ أَحَدًا مِّن الْعَالَمِينَ، يَا قَوْمِ ادْخُلُوا الأَرْضَ المُقَدَّسَةَ الَّتِي كَتَبَ اللّهُ لَكُمْ وَلاَ تَرْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِكُمْ فَتَنقَلِبُوا خَاسِرِينَ، قَالُوا يَا مُوسَى إِنَّ فِيهَا قَوْمًا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا حَتَّىَ يَخْرُجُواْ مِنْهَا فَإِن يَخْرُجُواْ مِنْهَا فَإِنَّا دَاخِلُونَ، قَالَ رَجُلاَنِ مِنَ الَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِمَا ادْخُلُواْ عَلَيْهِمُ الْبَابَ فَإِذَا دَخَلْتُمُوهُ فَإِنَّكُمْ غَالِبُونَ وَعَلَى اللّهِ فَتَوَكَّلُواْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ، قَالُواْ يَا مُوسَى إِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا أَبَدًا مَّا دَامُواْ فِيهَا فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ، قَالَ رَبِّ إِنِّي لا أَمْلِكُ إِلاَّ نَفْسِي وَأَخِي فَافْرُقْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ، قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيْهِمْ أَرْبَعِينَ سَنَةً يَتِيهُونَ فِي الأَرْضِ فَلاَ تَأْسَ عَلَى الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: ”ئى قەۋمىم! اللەنىڭ

---

① سۈرە ئەھزاب: 69 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 108 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد قىلىڭلار، الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېمەتلەرنى بەردى. ئى قەۋمىم! الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر“. ئۇلار: ”ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسامەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگىچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز“ دېدى. اللەدىن قورققۇچىلاردىن بولغان، اللەنىڭ (ئىمان تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبنى نۇن) ئۇلارغا: ”(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر (اللەنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، اللەغا تەۋەككۈل قىلىڭلار“ دېدى. ئۇلار: ”ئى مۇسا! مادامىكى، ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى“ دېدى. مۇسا دېدى: ”پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزۈمگە ۋە قېرىنداشلىرىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن“. الله دېدى: ”ئۇلارنىڭ

مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە هارام قىلىنىدى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ①. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن“.»②

مۇسا ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ سەركەشلىكلىرىگە ۋە ئازغۇنلۇقلىرىغا ئۇزاق ۋاقىت سەۋر قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ ناچار ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا كەتتى... مۇسا ئەلەيهىسسالام اللەنىڭ ھوزۇرىغا كەتتى. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا بەنى ئىسرائىل چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا پاتقان بولۇپ، ئۇلار اللەغا ئاسىيلىق قىلىش ۋە اللەنى ئىنكار قىلىشتا كۈندىن-كۈنگە ھەددىدىن ئاشماقتا ئىدى. قۇرئان كەرىم تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ:

﴿يَسْأَلُكَ أَهْلُ الْكِتَابِ أَن تُنَزِّلَ عَلَيْهِمْ كِتَابًا مِّنَ السَّمَاء فَقَدْ سَأَلُواْ مُوسَى أَكْبَرَ مِن ذَلِكَ فَقَالُواْ أَرِنَا اللّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْهُمُ الصَّاعِقَةُ بِظُلْمِهِمْ ثُمَّ اتَّخَذُواْ الْعِجْلَ مِن بَعْدِ مَا جَاءتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ فَعَفَوْنَا عَن ذَلِكَ وَآتَيْنَا مُوسَى سُلْطَانًا مُّبِينًا، وَرَفَعْنَا فَوْقَهُمُ الطُّورَ بِمِيثَاقِهِمْ وَقُلْنَا لَهُمُ ادْخُلُواْ الْبَابَ سُجَّدًا وَقُلْنَا لَهُمْ لاَ تَعْدُواْ فِي السَّبْتِ وَأَخَذْنَا مِنْهُم مِّيثَاقًا غَلِيظًا، فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَاقَهُمْ وَكُفْرِهِم بَآيَاتِ اللّهِ وَقَتْلِهِمُ الأَنْبِيَاء بِغَيْرِ حَقًّ وَقَوْلِهِمْ قُلُوبُنَا غُلْفٌ بَلْ طَبَعَ اللّهُ عَلَيْهَا بِكُفْرِهِمْ فَلاَ يُؤْمِنُونَ إِلاَّ قَلِيلاً، وَبِكُفْرِهِمْ وَقَوْلِهِمْ عَلَى مَرْيَمَ بُهْتَانًا عَظِيمًا، وَقَوْلِهِمْ إِنَّا قَتَلْنَا الْمَسِيحَ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ اللّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَكِن شُبِّهَ لَهُمْ وَإِنَّ الَّذِينَ اخْتَلَفُواْ فِيهِ لَفِي شَكٍّ مِّنْهُ مَا لَهُم بِهِ مِنْ عِلْمٍ إِلاَّ اتِّبَاعَ الظَّنِّ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينًا، بَل رَّفَعَهُ اللّهُ إِلَيْهِ وَكَانَ اللّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا، وَإِن مِّنْ أَهْلِ الْكِتَابِ إِلاَّ لَيُؤْمِنَنَّ بِهِ قَبْلَ مَوْتِهِ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكُونُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا، فَبِظُلْمٍ مِّنَ الَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ طَيِّبَاتٍ أُحِلَّتْ لَهُمْ وَبِصَدِّهِمْ عَن سَبِيلِ اللّهِ كَثِيرًا، وَأَخْذِهِمُ الرِّبَا وَقَدْ نُهُواْ عَنْهُ وَأَكْلِهِمْ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ مِنْهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا﴾

«ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سەندىن ئۆزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورايدۇ، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى سوراپ: ”بىزگە اللەنى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن“ دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك ئۇلارنى چاقماق

① الله مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنى زېمىندا 40 يىل ئاداشتۇردى.
② سۈرە مائىدە: 20 ـ 26 ـ ئايەت.

سوقتى (يەنى ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى هالاك قىلدى). ئۇلار روشەن مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىن موزايىنى (مەبۇد) قىلىۋالدى. كېيىن بىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلدۇق. بىز مۇساغا (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەردىن) روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق. (تەۋرات شەرىئىتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك) ئۇلاردىن ئەھدە ئالماق ئۈچۈن ئۈستىگە تۇر (تېغى)نى تىكلەپ قويدۇق، ئۇلارغا: ”(بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان هالدا كىرىڭلار“ دېدۇق هەمدە ئۇلارغا: ”شەنبىنىڭ هۆرمىتىنى ساقلاڭلار (يەنى شەنبىدە بېلىق تۇتۇش بىلەن هەددىڭلاردىن ئاشماڭلار)“ دېدۇق. ئۇلاردىن (بۇ هەقتە) مەھكەم ۋەدە ئالدۇق. ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى، اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناهەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ۋە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن (يەنى سۆزۈڭنى چۈشەنمەيدۇ) دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)، بەلكى اللە ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). يەنە اللەنىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبنى مەريەمنى هەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋاهالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار هەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى)دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ هەقىقىتى)نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۆلتۈرمىدى. بەلكى اللە ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى اللە ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەر قاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە اللەنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا اللەنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى (يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى)، نۇرغۇن كىشىلەرنى اللەنىڭ يولىدىن (يەنى اللەنىڭ دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق.»[①]

شۇ سەۋەبتىن ئۇلار اللەنىڭ لەنىتى ۋە غەزىپىگە دۇچار بولدى:

﴿لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ، كَانُواْ لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ﴾

«بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى

① سۈرە نىسا: 153 ـ 161 ـ ئايەت.

نىمىدېگەن يامان!»①

﴿وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ وَبَاءُوا بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِ الْحَقِّ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ﴾

«ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. اللەنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ اللەغا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى.»②

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِحَقٍّ وَيَقْتُلُونَ الَّذِينَ يَأْمُرُونَ بِالْقِسْطِ مِنَ النَّاسِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ، أُولَئِكَ الَّذِينَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّاصِرِينَ﴾

«اللەنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار (يەنى اللەغا دەۋەت قىلغۇچىلار)نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلارغا ھېچ ياردەم قىلغۇچى يوقتۇر.»③

يەھۇدىيلار كېيىنكى دەۋرلەردە تارىختىكى ھېچقانداق بىر مىللەت قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدى.

---

① سۈرە مائىدە: 78 ـ 79 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 61 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئال ئىمران: 21 ـ 22 ـ ئايەت.

### 4 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالام:

﴿وَلِنَجْعَلَهُ آيَةً لِلنَّاسِ﴾
«(ئىسانى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق.»[1]

﴿وَالَّتِي أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهَا مِنْ رُوحِنَا وَجَعَلْنَاهَا وَابْنَهَا آيَةً لِلْعَالَمِينَ﴾
«نومۇسىنى ساقلىغان ئايالنى (يەنى مەريەمنىڭ قىسسىنى بايان قىلغىن) ئۇنىڭغا (يەنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە) بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇنى ۋە ئوغلىنى (يەنى ئىسا بىلەن مەريەمنى) ئەھلى جاھان ئۈچۈن (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق.»[2]

ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە بىر مۆجىزىسى بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە توققۇز مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلگەن. لېكىن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلۇش مۆجىزىسى بارلىق مۆجىزىلەر ئىچىدىكى تەڭداشسىز مۆجىزە دەپ قارىلىدۇ. اللە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئالەم خەلقىگە (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلماقچى بولغانىدى:

﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ مَرْيَمَ إِذِ انتَبَذَتْ مِنْ أَهْلِهَا مَكَانًا شَرْقِيًّا، فَاتَّخَذَتْ مِن دُونِهِمْ حِجَابًا فَأَرْسَلْنَا إِلَيْهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ لَهَا بَشَرًا سَوِيًّا، قَالَتْ إِنِّي أَعُوذُ بِالرَّحْمَن مِنكَ إِن كُنتَ تَقِيًّا، قَالَ إِنَّمَا أَنَا رَسُولُ رَبِّكِ لأَهَبَ لَكِ غُلامًا زَكِيًّا، قَالَتْ أَنَّى يَكُونُ لِي غُلامٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ وَلَمْ أَكُ بَغِيًّا، قَالَ كَذَلِكِ قَالَ رَبُّكِ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٌ وَلِنَجْعَلَهُ آيَةً لِلنَّاسِ وَرَحْمَةً مِّنَّا وَكَانَ أَمْرًا مَّقْضِيًّا، فَحَمَلَتْهُ فَانتَبَذَتْ بِهِ مَكَانًا قَصِيًّا﴾

«(ئۇلارغا) قۇرئاندا مەريەم (قىسسىسى)نى بايان قىلغىن، ئەينى

---

[1] سۈرە مەريەم: 21ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا: 91ـ ئايەت.

زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى. ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يۇشۇرۇندى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بىجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى. مەريەم ئېيتتى: ”مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك اللەغا سىغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)“. جىبرىئىل ئېيتتى: ”مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن“. مەريەم ئېيتتى: ”ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟“. جىبرىئىل ئېيتتى: ”ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر“. مەريەم ھامىلدار بولدى، (ئائىلىسىدىن) يىراق بىر جايغا كەتتى.»[①]

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى مانا مۇشۇنداق باشلىنىدۇ... ياكى ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇندىن خېلى بۇرۇن، يەنى مەريەم تۇغۇلغاندىن باشلاپ اللەنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئۆزگىچە غەمخورلۇقى ئىچىدە باشلىنىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن:

﴿إِنَّ اللّهَ اصْطَفَى آدَمَ وَنُوحًا وَآلَ إِبْرَاهِيمَ وَآلَ عِمْرَانَ عَلَى الْعَالَمِينَ، ذُرِّيَّةً بَعْضُهَا مِن بَعْضٍ وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ، إِذْ قَالَتِ امْرَأَةُ عِمْرَانَ رَبِّ إِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّرًا فَتَقَبَّلْ مِنِّي إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ، فَلَمَّا وَضَعَتْهَا قَالَتْ رَبِّ إِنِّي وَضَعْتُهَا أُنثَى وَاللّهُ أَعْلَمُ بِمَا وَضَعَتْ وَلَيْسَ الذَّكَرُ كَالأُنثَى وَإِنِّي سَمَّيْتُهَا مَرْيَمَ وِإِنِّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ، فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ وَأَنبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنًا وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّا كُلَّمَا دَخَلَ عَلَيْهَا زَكَرِيَّا الْمِحْرَابَ وَجَدَ عِندَهَا رِزْقاً قَالَ يَا مَرْيَمُ أَنَّى لَكِ هَذَا قَالَتْ هُوَ مِنْ عِندِ اللّهِ إنَّ اللّهَ يَرْزُقُ مَن يَشَاء بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾

---

① سۈرە مەريەم: 16 ـ 22 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«اللە ھەقىقەتەن ئادەمنى، نۇھنى، ئىبراھىم ئەۋلادىنى، ئىمران ئەۋلادىنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللاپ، (ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلدى. ئۇ ئەۋلادلار بىر ـ بىرى بىلەن قانداشتۇر، اللە (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، (بۇ نەزرەمنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن“. ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: ”ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم“ دېدى. ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ. (ئۇ تەلەپ قىلغان) ئوغۇل (ئاتا قىلىنغان) قىزغا ئوخشاش ئەمەس (بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) ”مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزىنى ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن“. ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى، ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى). زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: ”ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟“ دەيتتى، مەريەم: ”ئۇ، اللە تەرىپىدىن كەلدى“ دەيتتى. اللە ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.»①

ئىمراننىڭ ئايالى قورسىقىدىكى پەرزەنتىنى (شۇ مەزگىللەردىكى

---

① سۈرە ئال ئىمران: 33 ـ 37 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە) ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىگە ھەدىيە قىلىندۇ. ئۇ كۆڭلىدە «چوقۇم ئوغۇل تۇغىمەن» دەپ ئويلايتتى. (چۈنكى، ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىگە پەقەت ئوغۇللارلا قوبۇل قىلىناتتى). ئۇ ئۆزىنىڭ قىز تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭ (پەرزەنتىنى ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىگە ھەدىيە قىلىش ھەققىدىكى) ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ئوغۇل تۇغمىغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەتلەندى. اللە ئۇنىڭ قىزى مەريەمنى ـ گەرچە ئۇ قىز بولسىمۇ ـ ئىبادەتخانىنىڭ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. مەريەمنى ئىبادەتخانىدا بېقىپ چوڭ قىلىش ۋە ياخشى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا اللە زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنى كېپىل قىلىۋىدى، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئادىتىگە خىلاپ بۇ ئىشتىن سەل تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى: «زەكەرىييا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى». زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يېمەكلىك ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ يېنىدا مول ۋە يېپيېڭى يېمەكلىكلەرنىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام مەريەمنىڭ مۇبارەك قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈشى ۋە غەمخورلۇقى تېخىمۇ ئاشاتتى... ئاندىن اللە مەريەمنى تاللىدى ۋە پاك قىلدى:

﴿وَإِذْ قَالَتِ الْمَلاَئِكَةُ يَا مَرْيَمُ إِنَّ اللّهَ اصْطَفَاكِ وَطَهَّرَكِ وَاصْطَفَاكِ عَلَى نِسَاء الْعَالَمِينَ﴾

«پەرىشتىلەر ئېيتتى: ”ئى مەريەم! اللە ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى.»[1]

---

① سۈرە ئال ئىمران: 42 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مەريەم ناھــــايىتى تەقـــۋادار، (ئەقىدىســـــى) ســـۇزۇك، پــــاك ۋە بەرىكەتلىك... قىز ئىدى. ئۇ تەقۋادار ۋە كۆڭلى تۈز بولغانلىقى ئۈچۈن ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى «ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ تېخى تـوي قىلمىغـان مۇشـۇنداق ھـالەتتە، جىبرىئىـل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا اللەنىڭ ئۇنىڭغا بىر پاك ئوغـۇل بېرىدىغانلىقىـدىن ئىبـارەت بـۇ ئاجايىــپ خەۋەرنــى يەتكۈزىــدۇ. مەريەم بــۇ تاســادىپىيلىقتىن چۆچـۈپ كېتىــدۇ ۋە قــاتتىق بىئــارام بولىــدۇ. (ئەگەر شــۇنداق بولـۇپ قالسـا) كىشــىلەرنىڭ ئــۆزى ھەققىــدە قىلىــدىغان گەپ ـ ســۆزلىرى خىيالىــدىن كېچىدۇ ـ دە، ئۆزىنى ئـاقلاپ «ماڭـا كىشـى يېقىنلاشـمىغان تۇرسـا، مەن پاھىشـە قىلمىغـان تۇرسـام، قانـداقمۇ مېنىـڭ ئوغـۇل بـالام بولسـۇن؟» دەيدۇ. ئۇنىڭغا پەرىشتە: «ئەمەلىيەت سەن دېگەنـدەكتۇر. لېكىن، ئـۇ اللەغــا ناھــايىتى ئاســاندۇر. الــلە ئــۇنى كىشــىلەرگە (قــۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە ئۆزى تەرەپتىن بولغـان مەرھەمەت قىلماقچى. شۇڭا، جىدەللىشىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. چۈنكى، بـۇ تەقـدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

شــۇنداق قىلىــپ بــۇ مــۆجىزە ئىســا ئەلەيھىسســالامنىڭ ئاتىســىز يارىتىلىشــى بىــلەن باشــلىنىدۇ... يەنــى ئىســا ئەلەيھىسســالام كىشــىلەر ھاياتىدا ئادەتلەنگەن سەۋەبلەرسىز پەقەت اللەنىڭ ئىرادىسى ئـارقىلىقلا يارىتىلىدۇ.

شۇنداق! بۇ يەردە بىر تەبىئىي قانۇنىيەت بـار بولـۇپ، ئـۇ اللەنىـڭ بۇيرۇقىــدۇر. تەبىئىــي قــانۇنىيەت بــويىچە بولغانــدا، نەســىل ئىككــى جىنىســنىڭ ئــۆز ـ ئـارا ئۇچرىشىشــى ۋە بـۇ ئۇچرىشــىش ئـارقىلىق تۇخـۇم ھۈجەيرىسىنىڭ چاڭلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. شـۇڭا، ئەگەر تۇخۇم ھۈجەيرىسى چاڭلاشمىسا، تۆرەلمە شەكىللەنمەيدۇ.

گەرچە بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت اللەنىـڭ بـۇيرۇقى بولسـىمۇ، لېكىن،

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

اللەنىڭ ئىرادىسى بۇ قانۇنىيەتكە باغلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، اللە مەخلۇقاتلارنى ھېچقانداق سەۋەبلەرگە باغلىماستىن يارىتالايدۇ. بىرەر نەرسىنى ياراتماقچى بولسا ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

بىز بۇ خىلدىكى ئىشلارنى «مۆجىزە» دەپ ئاتايمىز. چۈنكى ئۇ، بىز ئادەتلىنىپ كەتكەن تەبىئىي قانۇنىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ۋاستىسىز يارىتىش ۋە ئۇرۇقنىڭ چاڭلىشىشى ئارقىلىق يارىتىشنىڭ ھەممىسى مۆجىزىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدا تۇخۇم ھۈجەيرىلىرىنى ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا چاڭلاشقاندىن كېيىن تۆرەلمە شەكىللىنىدىغان خۇسۇسىيەتنى ئاتا قىلغان كىم ؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن «ۋۇجۇدقا كەل» دېسە، ۋۇجۇدقا كېلىدىغان اللەدۇر.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مۆجىزە بىزنىڭ تۇيغۇمىزدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىز كۆنۈپ كەتكەن ئادەتكە تۇيۇپتىن ئوخشىمايدۇ. اللە بىزدىكى بۇ خىل ھالەتنى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن اللە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئۇنى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدىغان ياراتقۇچى تەرەپكە قارىتىش ئۈچۈن مۆجىزىلەرنى ھەرۋاقىت ئادەتتىن ھالقىغان شەكىلدە بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

اللەنىڭ ئىرادىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى (يەنى مۆجىزىۋى شەكىلدە بولۇشىنى) تەلەپ قىلدى.

چۈنكى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر دادىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇغۇلمىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تارقالسا، مەريەمنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلايدىغان تۇنجى ئادەملەر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ سەتچىلىكى پەقەت ئۇنىڭغا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلىنغان ھاقارەتلەر بىلەنلا ئاخىرلاشماستىن بەلكى ئۇ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ نومۇسقا قالدۇراتتى. ھالبۇكى، ئۇ كېيىنكى ئەۋلاتلار ئىچىدە تەقۋالىق ۋە ياخشى نام قالدۇرۇپ كەتتى:

﴿فَأَتَتْ بِهِ قَوْمَهَا تَحْمِلُهُ قَالُوا يَا مَرْيَمُ لَقَدْ جِئْتِ شَيْئًا فَرِيًّا، يَا أُخْتَ هَارُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ امْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا﴾

«مەريەم بوۋاقنى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى) كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: ”ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ. ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى“.»[①]

تۇغۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلغان، تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن، بەرىكەتلىك قىلغان، (ئۇنى پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرى ئىچىدىن) تاللىغان ۋە پاك قىلغان مەريەمگە اللەنىڭ رەھمىتى چۈشىدۇ. بۇ رەھمەت ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېڭى مۆجىزىسى قاتارىدا مۆجىزىلىكتە ۋە ئەقىلنى لال قىلىش جەھەتتە (ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلۇش مۆجىزىسىدىن) قېلىشمايدۇ:

﴿فَأَشَارَتْ إِلَيْهِ قَالُوا كَيْفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِي الْمَهْدِ صَبِيًّا، قَالَ إِنِّي عَبْدُ اللَّهِ آتَانِيَ الْكِتَابَ وَجَعَلَنِي نَبِيًّا، وَجَعَلَنِي مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا، وَبَرًّا بِوَالِدَتِي وَلَمْ يَجْعَلْنِي جَبَّارًا شَقِيًّا، وَالسَّلَامُ عَلَيَّ يَوْمَ وُلِدتُّ وَيَوْمَ أَمُوتُ وَيَوْمَ أُبْعَثُ حَيًّا﴾

«مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: ”بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز“ دېدى. بوۋاق ئېيتتى: ”مەن ھەقىقەتەن اللەنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ). قەيەردە بولماي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى

---

① سۈرە مەريەم: 27 ـ 28 ـ ئايەت.

تەۋسىيە قىلدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (اللە تائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن".» [1]

﴿وَيُكَلِّمُ النَّاسَ فِي الْمَهْدِ وَكَهْلاً وَمِنَ الصَّالِحِينَ﴾

«ئۇ بۆشۈكتىمۇ (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) سۆزلەيدۇ ۋە (تەقۋادارلىقتا كامىل) ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ.» [2]

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ هاياتىدا مۆجىزىلەر ئارقىمۇ-ئارقا يۈز بېرىدۇ:

﴿وَرَسُولاً إِلَى بَنِي إِسْرائِيلَ أَنِّي قَدْ جِئْتُكُمْ بِآيَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ أَنِّي أَخْلُقُ لَكُمْ مِنَ الطِّينِ كَهَيْئَةِ الطَّيْرِ فَأَنْفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيْراً بِإِذْنِ اللَّهِ وَأُبْرِئُ الأَكْمَهَ وَالأَبْرَصَ وَأُحْيِي الْمَوْتَى بِإِذْنِ اللَّهِ وَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا تَأْكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِي بُيُوتِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾

«ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ) "شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن-دە، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اللەنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا

---

① سۈرە مەريەم: 29 ـ 33 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 46 ـ ئايەت.

(يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار“.»[①]

گەرچە بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، بىراق، مەيلى ئىسا ئەلەيھىسسالام زېمىندىكى ۋاقتىدا بولسۇن ياكى اللەنىڭ دەرگاھىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولسۇن ئۇنىڭغا ھەقىقى ئىمان كەلتۈرگەنلەر ناھايىتى ئاز بولدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن يەھۇدىيلار جامائەسى ئۇنى قاتتىق ئىنكار قىلدى ۋە ئازغىنە كىشىلەردىن باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى رەت قىلدى. ئۇلار: «بىزگە ۋەدە قىلىنغان مەسىھ غايەت زور سەلتەنەتكە ئىگە بۈيۈك پادىشاھ ئىدى. ئەمما بۇ مەسىھ بىزلەرگە پەقەت پەرۋەردىگارنىڭلا ھەقىقى پادىشاھ ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن كەپتۇ. شۇڭا ئۇ بىزگە ۋەدە قىلىنغان مەسىھ ئەمەسكەن» دېيىشتى.

ناسارالار بولسا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئۇنى «اللەنىڭ ئوغلى» دېيىشتى...

بىز بۇ ئىككى گورۇھ كىشىلەر ھەققىدە قىسقىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچىمىز:

يەھۇدىيلار ـ ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىمۇ ـ ماددىغا چوقۇنىدىغان ماددىپەرەس قەۋم ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئالتۇندىن ياسالغان موزايغا ئىبادەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىرچىل پۇل ـ مالغا چوقۇنۇپ كەلدى ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتە جازانە يېيىش، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشتەك خىلمۇ ـ خىل ۋاستىلەرنى قوللاندى:

[①] سۈرە ئال ئىمران: 49 ـ ئايەت.

﴿ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ﴾
«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: "ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)" دېدى.»[1]
ئۇلار ياۋۇزلۇقتىن شۇدەرىجىگە يەتتىكى، اللە ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇنداق سۈپەتلىدى:
﴿ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ فَهِيَ كَالْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً وَإِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الأَنْهَارُ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ الْمَاءُ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَمَا اللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ﴾
«(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ اللەدىن قورقۇپ (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، اللە قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.»[2]
اللە ئۇلارنى ئۆزى رازى بولغان دىنغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. اللە ئۇلارنىڭ چۈشكۈن ماددىپەرەسلىكنى تاشلىشىنى، قېتىپ كەتكەن قەلبلىرىنىڭ يۇمشىشىنى، اللەغا تەقۋالىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشنى شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى بۇلغىۋەتكەن رەزىل جىنايەتلىرىدىن توختىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ پادىشاھلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن كەلدى.

---
① سۈرە ئال ئىمران: 75 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 74 ـ ئايەت.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ پادىشاھلىقىنى كۆزلىسە، مال ـ دۇنيالىرىغا ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا بېرىلىپ كەتمىسۇن، ماڭا ئەگەشسۇن» دەيتتى. ئۇلارغا روھىيەت، روھىيەتنىڭ ساپلىقى ۋە ئىنسانلارنى مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ «ئىنسان پەقەت بىرلا نان بىلەن ھايات كەچۈرەلمەيدۇ» دەيتتى.

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى شۇ سەۋەبتىن ياقتۇرمىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ (بۇرۇندىن باشلاپ) ياشاپ كېلىۋاتقان ھايۋانلارچە تۇرمۇشىدا داۋاملىق ياشاشنى ئويلايتتى. ھەرقانداق ئەھۋالدا (بۇ ناچار تۇرمۇشتىن) يۈكسىلىشنى خالىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتى ۋە ئۇنى دارغا ئېسىشنى پىلانلاشتى:

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَقَفَّيْنَا مِنْ بَعْدِهِ بِالرُّسُلِ وَآتَيْنَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ أَفَكُلَّمَا جَاءَكُمْ رَسُولٌ بِمَا لا تَهْوَى أَنْفُسُكُمُ اسْتَكْبَرْتُمْ فَفَرِيقاً كَذَّبْتُمْ وَفَرِيقاً تَقْتُلُونَ﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات)نى بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇ ـ ئارقا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەر بەردۇق، ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇددۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن يۆلىدۇق. ھەرقاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىرنەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار.»①

ئۇلار يۇقىرىدا سۆزلەنگەن باتىل دەۋالارغا ئاساسلىنىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسى شۇ ئىدىكى، تەۋراتتا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مەسىھ ئۇلارغا پادىشاھ بولۇپ، باشقا

---

① سۈرە بەقەرە: 87 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مىللەتلەرنى ئۇلارنىڭ (يەھۇدىيلارنىڭ) ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرەتتى. ئەمما بۇ مەسىھ ئۇلارغا پەقەت پەرۋەردىگارنىڭلا ھەقىقى پادىشاھ ئىكەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. يەنە تېخى ئۇنىڭ قولىدا ھوقۇق ـ سەلتەنەتمۇ يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىشىغا كەلسەك، ئۇلار رىملىقلار تەرەپتىن پەلەستىنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن بىلاتىس ئىسىملىك رىملىق ئەمەلدارنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنىڭغا «ھەقىقەتەن ئىسا كىشىلەر ئارىسىدا ئىغۋاگەرچىلىك پەيدا قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان خەتەرلىك شەخس. ئۇ كىشىلەرنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى قەيسەرگە بويسۇنماسلىققا كۈشكۈرتىۋاتىدۇ» دەيدۇ. بىلاتىس ئۇلارنى بۇ تۆھمەتلەردىن توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا «ئۇ پەقەت ئەڭ گۈزەل سۆزلەرنىلا قىلىپ كىشىلەرنى تىنچلىققا ۋە ئۆز ئارا كۆيۈنۈشكە دەۋەت قىلىدىكەنغۇ؟» دەيدۇ. لېكىن ئۇلار بىلاتىسقا «بۇ ئادەم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلمىگىچە بۇ يەردە ھەرگىزمۇ تىنچلىق بولمايدۇ. ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن قالايمىقانچىلىقلار ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ» دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن نەتىجىسى دارغا ئېسىش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىر مەسىلىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى. ئۇلار «بىز ئىسانى كرېستقا مىخلاپ ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق» دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ گۇماننى كەسكىن ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداقلا ناسارالارنىڭ (يەنى خرىستىئانلارنىڭ) كۆپلىگەن كىتابلىرىمۇ بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ئىنجىللارمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەي قاتتىق ئىككىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى ھەقىقى ۋەقە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى (2 ـ قىسىم)

مۇنداق: اللە تەئالا يەھۇدا ئەسخەريوتى[1] ئىسىملىك باشقا بىر كىشىنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا تۇتۇپ كىرىستقا مىخلىنىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى اللە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ:

﴿وَقَوْلِهِمْ إِنَّا قَتَلْنَا الْمَسِيحَ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ اللّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَكِن شُبِّهَ لَهُمْ وَإِنَّ الَّذِينَ اخْتَلَفُواْ فِيهِ لَفِي شَكٍّ مِّنْهُ مَا لَهُم بِهِ مِنْ عِلْمٍ إِلاَّ اتِّبَاعَ الظَّنِّ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينًا، بَل رَّفَعَهُ اللّهُ إِلَيْهِ وَكَانَ اللّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾

«اللەنىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى)دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى)نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى اللە ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى اللە ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[2]

---

① يەھۇدا ئەسخەريوتى ھەۋارىيلارنىڭ (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ) بىرى ئىدى. بىراق ئۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا خىيانەت قىلدى ۋە يەھۇدىيلار بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى سۇيىقەست پىلانلىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، يەھۇدا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بەكمۇ ئوخشايتتى. ئىشەنچلىك تارىخى رىۋايەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، دارغا ئېسىش ئەتراپىنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ چاغدا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى قوزغالغان خەلق يەھۇدانى كۆرۈپ ـ ئۇ چىراي جەھەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بەكلا ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ـ ئۇنى مەسىھ (ئىسا ئەلەيھىسسالام) دەپ ئويلاپ قالدى ۋە ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىپ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە ئۇلار ئۇنى دارغا ئېسىشتى. ئەمما ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇن ـ تىنسىزلا غايىب بولدى. كىشىلەر ئۇنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى.

② سۈرە نىسا: 157 ـ 158 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

اللە تەئالانىڭ سۈرە ئال ئىمراندىكى مۇنۇ سۆزلىرىگە كەلسەك:

﴿وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ اللّهُ وَاللّهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ، إِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسَى إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ وَجَاعِلُ الَّذِينَ اتَّبَعُوكَ فَوْقَ الَّذِينَ كَفَرُواْ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأَحْكُمُ بَيْنَكُمْ فِيمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾

«ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، اللە ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى (ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). اللە مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا اللە ئېيتتى: ”ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)، ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن“.»[①]

بۇ يەردىكى ﴿مُتَوَفِّيكَ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، «مەن ساڭا سېنىڭ زېمىن يۈزىدە تەقدىر قىلىنغان كۈنلىرىڭنى (ئۆمرىڭنى) تولۇق بېرىمەن» دېگەنلىكتۇر. يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىن يۈزىدە تەقدىر قىلىنغان ھاياتى ئاخىرلاشقانىدى، شۇنىڭ بىلەن اللە ئۇنى ئۆزى تەرەپكە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەنىسى «ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتتى» دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئۇ ئاخىرقى زامان بولغاندا قايتا زېمىن يۈزىگە چۈشۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن تىرىك ھالەتتە

---

① سۈرە ئال ئىمران: 54 ـ 55 ـ ئايەت.

اللەنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان سەھىھ ھەدىسلەر بۇ ھەقىقەتنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:

پۇراتىل قەززازدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەرلەر ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلەتتى. ھەرقېتىم بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولسا، ئۇنىڭدىن يەنە بىر پەيغەمبەر كېلەتتى. بىلىڭلاركى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. پەقەت خەلىپىلەر كېلىدۇ، ئۇلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ چاغدا ساھابىلەر "ئۇلار توغرۇلۇق بىزنى نېمىگە بۇيرىسەن" دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر ئەڭ دەسلەپكىسىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كېيىنكىسىگە بەيئەت قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار (يەنى ئۇلارغا ئىتائەر قىلىڭلار)، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى توغرۇلۇق اللە ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ".»①

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، تەبۇك غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىدە قالدۇرۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتاملا؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا قالغاندەك، سەنمۇ مېنىڭ ئورنۇمدا قېلىشنى خالىمامسەن؟ بىراق، شۇنى بىلگىنكى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق» دېدى.②

مۇھەممەد ئىبنى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن

---

① سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىم توپلاملىرى.
② سەھىھ مۇسلىم.

رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بەش ئىسمىم بار. مەن مۇھەممەد، ئەھمەد، مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق اللە كۇفرىنى ئۆچۈرىدىغان ماھى (ئۆچۈرگۈچى)، كىشىلەر مېنىڭ قەدىمىم ئەتراپىغا توپلىنىدىغان ھاشىر (توپلىغۇچى) ۋە مەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر (ئاقىبتۇر)مەن.»①

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، «ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە بىر شەرىئەت بىلەن پەيغەمبەر بولۇپ چۈشىدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغانىدەك ئىسا ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشسە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولىدۇ. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىز يەھۇدىيلاردىن بىز ياقتۇرىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭ بەزىسىنى يېزىپ قالدۇرساق قانداق دەيسەن» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «يەھۇدى ـ ناسارالار (ئۆز دىنىدا ئىككىلەنگەنىدەك) سىلەرمۇ (ئۆز دىنىڭلاردا) ئىككىلىنىۋاتامسىلەر؟ مەن سىلەرگە بۇ دىنىنى سۈزۈك، پاك ھالەتتە ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات بولسا ئىدى، ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى.» دېدى.

مانا بۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر مۆجىزە ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۆجىزىسىدۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى بىر مۆجىزە، شۇنداقلا ئۇنىڭ زېمىن

① سەھىھ بۇخارى.

يۈزىدىكى ھاياتنىڭ ئاخىرلىششىمۇ يەنە بىر مۆجىزە بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر.

مانا بۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن بولغان قىسسىسىدۇر. ئەمما ناسارالار ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە باشقا بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتتى... ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى بىر قېتىم ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ دەلىلى قىلسا، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ اللەنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلدى.

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز تۇغۇلغانلىق مۆجىزىسىنى كۆرۈپ: «ئاتىسىز تۇغۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، ئىسا اللەنىڭ ئوغلىدۇر» دېيىشتى.

قۇرئان كەرىم ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ مَثَلَ عِيسَى عِنْدَ اللَّهِ كَمَثَلِ آدَمَ خَلَقَهُ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ قَالَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ﴾

«شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى اللە (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: ”ۋۇجۇدقا كەل“ دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس).»[①]

اللە «يارىتىمەن» دېسىلا يارىتالايدۇ. ئۇ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەۋەپ ـ ۋاستىلەرگە مۇھتاج بولمايدۇ. اللەنىڭ ئىرادىسى مۇئەييەن سەۋەبلەرگە باغلىنىپ قالمايدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار ئادەتلىنىپ كەتكەن سەۋەب ـ ۋاستىلەر تولۇق بولمىسىمۇ اللە ئۇلارنى يارىتىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، اللە سۈرە مەريەمدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇش ئەھۋالىنى (بىز بۇ ئايەتنىڭ تېكىستىنى

① سۈرە ئال ئىمران: 59 ـ ئايەت.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق) تەپسىلى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا مۇنۇ ئايەتنى سۆزلەيدۇ:

﴿ذَلِكَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ قَوْلَ الْحَقِّ الَّذِي فِيهِ يَمْتَرُونَ، مَا كَانَ لِلَّهِ أَن يَتَّخِذَ مِن وَلَدٍ سُبْحَانَهُ إِذَا قَضَى أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ﴾

«ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسىسىدۇر). ئىسا ئۇلار دەتالاش قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى. اللەنىڭ شەنىگە بالىسى بولۇش لايىق ئەمەس، اللە (بالىدىن، شېرىكتىن) پاكتۇر، اللە بىرەر ئىش قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ۋۇجۇدقا كەل دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.»[1]

سۈرە مائىدە ئەنە شۇنداق تەسىرلىك كۆرۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

﴿وَإِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنتَ قُلتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَهَيْنِ مِن دُونِ اللّهِ قَالَ سُبْحَانَكَ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أَقُولَ مَا لَيْسَ لِي بِحَقٍّ إِن كُنتُ قُلْتُهُ فَقَدْ عَلِمْتَهُ تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلاَ أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ إِنَّكَ أَنتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ، مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلاَّ مَا أَمَرْتَنِي بِهِ أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ وَكُنتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَّا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنتَ أَنتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ، إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ، قَالَ اللّهُ هَذَا يَوْمُ يَنفَعُ الصَّادِقِينَ صِدْقُهُمْ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا رَّضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ، لِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا فِيهِنَّ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا اللە ئېيتتى: "ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اللەنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟" ئىسا ئېيتتى: "(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن

---

① سۈرە مەريەم: 34 ـ 35 ـ ئايەت.

سىپىنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن". الله ئېيتىدۇ: "بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزلىرىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار اللهدىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر". ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى اللهغا مەنسۇپتۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»[①]

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بايقايمىزكى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ جىھادى تەۋھىد مەسىلىسىگە يەنى الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ مەسىلىگە زىچ باغلىنىشلىقتۇر.

ئۇلار ئىماندىن يىراقلاپ كەتكەن كىشىلەرنى ئىمانغا، ھەقىقەتنى كۆرمەس بولۇۋالغان كىشىلەرنى ھەقىقەتنى كۆرۈشكە قايتۇرۇپ كېلىش ۋە ئۇلارنى ھايۋانى چۈشكۈنلۈكتىن ئىنسانى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن

---

① سۈرە مائىدە: 116 ـ 120 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تىرىشچانلىقلىرىنى سەرىپ قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى بەخت ـ سائادىتى ۋە خاتىرجەملىكىگە كېپىللىك قىلىدىغان شۇنداقلا ئۇلارنى ئاخىرەتتە جەننەت ۋە اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىلاھى پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە زېمىننى گۈللەندۈرۈشى ئۈچۈن الله ئىنساننى زېمىن يۈزىدە خەلىپە قىلىش ئارقىلىق شەرەپلىك قىلدى ۋە ئۇنى نۇرغۇن مەخلۇقاتلىرىدىن ئارتۇق قىلدى.

## 13 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى

### 1 ـ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دۇنيانىڭ ئومۇمى ھالىتى:

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىنتايىن ناچار ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇلار نۇرنىڭ كىچىككىنە سىماسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان قاتمۇ ـ قات زۇلمەتكە پاتقان ئىدى.

جاھىلىيەت پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلىنىلا قاپلىغان بولماستىن بەلكى پۈتكۈل يەر شارىنى ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاپ كەتكەنىدى.

شۇ ئەتراپتا پارىس ۋە رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە بار بولۇپ، ئۇ ئىككىسى شۇ ۋاقىتلاردا يەر شارىنىڭ كۆپ قىسىم گۈللەنگەن رايۇنلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. شۇنداقلا ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى مەدەنىيىتى بار ئىدى. لېكىن، ئاشۇ مەدەنىيەتلەر قايسى خىل ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان؟ ئىنسانلارنى ئۇلار ياشاپ كېلىۋاتقان ئىدىيىۋى، روھىي ۋە ماددى تەرەپلەردىن قانچىلىك يۈكسەلدۈرەلىگەن؟

پارىس ئىمپېرىيىسىگە كىسرا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. لېكىن ئۇ پادىشاھ ئەمەس بەلكى ئىلاھ ئىدى... كىسراغا قىلىنىدىغان سالامنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بەئەينى ئىبادەت قائىدە يوسۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. رەت ـ رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قانچە قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قېشىغا كىرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە قەددىنى پۈكۈپ ئېگىلىپ تۇراتتى، تۇرۇشقا ئىجازەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بېرىلمىگۈچە ئېگىلگەن پېتى تۇرىۋېرەتتى. كىسراغا سۆزلىگەندە، سۆزىدە ماختاشقا بولغان رىغبەتنى ھېس قىلدۇرغاندىن كۆرە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ۋە بويسۇنۇشنى ھېس قىلدۇرىدىغان مەدھىيە سۆزلىرىنى كۆپرەك قوللىناتتى. قايتقاندا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھىغا ئارقىسىنى قىلمايتتى. بەلكى كىسرانىڭ كۆزىدىن غايىب بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلغان ھالەتتە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتەتتى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئارقىسىنى قىلىپ قايتىشى بۇ «ئاتالمىش ئىلاھ»قا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇلۇغلىقىغا قىلىنغان ھاقارەت ئىدى.

كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئاشۇ «ئاتالمىش ئىلاھ»نىڭ قۇللىرى بولۇپ، ئۇلار ـ دەرىجىلىرى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ـ كىسرا ياكى ئۇلارنىڭ بىر قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پادىشاھلىق ئەنئەنىلىرى يولغا قويغان شەكىلدە ياشايتتى. بىر قىسىم كىشىلەر دۆلەتنىڭ بايلىقلىرىدىن خالىغانچە پايدىلىناتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىلەر كىسرانىڭ سارىيىدىكى ئادەملەر بولۇپ، بۇلار كىسرا بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇللارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. باشقا كىشىلەر بولسا ئىنسانغا لايىق كەلمەيدىغان خورلۇق، نامراتلىق ۋە قۇللۇق ئىچىدە ياشايتتى. ئۇلار كىسرا ياكى ئۇنىڭ ئاچكۆز قوماندانلىرى قوزغىغان ئۇرۇشلارغا مەجبۇرى ھەيدىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدىغان بىر مەسىلە ئۈچۈن ئۆلسە، ھايات قالغانلار قۇللۇق ۋە ھالاك بولۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالاتتى.

كاتتىلىق ۋە مەدەنىيەتنىڭ بارلىق نامايەندىلىرى كىسرانىڭ ئوردا ـ ساراي ۋە قەسىرلىرى ۋە شۇنىڭغائوخشاش جايلاردىلا ئەكس ئېتەتتى. ئەمما ئاۋام خەلقنىڭ پەقەت ئاشۇ «ئاتالمىش ئىلاھ» باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمران كاتتىباشلانىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىشتىن باشقا

ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى.

توغرا! ئۇلاردا نۇرغۇنلىغان پەن ـ تېخنىكا ۋە ماددى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى بولسىمۇ بىراق، بۇنىڭ ھەممىسى ـ خەلق ئاممىسى بىلەن قوشۇلۇپ ـ ئاشۇ مۇقەددەس مەنپەئەت ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغانىدى.

ئۇلارنىڭ رەسمىي ئىبادىتى بولسا ئوتقا چوقۇنۇش ئىدى.

بۇ ئوتنىڭ مەخسۇس كاھىنلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزەتتى. چۈنكى، ئوتنىڭ ئۆچۈپ قېلىشى كىسرالارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇچى ئىلاھ ئۈچۈن يامانلىقنىڭ ئالامىتى ھېسابلىناتتى.

ئەخلاق ئاللىقاچان يىمىرىلگەن بولۇپ نىگىلىزىم، ئەخلاقى قالايمىقانچىلىق ۋە چۈشكۈنلۈككە چاقىرىدىغان مەزدەك ئېقىمى كەڭ تارقالغانىدى.

ئاشۇ «ئاتالمىش مەدەنىيەتلەر» سايىسىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىدىيىۋى، روھى ۋە ماددى خورلۇقتىن چوڭراق يەنە قانداق خورلۇقلار بولۇشى مۇمكىن؟

رىم دۆلىتىدىكى ئەھۋاللارنىمۇ بۇنىڭدىن ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى...

رىم ئىمپىراتۇرى قەيسەرنىڭ ئەھۋالىمۇ پارس ئىمپىراتۇرى كىسرانىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش ئىدى.

كىشىلەر ـ ھەرقايسى جاھىلىيەتتىكىگە ئوخشاش ـ ھۆكۈمران ۋە قۇللارغا بۆلۈنەتتى. ھۆكۈمرانلار ئاز سانلىقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەممە ئىشنىڭ كونترۇللىقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ئىدى. قۇللار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىسىمۇ، بىراق ئۇلار بارلىق ئىشلىرىدا مەغلۇپ بولۇپ، خوجايىنلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇلغان ئىدى.

قەيسەر ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرى قوزغىغان ئۇرۇشلار تۈگىمەيتتى.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

نەچچە مىڭلىغان ۋە مىليونلىغان قۇللار ئۆلۈش ئۈچۈن ئۇرۇشقا مەجبۇرى ھەيدىلەتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ؟ قايسى نەرسىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جېنىنى سېلىپ بېرىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قىممەت ـ قاراشلىرى زادى نېمە؟ ئۇ ـ ئىمپىراتورلۇق، قەيسەر ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرىنىڭ شەخسىي شان ـ شۆھرىتىدۇر. ئۇ ـ غەلىبە، باشقىلارنى قۇل قىلىش، خورلاش ۋە بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىدۇر. ئۇ ـ ھېچقانداق قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان ۋەھشىي ياۋايىلىقتۇر.

بۇ يەردىمۇ پارىس ئىمپىرىيىسىدىكىگە ئوخشاشلا پەن ـ تېخنىكا، ماددى ئىشلەپچىقىرىش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان مول تەجرىبىلەر مەۋجۇد ئىدى. لېكىن، بۇلار كىمگە مەنسۇپ؟ خوجايىنلارغىمۇ ياكى قۇللارغىمۇ؟ بۇ يەردە قۇللارنىڭ خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن باشقا نېمە رولى بولسۇن؟

بۇ يەردە چىركاۋ ۋە دىندارلار قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر خىل خاتا ئەقىدە بار ئىدى. قەيسەر رىم جاھىلىيىتىنىڭ قانۇنلىرى بىلەن يەنى اللە نازىل قىلمىغان نەرسىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ماددى ۋە ھېسسى دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇشۇنداق ۋاقىتتا دىنى زات ۋە دىنى باشلىقلار اللە نازىل قىلمىغان نەرسىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە ئىدىيە دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى باتىل يوللار ئارقىلىق يەۋالاتتى. كىشىلەر بىر تەرەپتىن قەيسەر ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىنىڭ قۇللىرىغا ئايلانغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن «پاپا ھەزرەتلىرى» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پوپ ۋە راھىبلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەگەر بىز بۇ ئىككى «بۈيۈك ئىمپىرىيە»دىن ئۆتسەك، ئاسىيا قىتئەسىدە «ھىندى مەدەنىيىتى» ۋە «جوڭگو مەدەنىيىتى»نى

بايقايمىز.

ھىندىستاندىمۇ ـ ھەممە يەردىكىگە ئوخشاشلا ـ قۇللار ۋە خوجايىنلار مەۋجۇد ئىدى. لېكىن، ھىندىستاندىكى قۇللارنىڭ ئۆزگىچە ئورنى بار ئىدى... ئۇلاردا «قۇللار ئىلاھنىڭ پۇتىدىن يارىتىلغان. شۇڭا ئۇلار پەس ۋە نىجىستۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە چۈشۈۋاتقان پۈتكۈل خورلۇق، ئىزا ـ ئاھانەت ۋە ئازابلاشلارغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. چۈنكى بۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەقدىرى بولسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قۇتۇلۇش يولىدۇر. قۇتۇلۇش روھلارنىڭ كۆچۈشى[①] ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى كۆچۈپ باشقا بىر ئادەمدە يېڭىدىن تۇغۇلىدۇ. لېكىن ئۇ ئىلگىرىكى روھنىڭ ئۆزى شۇدۇر. ئەگەر بۇ پەسكەش قۇللار ئۆز تەقدىرىگە، خورلۇق ۋە بىچارىلىكلەرگە رازى بولۇپ ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋە ئەڭ مەينەت ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىڭ روھلىرى (گەرچە ئۇلار ئىلاھنىڭ بېشىدىن ۋە قولىدىن يارىتىلغان خوجايىنلارنىڭ دەرىجىسىگە ئەسلا يېتەلمىسىمۇ) ئەھۋالى قۇللاردىن ياخشىراق بولغان يېڭى شەخسلەرگە كۆچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى «ئارزۇ قىلىۋاتقان» قۇتۇلۇشقا يېتەلەيدۇ» دەيدىغان ئەقىدە بار ئىدى.

بۇ يەردە كۆپ خىل ئىبادەت شەكىللىرى بار بولۇپ ئۇنىڭ چېكى يوق ئىدى. شۇنداقلا ئىلاھلارنىڭمۇ چېكى يوق ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت بىرلا نەرسىدە ئورتاق ئىدى. بەلكى، بۇ يەردىكى ئەڭ غەلىتە ئىش «ئاتالمىش ئىلاھ» ياكى شەيتاننىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇزۇقچىلىقلار بولۇشى

① روھلارنىڭ كۆچۈشى ـ بەزى مىللەتلەر «ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ تېنىگە يۆتكىلىپ قايتا تۇغۇلىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ خىل ئەقىدىدىكى كىشىلەر ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ـ ت

مۇمكىن. كالىغا ئىبادەت قىلىش، بەرىكەت تىلەش ئۈچۈن كالىنىڭ تېزىكى ئۈستىدە دومىلاش ۋە ئۇنىڭ سۈيدۈكى بىلەن يۇيۇنۇشمۇ بۇ يەردىكى ئەڭ ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر كالا سۆزلىيەلىگەن بولسا، ئۆزىگە چوقۇنغۇچىلارنى مەسخىرە قىلغان بولاتتى ۋە الله ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقان ئىنساننىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق خورلۇقلارغا رازى بولغانلىقىدىن ھەيران قالغان بولاتتى.

يەر شارىنىڭ يىراق شەرق تەرىپىدە زېمىنى كەڭ كەتكەن «جوڭگو» دېيىلىدىغان يەنە بىر دۆلەت بار بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ئىمپىراتورلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇمۇ شۇ مەزگىللەردىكى بارلىق ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئىبادەت مۇراسىملىرى ئۆيۈشتۈرۈلاتتى ۋە قۇربانلىق ئۈچۈن ماللار سويۇلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن باش ئۇراتتى. ھەقىقى ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ بولسا بۇددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەيكەللەر تىكلىنىپ ئىبادەت قىلىناتتى. كىشىلەر ئۇنى ئۆز قوللىرى بىلەن ياساپ ئاندىن ئىبادەت قىلاتتى. بۇددا دىنىدىمۇ ھىندى دىنىغا ئوخشاشلا تەن كەمسىتىلەتتى ۋە روھنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەن ئازابلىناتتى. «ئەبەدىيلىك»نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۇنيا ھاياتىغا سەل قارىلاتتى ۋە پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قارىلاتتى. بىراق، بۇ ئەبەدىيلىك قەيەردە، قايسى خىل شەكىلدە بولىدۇ؟ خىيالىي دۇنيادا ... بۇددا بىلەنمۇ؟

بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا يەن ـ تېخنىكا، ماددى ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلەر مەۋجۇد بولسىمۇ، بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان نەرسىلەر ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ ئاللىقاچان يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئوخشاشلا

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

جاھىلىيەتكە چوڭقۇر پاتقانىدى.

ھەرقايسى جاھىلىيەتلەر مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئۇزىنى قاپلىغان ماددى مەدەنىيەت دەرىجىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تاشقى كۆرۈنۈشتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار جاھىلىيەتنىڭ ماھىيىتى جەھەتتە ئوخشاش. جاھىلىيەت دېمەك شېرىك دېمەكتۇر، اللەنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلماسلىقتۇر. جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىكى كىشىلەر چەك چېكىدىن يىمىرىلگەن كىشىلەر بولۇپ ئۇلارغا اللە ھېچقانداق پاكىت نازىل قىلمىغان گۇمانلار ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇنلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئۈچ خىل دىن بار بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇق ئىدى.

يەھۇدىيلار مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار ئۇزۇن بىر قانچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان تەۋراتنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى يالغان سۆز ـ چۆچەك ۋە ئەپسانىلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭدىكى اللەنىڭ شەرىئىتىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىپ ئاندىن ئۇنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل ـ خاھىشى ۋە شەخسىي مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە اللەغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىدا شەيتانغا ئىبادەت قىلىۋاتاتتى.

بۇ يەردە يەنە ئاز ساندىكى بىر قىسىم خرىستىئانلار بار بولۇپ ئۇلارمۇ چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا پاتقانىدى.

پۈتۈن ئارالنى بۇتقا چوقۇنىدىغان بۇتپەرەس ئەرەبلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار شېرىكسىز يەككە ـ يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىنىش ئۈچۈن ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار قۇرۇپ چىقىشقا بۇيرۇلغان

ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۇئا قىلغان، اللەنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيى بولغان بۇ مۇبارەك كەئبىنىڭ ئەتراپىغا بۇتلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى:

﴿رَبِّ اجْعَلْ هَذَا الْبَلَدَ آمِناً وَاجْنُبْنِي وَبَنِيَّ أَنْ نَعْبُدَ الأَصْنَامَ﴾

«پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن.»①

ئۇلار تېخى ئۆزىنى «بىز ئاتىمىز ئىبراھىمنىڭ دىنىدا» دەيتتى.

ئۇلارنىڭ كاللىسىنى بىر تالاي ئەپسانىلەر چىرمىۋالغانىدى.

پەرىشتىلەر اللەنىڭ قىزلىرىدۇر... ئۇلار اللەنىڭ قىزلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىنىدۇ.

جىنلارنىڭ اللە بىلەن نەسەب جەھەتتە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى بار. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارمۇ ئىبادەت قىلىنىدۇ...

ئۇلار بۇتلارنى ئۆز قولى بىلەن ئويۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتى ۋە مۇنداق دېيىشەتتى:

﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى﴾

«بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر.»②

قۇرەيشلەر ئەرەبلەرنىڭ ئەقىدىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۇلارنى بەيتۇللانى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشقا، ھۆرمەتلىك ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى بۇزۇشقا، ئايلارنى ئارقىغا سۈرۈشقا (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىۋېتىشكە)، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھالال ساناشقا، ھالال يېمەكلىكلەردىن خالىغاننى ھارامغا

① سۈرە ئىبراھىم: 35 ـ ئايەت.
② سۈرە زۇمەر: 3 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

چىقىرىشىقا بۇيرۇيىتتى. ئەرەبلەر بولسا قۇرەيشلەرنىڭ ساختا قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىپ اللەنىڭ شەرىئىتىگە ئاسىيلىق قىلاتتى.

ئۇلار قىزلارنى تىرىك كۆمەتتى. ئاياللارنى خورلاپ ئۇلارغا زۇلۇم قىلاتتى. هاراق ئىچىپ قىمار ئويناياتتى. زىنانى يوللۇق دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ هاياتى هاراق ـ شاراپ، ئويۇن ـ تاماشا، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ياكى بىكارچىلىقتا ئۆتەتتى. قۇرەيش، سەقىف ۋە هەۋازان قەبىلىلىرىگە ئوخشاش بىر قىسىم باي قەبىلىلەر ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ۋاقتىنى تىجارەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى ۋە چەكتىن ئاشقان جازانىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى شىلىۋالاتتى ـ دە، بىكارچىلىقتا يۈزلىنىپ كېتەتتى.

بۇ يەردىمۇ كىشىلەر پۈتۈن جاهىلىيەتتىكىگە ئوخشاشلا هالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئازراق ئىلگىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ هالىتى مۇشۇنداق بولۇپ، شېرىك پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلاپ، پۈتۈن دۇنيا نۇرنىڭ ئازراقمۇ سىماسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاتمۇ ـ قات زۇلمەتكە پاتقان ئىدى.

مۇشۇنداق زۇلمەتلىك بىر ۋاقىتتا نۇر... يەنى ئابدۇللانىڭ ئوغلى مۇهەممەد سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى.

**2 ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتى ۋە ئانىسى ئامىنەنىڭ چۈشى:**

ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن اللەنىڭ ھوزۇرىدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ بېكىتىلىۋاتقان ۋاقتىمدا ئاتام ئادەم ئەلەيھىسسالام تېخى لاي ھالىتىدە يۇغۇرۇلىۋاتقان ئىدى. مەن سىلەرگە بۇنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەي. مەن بولسام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بەرگەن بېشارىتى ۋە ئانامنىڭ كۆرگەن چۈشى. ئانام ئۆزىدىن بىر نۇر چىقىپ، بۇ نۇردىن پۈتۈن شام قەسىرلىرىنىڭ يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى».

ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى اللە تەئەلانىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىلىنىدۇ:

﴿وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ، رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُسْلِمَةً لَكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ، رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: "پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۇممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ

ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن" دېدى.»①

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارىتى بولسا اللەنىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىلىنىدۇ:

﴿وَإِذْ قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَا بَنِي إِسْرائيلَ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ مُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَمُبَشِّراً بِرَسُولٍ يَأْتِي مِنْ بَعْدِي اسْمُهُ أَحْمَدُ فَلَمَّا جَاءَهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ قَالُوا هَذَا سِحْرٌ مُبِينٌ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: "ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن" دېدى. ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: "بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر" دېدى.»②

ئانىسى ئامىنەنىڭ كۆرگەن چۈشىگە كەلسەك، ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى مۇنداق دەيتتى: «مەن ھامىلىدار بولۇپ ئالتە بولغاندا چۈشۈمدە بىرئادەم قېشىمغا كېلىپ: "ئى ئامىنە! شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن زېمىن يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىگە ھامىلىدار بولدۇڭ. ئۇ تۇغۇلغاندا «مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويغىن. بۇ ئىشنى باشقىلاردىن مەخپيي تۇتقىن③» دېگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ دۇئا، بېشارەت ۋە چۈشلەر گويا ئۇپۇقتىكى چاقناپ

---

① سۈرە بەقەرە: 127 ـ 129 ـ ئايەت.
② سۈرە سەپ: 6 ـ ئايەت.
③ ئىمام ئەھمەد، بەزارى، تەبەرانى، ھاكىم ۋە بەيھەقى ئىرباز ئىبنى سارىيەدىن رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىنى كۆرستىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىچە غەيبى دۇنيادا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشى بىلەنلا بۇ نۇر ئېتىلىپ چىقتى.

## 3 ـ تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى بىشارەتلەر:

بىز ئىلگىرىكى بابلاردا گەرچە تەۋرات ۋە ئىنجىل يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ قولىدا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا يەنىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بىشارەتلەرنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئەگەر بىز بۇ ھەقتە قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، بۇ ھەقتە ئوچۇق ئىككى كۆرسەتمىنى كۆرىمىز:

﴿الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوباً عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالأِنْجِيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالأَغْلالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُوا بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّذِي أُنْزِلَ مَعَهُ أُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

«ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[1]

﴿مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعاً سُجَّداً يَبْتَغُونَ فَضْلاً مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَاناً سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الأِنْجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنْهُمْ مَغْفِرَةً

---

① سۈرە ئەئراف: 157 ـ ئايەت.

وَأَجْراً عَظِيما﴾

«مۇھەممەد اللەنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆز-ئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر، الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى.»[1]

گەرچە يەھۇدى-ناسارالار تارىختىن بۇيان ئاشۇ روشەن بېشارەتلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ بىراق، ئۇ بېشارەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋېتەلمىگەن. بىز ئىلگىرى مىلادىيە 1954 ـ، ھىجرىيە 1365 ـ يىلى سىنادىكى سانت كاترىن چىركاۋىدا بايقالغان تەۋراتنىڭ قەدىمكى نۇسخىسى ھەققىدە ئازراق توختالغانىدۇق. بۇ تەۋراتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بايانلار بار بولۇپ كېيىن بۇ ھەقتىكى بايانلار يوقاپ كېتىپ قايتا تىلغا ئېلىنمىغان.

يەھۇدىيلار مەدىنىدە-مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئازراق ئىلگىرى-ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىكى كىشىلەرگە: «ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى دۇنياغا كېلىشكە ئازلا قالدى. بىز ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، سىلەرنى

---

[1] سۈرە فەتھ: 29 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مەغلۇپ قىلىمىز» دەيتتى. بۇنى قۇرئان كەرىم مۇنداق دەپ تىلغا ئالىدۇ:

﴿وَلَمَّا جَاءَهُمْ كِتَابٌ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ مُصَدِّقٌ لِمَا مَعَهُمْ وَكَانُوا مِنْ قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُوا فَلَمَّا جَاءَهُمْ مَا عَرَفُوا كَفَرُوا بِهِ فَلَعْنَةُ اللَّهِ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾

«ئۇلارغا اللە تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى). ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. اللە كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى.»[1]

يەھۇدىيلار ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەرگە بۇ سۆزنى قىلغان ۋاقىتلىرىدا ھەرگىزمۇ قارىسىغا سۆزلىمىگەن بولماستىن بەلكى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق تەۋراتتا تىلغا ئېلىنغان بېشارەتلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى. بۇ شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، تەۋراتنىڭ قەدىمكى نۇسخىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەقەت ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەنلا تىلغا ئالغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەۋەتىلىش ئورنى ۋە ئەۋەتىلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ تەخمىنى تىلغا ئالغان. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تېزرەك ئەۋەتىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانىدى. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تەۋراتنىڭ تېكىستىگە گەرچە بىر قىسىم مۇجمەللىكلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ بىراق ئۇ يەنىلا يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىش ئورنى شۇنداقلا ھىجرەت قىلىدىغان يۇرتىنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ناسارالار بولسا ئىسا ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈپ

---

① سۈرە بەقەرە: 89 ـ ئايەت.

كېيىن بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىنجىلنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر قېتىم ئۇنى بىرەر تىلغا تەرجىمە قىلسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى مۇجىمەللەشتۈرۈپ كەلدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ بۇ بېشارەتلەر ئۇلارنىڭ ئىنجىللىرىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بويىچە «مەندىن كېيىن فاراقلىت پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئىزچىل ساقلىنىپ كېلىۋاتقاندى. ئىنجىلنىڭ يەنە بەزى نۇسخىلىرىدا بۇ ئىبارەتكە «مەن ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى يېشىپ قويۇشقىمۇ لايىق كەلمەيمەن[1]» دېگەن مەزمۇن زىيادە قىلىنغان.

ئۇنىڭ سۈپىتى: «ئاسمان ـ زېمىننى نۇرغا تولدۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇندىمۇ تىلغا ئېلىنغان. يەنە بەزى نۇسخىلىرىدا «زېمىن يۈزىدىكى خاتالىقلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئىنسانلارغا بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ھاۋايى ـ ھەۋىسى بويىچە سۆزلىمەستىن بەلكى، الله تەرەپتىن قوبۇل قىلغان ۋەھيىنى سۆزلەيدۇ» دەپمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى: «ئۇ الله تەرەپتىن ۋەھيى قىلىنىدىغان پەيغەمبەردۇر» دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ۋە ئەلچى بولۇپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىممۇ پەيغەمبەر بولۇپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۇلارنىڭ ئىنجىللىرى «فاراقلىت» نامى بىلەن تىلغا ئالغان پەيغەمبەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ۋە اللهنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەردىن ئالغان ئەھدىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى ۋەدە قىلىنغان پەيغەمبەر يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان:

﴿وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّينَ لَمَا آتَيْتُكُمْ مِنْ كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مُصَدِّقٌ لِمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ

---

① يەنى «ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە مەندىن شۇ قەدەر ئارتۇقكى، مەن ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى يېشىپ قويۇشقىمۇ لايىق كەلمەيمەن». بۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەقەدەر كەمتەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

وَلَتَنْصُرُنَّهُ قَالَ أَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَى ذَلِكُمْ إِصْرِي قَالُوا أَقْرَرْنَا قَالَ فَاشْهَدُوا وَأَنَا مَعَكُمْ مِنَ الشَّاهِدِينَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدىلا اللە پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: ”سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك“ (دېدى). اللە: ”(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنە بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟“ دېدى. ئۇلار: ”ئېتىراپ قىلدۇق“ دېدى. اللە: ”(ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن“ دېدى.»[1]

لېكىن ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى ھەسەت سەۋەبىدىن پەيغەمبەرلىرىنىڭ بۇيرۇقىدىن يۈز ئۆرۈدى:

﴿وَدَّ كَثِيرٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدُّونَكُمْ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفَّاراً حَسَداً مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِهِمْ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْحَقُّ فَاعْفُوا وَاصْفَحُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. اللەنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى اللە سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.»[2]

﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ وَإِنَّ فَرِيقاً مِنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

«بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى

---

① سۈرە ئال ئىمران: 81 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 109 ـ ئايەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

(يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ.»[①]

① سۈرە بەقەرە: 146 ـ ئايەت.

# ئىمانىنىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

**4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى:**

الله پەيغەمبەرلىرىنى ئەڭ ياخشى كىشىلەر ئىچىدىن تاللاپ چىقىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇنداقلا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

الله ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تەربىيە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن چاغدا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى الله ئىرادە قىلغان شەكىلدە ئورۇندىيالايدىغان روھىي، ئەخلاقىي ۋە پىسخىكا جەھەتلەردىن تولۇق سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

كىشىلەر تەبىئىيكى بۇ شەخسنىڭ كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. لېكىن، ئۇلار بۇ شەخسنىڭ ئۆزگىچە سۈپەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىچىلا تەخمىنەن قىياسى قىلىشىپ: «بۇ چوقۇم كەلگۈسىدە ئۆزگىچە ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ» دېيىشىدۇ.

بۇنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدا ئىسپاتلانغان.

بىز بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى كۆزدە تۇتماقچى ئەمەسمىز. ئېھتىمال، ئانىسىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئۇنىڭغا شۇنداق بېشارەت بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا بۇ يەردە تاغىسى ئەبۇ تالىپ ۋە بوۋىسى ئەبدۇلمۇتەللىپنىڭ تۇيغۇلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتماقچى ئەمەسمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئۇلارنى شۇنداق تۇيغۇغا

كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە ماڭغان سودا كارۋانلىرىدا بولسۇن، كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا بولسۇن ياكى ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك ياشلارغا ئوخشاش ئويىنماي جىم ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن پۈتكۈل قۇرەيشلەرلا ئەمەس بەلكى ئۇنى بىرلا قېتىم كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق تۇيغۇدا بولاتتى.

ئۇ تېخى نەۋقىران ياشلىق چاغلىرىدىلا تەجرىبىلىك چوڭلارنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر، ئېغىر بېسىقلىق، كەمتەرلىك ۋە يېتىلگەن تۇيغۇغا ئوخشاش ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا جاھىلىيەت بۇزۇقچىلىق، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ئەرزىمەس بىھۇدىلىكلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرغىپ قىلىۋاتقان بولۇپ، ھېچقانداق يەردىن بۇنداق ئېسىل، تىرىشچان ۋە سالماق بىرەر ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى ياشلار ئارىسىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. بۇنداق جاھىلىيەتتە ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلمەيدىغان ياش چوقۇم ئۆزگىچە ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى ۋە كەمتەرلىكىگە ياشتا چوڭايغان خىلى ـ خىلى بوۋايلارمۇ قالمايدىغان ئىچىملىك سورۇنلىرىغا قاتناشماسلىق، ھېچقانداق چەكلىمە بولمىغان، ھېچكىم ئەيىب سانىمايدىغان ھالەتتىمۇ جاھىلىيەتنىڭ ھېچقانداق بۇزۇقچىلىقلىرىغا يېقىن يولىماسلىق، گەرچە ئىبادەت ئورنى ۋە ھەممە ئۇلۇغلايدىغان مۇقەددەس جاي بولغان تەقدىردىمۇ كەئبە ئەتراپىغا تىكلەنگەن بۇتلارنىڭ قېشىغا بارماسلىق ۋە ئاشۇ جاھىلىيەتتىكى زۇلۇملاردىن ئۆزىنى پاك تۇتۇش ... ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئېسىل سۈپەتلەر ئۇنىڭغا قوشۇلسا، شەكسىزكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ. چۈنكى، ياشتا چوڭايغان ھۆرمەتكە سازاۋەر

بوۋايلارمۇ بۇ ياشنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىيالمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك، كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە پۈتكۈل ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە قاراتقان سۈپەتلىرىنىڭ بىرى «راستچىللىق» بولۇپ، ھەتتا ئۇلار ئۇنى «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دەپ ئاتىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئامانەتتە ئىشەنچلىك ۋە راستچىل بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئامانەت قوياتتى. ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋە راستچىل ئىكەنلىكى تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن بىرگە شۇغۇللانغان تىجارەتلەردە ئېنىق ئىسپاتلانغان. ھالبۇكى، جاھىلىيەتتىكى ھەر قانداق سودا ـ سېتىقلار نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئالدامچىلىقتىن خالى ئەمەس ئىدى.

كەمتەرلىك بىلەن بىرگە ئۇنىڭ پەم ـ پاراسەتتى ۋە سۆزلىگەن ۋاقىتتىكى ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى قۇرەيشلەرنىڭ سورۇنلىرىدا ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغايتتى ۋە ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ۋە ھۆرمەت ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار گويا تەجرىبىلىك شەيخلەردىن مەسلىھەت سورىغاندەك بارلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆكۈمدار قىلغان بارلىق ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە رازى بولۇشاتتى.

بەلكى، بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇرراقى قۇرەيشلەرنىڭ ئۇنى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ ئىشىدا ھۆكۈم قىلىپ بېرىشكە تاللىغان ئىشى بولۇش مۇمكىن. كەئبە تاملىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكتىن قۇرەيشلەر ئۇنى قايتا قۇرۇپ چىقماقچى ۋە ئۇنىڭ تېمىنى بۇرۇنقى ھالىتىدىن ئازراق ئېگىزلەتمەكچى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ ھەممىسى ئۆز ـ ئارا ھەمكارلاشقان ھالەتتە بەيتۇللانى قۇرۇش ئىشىغا ئاتلىنىپ كەتتى. ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۆز ئورنىغا قويۇش ئىشىغا كەلگەندە ھەرقايسى قۇرەيش قەبىلىلىرى ئارىسىدا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كەسكىن رىقابەت باشلىنىپ كەتتى. ھەر بىر قەبىلە بۇ شەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ نائىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا تۆت كۈن داۋاملاشقان بولسىمۇ بىراق ئۇلار ھېچبىر پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىدى. رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىمەكتە ۋە قىززىپ كەتمەكتە ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىغىلى تاسلا قالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار بەيتۇللاغا تۇنجى بولۇپ كىرگەن كىشىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ قېشىغا تۇنجى بولۇپ كىرگەن كىشى ـ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ـ ئىشەنچلىك مۇھەممەد بولۇپ چىقتى. پۈتكۈل قۇرەيشلەر بۇنىڭدىن خۇشال بولدى. ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپلارنى يوقىتالايدىغان چارىسىنىڭ بارلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىپ ئۇنى ئارىسىدىكى دەتالاشقا ھۆكۈمدار قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىداسىنى سېلىپ: «ھەر بىر قەبىلىدىن بىردىن ئادەم رىدانىڭ بىر تەرىپىنى تۇتسۇن» دېگەنىدى، ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. ئاندىن ئۇ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە: «ھەجەرۇل ئەسۋەدنى قويۇلماقچى بولغان ئورنىغا ئېلىپ بېرىڭلار» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەممىسى ئورتاق ھەمكارلاشقان ھالەتتە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى قويماقچى بولغان ئورۇنغا ئېلىپ كېلىشتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەرۇل ئەسۋەدنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ كەئبىدىكى ئەسلى ئورۇنغا قويدى. شۇنداق قىلىپ ھەر بىر قەبىلە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى كۆتۈرۈش شەرىپىگە ئورتاق ئىگە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاقىلانە تەدبىرى بىلەن «ئىشەنچلىك» دېگەن بۇ نام شۇنىڭدىن باشلاپ ـ قۇرەيشلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن ـ ئۇنىڭغا خاس بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئىشەنچلىك، راستچىل مۇھەممەدنىڭ ھۆكۈمىگە رازى ۋە مەمنۇن بولغان

ھالەتتە قايتىپ كېتىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم ۋەھيى نازىل بولۇپ بۇ تاسادىپىيلىقتىن قاتتىق قورقۇپ تىترەپ كەتكەن ۋاقتىدا خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «ياق! اللە بىلەن قەسەمكى ئۇ سېنى ھەرگىزمۇ رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى سەن سىلە ـ رەھىمنى ئۇلايسەن، راست سۆزلەيسەن، باشقىلارنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىسەن، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىسەن، مېھماننى ھۆرمەت قىلىسەن ۋە ھەق تەرەپدارلىرىغا ھەمدەمدە بولىسەن[①]».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىنچ ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىشنى ۋە ئويلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇ ھەر يىلى بىر ئاينى كىشىلەردىن ئايرىلىپ ھىرا غارىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بويىچە بۇ دىنغا بۇتپەرەس جاھىلىيەتنىڭ قولىدا يەتكەن بۇرمىلىنىش ۋە ئېغىپ كېتىشلەردىن خالى ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئىستىقامەتتە ئۆتكۈزەتتى.

اللە ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانلارغا يۈزلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر ۋەزىپە ئۈچۈن تەييارلىغانىدى.

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.

**5 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى تارىختىكى ئەڭ ئېنىق تەرجىمىھالدۇر:**

اللە ئىسلام ئاساسىنىڭ بۇزۇلمىنىپ كەتمەي مۇكەممەل ھالەتتە ساقلىنىپ قېلىشىنى تەقدىر قىلدى. چۈنكى، ئىسلام دىنى تا قىيامەتكە قەدەر ساقلىنىپ قالىدىغان مەڭگۈلۈك دىندۇر. اللە بۇ دىننى ئۆزى قوغدايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى باشقا بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى:

﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ﴾

«اللە ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.»①

شۇنداقلا اللە ئۆز قۇدرىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنى قوغداپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ۋەدە قىلدى:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.»②

اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتى ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك تەرجىمىھالىنى قوغداپ قالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ئىلگىرىكى كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئوخشاش يوقىلىپ كەتمىدى ۋە ئۇنىڭغا تەۋرات ۋە ئىنجىلدا مۇسا ۋە ئىسا ... ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت نۇرغۇنلىغان بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرىغا كىرىپ قالغاندەك ئۆزگەرتىش ۋە بۇزمىلىنىشلار كىرىپ قالمىدى.

بولۇپمۇ تەۋراتنى ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭدا ـ پەيغەمبەرلەر ھەققىدە

---

① سۈرە سەپ: 9 ـ ئايەت.
② سۈرە ھىجر: 9 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيدۈرۈپ چىققان تەرجىمھالدا ـ اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرگە ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى بىر ئىنسانغىمۇ لايىق كەلمەيدىغان قەبىھ تۆھمەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە چاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭ ـ تالاڭ، باشقىلارنى ئالداش، يالغانچىلىق ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلاردىن ئىبارەت زىمىندىكى قانداقلا رەزىل جىنايەتلەر بولمىسۇن ئۇلار ئۇنى ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە چاپلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدىغان يەھۇدى ـ خرىستىئانلارنىڭ قولىدا يېزىلغان:

﴿قُلْ بِئْسَمَا يَأْمُرُكُمْ بِهِ إِيمَانُكُمْ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾

«ئۇلارغا: "ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكىنا؟ (سىلەر مۇئمىن ئەمەس، چۈنكى ئىمان موزايغا چوقۇنۇشقا بۇيرۇمايدۇ)" دېگىن.»①

﴿فَوَيْلٌ لِلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَذَا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ لِيَشْتَرُوا بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً فَوَيْلٌ لَهُمْ مِمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَهُمْ مِمَّا يَكْسِبُونَ﴾

«كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئەتى) ئۈچۈن، بۇ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن (هارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي.»②

ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەرجىمھاللىرىنى بىلمەسلىكتىن ئەمەس بەلكى، ئۆزلىرىنىڭ يەر شارىدا ئېلىپ بارغان رەزىل قىلمىشلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەگەر پەيغەمبەرلىرى يەھۇدىلار

---

① سۈرە بەقەرە: 93 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 79 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىلجىرلاپ يۈرگەن بۇ رەزىل ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرى قىلغان بۇ ئىشلارنى قىلىشى نورمال ئىش ھېسابلانامدۇ؟

ئىنجىلدىكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ئويدۇرمىلار گەرچە باشقىچە شەكىلدە بولسىمۇ، بىراق بۇ ئويدۇرمىلارمۇ رەزىللىك جەھەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرى ھەققىدىكى ئويدۇرمىلاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھلاشتۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنى «اللهنىڭ ئوغلى» دەپ بىلجىرلاشتىمۇ ئارتۇق رەزىللىك ۋە كۇپرىلىق بولامدۇ؟

﴿وَقَالُوا اتَّخَذَ الرَّحْمَنُ وَلَداً، لَقَدْ جِئْتُمْ شَيْئاً إِدّاً، تَكَادُ السَّمَاوَاتُ يَتَفَطَّرْنَ مِنْهُ وَتَنْشَقُّ الأَرْضُ وَتَخِرُّ الْجِبَالُ هَدّاً، أَنْ دَعَوْا لِلرَّحْمَنِ وَلَداً﴾

«ئۇلار: "اللهنىڭ بالىسى بار" دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللهنىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى.»[①]

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى ئۇنتۇپ قېلىش ياكى قەستەن بۇرمىلاش سەۋەبىدىن ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى الله بىھۇدىلىكلەردىن ۋە ئۇنتۇپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى ۋە ئۇنى رىۋايەت ۋە تېكىستلەرنى يادلاشتا ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارلىق ئۇممەتكە تاپشۇردى. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى شۇنچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا، پەيغەمبەر

---

① سۈرە مەريەم: 88 ـ 91 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ۋەقە ـ ھادىسىلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك، كەسكىن تەرجىمھال ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇ تەرجىمھال (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى) ئارقىلىق ـ شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ـ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمھاللىرىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك بىر قىسىم تەرجىمھاللار ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمھاللىرىدىن پەقەت قۇرئاندا ۋە ھەدىستە تىلغا ئېلىنغانلىرىغىلا ئىشەنچ قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىدا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمھاللىنى ئوقۇپ چىقالايمىز. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدا چېچىلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئۆز ھاياتىغا مۇجەسسەملىگەن.

### 6 ـ ئۇنىۋېرسال ئوبراز:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى پەقەت ئىنسانىيەت ئىچىدىكى بۈيۈك شەخسلەرگە نىسبەتەن ئەمەس، بەلكى، پۈتۈن پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرگە نىسبەتەن جۈملىدىن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە نىسبەتەن پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئوبراز ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۈيۈك شەخسلەرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەپ باققىنىمىزدا، بىرەر مىللەت ئىچىدە ئۆزىنى سىياسىي رەھبەرلىككە ئاتىغان ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ كەتكەن بەزى سىياسىي داھىيلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ داھىيلار ئۆز مىللىتىنى ھېچقانداق مۇناسىۋەت ئۇلارنىڭ ئارىسىنى باغلىيالمايدىغان، نە بىرەر سۆز نە بىرەر نىشان ئۇچۇن بىرلىككە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە ناھايىتى چېچىلاڭغۇ ھالەتتە كۆرىدۇ ـ دە، پاراسەتلىك قوماندانلىقى ۋە ئوبرازىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بۇ مىللەتنى چېچىلاڭغۇلۇقتىن بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقلاشقان بىر مىللەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ نىشانىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان بىر رىشتە پەيدا قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ئۇيۇشۇشقا تېگىشلىك نىشاننى بەلگىلەپ بېرىدۇ ـ دە، ئۇلار بۇ نىشاننىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ زىددىيەتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە قەلبلىرى بىرلىشىدۇ. بۇ مىللەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خەلقئارالىق كۈرەشلەرگە قاتنىشىدۇ ۋە بۇ مىللەتنى پۈتۈن خەلقئارادىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا يۈكسەك ئورۇنغا، يۇقىرى شان ـ شەرەپ ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە قىلغان بولسا، بىز بۇ سىياسىي قوماندانىنى ئۆز تىلىمىز بويىچە نېمىدەپ ئاتايمىز؟ ئۇنى قانداق سۈپەتلەيمىز؟ «ئۇ، باشقا ئىشلارنى قويۇپ مەخسۇس مۇشۇ شەرەپلىك ۋەزىپە ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ئەڭ ئۇلۇغ شەخس»

دېمەي تۇرالامىزمۇ؟

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك ئوبرازى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۆپ خىل تەرەپلەرنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى. ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تارىختىكى سىياسي قوماندانلىق ئۈچۈنلا ئۆزىنى بېغىشلىغان قوماندانلارغا ئوخشاش مەخسۇس مۇشۇ ۋەزىپە ئۈچۈنلا ئۆزىنى بېغىشلىمىغان. شۇنداق تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خىل ئوبرازى ئىچىدىن پەقەت بىرلا ئوبراز ۋەزىپىسى ئۈچۈن مەخسۇس ئۆزىنى بېغىشلىغان قوماندانلارنىڭ ھەممە تەرىپىنى بېسىپ چۈشتى. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى نەقەدەر بۈيۈك، نەقەدەر ئۇنىۋېرسال ئوبراز ـ ھە!!!

بەزىدە بىز بىرەر ئىجتىمائى ئىسلاھاتچىنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇ ئىجتىمائى زۇلۇم ۋە قالايمىقانچىلىقلارنىڭ جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزۈمچىلىك خاھىشىنىڭ شەخسلەرنى كونترول قىلىۋالغانلىقىنى، شەخسىيەتچىلىكنىڭ جەمئىيەتنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلانى بوزەك قىلىۋاتقانلىقىنى، بايلارنىڭ نامراتلارنى يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، جەمئىيەتتىكى شەخس ۋە جامائەتلەرنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، ھوقۇق، پۇل ـ مال ۋە يۈز ئابرۇي تالىشىپ ئۆز ـ ئارا قىرغىن قىلىشىۋاتقانلىقىنى، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھەققىگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقىنى، قېرىندىشى ھەققىدە نە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ـ دە، ئىجتىمائى ئادالەتنى تۇرغۇزۇش، جەمئىيەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش، شەخس بىلەن كوللېكتىپ، ھاكىم بىلەن مەھكۇم ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، مىللەتنىڭ بايلىرىنى نامراتلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان ھالەتكە ۋە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلارنى مال ـ مۈلكلىرىگە ئورتاقلاشتۇرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئۆز ـ ئارا كېيىل بولغان، ئۆز ـ ئارا ھەمكارلاشقان ۋە ئۆز ـ ئارا دوستلاشقان چوڭ بىر ئائىلىگە ئوخشاش ياشايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. بىز بۇ ئىسلاھاتچىنى تىلىمىزدا نېمىدەپ ئاتايمىز؟ ئۇنى قانداق سۈپەتلەيمىز؟ «ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئادەمكەن» دېمەي قالارمىزمۇ؟

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى ۋە ھاياتىنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى. گەرچە ئۇ مۇشۇ تەرەپكە مەخسۇس ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىغا ئوخشاش پەقەت بىرلا تەرەپكە ئۆزىنى بېغىشلىماستىن، بەلكى، ھەممىنى تەڭ تۇتۇپ ماڭغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ بىرلا تەرەپتىكى ئوبرازى ئۆزىنى مەخسۇس بېغىشلىغان ئىسلاھاتچىنىڭ بارلىق ئوبرازىنى بېسىپ چۈشتى. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى نەقەدەر بۈيۈك، نەقەدەر ئۇنىۋېرسال ئوبراز ـ ھە!!!

يەنە بەزىدە بىز بىرەر ئەخلاقشۇناسنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇ يالغانچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، باشقىلارنى ئالداش، خىيانەت قىلىش، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىش، ھاراق ـ شاراپ، زىنا ـ پاھىشە، قىمار، بۇلاڭ ـ تالاڭ ... قاتارلىق ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلارنىڭ جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا قورال بار تۇرۇپمۇ ئۆزىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەقلىرىنى زورلۇق كۈچىگە تايانماستىن ئالالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئەگەر ھەق ئىگىسى ئاجىز بولسا خۇددى بۆرە ئولجىسىنى يېگەندەك باشقىلار تەرىپىدىن يېيىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەگەر ھەق ئىگىسى يېتىم ياكى ئايال كىشى بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرەر كىشىنىڭ ۋىجدانىنىڭ ھەرىكەتكە كەلمىگەنلىكىنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كۆرىــــدۇ ـ دە، جەمئىيەتتىكــــى ئەخلاقنــــى ئىســــلاھ قىلىشــــقا ئــــۆزىنى بېغىشلايدۇ. سەۋرچانلىقى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ مىللىتى ئۈچۈن بىر ئەخلاقى دەستۇرنى تۈزۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ـ ئارا مۇناســـىۋەتتە شـــۇ دەســـتۇر بـــويىچە مۇئـــامىلە قىلىشـــىدۇ. كۈچلـــۈكلەر ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، يالغانچىلىق ئازىيىدۇ ياكى يوقىلىدۇ. هاراق، زىنا، قىمار يوقىلىدۇ. ھەق ئىگىسى گەرچە ئاجىز، يېتىم ۋە ئايال كىشى بولغـان تەقـدىردىمۇ ئـۆز ھەقـدىن خـاتىرجەم بولـىدۇ. سـاپ ۋىجـدان كىشـــىلەر ئارىســـىدىكى ئـــالاقىگە ھۆكۈمرانلىـــق قىلىـــدىغان نەرســـىگە ئايلىنىـــدۇ. بىـــز ئاشـــۇ دەرىجىـــلەرگە يەتـــكەن كىشـــىنى «ئـــۇ ھەقـــقەتەن ئۇلۇغ ئادەمكەن» دېمەسمىزمۇ؟

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيـۈك ئوبرازىنىـڭ پەقەت بىـرلا تەرىپى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى تارىختىكى ئــۆزىنى پەقەت مۇشــۇ ۋەزىــپە ئۈچــۈنلا ئاتىغــان ھەرقانــداق بىــر ئىســلاھاتچىنىڭ تەســىرىنى بىســىپ چۈشــتى. دېــمەك، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى نەقەدەر بۈيۈك، نەقەدەر ئۇنىۋېرسال ئوبراز ـ ھە!!!

بەزىــدە بىــز تەلىم ـ تەربىــيە خىزمىتــى ئۈچــۈن ئــۆزىنى بېغىشــلىغان ئۇســتازلارنى ئۇچرىتىــپ قــالىمىز. ئــۇ ھەرقانــداق مەيدانــدا باشــقىلارغا قومانــدان بولالايــدىغان، يــۈرۈش ـ تــۇرۇش ۋە ئەخلاقلىرىــدا، بۈيــۈك ئوبرازىــدا باشــقىلارغا ئــۈلگە بولالايــدىغان تەڭداشســىز بىــر ئەۋلاد كىشــىلەرنى تەربىــيىلەپ چىقىــدۇ. بــۇ بىــر ئەۋلاد كىشــىلەرنى ھــاۋايى ـ ھەۋەســلەر ئــازدۇرۇپ كېتەلمەيــدۇ ۋە بــوران چــاپقۇنلار تەۋرىتەلمەيــدۇ. تاغقــا ئوخشــاش مۇســتەھكەم، ئــۇ ھەرىكەتلەنســە ئەتراپىــدىكى باشــقا كىشىلەرمۇ ھەرىكەتلىنىــدىغان رېئــال دۇنيــادا ئىجــابى ۋە تەســىرچانلىق كۈچىگە ئىگە بۇنداق شەخسىنى نېمىدەپ ئاتـايمىز؟ ئـۇ بىرنىـڭ «ئـۇ

ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك ئۇستاز ئىكەن» دېيىشىمىزگە ئەرزىمەمدۇ؟

ئەگەر بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى كۆپ خىل تەرەپلەرنىڭ بىرلا تەرىپى بولسا، پەيغەمبەر بۇ ساھەدە تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك تەربىيىچى سەرىپ قىلغان تىرىشچانلىقنى سەرىپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن كىشىلەر ھەربىر مەيداندا يۈكسەك دەرىجىدىكى قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىققان بولسا ئۇنى نېمىدەپ ئاتايمىز؟

بەزىدە بىز بىرەر ھەربىي قوماندانىنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇ پەقەت مۇشۇ ۋەزىپە ئۈچۈنلا بىرىلىپ، يۈكسەك قەھرىمانلىقىغا ئىگە بىر جەڭگىۋار قوشۇننى ۋە قوماندانىنى تەربىيىلەپ چىقىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتا سەۋر قىلىشقا، مۇشەققەتلىك ۋاقىتلاردا چىدامچان بولۇشقا، خەتەرگە ئالدىنى قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. ئۇلار بىلەن جەڭگە قاتنىشىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز قوماندانىنى ياقتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئىتائەت قىلىپ جەڭدىكى خەتەرلىك ئورۇنلارغا تالىشىپ بارىدۇ. ئۇلار شېھىتلىكنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈچۈن غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرى ئىشقا ئاشىدۇ. بىز بۇنداق ئادەمنى «ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك قوماندان ئىكەن» دېمەي تۇرالايمىزمۇ؟

ئەگەر بۇ ھەربىي قوماندان ئۆز قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەۋاتقان ۋاقىتىدا ئۇلارنىڭ پەقەت ئۇرۇش قەھرىمانلىرىلا ئەمەس بەلكى ئۇرۇش ھالەتلىرىدىمۇ ئەخلاقى ئۈلگە بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويمىغاندا، ئۇرۇش قورقۇنچىسى ئۇلارغا ئۆز ئەخلاقىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويمايدۇ، جاپا ـ مۇشەققەت ئۇلارنى ئۆز رامكىسىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۇلار شىددەتلىك جەڭلەردىمۇ دوستلىرى ۋە دۈشمەنلىرىگە ئوخشاش ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىز يەنە بىر قېتىم: «ئۇ

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەقىقەتەن بۈيۈك قوماندان ئىكەن» دېمەي تۇرالايمىزمۇ؟

ئەگەر بۇ قوماندان ئۆز قوشۇنلىرىنى پەقەت شەخسىي ئەخلاق بويىچىلا ئەمەس بەلكى ئالىي غايە ۋە ئالىي قىممەت ـ قاراشلار ئاساسىدا تەربىيىلەپ چىقىدۇ. ئۇلار شۇ غايە ۋە قىممەت ـ قاراشلار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلار پەقەت غەلىبە، زېمىننى كېڭەيتىش، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلماستىن بەلكى ئالىي غايە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلار ئۇرۇش غەلىبىسىگە قىزىققاندىن كۆپرەك ئاشۇ ئالىي غايىگە قىزىقىدۇ. ئۇلار باسقان ھەربىر قەدەملىرىدە ئەنە شۇ ئالىي غايىنى ئىزدەيدۇ. بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭغا قىياس قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمگە بىزنىڭ «ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك قوماندان ئىكەن» دەپ قويۇشىمىز يېتەرلىكمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەرەپلەردە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق بۈيۈك قوماندانلاردىن بېسىپ چۈشىدىغان تۇرسا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك ئوبرازىدىكى كۆپ خىل تەرەپلەرنىڭ بىرلا تەرىپى بولسا ئۇنداق ئۇنى نېمىدەپ ئاتايمىز؟

ئەگەر بىرەر كىشى ئۆزىنى ئىزچىل ئىبادەتكە بېغىشلاش ئارقىلىق روھى سۈزۈلسە ۋە تاۋلانسا، پەرۋەردىگارىنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالماستىن بەلكى نامىزىدا، ئەمەللىرىدە، ئۆزى بىلەن پەرۋەردىگارى ۋە باشقا كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ئۇنىڭ قەلبى دائىم اللەغا باغلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ باشقىلارغا مېھرىبانلىق بىلەن ۋە كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمەللىرىدە ئىخلاسمەن ۋە تىرىشچان بولىدۇ. اللەغا بولغان تەقۋالىق ۋە اللەدىن ئەيمىنىش تۈيغۇسى ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەگەر بۇ ئىنسان ئۆز ئەتراپىغا بىر تۇپ كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارنى اللەغا بولغان چوڭقۇر ئالاقە ۋە اللەغا يەتكۈزىدىغان زىكىرلەر ئاساسىدا تەربىيىلەپ چىقالىسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىدىمۇ اللەنى ئەسلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللەغا بولغان چوڭقۇر ئىمان ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، ئىدىيە ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە اللەغا بولغان تەقۋالىق ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىدا دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ۋە زېمىننىڭ ئىنسانىنى ئازدۇرغۇچى نەرسىلىرىدىنمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ... بىز بۇ كىشى ھەققىدە «ھەقىقەتەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بۈيۈك روھ، ئۆزىنىڭ تەربىيە مېۋىلىرىگە (يەنى شاگىرتلىرىغا) نىسبەتەن بۈيۈك ئىنسان ھېسابلانامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىدا يۇقىرىقىدەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تەرەپلەر بار بولۇپ، ئۇ بۇ تەرەپلەردە مەخسۇس شۇ ساھە ئۈچۈن بېرىلگەن ۋە ئۆزىنى شۇنىڭغىلا بېغىشلىغان كىشىلەردىن كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنداقتا، ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئوبرازىدا ھەربىرى ئىنتايىن ئۇلۇغ بولغان مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇجەسسەملىگەن بۇ ئۇلۇغ زاتنى نېمىدەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن؟

پەيغەمبەر ئالايھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئوبرازىدا كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملىگەنلىكىدىلا ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى، ئۇلۇغلۇقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بۇ تەرەپلەرنى ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئادەم مەركەز قىلىپ باقمىغان. مەسىلەن: سىياسىي قوماندانلىق خىزمىتى ئۇنىڭ ھەربىي قوماندانلىق خىزمىتىگە، ئىجتىمائى ئىسلاھاتچىلىق خىزمىتىگە، ئەخلاقىي ئىسلاھاتچىلىق خىزمىتىگە، تەربىيىچىلىك خىزمىتىگە ۋە ئىبادەت خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزەلمىگەن. بەلكى بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئـۇنى ئائىلىسـىگە، ئاياللىرىغـا، قىزلىرىغـا قارىيالمايـدىغان قىلىـپ قويمىغان. شۇنداق! ئۇنىـڭ ئەھلـى ـ ئايـاللىرى ۋە بـالا ـ چـاقىلىرى بـار. ئەگەر بـىـرەر ئىنسـان پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئائىلىسـىنىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر ئائىلىنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كېتەلىسە، ئۇلارغـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ئـۆز ئائىلىسـىدىكىلەرگە ئـادىللىق قىلغانـدەك ئادىـل مۇئـامىلە قىلسـا، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ئـۆز ئائىلىسـىگە كۆيۈنگەنـدەك كۆيۈنسـە ۋە مېھىـر ـ مۇھەببەت ئاتـا قىلسـا بۇنداق ئادەمنى بىز «ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بىر ئىنساندۇر» دېمەسمىزمۇ؟ ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ مەلـۇم بىـر تەرىپـى ئـۇنى يەنە باشقا تەرەپلەردىـن غەپلەتتە قالدۇرۇپ قويمىغان بولسا، ئۇ باشقا تەرەپلەرنى تاشلاپ قويۇپ بىـر تەرەپـنىلا خـاس قىلىۋالمىغـان بولسـا بۇنـداق ئـادەمنى قانـداق سۈپەتلىشىمىز مۇمكىن؟

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام پـۇتلىرى ئىششـىپ كەتكـۈچە ئىبـادەت قىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ: «ئى اللەنىـڭ پەيغەمبىرى! ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا. چۈنكى، الله سىلىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكـى بـارلىق گۇنـاھلىرىنى مەغپىـرەت قىلىـۋەتكەن» دېگەنـدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن شۈكرى قىلغۇچى بەنـدىلەردىن بولمامدىم؟» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

مەخسـۇس ئىبـادەتكىلا بېـرىلگەن ئابىـدلارمۇ ئـاجىز كېلىـدىغان مۇشۇنچىۋالا ئىبادەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ۋەزىپىلىـرىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىمۇ؟ بۇنىڭ نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىياسىي قوماندانلىق، ئەخلاقـى تەربىيە، الله يولىـدا جىھاد قىلىـش تەربىيىسى ياكى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، خالىد، ئىكرەمە، ئەسما، سۇمەييە... ۋە ئۇلاردىن باشقا يۈزلىگەن ساھابىلەرگە ئوخشاش ھەرقانداق ساھەدە تارىخ قوماندانلىرىغا ئايلانغان ئاشۇ تەڭداشسىز بىـر

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالماي قالغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ باقتىمۇ؟

ياق! بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن ئۇلۇغ ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك ئوبرازىغا مۇجەسسەملەنگەن.

ئەگەر بىز بۇ تەڭداشسىز بۈيۈك ئوبرازنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ئۇلۇغلۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىلىرىگە يەتكەن بولىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازى، ھاياتى ۋە تەرجىمىھالى باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ خىلمۇ ـ خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن.

ئەگەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى قەۋمىگە بولغان دەۋەتتىن توختاپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىقلىرىغا ئۇزاق ۋاقىت سەۋر قىلىش بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسا؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئېغىر بېسىقلىقى، چىدامچانلىقى، اللەنىڭ بۇيرۇقىغا تولۇق بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا تىرىشىشى، كىشىلەرگە ھەقنى يەتكۈزۈشتىكى مۇلايىملىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسا؛ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بەنى ئىسرائىلغا ئالاقىدار بولغان پاراسەتلىك قوماندانلىق بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، بەنى ئىسرائىل بۇ پاراسەتلىك قوماندانىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا قۇللۇق ۋە بىچارىلىكتىن ھۆرلۈك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە چىقىپ ئۇلاردىن اللەنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان بىر ئۈممەت شەكىللەنگەن بولسا؛ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى يەر شارىنى قاپلاپ كەتكەن، چەكتىن ئاشقان ماتېرىيالىستلارغا قارشى تۇرۇشتىكى ۋە ئەخلاقى، روھىي، پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئىتائەت قىلىش جەھەتلەردە يۈكسەك دەرىجىلەرگە يەتكەن بىر توپ شاگىرتلارنى (يەنى

ھەۋارىيلارنى) تەربىيىلەشتىكى سۈزۈك ۋە نازۇك روھىيتى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان بولسا... ئۇنىداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تەسىرى ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تەسىرىدىن زور بولغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تەييارلاۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئېھسانلاردۇر:

﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ﴾

«اللە ھەق دىننى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.»①

﴿وَأَنْزَلَ اللَّهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ وَكَانَ فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ عَظِيماً﴾

«اللە ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. اللەنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.»②

---

① سۈرە سەف: 9ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 113ـ ئايەت.

7 ـ تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ياخشى ئەۋلادلار ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپىدۇر:

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً﴾

«سىلەرگە ـ اللەنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»[①]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ئىسلام تەشەببۇس قىلىۋاتقان ۋە يەر شارىدىكى توغرا خەلىپىلىك تەلەپ قىلىۋاتقان «ياراملىق ئىنسان»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرىلىق سورالغاندا، ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ئۆزى ناھايىتى قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر بولغان سۆزدۇر. بۇنىڭ مەنىسى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بارلىق كۆرسەتمە، بۇيرۇق، نەھيى، قىممەت ـ قاراش، پرىنسىپ ۋە ئەخلاقنىڭ جانلىق تەرجىمانىدۇر» دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر قۇرئان كەرىم ئاسماندىن نازىل قىلىنغان تەربىيە كىتابى بولسا، ئۇنىداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئىلاھى تەربىيەنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىكى مۇكەممەل ئۈلگىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بارلىق ئېلېمېنتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

① سۈرە ئەھزاب: 21 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەگەر بىرەر كىشى تەربىيە ساھەلىرىنىڭ قايسى بىر ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇبرازى، تەلىماتلىرى، يولىيورۇق-كۆرسەتمىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلى پوزىتسىيىسىدە ئاشۇ ساھەلەردە بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق نەرسىلەرنىڭ مەجۇد ئىكەنلىكىنى بايقاپ چىقىدۇ.

راستچىللىق، ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش، (چوڭ-كىچىك گۇناھلاردىن) ساقلىنىش، تاشقى ۋە ئىچكى پاكىزلىق، اللەغا بولغان ئىماننىڭ چوڭقۇرلۇقى، اللە تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن ئالدىراش، سەۋرچانلىق، پاراسەت، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، گەپ-سۆزىدە سىلىق بولۇش، يۈرۈش-تۇرۇشى گۈزەل بولۇش، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، دوستانە مۇئامىلىدە بولۇش، كەسكىن ئىرادىلىك بولۇش، بارلىق ئىشلاردا ئوتتۇراھال ۋە نورمال بولۇش...

ئەگەر بىز مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ياخشى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقماقچى بولساق، ئۇنداقتا چوقۇم تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنى قىلىشىمىز لازىم:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئاڭلىق مۇلاھىزە قىلغان ھالەتتە ئۆگىنىش كېرەك.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە قىلىق جەھەتتىكى سۈننەتلىرىدە ئەكىس ئەتكەن پرىنسىپ ۋە يولىيورۇقلارنى ئەمەلى ئىجرا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

ئەگەر بىز بۇ ئىككى پرىنسىپقا ئەمەل قىلساق، ئۆزىمىز ئارزۇ قىلىۋاتقان تەگداشسىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقالايمىز. نەتىجىدە، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە بىز ياشاۋاتقان ئىسلامنىڭ ئىككىنچى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قېتىملىق غېرىبلىقنى[1] يوقىتىدۇ ۋە ئىسلام ئۇممىتى ئۆچۈن ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇ چاغدا بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپى ياكى ئۈلگە قىلىدىغان شەخسلەرنى ئىزدەپ يەر شارىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە كۆز تىككىشكە مۇھتاج بولمايمىز.

ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپىدىن باشقا ئىنسانلارنىڭ بارلىق تەلىم ـ تەربىيە پرىنسىپلىرى كەمتۈك ۋە خاتا پرىنسىپلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوبرازىدىن باشقا بارلىق ئوبرازلار پەس ۋە ئەرزىمەس ئوبرازلاردۇر. ئۇنداقتا بىز شۇنچىۋالا خەزىنىلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا باشقا تەرەپلەرگە قول سوزۇپ يۈرىمىز؟ يۈكسەك ئۈلگىگە ئىگە تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۈلگە ئىزدەپ يۈرىمىز؟

ئۇنداقتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك تەرجىمىھالىغا قايتىپ، ئۇنىڭدىن قەلبلىرىمىزنى نۇرلاندۇرىدىغان ۋە بىزنى تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئۈندەيدىغان بىر قىسىم جەۋھەرلەرنى سۈزۈپ چىقايلى!

---

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام غېرىب ھالەتتە باشلانغان. ئۇ دەسلەپتە باشلانغىنىدەك غېرىب ھالەتكە قايتىدۇ». بۈگۈنكى كۈندە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق غېرىبلىقتا ياشاۋاتىمىز. تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىن بىرىنجى قېتىملىق غېرىبلىقنى يوقاتقاندەك بىزمۇ ئۆزىمىزدىن ئىككىنچى قېتىملىق غېرىبلىقنى يوقىتىشىمىز كېرەك.

## 8 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن دىن (يەنى ئىسلام دىنى) مۇكەممەللەشكەن ۋە ئىنسانىيەت ئۈستىدىكى ئىلاھى نېمەت تاماملانغان:

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الأِسْلامَ دِيناً﴾

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.»①

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلىكلەردىن بىر قانچە ئالاھىدىكتە روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

**1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلىكلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچىدۇر.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى بىر ئىمارەت سالغۇچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىمارەتنى ناھايىتى چىرايلىق ۋە پۇختا قىلىپ سېلىپ، ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر خىشنىڭ ئورنىنى قالدۇرۇپ قويىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىدۇ ۋە ئەجەبلىنىپ: "نېمىشقا بۇيەرگە بىر تال خىش قويۇلمىغاندۇ" دەپ سورىشىدۇ. مەن بولسام ئەنە شۇ خىش. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى.»②

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلىكلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكتۇر:

---

① سۈرە مائىدە: 3 ـ ئايەت.

② بۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.»①

قۇرئان كەرىم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئەقىدە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر. ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسى «شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە اللهدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر» دەيدۇ. قۇرئان كەرىممۇ يەنىلا ئاشۇ ئۇلۇغ سۆزنى تەكرارلايدۇ. پۈتكۈل ئىلاھى كىتابلار «اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دەيدۇ. قۇرئان كەرىممۇ يەنىلا شۇ تەۋھىد دەۋىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، قۇرئان كەرىم شەرىئەت ئىشلىرىدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا شاھىد بولغۇچىدۇر. قۇرئان كەرىم الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزنى ئېلىپ كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى شەرىئەتلەر ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولغان شەرىئەتلەردۇر. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا ئۆزىگە قارشى كەلگەن بارلىق ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتنى مۇشۇ خىل مەزمۇن ئاساسىدا چۈشىنىش كېرەك:

﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لَسْتُمْ عَلَى شَيْءٍ حَتَّى تُقِيمُوا التَّوْرَاةَ وَالأِنْجِيلَ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر".»②

ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ «ئۇزەيىر اللهنىڭ ئوغلى»

---

① سۈرە مائىدە: 48 ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 68 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

دېگەن سۆزىگە ۋە ناسارالارنىڭ «ئىسا اللەنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆلىرىگە رەددىيە بەرگەن ھالەتتە ئۇلاردىن شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە اللەغا ئىبادەت قىلىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئىشىدا تەۋرات ۋە ئىنجىلغا تولۇق ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى قوللىرىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلاردىن يەنە اللە تەرەپتىن ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئەقىدە ۋە شەرىئەت جەھەتتە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇلار ئايەت سۈپەتلىگەندەك ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىن ئۈستىدە بولغان بولمايدۇ. يەنى، اللە قوبۇل قىلىدىغان توغرا دىن ئۈستىدە بولغان بولمايدۇ.

**2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئوخشاشلا ئىمانغا دەۋەت قىلىدۇ:**

﴿قُولُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالأَسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَمَا أُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

«ئېيتىڭلاركى، ”اللەغا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز اللەغا

بويسۇنغۇچىلارمىز“.»①

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا نازىل قىلىنغان بارلىق كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىدىغان بىردىن ـ بىر پەيغەمبەرلىكتۇر. يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدى. ناسارالار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈردى. لېكىن، ئۇلار ئىسا ئەلەيىسسالامنى «پەيغەمبەر» دەپ ئىمان كەلتۈرمەستىن بەلكى، «ئىسا اللهدۇر، اللهنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ ئىمان كەلتۈرۈشتى. ئەمما مۇسۇلمانلار ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگىچە بولغان بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرىدىغان بىردىن ـ بىر ئۇممەتتۇر. الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن، غەيبكە ئىشەنگەن، نامازنى ئادا قىلغان، الله بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (الله يولىغا) سەرپ قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشەنگەن ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە ئېرىشكەن تەقۋادارلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ، وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ﴾

«ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە)

① سۈرە بەقەرە: 136 ـ ئايەت.

نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ.»①

مانا بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەردۇر. الله بۇ ئۇممەتنىڭ يەر شارىغا ھۆكۈمران بولۇشىنى تەقدىر قىلدى:

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً﴾

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۇچۇن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.»②

الله ئەزەلدىنلا بۇ ئۇممەتنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋە ئۇلارنىڭ باتىل دىنلىرىغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى ۋە يەھۇدى ـ ناسارالارنىڭ بۇ ئۇممەتنىڭ زىممىسى ئاستىغا كىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا الله بۇ ئۇممەتنى (يەر شارىدىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە) يېتەكچى ۋە رەھبەر قىلماقچى بولدى:

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً﴾

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق.»③

---

① سۈرە بەقەرە: 3 ـ 4 ـ ئايەت.
② سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شۇنداقلا بۇ ئۇممەتنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىچىدە ئادالەتنى بەرپا قىلغۇچى ئۇممەت قىلماقچى بولدى:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ﴾

«ئى مۆئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشقىلار.»[①]

شۇ سەۋەبتىن الله بۇ ئۇممەتنى ھەقنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ۋە ئۇنى ئىنسانلار ئارىسىغا تارقىتىدىغان ئۇممەت قىلىپ تەييارلىدى. بۇ ئۇممەتنىڭ دىللىرىدا باشقا ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرى ياكى ئۇلارنىڭ كىتابىغا نىسبەتەن ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە غوم ساقلىماسلىقى ئۈچۈن ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشى ئەنە شۇ تەييارلىقلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ دىگەن الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتتۇر. يەھۇدىيلار ناسارالارغا ئىسا ئەلەيھىسسالام سەۋەبىدىن ۋە ئۇلارنىڭ كىتابى بولغان تەۋراتنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئىنجىل سەۋەبىدىن ئۆچمەنلىك قىلدى. شۇنىڭدەك، يەھۇدى ـ ناسارالار مۇسۇلمانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبىدىن ۋە ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلىكلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى كىتاب قۇرئان كەرىم سەۋەبىدىن ئۆچمەنلىك قىلدى. مۇسۇلمانلار بولسا ھېچكىمگە ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچىلىك غوم ۋە ئۆچمەنلىك يوق. چۈنكى، ئۇلار بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئەلچىلىككە ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن ئىشىنىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن يەھۇدى ـ خرىستىئانلار ئىسلامى ھۆكۈمرانلىق سايىسىدا

---

① سۈرە نىسا: 135 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھېچقانداق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىماي خاتىرجەم، ئەركىن ـ ئازادە ھالەتتە ياشاپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، يەھۇدى ـ خرىستىئانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قولىدا ۋەھشىيانە زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكلىرى ۋە زېمىنلىرى تالان ـ تاراج قىلىنىۋاتىدۇ. ئېزىلىۋاتىدۇ، خورلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار نەچچە مىڭلاپ ھەتتاكى نەچچە مىليۇنلاپ يوقىتىلىۋاتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن يەھۇدى ـ خرىستىئانلار ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭۈللىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىكتىن خالى ئەمەس. پەقەت ئىسلام ئۈممىتىلا ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا ھەقىقىي ماس كېلىدۇ. (ئىسلام ئۈممىتى بۇندىن ئىلگىرى نەچچە ئەسىر ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلغان). چۈنكى، ئىسلام ئۈممىتى ئۆچمەنلىكلەردىن خالى ھالەتتە يەر شارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىردىنبىر ئۈممەتتۇر. مانا مۇشۇنداق ئىلاھى ھازىرلىقلار بۇ ئۈممەتنى رەھبەرلىك سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان:

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللەغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.»[①]

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەلچىلىكىگە ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن، بىرەرسىگە ئۆچمەنلىك قىلماستىن ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

① سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

**3 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەلچىلىك ئىكەنلىكى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگىلا خاس قىلىپ ئەۋەتىلەتتى. مەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم.»[1]

الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»[2]

﴿وَمَا هُوَ إِلا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ﴾

«قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.»[3]

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيراً وَنَذِيراً﴾

«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.»[4]

﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعاً الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللهغا خاستۇر“.»[5]

﴿يَا أَهْلَ الْكِتَابِ قَدْ جَاءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَثِيراً مِمَّا كُنْتُمْ تُخْفُونَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَعْفُو عَنْ كَثِيرٍ﴾

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
[2] سۈرە ئەنبىيا: 107 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەلەم: 52 ـ ئايەت.
[4] سۈرە سەبەئ: 28 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئەئراف: 158 ـ ئايەت.

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇنىنى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى.»①

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق كىشىلەرگە ۋە ئەھلى كىتابلارغا (يەنى يەھۇدى ـ ناسارالارغا) ئومۇمىيۈزلۈك پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈستىگە ئالغان دەۋەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان دەۋەتتۇر. اللە ھەربىر ئۈممەتكە ئايرىم ـ ئايرىم ۋە ئارقىمۇ ـ ئارقا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى تەقدىر قىلدى:

﴿وَإِنْ مِنْ أُمَّةٍ إِلا خَلا فِيهَا نَذِيرٌ﴾

«قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن.»②

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولاً أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: "اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار" دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.»③

﴿ثُمَّ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا تَتْرَا﴾

«ئاندىن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇ ئارقا ئەۋەتتۇق.»④

اللە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا يۈزلەندۈرۈلگەن بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭ تا قىيامەتكە قەدەر ساقلىنىپ قېلىشىنى تەقدىر قىلدى.

---

① سۈرە مائىدە: 15 ـ ئايەت.
② سۈرە فاتىر: 24 ـ ئايەت.
③ سۈرە نەھل: 36 ـ ئايەت.
④ سۈرە مۇئمىنۇن: 44 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىز اللەنىڭ بۇنىڭدىكى ھېكمىتىنى ئازراق بولسىمۇ ئويلاپ يېتەلەيمىز. بۇرۇنقى ئۈممەتلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ بېكىنمە ھالەتتە ياشايتتى. شۇنداقلا ئۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تۇيغۇدا ياشايتتى. يەنى ئۆزلىرى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ دائىرىسى ئىچىدىلا ياشايتتى. شۇ چاغلاردا اللە ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەر شارىنىڭ مۇئەييەن چەكلىك دائىرىسى ئىچىدە دەۋەت ئېلىپ باراتتى. مەخسۇس ئۆز قەۋمىنىلا دەۋەت قىلىپ ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دەيدۇ.

اللە ئۆزىنىڭ ئەزەلى ئىلمىدا ئىنسانىيەتنىڭ بىر كۈنلەردە پىشىپ يېتىلىپ توغرا يولنى تاپىدىغانلىقىنى، ئورۇن ۋە زامان پەرقىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي يوقىلىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىرلا پەيغەمبەرنى ئەۋەتسە، ئۇ بۇ ئەلچىلىكنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەگەشكۈچىلىرىمۇ بۇ ئەلچىلىكنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىدىغانلىقىنى شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يەر شارىدا بۇ ئەلچىلىك يەتمىگەن بىرمۇ ئورۇننىڭ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن اللە ئۆز مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەنگە قەدەر ھېسسى مۆجىزىگە مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھېسسى مۆجىزىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان ياكى ئۇنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىيالايدىغان دائىرىدىن ئىبارەت مۇئەييەن تار دائىرە ئىچىدە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

چەكلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز مۆجىزىسىنى پەقەت ئۆز قەۋمىگىلا نامايان قىلىشى تەبىئىي ئىشتۇر. چۈنكى، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قەۋملىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ مۆجىزىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى ياكى ئۇنى ئاڭلىشى ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ئاساندۇر.

الله ئىنسانىيەتنىڭ بىر كۈنلەردە پىشىپ يېتىلىپ تەبىئىيىتىدىن چەكلىك دائىرىگە ئىگە بولغان ھېسسىي مۆجىزىلەر ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ تار دائىرىلىك مۆجىزە ئىچىدە چەكلىنىپ قالماستىن ئۇنىڭ باشقا بىر تۈرگە ئىشىنىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مۆجىزە بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتسە ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

الله ئۆز مەخلۇقاتلىرىنى شۇنداقلا ھەر قانداق ئورۇن ۋە ۋاقىتتا ئۇلارغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ:

﴿أَلا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾

«(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.»[1]

---

[1] سۈرە مۇلك: 14 ـ ئايەت.

**4 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ بارلىق ساھەلەردە ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ پۈتكۈل تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى:**

بۇرۇنقى ئەلچىلىكلەر ئورۇن جەھەتتە چەكلىك بولغاندەك ئىنسانىيەت ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش تەرەپلەردىمۇ چەكلىك ئىدى.

بۇرۇنقى بارلىق ئەلچىلىكلەر ئۇلۇھىيەت مەسىلىسى يەنى «بىر اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق. اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» دېگەن مەسىلىنى مەركەز قىلغان ھالدا كەلگەن. بۇ ئىنتايىن چوڭ مەسىلە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھاياتى بۇنىڭسىز (اللە ياراتقاندەك) توغرا شەكىلدە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەلچىلىكلەر پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن قەۋملەرنىڭ ھالىتىگە ماس كېلىدىغان، ئۇلاردىكى ناچار ھالەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان يوليورۇق ۋە شەرىئەتنى ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن: شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلگىنىگە ئوخشاش:

﴿أَوْفُوا الْكَيْلَ وَلا تَكُونُوا مِنَ الْمُخْسِرِينَ، وَزِنُوا بِالْقِسْطَاسِ الْمُسْتَقِيمِ، وَلا تَبْخَسُوا النَّاسَ أَشْيَاءَهُمْ وَلا تَعْثَوْا فِي الأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾

«ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار.»[①]

شۇنداقلا، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلگىنىگە ئوخشاش:

﴿أَتَأْتُونَ الذُّكْرَانَ مِنَ الْعَالَمِينَ، وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُمْ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ بَلْ أَنْتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ﴾

«سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار

---

① سۈرە شۇئەرا: 181 ـ 183 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سىلەر ئۇچۇن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر.»[1]

ئاندىن كېيىن ھاياتنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات نازىل قىلىندى. لېكىن، تەۋراتمۇ بەنى ئىسرائىلدىن ئىبارەت مۇئەييەن قەۋم ۋە اللەنىڭ ئىلمىدا تەقدىر قىلىنغان مۇئەييەن بىر ۋاقىت دائىرىسى ئىچىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلىۋى (ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىبارەت 12 قەبىلە) تەقسىماتلىرىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان خۇسۇسىي شەرىئەت ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇ چەكلىك ئىجتىمائى ھاياتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر قەبىلە مۇئەييەن بىر ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنۇ سۆزنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدى:

﴿وَمُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَلأُحِلَّ لَكُمْ بَعْضَ الَّذِي حُرِّمَ عَلَيْكُمْ﴾

«مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم).»[2]

ئەمەلىيەتتە ئىنجىل تەۋرات ھۆكۈملىرىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى قىسمەن ئۆزگەرتىش جەھەتتە ۋە بەنى ئىسرائىلنىڭ زۇلۇملىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا بېكىتىلگەن بىر قىسىم جازالارنى يەڭگىللىتىش جەھەتتە تەۋراتنىڭ داۋامى (يەنى مۇكەممەل نۇسخىسى) دەپ قارىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئاممىباب، ئالەمشۇمۇل ئەلچىلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن تەييارلىقى پۈتكەن ۋە اللەنىڭ تەقدىرى بۇ ئەلچىلىكنىڭ تا قىيامەتكە قەدەر ساقلىنىپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن بىر

---

[1] سۈرە شۇئەرا: 165 ـ 166 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران: 50 ـ ئايەت.

ۋاقىت يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلچىلىك پروتوكول ساھەلەردە ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىگە بېرىلگەن ھەقىقى توغرا باھادۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ـ ئىلگىرىكى بارلىق ئەلچىلىكلەرگە ئوخشاش ـ ئۇلۇھىيەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (بىز بۇ ھەقتە كېيىنكى بابلاردا تەپسىلى توختىلىمىز). چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھايات پرىنسىپلىرىنىڭ تۈنجى ئاساسى بولۇپ، يەر شارىدا بۇنىڭسىز ئېلىپ بېرىلغان بارلىق ئىسلاھاتلار نەتىجە قازىنالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ، دۇنيا ھاياتىدىكى سالىھ بىر ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، روھى، ئىدىيۋى، ئەخلاقى ... تەرەپلەردىن ئىبارەت ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىكى يوليورۇق ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز بۇ كىتابتا ئاشۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بولالمايمىز. چۈنكى ئۇ ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئىسلام پىقھىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس تەتقىقات ساھەسىدۇر. بىراق بىز نۆۋەتتىكى تەتقىقاتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ ئىشنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز:

1 . ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ساھەسىدە ئىسلام ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق شەرىئەت يولغا قويمىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن پرىنسىپ بەلگىلەپ بەرمىگەن بىرمۇ تەرەپ يوق. ئىسلام ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئىنتىزاملاشتۇرىدۇ. (ئۇ ئالاقە خىلمۇ ـ خىل شەكىلدىكى ئىبادەت بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى اللهنىڭ يەككە ـ يىگانە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر).

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شۇنداقلا ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئىنتىزاملاشتۇرىدۇ. (ئۇ بولسىمۇ ـ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك ـ روھنى پاكلاشتۇر:

﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا﴾

«روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.»①

پۈتكۈل ئەخلاق ۋە زۆرۈر ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى روھنى پاكلاش ئۈچۈندۇر). شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئىنتىزاملاشتۇرىدۇ. بۇ باشقىلار بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ... ئالاقىلەرنى، بولۇپمۇ شەخسنىڭ شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە شەخسىنىڭ ئائىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، شەخسنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ھاكىمنىڭ پۇقرا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاندىن كېيىن ئومۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى دىندىكى كىشىلەر بىلەن بولغان تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ھالەتلىرىدىكى مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلەر بۇ ئالاقىلەرنى بۇگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاتالغۇ بويىچە ھەق تەلەپ قانۇنى، كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، سودا قانۇنى، مەمۇرى ئىشلار قانۇنى، ئاساسىي قانۇن ۋە خەلقئارا قانۇن ... بويىچە بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئىسلام پاكلىق ۋە پاكىزلىققا ئوخشاش بۇرۇنقى پەيغەمبەرلىكتە تىلغا ئېلىنمىغان ۋە شۇنداقلا ئىنسانىيەت قانۇنلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ھاياتنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىدۇ:

﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ﴾

① سۈرە شەمس: 9 ـ ئايەت.

«كىيىمىڭنى پاك تۇت».[1]

شۇنداقلا گۈزەللىككىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىدۇ:

﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾

«ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار.»[2]

﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً﴾

«اللە ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى.»[3]

اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى گۈزەللىككە دىققەتنى قارىتىدۇ:

﴿وَلَكُمْ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ﴾

«ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ).»[4]

﴿انْظُرُوا إِلَى ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَيَنْعِهِ﴾

«(ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار.»[5]

﴿أَمَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنْزَلَ لَكُمْ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَنْبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ﴾

«ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟»[6]

---

① سۈرە شەمس: 9 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 31 ـ ئايەت.
③ سۈرە نەھل: 8 ـ ئايەت.
④ سۈرە نەھل: 6 ـ ئايەت.
⑤ سۈرە ئەنئام: 99 ـ ئايەت.
⑥ سۈرە نەمل: 60 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

2. الله تەئالا ئىنسانلار ھاياتىدا ئىشلارنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھاياتلىقنىڭ ھەرگىزمۇ بۇ دىن نازىل بولغان كۈندىكى ھالىتىدە ساقلىنىپ قالالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شەرىئەتتە قانۇنچىلىقتىكى ئىككى خىل تۈرنى بايقايمىز:

(1) كىشىلەر ھاياتىدا يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگەرسە بولمايدىغان ئىشلارنى تەپسىلى، ئىنچىكە، مۇكەممەل بايان قىلىدىغان كونكرېت تۈرى. مەسىلەن: ئىبادەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى، جازا، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت، ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىگە ئوخشاش.

(2) ئىنسانلارنىڭ شارائىتى، ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش دائىرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە الله ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئېنېرگىيىلەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى الله بىلىدىغان ئىشلارنى تەپسىلى بايان قىلمايدىغان، ئومۇمى قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئابستراكت تۈرى:

﴿سَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ﴾

«الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.»①

ئۇنىڭ شەكىللىرى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئىزچىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادى تەرەپلەرگە ئوخشاش. گەرچە ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگەرسىمۇ بىراق ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان تۇراقلىق قائىدىلەرگە رىئايە قىلىدۇ. مەسىلەن: سىياسىي شەكىل ئۆزگەرسىمۇ، بىراق، اللەنىڭ

---

① سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. ئىشلارنى ئۆز-ئارا كېڭىشىش پرىنسىپى ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش مەسىلىسى ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش پرىنسىپى ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك. شۇڭدەك، ئاسمان-زېمىننىڭ ئېنېرگىيىلىرىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىقتىسادى شەكىلمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ، ئۆزگىرىش ۋە ئىزچىل تەرەققى قىلىش جەريانىدا جازانە (يەنى ئۆسۈم)، بىسمىدارلىق، بۇلاڭ-تالاڭ، ئالداش، ئوغرۇلۇق ... قاتارلىق ئىشلارغا ئوخشاش ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىشلارنىڭ ھاراملىقىغا، شۇنداقلا ئۇنى خەزىنە قىلىپ ساقلىۋالماسلىق، گۇناھ-مەئسىيەتكە ئىشلەتمەسلىك، ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش ۋە اللە يولىدا سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئومۇمى قائىدىلەردىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

بۇنىڭ بىلەن بۇ شەرىئەتنىڭ ئۆزگىرىشچان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئومۇمى قائىدىلەرنىڭ تۇراقلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ماسلىشىشچان سۈپىتى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ھېچقانداق تېكىست كەلمەستىن قالدۇرۇپ قويۇلغان بىر قىسىم ئىشلار بار بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس بەلكى ئىنسانلارغا بولغان رەھمەت يۈزىسىدىن قالدۇرۇپ قويغان»①

مانا بۇ ئىنسانلار ھاياتىدا يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئىجادىيەت، كەشپىياتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىشلار شەرىئەتنىڭ

① ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تېكىستلىرىدىن بىرەر تېكىستكە قارشى كەلمەيدىغان ئاساستا ئىجتىھاد قىلىنىشقا قالدۇرۇلغان.

ئىسلام ئۆزىنىڭ بۇ خىل مۆجىزىلىك شەكلى بىلەن مۇشۇ شەرىئەت نازىل قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى قىيامەتكە قەدەر ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىقلىرى ئۈچۈن تامامەن ماس كېلىدۇ. ئۇ توغرا شەكىلدە تەرەققى قىلىۋاتقان ئىشلارنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويمايدۇ. پەقەت ناتوغرا شەكىلدە تەرەققى قىلىۋاتقان ئىشلارنى توختىتىپ ئۇنى تۈزىتىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەسلى غايىسى ھەرۋاقىت زېمىن يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھەردائىم اللەنىڭ ئەسلى ياراتقىنىدەك ۋە ئىرادە قىلغىنىدەك شەكىلدە بولىدۇ:

﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الإِنْسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ، ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِينَ، إِلا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾

«بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»①

ئىسلام ئىلمى تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلماستىن، بەلكى، مۇسۇلمانلارنى غايەت زور ئىلمى ھەرىكەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئىلمى ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئىسپانىيە، شىمالى ئافرىقا، سىتسىلىيە ئارىلى ۋە ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلام رايۇنلىرىدا ياۋروپا مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئىلمى گۈللىنىشىنى قۇرۇپ چىققان ئىلمى تەتقىقاتتىكى تەجرىبە پىرىنسىپلىرىدۇر. ياۋروپا ئۆزىنىڭ

---

① سۈرە تىن: 4 ـ 6 ـ ئايەت.

«زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر» دەۋرىدە ياشاۋاتقان مەزگىللەردە ئىسلام پۈتۈن دۇنيانى نۇرلاندۇرۇۋەتكەن غايەت زور تارىخى مەدەنىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. بۇ دەۋر ياۋروپاغا نىسبەتەن «زۇلمەتلىك دەۋر» ھېسابلانسا، ئىسلامغا نىسبەتەت «گۈللەنگەن دەۋر» ئىدى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ (يەنى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ) ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ يەر شارىنى بارلىق ساھە ۋە بارلىق تەرەپلەردە گۈللەندۈرۈشكە ئىنسانىيەتنىڭ كۈچى يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى چەكتە گۈللەندۈرۈدۇ. لېكىن ئۇ غەربتىكى ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى قىلىۋاتقاندەك ئىنسان بىلەن ياراتقۇچىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. ئاشۇ جاھىلىيەت قىلىۋاتقاندەك دۇنيا ھاياتى بىلەن ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىپ كىشىلەرنى زېمىننىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە مەجنۇنلارچە بېرىلىپ كېتىشكە، ئەرزىمەس مال-دۇنيا يولىدا ھەرقانداق ئالى قىممەت قاراشلارنى پاچاقلاپ تاشلاشقا ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان روھى بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقى بۇزۇقچىلىق ۋە يەر شارىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان قورقۇنچلۇق تىركىشىشلەرگە ئۈندىمەيدۇ.

شۇنداق! ئىسلام يەر شارىنى گۈللەندۈرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ ئالى يېڭىچە بىر مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بىراق ئۇ يەر شارىنى ئىلاھى پرىنسىپنىڭ تەلىپى بويىچە گۈللەندۈرىدۇ. كىشىلەرنى پاك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشتىن مەھرۇم قالدۇرمايدۇ. كىشىلەر ئاشۇ پاك نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىنسانى مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ ئۇلارنى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويمايدۇ:

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، "اللە بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى،

شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟" ئېيتقىنكى، "ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر". (اللەنىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز.»①

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوىً لَهُمْ﴾

«كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.»②

① سۈرە ئەئراف: 32 ـ ئايەت.
② سۈرە مۇھەممەد: 12 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

**5. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ ئىدىيىۋى پرىنسىپى:**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ھەقىقەتنى ئىزدەشتىكى ئىدىيىۋى پرىنسىپقا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

بۇ دەۋەت ئىنساننىڭ پۈتكۈل مەۋجۇدىيىتىگە يەنى ئىنساننىڭ تۇيغۇسى ۋە ئىدىيىسىگە بىردەك خىتاب قىلىدۇ. ئىنسان تۇيغۇسىنىڭ مەخلۇقاتلاردىكى اللەنىڭ قۇدرىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، نەتىجىدە ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئۇنىڭ مۆجىزىلىك قۇدرىتىنى ھېس قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تۇيغۇسىنىڭ اللەنىڭ ئۇلۇغلىقىغا بويسۇنىشى، اللە ئۈچۈن ئۆزىنى تاپشۇرۇشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. شۇنداقلا، قۇرئان كەرىم ئىنسان ئەقلىنىڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى، ئىشلارنى شەكسىز ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان لوگىكىلىق ئىدىيىۋى شەكىلدە مۇنازىرە قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى (غەپلەتتىن) ئويغىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ تۇيغۇسىنى قوزغاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىگە ئوخشاش ئايەتلەر ئارقىلىق خىتاب قىلىدۇ:

﴿قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسَلامٌ عَلَى عِبَادِهِ الَّذِينَ اصْطَفَى آللَّهُ خَيْرٌ أَمَّا يُشْرِكُونَ، أَمَّنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَأَنْزَلَ لَكُمْ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَنْبَتْنَا بِهِ حَدَائِقَ ذَاتَ بَهْجَةٍ مَا كَانَ لَكُمْ أَنْ تُنْبِتُوا شَجَرَهَا أَإِلَهٌ مَعَ اللَّهِ بَلْ هُمْ قَوْمٌ يَعْدِلُونَ، أَمَّنْ جَعَلَ الأَرْضَ قَرَاراً وَجَعَلَ خِلالَهَا أَنْهَاراً وَجَعَلَ لَهَا رَوَاسِيَ وَجَعَلَ بَيْنَ الْبَحْرَيْنِ حَاجِزاً أَإِلَهٌ مَعَ اللَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لا يَعْلَمُونَ، أَمَّنْ يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاءَ الأَرْضِ أَإِلَهٌ مَعَ اللَّهِ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَ، أَمَّنْ يَهْدِيكُمْ فِي ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَمَنْ يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْراً بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ أَإِلَهٌ مَعَ اللَّهِ تَعَالَى اللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ، أَمَّنْ يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَمَنْ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ أَإِلَهٌ مَعَ اللَّهِ قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾

«”جىمى ھەمدۇسانا اللەغا خاستۇر! ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىككە تاللىغان بەندىلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن!“ دېگىن. اللە ياخشىمۇ ياكى

ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ياخشىمۇ؟ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر. زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر. قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شامالLARنى بېشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) اللە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. (ئىنساننى) دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى، ”(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار“.»①

---

① سۈرە نەمل: 59 ـ 64 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنسانىنىڭ ئەقلىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئايەتلەر بىلەن خىتاب قىلىدۇ:

﴿أَفَمَنْ يَخْلُقُ كَمَنْ لا يَخْلُقُ أَفَلا تَذَكَّرُونَ﴾

«(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان اللە بىلەن (ھېچ نەرسىنى ياراتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر.»①

﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾

«ئەگەر ئاسمان-زېمىندا اللەدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى.»②

﴿مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِنْ وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذاً لَذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾

«اللەنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، اللە ئۇلارنىڭ اللەغا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.»③

﴿أَفَلا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِنْدِ غَيْرِ اللَّهِ لَوَجَدُوا فِيهِ اخْتِلافاً كَثِيراً﴾

«ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) اللەدىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى.»④

﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ﴾

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى

---

① سۈرە نەھل: 17 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنبىيا: 22 ـ ئايەت.
③ سۈرە مۇئمىنۇن: 91 ـ ئايەت.
④ سۈرە نىسا: 82 ـ ئايەت.

ياراتقۇچىمۇ؟»①

﴿الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ طِبَاقاً مَا تَرَى فِي خَلْقِ الرَّحْمَنِ مِنْ تَفَاوُتٍ فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرَى مِنْ فُطُورٍ، ثُمَّ ارْجِعِ الْبَصَرَ كَرَّتَيْنِ يَنْقَلِبْ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِئاً وَهُوَ حَسِيرٌ﴾

«اللە يەتتە ئاسمانىنى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان اللەنىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن. ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن. كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقسانىنى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.»②

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ اتَّبِعُوا مَا أَنْزَلَ اللَّهُ قَالُوا بَلْ نَتَّبِعُ مَا أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لا يَعْقِلُونَ شَيْئاً وَلا يَهْتَدُونَ﴾

«ھەرقاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): ”اللە نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى اللە پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھيىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار“ دېيىلسە، ئۇلار: ”ياق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز“ دېيىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»③

﴿وَلا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾

«بىلمەيدىغان نەرسىڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.»④

﴿قُلْ إِنَّمَا أَعِظُكُمْ بِوَاحِدَةٍ أَنْ تَقُومُوا لِلَّهِ مَثْنَى وَفُرَادَى ثُمَّ تَتَفَكَّرُوا مَا بِصَاحِبِكُمْ مِنْ جِنَّةٍ إِنْ هُوَ إِلا نَذِيرٌ لَكُمْ بَيْنَ يَدَيْ عَذَابٍ شَدِيدٍ﴾

---

① سۈرە تۇر: 35 ـ ئايەت.
② سۈرە مۇلك: 3 ـ 4 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 170 ـ ئايەت.
④ سۈرە ئىسرا: 36 ـ ئايەت.

«ئېيتقىنكى، ”مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى تىلەڭلار)، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار“. ھەمراھىڭلاردا (يەنى مۇھەممەدتە) ھېچ مەجنۇنلۇق يوق، پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.»[①]

بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر ئۇزۇن يىغىندىسىدا ئىنساننى ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان ئىدىيۋى پرىنسىپنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىز بۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

1. قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ساقلىنىش ۋە ھېچقانداق دەلىل ۋە ئاساسى بولمىغان بۇزۇق ئەنئەنىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك.

2. ئېنىق تەكشۈرمەي ۋە دەلىل ـ پاكىت، لوگىكا ئاساسىدا كۆزدىن كەچۈرمەي تۇرۇپ ھەرقانداق ئىدىيىگە ئەگەشمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئېتىقادى توغرۇلۇق سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ. چۈنكى، اللە ئىنسانغا قۇلاق، كۆز، ئۆزى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلغان. قىيامەت كۈنى ئۇ قۇلىقى، كۆزى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى توغرىلىق نېمە ئۈچۈن شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكى ھەققىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.

3. ھەرقانداق ئىشتا ئەقلى مەنتىقە بويىچە مۇلاھىزە قىلىش، ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىش قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئىنساننى ھەقنى كۆرۈشتىن كور قىلىپ قويىدۇ.

ئەگەر ئىنسان بۇ پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىپ ھېچقانداق دەلىلى

---

① سۈرە سەبەئ: 46 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بولمىغان ئەنئەنىلەرنى چۆرۈپ تاشلىسا، قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ساقلانسا، پاكىتسىز شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەرسىلەرگە ئەگىشىشنى رەت قىلسا ئاندىن كېيىن ھاۋايى ـ ھەۋەستىن يىراق ھالەتتە توغرا مەنتىقە بويىچە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىسا اللهنىڭ ئىزنى بىلەن چوقۇم ھەقىقەتكە يېتەلەيدۇ.

بۇ دەۋەت ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى پرىنسىپى بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلىكلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ھېسسىي مۆجىزىلەر پەيغەمبەرنىڭ الله تەرەپتىن ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ راستلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىنسانلار پەيغەمبەرنى تەستىقلاش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرۈشنى ياكى ئاڭلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

الله ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكىلەرنى مىراس ئالغان كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قېلىشىنى تەقدىر قىلغان بۇ دەۋەتنى ئۇ نازىل بولغان كۈندىن باشلاپ تاكى قىيامەت كۈنگە قەدەر كېلىدىغان بارلىق ئەۋلادلارغا ئۇلار كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ھېسسى نەرسىلەر ئارقىلىق ئەمەس بەلكى ئەقىلدىن ئىبارەت ئىنسان مەۋجۇدىيىتىدىكى دائىملىق قورال ئارقىلىق خىتاب قىلىشى ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئەقلىگە يۈزلىنىدىغان قىلدى. ئەقىل ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق ئورۇندا ئىنساننىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، بۇ پەيغەمبەرلىك ئەقىلگە خىتاب قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى يۇشۇرۇن ئامىللار ئارقىلىق پەيغەمبەرلىكنى تەستىقلاشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ـ ئەگەر ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتەلىسە ـ ئۆزىگە ھەقىقەتكە ئىشىنىشتىن باشقا يول يوقلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىنساندىن بىرەر نەرسىگە قارىغۇلارچە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلاردىن ھەرقانداق مەسىلىدە ـ ھەتتاكى بويسۇنۇش كەسكىن ۋاجىب بولغان ئۇلۇھىيەت مەسىلىسىدىمۇ ـ ئۇلارنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەقىقى بويسۇنۇشى ۋە بۇ خىل بويسۇنۇشنىڭ تەۋرىنىپ قالماستىن ۋە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتمەستىن مۇستەھكەم ھالەتتە ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇلۇھىيەت مەسىلىسى، پەيغەمبەرلىك مەسىلىسى، ۋەھيى مەسىلىسى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلىش مەسىلىسى ـ گەرچە ئىماننىڭ يادرولۇق ئاساسلىرىدىن بولسىمۇ ـ قۇرئان كەرىم بۇنىڭغا پاكىتسىزلا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلمىدى. بەلكى ئىنسانلارغا: «تەپەككۇر يۈرگۈزۈڭلار، ئويلىنىپ بېقىڭلار. تەپەككۇر قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە ئويلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭلاردىن ”اللەدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟“ دەپ سوراپ بېقىڭلار! الله پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتىن، ۋەھيى نازىل قىلىشتىن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتىن ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟» دەيدۇ. ئەگەر ئەقىل ئىزىشكەن جاۋاب «ياق» بولسا، ئۇنداقتا تەستىقلاشنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش زۆرۈر بولىدۇ.

بۇنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ «ئىنسانى ئەقىل ھەرقانداق نەرسىنى تولۇق بىلىپ كېتەلەيدۇ» دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، ئىنسان ئەقلى ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ ئۇنىڭ ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان چەك ـ چېگراسى بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىسلام ئىنسان ئەقلىنى ئىماننىڭ ئاساسى بولغان ئەڭ يادرولۇق ھەقىقەتلەردە ئىشەنچ دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئىسلام ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىلگىرىكى بارلىق ئەلچىلىكلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىسلام دەۋىتىگە خاس بولغان بۇ ئىدىيىۋى پرىنسىپلار پەقەت ئەقىدىگە ئالاقىدار ئىشلاردىلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى باشقا تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر قۇرئان كەرىم ئىنسانى ئەقىلدىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ياراتقان، ھەر نەرسىگە قادىر بولغان ياراتقۇچىنى تونۇپ چىقىش ئۈچۈن كائىناتتىكى اللەنىڭ مۆجىزاتلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن ئوخشاشلا يەنە كائىناتنىڭ ئەھۋالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىلاھى قانۇنىيەتنى تونۇپ چىقىش ۋە بۇ كائىناتتىكى اللە ئۈزىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئېنېرگىيەلەردىن پايدىلىنىشنى بىلىش ئۈچۈن ئاشۇ مۆجىزاتلار ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ:

﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ﴾

«اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.»①

﴿وَجَعَلْنَا اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ آيَتَيْنِ فَمَحَوْنَا آيَةَ اللَّيْلِ وَجَعَلْنَا آيَةَ النَّهَارِ مُبْصِرَةً لِتَبْتَغُوا فَضْلاً مِنْ رَبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ وَكُلَّ شَيْءٍ فَصَّلْنَاهُ تَفْصِيلاً﴾

«كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق، كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ، يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق.»②

﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق

---

① سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.
② سۈرە ئىسرا: 12 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئۇ (تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر".»[①]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله ھەرقانداق كېسەل ئۈچۈن دورىنى بىللە ياراتقان. شۇڭا، ئاغرىپ قالساڭلار داۋالىنىڭلار».[②]

قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىكى يۇقىرىغا ئوخشاش پرىنسىپلار ئىنساندىن شەيئىلەرنى سىرتقى جەھەتتىن كۆزىتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماستىن بەلكى ئىنساننىڭ دىققىتىنى شەيئىلەرنىڭ يوشۇرۇن سەۋەبلىرى ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا قارىتىدۇ. مانا بۇ پرىنسىپلار ئىسلام ئۇممىتىنى ئىلمنى ئۆزىنىڭ ئەسلى سۆزلۈك مەنبەسىدىن قوبۇل قىلىشقا ئاندىن كېيىن ياۋروپالىقلار ئۇلارغا شاگىرت بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى گۈللىنىشىنى قۇرۇپ چىققان ئىلمى ھەرىكىتىنى قايتا مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى كۆزىتىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ۋە تەجرىبە پرىنسىپىدۇر. چۈنكى، بۈگۈنكى ئىلمى تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاساستا مەيدانغا كېلىدۇ.

شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئىنسانى ئەقىلدىن شەرىئەتنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىماقچى بولغاندا چۈشىنىشلىك، ئاڭلىق شەكىلدە تەتبىقلىشى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە (كۈچىنىڭ يېتىشىچە) ئويلىنىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇنلىغان ھۆكۈم ئايەتلىرى تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئاخىرلىشىدۇ:

﴿كَذَلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمُ الآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾

---

① سۈرە بەقەرە: 189 ـ ئايەت.
② مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«اللە سىلەرنى چوقۇم ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.»①

بۇ پرىنسىپ ئىسلام پىقھىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىسلام پىقھىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئەڭ يارقىن نەتىجىسىدۇر. بۇ نەتىجە تا ھازىرغا قەدەر جانلىق شەكىلدە، ھاياتقا، ھاياتتا بولىدىغان تەرەققىياتقا ماس كېلىدىغان شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

شۇنداقلا ئىسلام ئىنسانى ئەقىلنى ئىنسانلارنىڭ زېمىن يۈزىدىكى ھاياتىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىلاھى قانۇنىيەت ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ:

﴿وَلَنِ تَجِدَ لسُنة الله تَبْدِيْلاً﴾

«اللەنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى اللەنىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ).»②

﴿إِنَّ اللَّهَ لا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللە ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ).»③

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ لِيُذِيقَهُمْ بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

«ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈزبەردى، اللە ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.»④

---

① سۈرە نۇر: 61 ـ ئايەت.
② سۈرە فەتھ: 23 ـ ئايەت.
③ سۈرە رەئد: 11 ـ ئايەت.
④ سۈرە رۇم: 41 ـ ئايەت.

﴿وَإِذَا أَرَدْنَا أَنْ نُهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيرًا﴾

«بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى ـ پاسات قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز.»①

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ وَلَكِنْ كَذَّبُوا فَأَخَذْنَاهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾

«(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇ ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق.»②

﴿فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُلِّ شَيْءٍ حَتَّى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى.»③

﴿وَاتَّقُوا فِتْنَةً لا تُصِيبَنَّ الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْكُمْ خَاصَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، اللەنىڭ

---

① سۈرە ئىسرا: 16 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 96 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنئام: 44 ـ ئايەت.

ئازابى قاتتىقتۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىسىلەر. (ئەگەر بۇ ئىشلارنى تەرك ئەتسەڭلەر) اللە سىلەرگە ئۆزى تەرەپتىن قاتتىق ئازاب ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا سىلەر اللەغا دۇئا قىلساڭلارمۇ دۇئايىڭلار ئىجابەت قىلىنمايدۇ.»[2]

بۇ پرىنسىپلاردىن بولغان مەقسەت ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ هاياتىنىڭ تەرتىپسىز هالەتتە هەرگىزمۇ ئۇزاق داۋاملىشالمايدىغانلىقىنى، قىلغان يامان ئەمەللىرىنىڭ هېچانداق كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ئىنساننىڭ شەخس ياكى جامائەت هالىتىدە قىلغان هەرقانداق ئەمەللىرىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان، ئالمىشىپ كەتمەيدىغان، بىرەر شەخس ياكى جامائەتكە يان باسمايدىغان ئىلاهى قانۇنىيەتنىڭ ئېتىبارى بويىچە هاياتى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە (يامان ئەمەل قىلغۇچىغا) يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسان ئۆزى ماڭماقچى بولغان يولنى ئوبدان ئويلاپ مېڭىشى، قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىغا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان ئويلىشى كېرەك.

شۇنىڭدەك ئىسلام ئىنسانى ئەقىلدىن تارىخنىڭ ئۆتمۈشى هەققىدە مۇلاهىزە يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ:

﴿قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ﴾

«سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى. يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، (هەقنى) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار.»[3]

---

① سۈرە ئەنفال: 25 ـ ئايەت.
② تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
③ سۈرە ئال ئىمران: 137 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿أَوَلَمْ يَسِيرُوا فِي الأَرْضِ فَيَنْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ كَانُوا مِنْ قَبْلِهِمْ كَانُوا هُمْ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَآثَاراً فِي الأَرْضِ فَأَخَذَهُمُ اللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ وَمَا كَانَ لَهُمْ مِنَ اللَّهِ مِنْ وَاقٍ﴾

«ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار بولسا زېمىندا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە يادىكارلىقلار (يەنى ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇش) جەھەتتە بۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ كاپىرلىرى)دىن ئۈستۈن ئىدى، گۇناھى تۈپەيلىدىن اللە ئۇلارنى جازالىدى، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى اللەنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى.»①

﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لا تَعْمَى الأَبْصَارُ وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾

«ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ).»②

ئۇنداقتا، تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىش شۇكى، تەرتىپسىز، قېلىپسىز شەكىلدە يۈز بەرگەن بىر تالاي ۋەقەلەرنىڭ يىغىندىسى ئاساسىدا ئەمەس بەلكى تۇراقلىق ئىلاھى قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەر ئاساسىدا تارىخنى تەتقىق قىلىشتۇر. بۇ يەردە ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۆز ـ ئارا باغلاپ تۇرىدىغان بىر ئامىل بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ تۇراقلىق قانۇنىيەتلەر بىلەن ماس ھالدا بىللە ماڭىدىغان اللەنىڭ بېكىتىلگەن تەقدىرىدۇر. ئەگەر ئەقىل بۇنى ئويلاپ يېتەلىسە ۋە تارىخنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاڭلىق چۈشىنىپ يېتەلىسە، ئۇنداقتا ئۇ

① سۈرە غافىر: 21 ـ ئايەت.
② سۈرە ھەج: 46 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىلگىرىكىلەر چۈشۈپ قالغان خاتالىق ۋە ئېغىپ كېتىشلەرگە چۈشۈپ قالماسلىقتا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئىلاھىي قانۇنىيەتكە قارشى كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئويلاپ باسىدۇ. نەتىجىدە، ھاياتى دۇنيادا ۋە ئۆزىنى ئاخىرەت دۇنياسىدىكى خاتىرجەملىككە يەتكۈزىدىغان يولدا خاتىرجەم ھالەتتە ماڭىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن ئىسلام ئىنسانى ئەقلىدىن ئويلىنىپ بېقىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ساھەلەرنى بەش ساھەگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ياراتقۇچىنى تونۇپ چىقىش، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە بويسۇنۇش ئۈچۈن اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرى ھەققىدە ئويلىنىش.

2. كائىناتتىكى ئېنېرگىيىلەرنى ئايرىپ چىقىش ۋە ئۇ ئېنېرگىيىلەرنى يەر شارىنى گۈللەندۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كائىناتقا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنىيەتنى تونۇپ چىقىش مەقسىتىدە اللەنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە ئويلىنىش.

3. ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا يېڭىلىنىۋاتقان ئىشلارغا تەتبىقلاش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە ئويلىنىش.

4. ئىنسانى جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئۆز تەلىپى بويىچە يۈرگۈزىۋاتقان ئىلاھى قانۇنىيەت ھەققىدە ئويلىنىش.

5. خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ۋە توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىش مەقسىتىدە تارىخنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە ئويلىنىش.

مانا بۇلار ئىنسانى تەپەككۇر ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ نەتىجىلىك خىزمەت كۆرسىتەلەيدىغان ئەڭ كەڭرى ساھەدۇر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

**6 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىدىكى شەرئەت مەنبەسىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكى:**

شەرئەت مەنبەسىنىڭ مول ـ مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكى بۇ دەۋەتنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئىلگىرىكى بارلىق ئەلچىلىكلەرنىڭ شەرئىتى پەقەت نازىل قىلىنغان كىتاب ساھەسىدىلا چەكلىنىپ قالاتتى. ئەمما، بۇ دەۋەت مۇئەييەن بىر قەۋم ياكى چەكلىك ۋاقىت ئۈچۈنلا خاس قىلىپ نازىل قىلىنغان بولماستىن، بەلكى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان ئۇزاق مەزگىللىك ۋاقىت ئۈچۈن ماس كېلىدىغان شەكىلدە نازىل قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن اللە بۇ ئەلچىلىكنى يەر شارىنىڭ پۈتكۈل بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە، ھەرقانچە ئۇزۇن مەزگىللىك ۋاقىت ئۈچۈن ماس كېلىدىغان شەرئەت مەنبەسىنىڭ كەڭرىلىكى بىلەن خاس قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ قۇرئان كەرىم ئابستراكت شەكىلدە بايان قىلغان ھۆكۈم ۋە مەسىلىلەرنى تەپسىلى بايان قىلغانلىقىنى، يەنە بەزىدە بىر قىسىم ھۆكۈملەرنى مۇستەقىل ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن: نامازنى اللە پەرز قىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بايان قىلىپ بەردى. زاكات ھەققىدىكى ئىشلارمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ، سۈننەت ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى، تۈرلىرىنى، ۋە ئۇنىڭ مىقدارىنى بايان قىلىپ بەردى. سۈننەت بىر قىسىم ھۆكۈملەرنى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: مۇرتەدنىڭ جازاسى، ھاراق ئىچكۈچىنىڭ جازاسى، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچىلارنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغانلىقى ۋە سودا ـ سېتىقتىكى بەلگىلىمىلەرگە ئوخشاش.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇنىڭدىن باشقا، كىتاب ۋە سۈننەتتە ئوچۇق تېكىست بايان قىلىنمىغان ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىنى تەتبىقلاش جەريانىدا كۆرۈلمىگەن بىر قىسىم مەسىلىلەرگە قارىتا ئىجتىھاد دەرۋازىسى ئوچۇقتۇر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك شەرىئەتنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدا ئىزچىل يېڭىلىنىۋاتقان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىغا، ئۇلارغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ قويماسلىقىغا، ھاياتلىقنىڭ شەرىئەت سايىسىدا تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىزچىل يېڭىلىنىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. مانا بۇ ئالاھىدىلىك بۇرۇنقى ھېچانداق ئەلچىلىككە بېرىلمىگەن. چۈنكى، اللە بۇ ئەلچىلىكلەرنىڭ مۇئەييەن بىر مەزگىل داۋاملاشقانلىقىدىن كېيىن مەنسۇخ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى (يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى) تەقدىر قىلغان. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى مەنسۇخ قىلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن اللە تەئالا بۇ ئەلچىلىككە كېڭىيىش ئىقتىدارىنى ۋە ھاياتلىقنىڭ يەر يۈزىدە يېڭىلىنىۋاتقان شەكىللىرىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى بەرگەن.

تۆۋەندىكى تۆت ئاساسنى ئۆلىمالار ئىسلامدىكى شەرىئەتنىڭ تۆپ مەنبەسى دەپ قارايدۇ:

1. **كىتاب.**
2. **سۈننەت.**
3. **ئىجمائ.**
4. **قىياس.**

**5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ ئىنسانىيەت خاراكتېرىگە باب كېلىدىغانلىقى:**

بىزنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى ئىنسانىيەتنىڭ خاراكتېرىگە باب كېلىدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىمىزنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ «بۇرۇنقى ئەلچىلىكلەر ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىگە قارشى كېلەتتى» دېگەننى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى، اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ئەلچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ـ گەرچە ئۇنىڭغا كېيىنكى كۆنلەردە مۇئەييەن ئېغىش كېتىشلەر قوشۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ـ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىگە باب كېلەتتى. لېكىن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇرۇنقى بارلىق ئەلچىلىكلەردە مۇئەييەن قەۋم ياكى مۇئەييەن ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىلگەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەلچىلىكلەر ئىشلارنى قىسمەن جەھەتتىن ھەل قىلاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتكە قەدەر كۈچكە ئىگە بولغان ئالەمشۇمۇل ئەلچىلىكى ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، ئىرقى، تىلى، ۋاقىت ۋە ئورنى بىلەن ھېسابلاشماستىن، ھەر قايسى تەرەپلەردىن تەڭ ھەل قىلىش ئۈچۈن كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ھالەتلىرىدە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە مۇھىت، ۋاقىت ۋە ئورۇن نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلمايدۇ. بۇ ئەلچىلىك نازىل بولغان ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۇنىڭغا يۈكسەل ئەھمىيەت بېرىلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ خاراكتېرگە باب كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىچ بىرىكىپ كېتەلەيدىغان ئالاھىدىلىكى ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلغان.

اللە ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى ياراتقان زات بولغانلىقى ئۈچۈن خاراكتېرگە ماس كېلىدىغان ۋە ئۇنى ياخشىلايدىغان نەرسىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. اللە بۇ دىننى ئۆزىنىڭ يۈكسەل ئىلمى ئاساسىدا نازىل

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلغان ۋە ئۇنى ئىنساننىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ھالەتتە نازىل قىلغان:

﴿فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ﴾

«اللەنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنىكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللەنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر.»[1]

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار اللەنىڭ پرىنسىپلىرىدىن يىراقلىشىپ جاھىلىيەت تۈزۈملىرىگە غەرق بولۇپ توغرا يولدىن ئاداشقانسېرى بۇ دىنىنىڭ (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ) ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىگە باب كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە يەتكەن خاتالىقلارنى تۈزىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلگىرى بايقالماي قالغان نامەلۇم ھېكمەتلىرى ئاشكارىلانماقتا.

ئىنسانىيەت خاراكتېرىدە اللە ئۇلارغا تاپشۇرغان يەر يۈزىدە خەلىپە بولۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ياردەم بېرىدىغان اللە تەرەپتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ ـ جاي، جىنسىي ھەۋەس، ھۆكۈمرانلىق ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىش ...دېگەندەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ بار. گەرچە بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىنسانلارنىڭ يەر شارىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلماي تاشلاپ قويۇلسا ئىنسانى مەۋجۇدىيەتكە زور بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ باشقۇرغىلى بولمايدىغان چەكتىن ئاشقان شەھۋەت ئارزۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئىنسان ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئەڭ مۇكەممەل ئىنتىزاملا بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، نورمال ھالدا ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئامىل بولۇپ ئۇ،

① سۈرە رۇم: 30 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى يوقىتىپ، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قىلىپلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ چەكتىن ئاشقان شەھۋەت ئارزۇلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ھالال نەرسىلەردىكى نېسىۋىسىنى ئالىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنى ھالاكەت ۋە گۇمراھلىقتا ئېلىپ بارماسلىقى ئۈچۈن ئۆز ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدۇ.

مانا بۇ ئىشلار ئىسلام ئوتتۇرىغا قويغان ئىنتىزام ۋە قىلىپلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئىسلام بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى پۈتۈنلەي چەكلەپ قويماستىن، ئۇنى يىرگىنىشلىك نەرسە دەپ قارىماستىن ۋە ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلماستىن، بەلكى، بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى پاكلاش ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى دائىرىسى ئىچىدە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ يۇقىرى چەكتە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ چەكتىن ئاشقان، باشقۇرغىلى بولمايدىغان شەھۋەت ئارزۇلىرىغا ئايلىنىپ قالماستىن، بەلكى، اللە ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتى ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىنىڭ ئىچىدە قىلىپلاشقان قىزىقىش بولىدۇ. ئۇلۇغ اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا﴾

«ئەنە شۇلار اللە بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلىنغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار.»①

﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا﴾

«ئەنە شۇلار اللەنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار.»②

---

① سۈرە بەقەرە: 187 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 29 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم راھىبلىققا يول قويمايدۇ. چۈنكى راھىبلىق، خاراكتېردىكى بۇ خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى يوققا چىقىرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ ئىبادىتى توغرۇلۇق سورىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر بېرىلگەندە ئۇلار ئۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلىشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن: «مەن يىل بويى روزا تۇتىمەن. بىر كۈنمۇ روزىسىز يۈرمەيمەن» دېدى. يەنە بىر ئادەم بولسا: «مەن ھەر كېچىسى قىيامدا تۇرىمەن، پەقەتلا ئۇخلىمايمەن» دېدى. ئۈچىنچى ئادەم بولسا: «مەن پەقەتلا ئۆيلەنمەيمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا: «بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە قارىغاندا اللەدىن بەكرەك قورقىمەن ۋە ئۇنىڭغا سىلەرگە قارىغاندا بەكرەك تەقۋادارلىق قىلىمەن. مەن بولسام بەزىدە روزا تۇتىمەن بەزىدە ئىپتار قىلىمەن، بەزىدە ناما ئوقۇيمەن بەزىدە ئۇخلايمەن. ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېدى.①

شۇنداقلا، ئىسلام ـ ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى قىلىۋاتقاندەك ـ ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە مەجنۇنلارچە بېرىلىپ كېتىشكىمۇ يول قويمايدۇ. ئەگەر ئىسلام بۇنىڭغا يول قويغان بولسا، خاراكتېر ۋە ئەخلاق بۇزۇلۇپ ئىنسانلار ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان بولاتتى.

بىز ئىلگىرىكى بابلاردا يېمەك ـ ئىچمەك، تەننىڭ ئارامى، جىنسى ئالاقە ۋە ئىنساننى «ئەڭ چىرايلىق شەكىل»گە ئىگە قىلىدىغان بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭ نامايەندىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكەن بۇ خىل تەڭپۇڭلۇقنى

---

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىسلام ھاياتلىقنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. بىز بۇنىڭ سېلىشتۇرمىسى سۈپىتىدە شەخسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە نەزەر سېلىپ باقايلى!

غەربنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمى شەخسلەرنىڭ قىلىپسىز ۋە قائىدە ـ ئىنتىزامسىز ھالەتتىكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا يول قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ، بۈگۈنكى كۈندە غەربتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى زۇلۇمنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

كوممۇنىزم ئىگىدارچىلىق خاھىشىنى تۈپتىن يوققا چىقىرىپ، شەخسىي مۈلۈكچىلىككە پەقەتلا يول قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلار شەخستىكى ئالغا ئىنتىلدۈرگۈچى كۈچنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ھەتتاكى، دۇنيادا بۇغداي تېرىشقا ئەڭ باب كېلىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئىگە بولغان روسىيە مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئامېرىكىدىن بۇغداي ئىمپورت قىلىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. مانا بۇ ئىش كوممۇنىزمنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ باردى.

ئىسلام يۇقىرىقىدەك ئىككى خاتالىقنىڭ ھېچقايسىسىنى سادىر قىلمايدۇ.

ئىسلام ئىنساننىڭ خاراكتېرى بىلەن تولىمۇ ماسلىشىدۇ. ئۇ، پرىنسىپ جەھەتتىن شەخستىكى ئالغا ئىنتىلدۈرگۈچى كۈچنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن شەخسىي مۈلۈكچىلىككە يول قويىدۇ. كوممۇنىستلارغا ئوخشاش ئۇنى پۈتۈنلەي يوققا چىقارماستىن، بەلكى، زۇلۇم ۋە بۇزۇقچىلىقنى چەكلەيدىغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى يولغا قويىدۇ. جازانە، بېسىمدارلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئوغرىلىق ۋە ئالدامچىلىققا ... ئوخشاش يوللار ئارقىلىق ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشنى ھارام قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن مال ـ دۇنيانىڭ (ئادەمنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

اللەنى ئەسلەشتىن توسۇپ قويغىدەك دەرىجىدە) ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كېتىشىنى تېزگىنلەيدىغان زاكاتنى پەرز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پېقىر ـ مىسكىنلەر بايلارنىڭ پۇل ـماللىرىغا ئورتاقلىشلايدۇ. اللە يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنى ۋاجىپ قىلىپ ئۇنى خەزىنە قىلىپ ساقلاشنى ھارام قىلىدۇ. پۇل ـ مال بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە ۋە ھاكاۋۇرلۇققا غەرق بولۇپ كېتىشنى ھارام قىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ سەۋەبى بىلەن غەربتە يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇملارنى ۋە ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلارنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئاساسلىق پرىنسىپتۇر.

ئەگەر سىز ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ دىن بىلەن ئىنسانىيەت خاراكتېرى ئارىسىدا مۇكەممەل ماسلىقنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئېغىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدىغان ياكى ئېغىپ كېتىش يۈز بەرگەندە ئۇنى توغرا شەكىلدە بىر تەرەپ قىلالايدىغان، شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرنى ئەڭ تىنچ، ھاياتلىقنى بولسا خاتىرجەم ھالدا داۋاملىششى ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان يولىيورۇقلارنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

**8 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىلىكىنىڭ ناھايىتى ئەپچىل ۋە ئاسان ئىكەنلىكى:**

﴿هُوَ اجْتَبَاكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ مِلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَاهِيمَ﴾

« الله (دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارلىق ئۇممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى. (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى. (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار).»①

﴿يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾

«الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.»②

﴿يُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُخَفِّفَ عَنْكُمْ وَخُلِقَ الْإِنْسَانُ ضَعِيفاً﴾

«الله سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى.»③

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُباً فَاطَّهَّرُوا وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيداً طَيِّباً فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

«ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار

---

① سۈرە ھەج: 78 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 185 ـ ئايەت.
③ سۈرە نىسا: 28 ـ ئايەت.

ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانىدىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، اللە سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن اللە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ.»①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇ دىن (يەنى ئىسلام دىنى) ئاسان دىندۇر. كىمكى بۇ دىننىڭ ھۆكۈملىرىنى چىڭىتماقچى بولسا، ئۇ ئۆزى مەغلۇپ بولىدۇ.»②

بۇ دىن ھەرگىزمۇ ئىنسانلارغا مۇشەققەت سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئەمەس. ئۇنداقتا، اللە ئىنسانلارغا مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ نېمە قىلسۇن؟

﴿إِنَّ اللَّهَ بِالنَّاسِ لَرَؤُوفٌ رَحِيمٌ﴾

«اللە كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.»③

شۇنىڭدەك، اللە ئىنسانلارنى ئاخىرەتتىمۇ جازالاش ۋە ئازابلاشقا مۇھتاج ئەمەس:

﴿مَا يَفْعَلُ اللَّهُ بِعَذَابِكُمْ إِنْ شَكَرْتُمْ وَآمَنْتُمْ وَكَانَ اللَّهُ شَاكِراً عَلِيماً﴾

«ئەگەر (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، اللە سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ اللە شۈكۈر

① سۈرە مائىدە: 6 ـ ئايەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
③ سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»[1]

بۇ دىن ئىنسانلار ئۈچۈن... ئۇلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتى ئۈچۈن... ئۇلارنىڭ اللە ياراتقاندەك «چىرايلىق شەكىل»دە بولۇشى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنى اللە ئاتا قىلغان ھۆرمەتكە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن نازىل بولغان:

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.»[2]

اللەنىڭ رەھمىتىدىن بىرى شۇكى، ئۇ بۇ دىننى ئىنسانلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتى ئۈچۈن نازىل قىلدى. ئاندىن ـ ئەگەر ئۇلار بۇ دىنغا ئەگەشسە ـ ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز جەننىتى، رازىلىقى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. (اللە شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر).

ئىسلام ـ ئىنسانلارنى ئىنسانغا لايىق ئورۇنغا يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى داۋالاشتا ـ ئىنسانىنى پۈتۈنلەي يۇقىرىغا تارتىپ ئۇنىڭ ئۈگىلىرىنى ئاجرىتىۋەتمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئالىي ئۈلگىلەرنى پەرز قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. بەلكى، ئۇ، ئىنساننى قىممەت قاراش تەرەپكە بىر قەدەم بىر قەدەمدىن يۈكسەلدۈرىدۇ. ھەتتاكى ئۇنىڭ قەدەملىرى مۇستەھكەملىنىدۇ، يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ئادەتلىنىدۇ ۋە ئۆرلەشكە تېخىمۇ قىزىقىدۇ.

ئىسلام ھاياتلىق ئۇنىڭسىز توغرا شەكىلدە بولمايدىغان ئەڭ تۆۋەن چەكنى پەرز قىلىدۇ. ئاندىن باشقا تەرەپلەرنى ئىنسانغا مەجبۇرلىماستىن، يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىزچىل قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق يۈكسەك نەپلە ئەمەللەر قاتارىدا قالدۇرۇپ قويىدۇ:

---

① سۈرە نىسا: 147 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ
وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَآبِ، قُلْ أَؤُنَبِّئُكُمْ بِخَيْرٍ مِنْ ذَلِكُمْ لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِنْدَ رَبِّهِمْ
جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ، الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا
إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ، الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنْفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ﴾

«ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ اللهنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك. (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، ”سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە اللهنىڭ رىزاسى بار“. الله بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): ”پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن“ دەيدۇ. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (اللهغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر“.»①

ئىسلامنىڭ ئىنسان روھىيىتىنى قانداق داۋالىغانلىقى ھەققىدە

① سۈرە ئال ئىمران: 14 ـ 17 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇ خىل كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەر ـ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدەك ـ ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. اللە بۇ نەرسىلەرنى هارام قىلدىمۇ؟ ياق! بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن هالقىپ كەتمىسە هالال بولىدىغان، هالقىپ كەتسە هارام بولىدىغان بىر چېگرا بەلگىلەپ بەردى. ئەنە شۇ چېگرالا هاياتلىقنى هەقىقى ئىسلاھ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇ چېگرا پەرزدۇر. لېكىن ئىسلام، بۇ كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىنساننى مەشغۇل قىلىپ قويماسلىقى، ئەڭ مۇھىم ئىبادەت سانىلىدىغان اللە يولىدا جىهاد قىلىشتىن توسۇپ قويماسلىقى ياكى ئۇنى اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن توسۇپ ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنى زايا قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرگە مەجنۇنلارچە بېرىلىپ كەتمەسلىكنى تەرغىب قىلىپ ئۇنىڭغا: «سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىگە غەرق بولۇشتىنمۇ) ياخشىراق بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك نېمەت ۋە اللەنىڭ رىزاسى بولغان جەننەت بۇلاردىن ياخشىدۇر. بۇ نېمەتلەر كىمگە مەنسۇپ؟ مانا بۇ يەردە قۇرئان كەرىم ئاشۇ نېمەتلەرگە مۇيەسسەر بولىدىغان اللەنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئاجايىپ جەزبىدار، يارقىن، تولىمۇ گۈزەل قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ: ئۇلار سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (اللەغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر... بۇ سۈپەتلەرنىڭ هەممىسى ئاجايىپ يۈكسەك ۋە قەلبكە ياقىدىغان سۈپەتلەردۇر. قۇرئان كەرىم ئەنە شۇنداق گۈزەل ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭ! ئىنسان ئاشۇ گۈزەل سۈپەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ روھىيىتىنى يەنىلا ئاشۇ ئارزۇ ـ هەۋەسلەر ئۈچۈن مەشغۇل قىلارمۇ؟ هەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. بەلكى بۇ نەرسىلەردىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىيىنچىلىق ۋە بېسىم ھېس قىلماستىن ئۆزلىگىدىنلا يۈز ئۆرۈيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام ئىنساندىن بۇ نەرسىلەردىن چەكتىن ئاشقان راھىبلارچە شەكىلدە يۈز ئۆرۈشنى تەلەپ قىلماستىن بەلكى ئەقىلگە ئۇيغۇن، مۇۋاپىق، نورمال شەكىلدە يۈز ئۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلام مۇسۇلمانلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنى نەپلە نامازغىمۇ قىزىقتۇرىدۇ:

«بەندەم ماڭا نەپلە ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىزچىل يېقىنلىشىدۇ. ھەتتاكى مەن ئۇنى دوست تۇتىمەن. ئەگەر مەن ئۇنى دوست تۇتسام، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى ۋە تۇتىدىغان قولى بولۇپ بېرىمەن.»[①]

شۇنداقلا ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە يەنە نەپلە روزىغىمۇ قىزىقتۇرىدۇ.

مال مۆئەييەن مىقدارغا يەتكەندە ئۇنىڭغا زاكاتنى پەرز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە الله يولىدا پۇل ـ مال سەرىپ قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ.

ئىنساننى يۈكسەلدۈرۈشتە ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان مۇلايىم ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسانغا مۇنۇ سۈپەت تولىمۇ باپ كېلىدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلائِكَةُ أَلا تَخَافُوا وَلا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، "پەرۋەردىگارىمىز اللهدۇر" دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: "قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار،

---

① ھەدىس قۇددۇسى. بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار“ دەيدۇ.»①
پەرز قىلىنغان تەكلىپلەرنىڭمۇ ئىنسانلارنىڭ كۈچى يېتىدىغان دائىرىدە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى:
﴿لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْساً إِلا وُسْعَهَا﴾
«الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.»②
ئەگەر ئىنسان پەرز قىلىنغان تەكلىپلەردىن سەۋەب كۆرسىتىپ ۋە تەكلىپلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئەمەس بەلكى ھەقىقى ئاجىز كەلسە، ـ الله ئۇنى ئوبدان بىلىدۇ ـ الله ئۇنىڭدىن ئاجىز كەلگەن تەرەپلەرنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ:
﴿رَبَّنَا لا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْراً كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلا تُحَمِّلْنَا مَا لا طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا﴾
«پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن.»③
شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسان خاتالىشىپ قالسىمۇ پەقەت ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋالمىسىلا، الله ئۇنى رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ.
﴿فَتَلَقَّى آدَمُ مِنْ رَبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾
«ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى

① سۈرە فۇسسىلەت: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 286 ـ ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە: 286 ـ ئايەت.

گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. اللە ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»①

﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ، أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾

«تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا اللەنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!»②

---

① سۈرە بەقەرە: 37 ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 135 ـ 136 ـ ئايەت.

**9 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى ئېلىپ كەلگەن ئالىي قىممەت قاراشلارنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى:**

**(1) تەۋھىد ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەش:**

بارلىق ئەلچىلىكلەر ئىنسانلار ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ شېرىككە چۈشۈپ قالغان تەۋھىد ئەقىدىسىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن:

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولاً أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾

«بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: "اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار" دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.»①

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق.»②

قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئويلانغان كىشى ناھايىتى تېزلا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ مۇھىم مەسىلىگە ئىلگىرىكى ئەلچىلىكلەردە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يۇكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ.

اللە بۇ ئەلچىلىكنىڭ قىيامەتكە قەدەر ساقلىنىپ قېلىشىنى ۋە داۋاملىشىشىنى تەقدىر قىلدى، شۇنداقلا ئۇنى پۈتۈن ئالەم خەلقى ئۈچۈن نازىل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئان كەرىمدە تەۋھىد ئەقىدىسىگە نىسبەتەن كۆڭۈلگە كېچىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق شۈبھىلەر ئۈچۈن مۇنازىرە ئېلان قىلىنغانلىقىنى، ھەتتاكى بۇ شۈبھىلەر

---

① سۈرە نەھل: 36 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنبىيا: 25 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

روھىيەتتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەقىدە ھەرقانداق تۇماندىن خالى ھالەتتە سۈزۈلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئۇچۇن قاتتىق جەڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز.

شۇنداق! قۇرئان كەرىم مەيلى ئەرەبلەر ئارىسىدا بولسۇن، مەيلى بۇتپەرەسلەر ئارىسىدا بولسۇن ياكى يەھۇدى-ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار ئارىسىدا بولسۇن ئۆزى نازىل قىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە مەۋجۇد بولغان بارلىق شۇبھىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. لېكىن، تەۋھىد مەسىلىسى ئۇچۇن سەرىپ قىلىنغان بۇنچىۋالا زور كۈچ-كۆل بۆلۈشلەر پەقەت ئاشۇ شۇبھىلەرگە رەددىيە بېرىش ئۇچۇنلا بولماستىن بەلكى ئۇنىڭدىن بولغان مەقسەت، روھىيەتتىكى تەۋھىد ئەقىدىسىنى بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ قومۇرۇلۇپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە مۇستەھكەملەشتۇر.

بۇ ئەھمىيەت بېرىشلەرنىڭ مەقسىتىنىڭ پەقەت مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئەھلى كىتابلارنىڭ روھىيىتىدىكى شۇبھىلەرگە رەددىيە بېرىشلا ئەمەسلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى شۇكى، تەۋھىد ھەققىدىكى ئايەت، اللەغا بولغان ئىماننى مۇستەھكەملەش ۋە ئىمان روھىيىتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانغا قەدەر ئۇنىڭ روھىيەتتىكى ساھەسىنى كېڭەيتىشكە بولغان دەۋەت ھەققىدىكى ئايەتلەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرۈپ بۇ دىنغا ياردەم بېرىش يولىدا جىھاد قىلىدىغان «مۇئمىن جەمئىيەت» ۋە ئۇنى تاجاۋۇزچىلاردىن ھىمايە قىلىدىغان «ئىسلامى دۆلەت» قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەدىنىدىكى مۇئمىنلەرگىمۇ توختىماي چۈشۈپ تۇردى:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللە ئۇنىڭغا نازىل

قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار.»[1]

بۇ يەردىكى دەۋەت كاپىرلار ئۈچۈن ئەمەس بەلكى مۇئمىنلەر ئۈچۈندۇر. ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ـ ئۇلار ئەمەلىيەتتە مۇئمىن بولسىمۇ ـ نىڭ مەنىسى ئۇلارنى ئىمانغا تېخىمۇ قىزىقتۇرۇشقا ۋە ئىماندا چىڭ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىشتۇر.

شۇنداق! قۇرئان كەرىم تەۋھىد مەسىلىسىنى ۋە شېرىك مەسىلىسىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. روھىيەتنىڭ بىرەر تەرىپىدە شېرىكنىڭ يىلتىز تارتماسلىقى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ مۇئمىندىن سادىر بولىدىغان ياكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېچىدىغان قانداقتۇر بىرەر ئەمەل، ئىدىيە ياكى تۇيغۇ بىلەن ئارىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ئىنسان روھىيىتىنىڭ بارلىق بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە ئاختۇرۇپ چىقتى.

ھەقىقەتەن، قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىنى يېتەرلىك دەرىجىدە بايان قىلدى. چۈنكى، شېرىك اللەنىڭ غەيرى ئۈچۈن ئىبادەت قائىدە ـ يۇسۇنلىرىنى تەقدىم قىلىشتىلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى، اللەنىڭ قانۇنى (شەرىئەت)نىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

﴿إتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَ﴾

«(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، اللەنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر.»[2]

﴿وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلا آبَاؤُنَا وَلا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ﴾

«مۇشرىكلار: ”مۇبادا اللە خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا

---

① سۈرە نىسا: 136 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەئراف: 3 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بوۋىلىرىمىز اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، الله ھارام قىلمىغان (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق" دېدى.»①

الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمگە ئەگەشمەسلىك اللەدىن باشقا «ئىلاھلار»غا ئەگەشكەنلىكتۇر، يەنى شېرىكتۇر. سۈرە نەھلنىڭ ئايىتى ـ مۇشرىكلارنىڭ تىلى بويىچە ـ اللەنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش ۋە اللەنىڭ ئىزنىسىز ھالال ـ ھارام قىلىش، يەنى اللەنىڭ شەرىئىتىگە ئەگەشمەسلىكتىن ئىبارەت شېرىكنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدۇ.

الله بۇ ھەقتە سۈرە نىسادا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً﴾

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»②

بۇ تېكىست مائىدە سۈرىسىدە تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە تەكرارلىنىدۇ:

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾

«كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.»③

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾

---

① سۈرە نەھل: 35 ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 65 ـ ئايەت.
③ سۈرە مائىدە: 44 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«اللـــه نازىـــل قىلغـــان بـــويىچە ھۆكـــۈم قىلمايـــدىغان كىشـــىلەر زالىملاردۇر.»①

﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

«اللـــه نازىـــل قىلغـــان ئـــايەتلەر بـــويىچە ھۆكـــۈم قىلمىغـــانلار پاسىقلاردۇر.»②

سۈرە نۇردا اللەنىڭ شەرىئىتىدىن ھۆكۈم ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىمان دەۋاســىنىڭ ھەقىقــى ئــۆلچىمى ئوتتۇرىغــا قويۇلــدۇ. ئەگەر ئۇنــداق بولمايـدىكەن (يەنـى اللەنـىڭ شـەرىئىتىدىن ھۆكـۈم ئىزدىمەيـدىكەن)، ئىمان دەۋاسى قۇرۇق، يالغان دەۋاغا ئايلىنىپ قالىدۇ:

﴿وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ، وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ مُعْرِضُونَ، وَإِنْ يَكُنْ لَهُمُ الْحَقُّ يَأْتُوا إِلَيْهِ مُذْعِنِينَ، أَفِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ أَمِ ارْتَابُوا أَمْ يَخَافُونَ أَنْ يَحِيفَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُ بَلْ أُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ، إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

«(مۇنـاپىقلار) "اللەغـا ۋە پەيغەمـبەرگە ئىمـان ئېيتتـۇق ۋە ئىتـائەت قىلدۇق" دېيىشــىدۇ، ئانــدىن ئــۇلاردىن بىــر جامـائە شـۇنىڭدىن (يەنـى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يـۈز ئۆرۈيـدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆئمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىــرىش ئۈچــۈن، ئــۇلار اللەنـــىڭ ۋە پەيغەمبەرنىـــڭ (ھــۆكمىگە) چاقىرىلىســا، ئــۇلاردىن بىــر جامــائە (پەيغەمبەرنىــڭ ئالــدىغا ھــازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدە بولىدىغان بولســا (پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ھەق ھۆكــۈم چىقىرىــدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمـبەرگە بويسۇنغان ھالـدا كېلىشــىدۇ. ئۇلارنىــڭ دىللىرىــدا (مۇنـاپىقلىق) ئىللىتــى بــارمۇ؟ يــاكى (مــۇھەممەد

---

① سۈرە مائىدە: 45 ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 47 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ ياكى اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىمدۇر. (پەيغەمبەر) مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: "ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر".»①

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ قۇلىقىغا ـ ناھايىتى ئەتراپلىق قىلىپ ـ يەككە ـ يېگانە اللەنىڭ بۇ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداق بولغانىكەن ئۇ يەككە ـ يېگانە ھالەتتە ئىبادەتكە ۋە ئىتائەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى، بارلىق ئىشلاردا ھۆكۈمنىڭ پەقەت اللەغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەكرارلايدۇ:

﴿أَلَا لَهُ الْخَلْقُ وَالْأَمْرُ﴾

«يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر.»②

﴿إِنِ الْحُكْمُ إِلا لِلَّهِ أَمَرَ أَلَا تَعْبُدُوا إِلا إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ﴾

«(ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى) بارچە ھۆكۈملەر پەقەت اللەغىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.»③

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾

«ئۇلارنىڭ اللە رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟»④

---

① سۈرە نۇر: 47 ـ 51 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەئراف: 54 ـ ئايەت.
③ سۈرە يۈسۈف: 40 ـ ئايەت.
④ سۈرە شۇرا: 21 ـ ئايەت.

بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا قۇرئان كەرىمدە بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىمۇ كەڭ دائىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ. نەتىجىدە، «اللەنىڭ يەككە ـ يىگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ شېرىكسىز، يەككە ـ يىگانە بەرھەق مەبۇد» ئىكەنلىكى قەلبتە چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئاندىن كېيىن قۇرئان كەرىم بۇ ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ:

1. ھەر ۋاقىت اللەنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە بۇ نېمەتلەرنىڭ باشقىلار تەرەپتىن ئەمەس بەلكى اللە تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش. نەتىجىدە، اللەنىڭ نېئمىتى ۋە پەزلى ـ مەرھەمىتى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبى اللەغا باغلىنىپ كېتىدۇ.

2. ھەر ۋاقىت ئىنسانغا يەتكەن بارلىق ئىشلارنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق بىراۋنىڭ اللەنىڭ تەقدىرىنى ھەرقانداق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ئەسلىتىش.

3. اللەنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش. اللەنىڭ بارلىق ئىسىم ـ سۈپەتلىرى اللەنىڭ يەككە ـ يىگانە زات ئىكەنلىكىگە تۈيغۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن روھىيەتتىكى ئىماننى مۇستەھكەملەيدىغان دەرىجىدە تونۇشتۇرىدىغان ئورۇندا تىلغا ئېلىندۇ. مانا بۇ روھىيەتتە تەۋھىد ئەقىدىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تەسىرى ئەڭ زور بولغان تەربىيە ۋاستىسىدۇر.

مۇشۇ ۋاستىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق تەۋھىد ئەقىدىسى مۇئمىنلەرنىڭ روھىيىتىدە تارىختىكى ئىنسانلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتى. گەرچە تەۋھىدكە پات ـ پاتلا مۇسۇلمانلار تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئېغىپ كېتىشلەر ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەر يۈزىدە ھېچقانداق شەك ئارىلاشالمايدىغان ساغلام

ئەقىدىگە ئايلاندى. ئىسلامدىكى تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ سۈزۈكلىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە مۇستەھكەملىكىنىڭ جۇملىسىدىن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئېغىپ كەتكۈچىلەر دەرھاللا ئۆز خاتالىقىدىن يانىدۇ ۋە ئەسلى يوغرا مەنبەگە قايتالايدۇ.

بۇ ئىش ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى يەر شارىدا ھېچقاچان مۇنداق شەكىلدە قارارلىشىپ باقمىغان ئىدى.

ئىلگىرىكى بارلىق تەۋھىد دىنلىرى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قولىدا ئۆزگەرتىۋېتىلدى ۋە بۇرمىلاندى، ھەتتا ئۇنىڭدىكى تەۋھىد ئېلمىنتلىرى ۋە اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ساغلام ئاساسىي پۈتۈنلەي يوقاپ كەتتى. پەقەت ئىسلام دىنىلا بۇ مەسىلىدە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئاساسلىرى مۇستەھكەم ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ئېغىپ كەتكەنلەر ئېغىپ كېتىدۇ، خاتالاشقۇچىلار خاتالىشىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئاساسىي مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بۇرمىلىنىش يېتىپ قالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىۋاتقان ئەۋلادلار ئۇنىڭ توغرا مەنبەسىگە قايتىپ كېلىدۇ:

﴿إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ﴾

«ھەقىقەتەن اللەنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.»[①]

2. ئىنسانى ئىززەت ـ ھۆرمەتنى گەۋدىلەندۈرۈش.

يەر شارىدا ئىنسانى ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئىسلام گەۋدىلەندۈرگەندەك ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر تۈزۈم تېپىلمايدۇ. غەربنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى تۈنجى قېتىم ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىدە كەڭ ئالقىشلىنىدىغان تۈزۈمدۇر. ئەمەلىيەتتە

① سۈرە ئال ئىمران: 19 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن ساختا دەۋادۇر:

بىرىنچى، تارىخى تەرەپتىن: ئىسلام ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە غەربنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىدىن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئون ئەسىر ئالدىدا تۇرىدۇ... ياۋروپا ئۆزىنىڭ «زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر»ىگە غەرق بولغان كۈنلەردە ياۋروپالىقلار فېئودالىزمنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىڭراۋاتاتتى. ئىنسانلار ھېچقانداق ھەق ـ ھوقۇق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىرىشەلمەي قەدىر ـ قىممەتسىز ھالدا ياشايتتى. بىردىبىر ھوقۇقلۇق شەخس بولغان فېئودال كاپىتالىستلار نەچچە يۈزلىگەن ۋە نەچچە مىڭلىغان قۇللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇلارنى خالىسا ئۆلتۈرەتتى، خالىسا ئاچ قوياتتى. ئۇلارنى ھېچقانداق ھەق بەرمەستىن مەجبۇرى ھالدا ئۆز ئىشلىرىغا سالاتتى. ئىسلام كېلىپ قان، مال، يۈز ـ ئابرۇي... ھۆرمىتىنى ۋە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بېكىتتى.

ئەمەلىيەت تەرەپتىن: ئىسلام ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقىتلاردا ئۇنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن رېئال دۇنيادا مۇئەييەنلەشتۈردى. ياۋروپا بولسا ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلارنى پەقەت كۆپلىگەن كىتابلار، ئاساسىي قانۇنلار ۋە خەلقئارالىق توختامنامىلەردىلا مۇئەييەنلەشتۈردى. لېكىن، بۇ «ئاتالمىش ھەق ـ ھوقۇقلار»نىڭ ئەمەلىي رېئاللىقتىكى تەسىرى قېنى؟ باشقا مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان مۇستەملىكچىلەردىكى تەسىرى قېنى؟ پەقەت قارا تەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىنىۋاتقان نىگىرلار ھەققىدىكى ئىرقى ئايرىمىچىلىقتىكى تەسىرى قېنى؟ ئۇنىڭ خەلقلىرى ئۆز زېمىنىدىن قوغلىنىۋاتقان ۋە مۇساپىرلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ۋەتەنلىرىدىن سۈرگۈن قىلىنىۋاتقان پەلەستىن مەسىلىسىدىكى تەسىرى

قېنى؟ ئۇ ئاتالمىش ھوقۇقلار پەقەت «ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ» ۋە رېئاللىقتا ھېچقانداق ئەمەلىي تەسىرى يوق بىر دۆۋە قۇرۇق سەپسەتىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

شۇنداق! غەرب ئەللىرىدىكى دېموكراتىيە كۆرۈنۈشى پەقەت غەربلىكلەر ئۈچۈنلا ئۇز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ يەردىكى كىشىلەر قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە ۋە ئېتىقادىدا ئەركىن بولۇپ، ئۇلار پەقەت قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىسىلا ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ. شەخسلەر مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، جىنايەت ئۆتكۈزمىسىلا قولغا ئېلىنمايدۇ. ئۇلار يۇقىرىقى كاپالەتلەرنى پەقەت قانۇنى يوللار ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۇلارغا قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئەركىنلىك كىشىلەرنى بۇزۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. يەنى دىنسىزلىققا، كۇپرىغا كەڭرى يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئەخلاقى بۇزۇقچىلىققا كەڭ دائىرىدە يول قويىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كاپىتالىزمنىڭ مەنپەئەتى يىراق ياكى يېقىندىن خەتەرگە دۇچ كەلگەندە نۇرغۇنلىغان كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلىدۇ. قىسقىسى، غەربنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى ئىنسانلارنى ھەقىقى ئىنسانى ھۆرمەتكە ئىگە قىلالمايدۇ.

«ھەقىقى دېموكراتىزم» دەپ داۋراڭ سېلىنىۋاتقان كوممۇنىزم ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئىنسانى ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. كوممۇنىزم دۆلىتىدە بىرەر ئادەم دۆلەت ياكى ھۆكۈمران پارتىيەگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. شۇنداقلا، بۇنداق دۆلەتلەردە شەخسلەر ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر ئۆزلىرىنى فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش بەدىلىگە ئىرىشكەن نەرسىلەردۇر. ئەمەلىيەتتە، فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ۋە ئۇلارنى قۇل قىلىشتىكى ياۋۇزلۇقىدا يۇقىرىقى ئىككىسىدىن قېلىشمايدۇ.

ئىسلام بولسا ئىنسانلارنى ھاكىمىيەت، ھوقۇق، مال ـ مۈلۈك، يۈز ـ ئابرۇي، ئىرق، دۆلەت تەۋەلىكى ... قاتارلىق يەر يۈزىدە ئىنسانلارنى قۇل قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبادەتكە ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق يەككە ـ يېگانە اللەنىڭ غەيرى ئۈچۈن بولغان بارلىق ساختا قۇللۇقلاردىن ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئىسلام بۇ يولدا ئىنسانلاردىن قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى ھەقىقى ئىگىسى بولغان اللەغا تاپشۇرىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئىنسانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن قانۇن تۈزسە، قانۇن تۈزگۈچىلەر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە، قانۇننىڭ يۈكى ئۇنىڭغا يۈكلىنىدىغان كىشىلەر بولسا قۇللارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. قانۇن چىقارغۇچى اللە بولغاندا ھاكىم بىلەن پۇقرا، باي بىلەن كەمبەغەل ئۇنىڭ ئۈچۈن باراۋەر ھالدا ئىتائەت ۋە قۇلچىلىقنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئىسلام ئىنسانلارنىڭ پەقەت قان ۋە ماللىرىنىڭ ھۆرمىتىگىلا كاپالەتلىك قىلماستىن، بەلكى، يەنە ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا چېرىك جىنايەتلەر دەرىجىسىدە ئەمەس، بەلكى، بۈيۈك ئىنسانى ئىززەت ـ ھۆرمەت دەرىجىسىدە كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈزۈملەرنى يولغا قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلامدا تۆھمەت چاپلاش، سۇخەنچىلىك قىلىش، مەسخىرە، غەيۋەت ۋە يالغان سۆزلەر ئارقىلىق بىراۋنىڭ يۈز ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

ئاندىن كېيىن بۇ پرىنسىپلار رېئال دۇنيادا ئەمەلى ئىجرا قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە بىر قىبتى ياش ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلىنى يېڭىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى ئۇنى ئۇرىدۇ ۋە: «مەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمنىڭ ئوغلىمەن» دەيدۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى ياشنىڭ دادىسى بۇنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شىكايەت قىلىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى ياشقا ھاسىنى تۇتقۇزۇپ: «بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمنىڭ ئوغلىنى ئۇرۇۋالغىن» دەيدۇ، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئەمىر ئىبنى ئاسقا قاراپ: «ئى ئەمىر! ئىنسانلارنى ئانىلىرى ھۆر تۇغقان تۇرسا ئۇلارنى قاچاندىن باشلاپ قۇل قىلىۋالدىڭلار؟» دەيدۇ.

بۇ دىندىكى ئىنسانى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ھوقۇق ۋە كاپالەتلەردىن باشقا يەنە خىلمۇ ـ خىل ساھەلەردە كەڭ گەۋدىلىنىدۇ.

1 . بۇ يەردە كرىستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ خاتالىقلىرى بەدىلىگە ئۆز جېنىنى پىدا قىلىش ئۈچۈن اللهنىڭ ئوغلى (اللهغا سېغىنىپ بۇ خىل ئېتىقادتىن پاناھ تىلەيمىز) كەلگەنگە قەدەر ئىنسانلارنى بويۇن ئەگدۈرىدىغان مەڭگۈلۈك خاتالىقلار مەۋجۇد ئەمەس. ھەقىقەتەن ئادەم ئەلەيھىسسالام تەۋبە ۋە مەغپىرەتكە پەرۋەردىگارى تەرەپتىن بىۋاستە ئېرىشتى:

﴿فَتَلَقَّى آدَمُ مِنْ رَبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾

«ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى

مېھرىباندۇر.»①

2. بۇ دىندا الله بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ۋاستىچى بولۇۋالىدىغان كاھىنلار مەۋجۇد ئەمەس. بەلكى، بەندە پەرۋەردىگارى بىلەن دۇئا، ئىستىغپار ۋە باشقا ئىبادەتلەر ئارقىلىق بىۋاستە ئالاقىلىشالايدۇ.

3. ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرى ئارقىلىق اللەنىڭ تەقدىرى يەر يۈزىدە پەيدا قىلىدىغان نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىدۇ:

﴿ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّراً نِعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَى قَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

«بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە الله ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.»②

﴿ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ لِيُذِيقَهُمْ بَعْضَ الَّذِي عَمِلُوا لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

«ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈزبەردى، الله ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.»③

ئىنسان بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ:

﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْراً يَرَهُ، وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرّاً يَرَهُ﴾

«كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.»④

«ئى بەندىلىرىم! مەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى خاتىرلەپ قويىمەن. ئاندىن كېيىن (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭ مۇكاپاتى ۋە جازاسىنى

① سۈرە بەقەرە: 37 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنفال: 53 ـ ئايەت.
③ سۈرە رۇم: 41 ـ ئايەت.
④ سۈرە زەلزەلە: 7 ـ 8 ـ ئايەت.

تولۇق بېرىمەن. كىمكى ئەمەللىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسە اللهغا هەمدۇ ـ سانا ئېيتسۇن. كىمكى ئەمەللىرىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى كۆرسە پەقەت ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن.»①

4. ئىنسان تارىخى ماتېرىيالىزمنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى ئېيتقاندەك ماتېرىيالىزم تەسەۋۋۇرى ۋە تەبىئەت تەسەۋۋۇرى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئىسلامى تەسەۋۋۇر بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتكۈل كائىنات ئىنسانغا الله تەرەپتىن بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن:

﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ﴾

«الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى.»②

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلاً﴾

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلۇغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.»③

5. ئىسلام ئىنساندىكى جانلىق ئىنسانى تەرەپلەرنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانى ئىززەت ـ ھۆرمەتنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئالىي قىممەت ـ قاراشلار بويىچە تەربىيىلەپ چىقىش ئارقىلىق پەسكەشلىكلەردىن، ئەرزىمەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن ۋە ھېسسىي نەرسىلەردىن يۈكسەلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋانى ئىشكەللەردىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقى ھۆرمەتكە ئېرىشىش

① ھەدىس قۇددۇسى. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
② سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئىسرا: 70 ـ ئايەت.

ئارقىلىق «ئەڭ چىرايلىق شەكىل»دە بولىدۇ. شۇنداقلا پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىگە لايىقلىشىدۇ:

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلائِكَةُ أَلا تَخَافُوا وَلا تَحْزَنُوا﴾

«شۈبھىسىزكى، ”پەرۋەردىگارىمىز اللهدۇر“ دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ”قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار“ دەيدۇ.»①

3. كېڭەش ۋە ئادالەت پرىنسىپى:

﴿وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ﴾

«ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا...»②

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ﴾

«شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.»③

«كېڭەش پرىنسىپى» سىياسىي تەرەپتىن، شۇنداقلا ئىنسانى ئىززەت ـ ھۆرمەتنى گەۋدىلەندۈرۈش تەرەپتىن ئىسلامى دەۋەت ئېلىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. ياۋروپا بولسا دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشتا پارلامېنت تەشكىللەش ھوقۇقى ۋە پارلامېنت ھوقۇقىنى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە نۇرغۇنلىغان قان تەقدىم قىلىش بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ئۇتۇقلۇق غەلىبىلەرنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى كىشىلەر تەلەپ قىلمىسىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە تەقدىم قىلمىسىمۇ ئۇلارغا بۇ ھوقۇقنى بېرىدۇ.

---

① سۈرە فۇسسىلەت: 30 ـ ئايەت.
② سۈرە شۇرا: 38 ـ ئايەت.
③ سۈرە نىسا: 58 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى نازىل قىلىنمىغان ئىشلار ھەققىدە مۇسۇلمانلار بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ئاندىن بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئىچىدىن ئەڭ توغرىسىنى قوبۇل قىلاتتى. مەسىلەن: بەدرى كۈنى مۇسۇلمانلار چۈشكۈن قىلىدىغان ئورۇن ھەققىدە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەنگە ئوخشاش. ياكى بۇ پىكىرلەر ئىچىدىن مەلۇم بىر پىكىرنى قوبۇل قىلاتتى، ئاندىن ئۇنى تۈزىتىپ ۋەھيى نازىل قىلىناتتى. مەسىلەن: بەدرى كۈنىدىكى ئەسىرلەر مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ ۋەھيى نازىل قىلىنغان. ئوھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرىلارنىڭ «مەدىنىدە دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرۇش» ھەققىدىكى مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماستىن، ياشلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى ئېلىپ مەدىنىدىن چىققان. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئوھۇد جېڭىدىكى ھېلىقىدەك تالاپەتلەرگە يولۇققان.

يۇقىرىقى ئۈچ ۋەقەلىك ئىسلامى تۈزۈمىدىكى كېڭەش پرىنسىپى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامى ئۇممەتنىڭ سىياسي قۇرۇلمىسىدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تەئالا بەدرى كۈنى مۇسۇلمانلار چۈشكۈن قىلىدىغان ئورۇن ھەققىدە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل قىلىشقا قادىر ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچقانداق ھازىرلىقى ۋە تەييارلىقى بولمىغان شارائىت ئاستىدا ئۇرۇش باشتىن ئاخىر اللەنىڭ تەدبىرى بىلەن ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتى:

﴿كَمَا أَخْرَجَكَ رَبُّكَ مِن بَيْتِكَ بِالْحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقاً مِّنَ الْمُؤْمِنِينَ لَكَارِهُونَ، يُجَادِلُونَكَ فِي الْحَقِّ بَعْدَمَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ إِلَى الْمَوْتِ وَهُمْ يَنظُرُونَ، وَإِذْ يَعِدُكُمُ اللّهُ إِحْدَى الطَّائِفَتِيْنِ أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

لَكُمْ وَيُرِيدُ اللهُ أَن يُحِقَّ الحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ، لِيُحِقَّ الْحَقَّ وَيُبْطِلَ الْبَاطِلَ وَلَوْ كَرِهَ الْمُجْرِمُونَ﴾

«(غەنىيمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا) ئوخشايدۇ. مۆئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ. ئۇلار گويا (ئالامەتلىرى) كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا اللە ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى)دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. اللە ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ. اللە گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى)نى بەربات قىلىدۇ.»①

لېكىن، اللە تەئالا مۇشۇنداق ئىشلاردا مەسلىھەت پرىنسىپىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇپ قويدى.

ئەمما، ئەسىرلەر مەسىلىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوبۇل قىلغان پىكىرنىڭ خاتالىقىنى بايان قىلىپ ۋەھيى نازىل قىلىندى:

﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الأَرْضِ تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللهُ يُرِيدُ الآخِرَةَ وَاللهُ عَزِيزٌ

---

① سۈرە ئەنفال: 5 ـ 8 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

حَكِيمٌ، لَّوْلاَ كِتَابٌ مِّنَ اللهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾

«پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، اللە سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللەنىڭ (ئوچۇق چەكلىمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.»①

اللە ئۆزىنىڭ ئەزەلى ئىلمىدا بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ لېكىن، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەسلىھەتنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ ئۇنى بۇ خاتا پىكىرنى قوبۇل قىلىشتىن توسمىدى. شۇنداقلا، گەرچە بەزىدە خاتا پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرسىمۇ، لېكىن كېڭەش پرىنسىپىنىڭ ئۈممەتنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىدىكى ئاساسلىق ئېلمېنت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىدا قارار تېپىشى ئۈچۈن بۇ ئىشتىن كېيىن كېڭەش پرىنسىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بۇيرىمىدى.

ئىنسان دائىم خاتالىق سادىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەش پرىنسىپىمۇ پەقەت توغرىغىلا مەركەز قىلىنغان ئەمەس. شۇڭا، ئەگەر ئۈممەت كېڭەش ۋە پىكىردە خاتالىشىپ قالسا ئۇلاردىن بۇ پرىنسىپ (يەنى كېڭەش پرىنسىپى) تارتىۋېلىنمايدۇ.

---

① سۈرە ئەنفال: 67 ـ 68 ـ ئايەت.

ئوھـۇد ئۇرۇشـى بۇنىـڭ ئەڭ روشـەن دەلىلىـدۇر. خاتـالىق پەقەت تەجرىبىلىك قىرىلار ئوتتۇرىغا قويغان تـوغرا پىكىـرگە قارشـى چىقىـپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەدىنىدىن چىقىشنى قـاتتىق تەلەپ قىلىـپ تۇرۇۋالغان ياشلارغىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكـى، قوشـۇندىكى بىـر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئـۆز قومانـدانىنىڭ «مۇسـۇلمانلارنىڭ جەسـەتلىرىنى ئۇچـار قۇشـلارنىڭ چوقـۇلاپ يەۋاتقـانلىقىنى كـۆرگەن تەقـدىردىمۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا تاغدىن ئايرىلماسلىق» ھەققىدە چۈشۈرگەن بۇيرۇقىغـا خىلاپلىـق قىلغانلىقىغـا بېرىـپ يەتتـى. شـۇنىڭ بىـلەن مۇسـۇلمانلار مەغلـۇپ بولـدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام يارىلانـدى ۋە ئۇلارغا قارشى كاپىرلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى.

گەرچە شۇنچىۋالا ئىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، الله تەرەپتىن يەنىلا تۆۋەندىكىدەك ئىلاھى بۇيرۇق كەلدى:

﴿فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ﴾

«ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىـرەت تىلىگـىن، ئىشـتا ئـۇلار بىلەن كېڭەشكىن.»①

گەرچە كېڭەشـــىش بەزىـــدە ئادەمنىـــڭ كـــۆڭلىگە ياقمايـــدىغان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغـان تەقـدىردىمۇ، يـۇقىرىقىلار «كـېڭەش پرىنسـىپى»نىـڭ زۆرۈر ۋە ۋاجىـپ ئىكەنلىكىنىـڭ روشـەن دەلىلىـدۇر. ئىسلام بۇ ھوقۇقنى ئېنىق ۋە چوڭقۇر ئوتتۇرىغا قويۇپ گەۋدىلەندۈرگەن ۋە ئـۇنى ياۋروپـا تونۇشـتىن مىـڭ يىلـلار ئىلگىـرى ئەمەلىـيەتكە ئايلاندۇرغان.

ئادالەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىسلامنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ھېچقانداق بىـراۋ يېتىـپ باقمىغـان ئەڭ ئـالىي قىممەت قاراشـلار يەنىـلا ئىسـلامدا

① سۈرە ئال ئىمران: 159 ـ ئايەت.

مەۋجۇد.

الله مۇسۇلمانلارنى ئادالەت پرىنسىپى بويىچە تەربىيىلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾

«ئى مۆئمىنلەر! اللەنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اللەدىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.»[1]

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنْفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ﴾

ئى مۆئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار.»[2]

بۇ يوليورۇقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلاندى... ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن ئۇرۇلغان بىر قىبتىنىڭ ھەققىنى قانداق ئېلىپ بەرگەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا بىر قول ئېھتىياتسىزلىقتىن جەبەلەت ئىبنى ئەيھەمنىڭ تونىغا دەسسەپ سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەبەلەت ئىبنى ئەيھەم ھېلىقى قۇلنىڭ كاچىتىغا ئۇرىدۇ. ھېلىقى قول بۇ ئىشنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شىكايەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر

① سۈرە مائىدە: 8 ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 135 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى قۇلنى جەبەلەت ئىبنى ئەيھەمدىن قىساسىنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايتتى ۋە ھېچكىمگە كەڭچىلىك قىلمايتتى. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئىزدەش ئارقىلىق بىر يەھۇدىينىڭ قېشىدىن تېپىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى يەھۇدىينى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قازىغا شىكايەت قىلىدۇ. قازى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پاكىت تەلەپ قىلىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاكىت كەلتۈرەلمەيدۇ. نەتىجىدە، قازى ھېلىقى ساۋۇتنى يەھۇدىيغا بۇيرۇپ بېرىدۇ.

ئىسلام ئادالەتنى ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن قۇرۇق شوئار شەكلىدە ئەمەس بەلكى ئەمەلى رېئاللىقتا ھەقىقى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىنسانلار تارىختىكى «ئادالەت» ھەققىدە دېيىلگەن شۇنچە گەپ ـ سۆزلەر ۋە ئۇ ھەقتە يېزىلغان شۇنچە كۆپ كىتابلار ئىچىدىن پۈتكۈل تارىخ جەريانىدا مۇشۇ ئادالەتتەك ئەمەلى رېئاللىققا تەتبىقلانغان يەنە بىر ئادالەتنى تاپالامدۇ؟

مۇبادا سىز «تەرەققى تاپقان مىللەتلەر»نىڭ ھاياتىدىكى «ئادالەت»نى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇ ھەقتە ئامېرىكىدىكى ۋە جەنۇبى ئافرىقىدىكى ئىرقى ئايرىمىچىلىق مەسىلىسىگە نەزەر سالسىڭىزلا كۇپايە. يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇستەملىكىچىلەرگە.... ۋە مۇسۇلمانلار باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىدىغان تائىپىگە ئايلىنىپ قالغان ھەرقانداق مەسىلىگە ۋە ئۇ مەسىلە ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ باقسىڭىزلا كۇپايە:

﴿لا يَرْقُبُونَ فِي مُؤْمِنٍ إِلاًّ وَلا ذِمَّةً وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُعْتَدُونَ﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ئـۇلار مـۆئمىنلەر ھەققىـدە نە تۇغقانچىلىققـا، نە ئەھـدىگە رىئـايە قىلمايــدۇ. ئەنە شــۇلار (ســىلەرگە زۇلــۇم قىلىشــتا) ھەددىــدىن ئاشقۇچىلاردۇر.»[1]

---

[1] سۈرە تەۋبە: 10 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

## مۆجىزە

مۆجىزە ئىنسانلارنىڭ كۆنگەن ئادىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىش بولۇپ، ئۇنى اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ۋە كىشىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ئۇلاردىن ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ-دە، ئۇلار بۇنىڭدىن ئاجىز كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان سەپسەتىلەر بىلەن ئۆزلىگىدىنلا مەيدانغا چىققان بولماستىن بەلكى اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەقىقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە پاكىت بولىدۇ.

مۆجىزە بىر قانچە خىل بولىدۇ: يەنى، بەزىدە ئاينىڭ يېرىلىشى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۆز ئالدىدا دېڭىزنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىدىن يول ھاسىل بولۇشى، قول ۋە ھاسا.... قاتارلىقلارغا ئوخشاش كائىناتتىكى ھېسسىي نەرسىلەردە بولىدۇ. بەزىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدي ۋە ناسارالار)دىن ھېچنەرسە تەلىم ئالمىسمۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە ئەھلى كىتابنىڭ قولىرىدىكى كىتابقا ئۇيغۇن كېلىدىغان نەرسىلەردىن خەۋەر بەرگىنىگە ئوخشاش ئىلمى جەھەتتە بولىدۇ. يەنە بەزىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پارس ۋە رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ زاۋال تاپىدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەر بەرگىنىگە ئوخشاش غەيبتىن خەۋەر بېرىش بىلەن بولىدۇ.

ھەربىر پەيغەمبەر رىقابەتنىڭ ئادىل بولۇشى، ئۇنى كۆرگەن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تەسىرىنىڭ كەسكىن بولۇشى ئۈچۈن ئۆز مۆجىزىسىنى قەۋمى ئەڭ مەشھۇر بولغان تۈر ئىچىدىن كەلتۈرىدۇ. مىسىرلىقلار سېھرىگەرلىكتە داڭ چىقارغانىدى. بولۇپمۇ پىرئەۋىن ئىبادەتخانىسىدىكى كاھىنلار سېھرىگەرلىككە ماھىر ئىدى. ئۇلار ئۆز سېھىرلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلاش ئارقىلىق ئۇلارنى پىرئەۋنگە ۋە ساختا ئىلاھلارغا قۇل قىلىپ بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ ساختا ئىلاھلار ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىبادەت ئىشلىرىنى كاھىنلار ۋە سېھرىگەرلەر بىر تەرەپ قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ۋە قۇربانلىقلىرىنى ئاشۇ ئىلاھلارنىڭ نامىدىن قوبۇل قىلاتتى.

شۇ سەۋەبتىن الله ئۇلارنىڭ سېھرىنى بەربات قىلىش ۋە ئىنسان قادىر بولالايدىغان ئىش بىلەن ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى قادىر بولالايدىغان ئىشلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇ سېھرىگەرلەر ئەڭ مەشھۇر بولغان تۈردىكى مۆجىزە بىلەن ئەۋەتتى:

﴿وَقَالَ مُوسَى يَا فِرْعَوْنُ إِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ الْعَالَمِينَ، حَقِيقٌ عَلَى أَن لاَّ أَقُولَ عَلَى اللهِ إِلاَّ الْحَقَّ قَدْ جِئْتُكُم بِبَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَأَرْسِلْ مَعِيَ بَنِي إِسْرَائِيلَ، قَالَ إِن كُنتَ جِئْتَ بِآيَةٍ فَأْتِ بِهَا إِن كُنتَ مِنَ الصَّادِقِينَ، فَأَلْقَى عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ، وَنَزَعَ يَدَهُ فَإِذَا هِيَ بَيْضَاء لِلنَّاظِرِينَ، قَالَ الْمَلأُ مِن قَوْمِ فِرْعَوْنَ إِنَّ هَذَا لَسَاحِرٌ عَلِيمٌ، يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُمْ فَمَاذَا تَأْمُرُونَ، قَالُواْ أَرْجِهْ وَأَخَاهُ وَأَرْسِلْ فِي الْمَدَآئِنِ حَاشِرِينَ، يَأْتُوكَ بِكُلِّ سَاحِرٍ عَلِيمٍ، وَجَاء السَّحَرَةُ فِرْعَوْنَ قَالْواْ إِنَّ لَنَا لأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ الْغَالِبِينَ، قَالَ نَعَمْ وَإَنَّكُمْ لَمِنَ الْمُقَرَّبِينَ، قَالُواْ يَا مُوسَى إِمَّا أَن تُلْقِيَ وَإِمَّا أَن نَّكُونَ نَحْنُ الْمُلْقِينَ، قَالَ أَلْقُوْا فَلَمَّا أَلْقَوْا سَحَرُواْ أَعْيُنَ النَّاسِ وَاسْتَرْهَبُوهُمْ وَجَاءوا بِسِحْرٍ عَظِيمٍ، وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ فَإِذَا هِيَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ، فَوَقَعَ الْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ، فَغُلِبُواْ هُنَالِكَ وَانقَلَبُواْ صَاغِرِينَ، وَأُلْقِيَ السَّحَرَةُ سَاجِدِينَ، قَالُواْ آمَنَّا بِرِبِّ الْعَالَمِينَ، رَبِّ مُوسَى وَهَارُونَ﴾

«مۇسا ئېيتتى: "ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن. الله نامىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن باشقىنى ئېيتماسلىقىقا لايىقمەن، راستتىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سىلەرگە (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن (مەن بىلەن بىللە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن)". پىرئەۋن (مۇساغا): "ئەگەر سەن (پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن" دېدى. مۇسا هاسىسىنى تاشلىۋېدى، ئۇ ناگاهان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى. قولىنى (ياقىسىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ ناگاهان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى. پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئېيتتى: "بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن. ئۇ سىلەرنى زېمىنىڭلار (يەنى مىسىر زېمىنى)دىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى. قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر؟" ئۇلار ئېيتتى: "(ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزلۈك بىر پىكىرگە كەلگۈچە) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن. ئۇلار بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن". (پىرئەۋن سېھىرگەرلىرىنى يىغىشقا ئادەملىرىنى ئەۋەتتى) سېھىرگەرلەر پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: "ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟" دېدى. پىرئەۋن: "ھەئە، (مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر" دېدى. ئۇلار (يەنى سېھىرگەرلەر): "ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟" دېدى. مۇسا: "سىلەر تاشلاڭلار!" دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى. مۇساغا: "ھاساڭنى تاشلىغىن" دەپ

ۋەھيي قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئۆيدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى. ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى. بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە قايتتى). سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى. ئۇلار دېدى: "ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)".»[①]

سېھىرگەرلەر باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا سېھىرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنى تونجى بولۇپ چۈشەندى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىرىنىڭ گەرچە شەكىل جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان سېھىرگەرلىكىگە ئازراق ئوخشىشىپ كەتسىمۇ ئەمەلىيەتتە سېھىر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندى. شۇڭا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مۆجىزىلەرنى ئېتىراپ قىلغان ھالەتتە سەجدىگە باردى.

شۇنىڭدەك، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ دوختۇرلۇقتا ئەڭ ماھىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇلار دوختۇرلۇق ساھەسىدە كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى تاڭ قالدۇرغىدەك ئىشلارنى قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن مۆجىزە ئۇلارنىڭ تونجى بولۇپ ھەقىقەتنى چۈشىنىشى ئاندىن كېيىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چۈشىنىشى ئۈچۈن بۇ قەۋم ئەڭ ماھىر بولغان ساھەدە ئادەتتىن تاشقىرى ئىش بولۇپ قالدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۆجىزە ئۇلارنىڭ

① سۈرە ئەئراف: 104 ـ 122 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلىشۋاتقانلىرىغا تۇيۇلغان ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر نەرسىدۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. تۇغما كور ۋە ئاق كېسەلنى دورا ئىشلەتمەستىن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى تېزلىك بىلەن داۋالىشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يۇقىرىقى ئىشلارغا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسى قوشۇلدى. ئۇلار خىلمۇخىل ئاماللار ئارقىلىق كېسەللەرنى داۋالىشى، شۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ئۇلارنىڭ قولىدا شىپا تېپىشى مۇمكىن. ئەمما ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە اللەدىن باشقا ياكى اللە تەرەپتىن مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردىن باشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرگە ئەۋەتىلدى. ھالبۇكى ئەرەبلەر، ناھايىتى سۆزمەن ۋە ئۇستا ناتىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۆزلەرنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى پاساھىتى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى باشقا مىللەت كىشىلىرىگە كۆز-كۆز قىلىشاتتى. ھەتتاكى ئۇلار ئەرەب مىللىتىدىن باشقا بارلىق كىشىلەرنى ئەجەم (يەنى ئۇلارنىڭ تىلى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك ئەمەس. شۇڭا ئۇلار سۆزلىيەلمەيدىغان گاچىلارغا ئوخشاش) دەپ ئاتايتتى.

شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئەرەبلەر ئەڭ ماھىر بولغان ساھەدىكى بايانى مۆجىزە قىلىنىدى. بۇ مۆجىزە (يەنى قۇرئان كەرىم) شۇنداق بىر مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتىلدىكى، ھەتتا مۇشۇ تىلنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بولغان ئەرەبلەرمۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ سەۋىيىسىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ اللە تەرەپتىن كەلگەنلىكىنىڭ شەكسىز راست ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

## قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب مۇشرىكلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بۇ ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىلاھى قانۇنىيەتنىڭ ئېتىبارى بويىچە يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىش ئىدى. ھەرقانداق جاھىلىيەتتىكى ھاكاۋۇر كاتىباشلار ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا «لا إله إلا الله»غا بويۇنچە ئاسان بويسۇنىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، «لا إله إلا الله»نىڭ مەنىسى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى باشقىلارغا زوراۋانلىق قىلىۋاتقان، بۇلاپ ئېلىنغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولغان اللهغا تاپشۇرۇش، الله ئۈچۈن بولغان قۇللۇق ئورنىغا رازى بولۇش، بۇرۇندىن باشلاپ ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان ساختا ئىلاھلاردىن ۋاز كېچىش، اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ساختا ئىلاھلارنىڭ سايىسى ئاستىدا ھالال ـ ھارام قىلغان نەرسىلىرىنى تاشلاش دېگەنلىكتۇر.

شۇنىڭدەك، قۇللارمۇ «لا إله إلا الله» دەۋىتىگە ئۇنچە تېز ئاۋاز قوشمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار خوجايىنلىرىدىن قورققانلىقى، شەھۋەتلەرگە غەرق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋەت ئۇلارنىڭ كۆڭگەن ئادىتىگە قارشى كېلىدۇ.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاۋاتقان ۋە «بۇ الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىدۇر» دەپ يەتكۈزۈۋاتقان بۇ بۈيۈك پاساھەتلىك سۆز كىشىلەرگە ئىزاھلاپ بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سەۋەبى بىلەن ئېزىپ كېتىشى، قۇرەيش كاتىباشلىرىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى كىشىلەرنى قول قىلىۋاتقان ھۆكۈمرانلىقى يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار: «مۇھەممەد كاھىندۇر، سېھىرگەردۇر. ئۇ مەجنۇن (ساراڭ)دۇر. ئۇنىڭغا جىنلار تەرەپتىن بەزى كۆز قاراشلار تاشلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىلەرگە جىنلارنىڭ ئىلھام قىلغان سۆزلىرىنى يەتكۈزىدۇ» دېيىشتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. تۆۋەندىكى قىسسە دەل بۇنىڭ دەلىلىدۇر: ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز قەۋمى بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدىكى كىشىلەرگە: «ئەزبىرايى خۇدا، مەن بايا مۇھەممەدتىن بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئىنساننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، جىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ شېرىن، گۈزەل سۆزلەردۇر. ئۇنىڭ يۇقىرى چېكى كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ، تۆۋەن چېكى بولسا كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇ تولىمۇ ئېسىلدۇر. باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ» دېدى. قۇرەيشنىڭ كاتىباشلىرى بۇنى ئاڭلاپ: «ئەزبىرايى خۇدا، ۋەلىد ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىدىن چىقىپتۇ. مانا ئەمدى پۈتكۈل قۇرەيشلەر دىنىدىن چىقىدىغان بولدى» دېيىشتى. ئەبۇ جەھىل: «ئۇنىڭغا ئۆزۈم تىتىيمەن» دېدى ـ دە، ۋەلىدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئېيتقان سۆزلىرى ھەققىدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ۋەلىد قۇرەيش كاتىباشلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «سىلەر مۇھەممەدنى مەجنۇن (ساراڭ) دەۋاتىسىلەر. سىلەر ئۇنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ساراڭنىڭ قىلىقىنى قىلغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ سىلەر ئۇنى كاھىن دەۋاتىسىلەر. ئۇنىڭ بىرەر قېتىم

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كاھىنلىق قىلغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ ئۇنى شائىر دەۋاتىسىلەر. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ ئۇنى يالغانچى دەۋاتىسىلەر. سىلەر ئۇنىڭ بىرەر قېتىم يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭلار؟» دېدى. ۋەلىد ئۇلاردىن ھەر بىر سوئالنى سورىغاندا، ئۇلار:«ياق» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئۇلار: «ئۇنداقتا مۇھەممەد ھەققىدە نېمە دەيمىز؟» دېيىشتى. ۋەلىد بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «بىز ئۇنى سېھىرگەر دەيلى. سىلەر ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى، بالىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟» دېدى.

الله بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿ذَرْنِي وَمَنْ خَلَقْتُ وَحِيدًا، وَجَعَلْتُ لَهُ مَالا مَمْدُودًا، وَبَنِينَ شُهُودًا، وَمَهَّدْتُ لَهُ تَمْهِيدًا، ثُمَّ يَطْمَعُ أَنْ أَزِيدَ، كَلا إِنَّهُ كَانَ لآيَاتِنَا عَنِيدًا، سَأُرْهِقُهُ صَعُودًا، إِنَّهُ فَكَّرَ وَقَدَّرَ، فَقُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ، ثُمَّ قُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ، ثُمَّ نَظَرَ، ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ، ثُمَّ أَدْبَرَ وَاسْتَكْبَرَ، فَقَالَ إِنْ هَذَا إِلا سِحْرٌ يُؤْثَرُ، إِنْ هَذَا إِلا قَوْلُ الْبَشَرِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبن مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈردۈم. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق، (يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابىمنى تېتىتىمەن. ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى. ”بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنسان سۆزىدۇر“ دېدى.»[1]

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ـ ياۋىداق گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ كىشىلەرنى قۇرئان كەرىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن توسقۇچى ئامىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تارقاتتى. شۇ سەۋەبتىن، الله ئۇلارغا بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىش توغرۇلۇق جەڭ ئېلان قىلدى:

﴿قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الأِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيراً﴾

«ئېيتقىنكى، ”ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ“.»[2]

ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىش خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە داۋاملاشتى. گەرچە ئۇلار بۇ ھەقىقەتكە قايىل بولمىغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل جەڭ ئېلان قىلىش تېخىمۇ كەسكىنلەشتى:

﴿أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُوا بِعَشْرِ سُوَرٍ مِثْلِهِ مُفْتَرَيَاتٍ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾

«ئۇلار قۇرئاننى(مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، ”(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، اللەدىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۆز ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار“.»[3]

شۇنداق! تەلەپ قىلىنىۋاتقان مىقدارنىڭ كېمەيتىلىشى مۇنازىرىنىڭ

---

① سۈرە مۇددەسسىر: 11 ـ 25 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا: 88 ـ ئايەت.

③ سۈرە ھۇد: 13 ـ ئايەت.

تېخىمۇ كەسكىنلەشكەنلىكىدۇر. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار ئاز نەرسىدىن ئاجىز كەلگەن ئىكەن، كۆپ مىقداردىكى نەرسىلەردىن ئاجىز كېلىشى مۇقەررەردۇر. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئاجىز كەلگەن ئىدى. بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەركەشلىكى ۋە چوڭچىلىقىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بولغان مۇنازىرە تېخىمۇ كەسكىنلەشتى:

﴿أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِثْلِهِ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾

«ئۇلار: "قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان" دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، "ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، اللەدىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار".»[1]

ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ سەركەشلىكى ۋە چوڭچىلىقىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇۋالغاندا الله ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِنْ مِثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ، فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا وَلَنْ تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾

«بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) اللەدىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.»[2]

بۇ مۇنازىرە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاشۇ ئون تۆت ئەسىردىن بۇيان ئەڭ يۈكسەك پاساھەت ۋە بالاغەتكە ئىگە بولغان ئەرەب ناتىقلىرى ۋە پۈتكۈل

---

① سۈرە يۇنۇس: 38 ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 23 ـ 24 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئاجىز كەلمەكتە. ئۇلار تا قىيامەتكە قەدەر بۇنىڭدىن ئاجىزدۇر. بۇ مۇنازىرىگە رەددىيە بېرىشكە ئەڭ لايىق كىشىلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر (يەنى ئەرەبلەر)دۇر.

ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى كائىناتتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنىيەتلەرگە ئالاقىدار بولغان ۋە ئۇ قانۇنىيەتلەردىن ھالقىپ كەتكەن ھىسسىي ۋە كائىنات مۆجىزىلىرى ئىدى. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىنكار قىلغۇچىلارنى غەرق قىلىۋېتىدىغان، مۇئمىنلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغان ۋەيران قىلغۇچى توپان (سۇ ئاپىتى) ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولسا ئىنكار قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلىدىغان، مۇئمىنلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغان ھەددىدىن زىيادە قاتتىق بوران ئىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولسا ـ ئۇنىڭ قەۋمى ئۆزلىرىگە مۆجىزە سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن چىشى تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن چاغدىكى ـ قاتتىق يەر تەۋرەش بولۇپ، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە پەقەت سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەردىن باشقا بارلىق كىشىلەر ئۆيلىرىدىلا ھالاك قىلىندى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولسا ئاسماندىن چۈشكەن ئوت بولۇپ، ئۇ پاسىق قەۋمنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتتى. پەقەت لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇمىنلەرلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭدەك، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ مۆجىزىسىمۇ كائىنات ھادىسىلىرىدىن ھالقىغان مۆجىزىلەر ئىدى.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، ھىسسىي ۋە ياكى كائىنات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى مۆجىزە بولماستىن بەلكى ئەقلىي ۋە مەنىۋى مۆجىزىدۇر. گەرچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا، مىئراج

ۋە ئاينىڭ يېرىلىشى ... دېگەندەك باشقا ھېسسىي ۋە كائىنات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى مۆجىزىلىرى مەۋجۇد بولسىمۇ، بىراق، كاپىرلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلىنغان، تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىنغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە يەنىلا قۇرئان كەرىمدۇر.

قۇرئان كەرىم ئاسان يادقا ئالغىلى بولۇش ۋە ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئوخشاش بۇرمىلىنىپ كەتمەسلىكتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. چۈنكى، اللە قۇرئاننى ساقلاپ قېلىشنى ئىرادە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى كېپىللىك قىلغان:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز.»①

شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى باشقا ئۈممەتلەرگە ئوخشىمايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئاجايىب كۈچلۈك يادلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۈممەتكە تاپشۇرۇلدى. ئىسلامى دۆلەت كۈچەيگەن ۋە قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە قۇرئان كەرىمنى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا تېگىشاتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇئمىنلەرگە ئۇنى قەلبلىرىدە ساقلىۋېلىشتىن سىرىت يەنە ئۇنى توپلىغۇدەك شارائىتلار بېرىلگەنىدى②. شۇنداقلا ئۇنىڭغا يەنە اللە ئىرادە قىلغان ساقلاش ۋاستىلىرى ھازىرلاپ بېرىلگەنىدى. بۇ خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ـ اللەنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرئان

---

① سۈرە ھىجىر: 9 ـ ئايەت.

② قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە تېرە، خورما كۆتەكلىرى... قاتارلىقلارغا يېزىپ ساقلانغان. ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە رەسمي توپلىنىشقا باشلىغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كەرىمگە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلىنىشلار يېتىپ قالماي شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى

قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە مۆجىزىلىكتۇر:
ئەگەر قۇرئان كەرىم ئەرەب پاساھەتچىلىرى ۋە بالاغەتچىلىرىگە قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۈرە بولسىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىش توغرۇلۇق جەڭ ئېلان قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئاجىز كەلگەنلىكى بىلەن تارىختا ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا، ئۇنىداقتا قۇرئان كەرىمنىڭ تېما جەھەتتىكى مۆجىزىلىكمۇ ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.
بىز بۇ يەردە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بولالمايمىز. چۈنكى، ئۇ ئايرىم بىر تەتقىقات ساھەسىدۇر. بىراق، بىز بۇ يەردە قۇرئان كەرىمنىڭ تىل جەھەتتىكى مۆجىزىسى ۋە تېما جەھەتتىكى بەزىبىر مۆجىزىسى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس، پەقەت مىسال ئۈچۈنلا ئازراق توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. ئاندىن كېيىن بىز ئۇنىڭ شەرىئەت جەھەتتىكى ۋە ئىلمىي جەھەتتىكى مۆجىزىلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

**بىرىنچى: تىل جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:**
قۇرئان كەرىمنىڭ تىل جەھەتتىكى مۆجىزىسى ھەققىدە، ئەرەب ناتىقلىرىنىڭ قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرە مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى سۆزلەشلا بىزگە يېتەرلىك ئىدى. بىراق بىز بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرماقچىمىز. قۇرئان مۆجىزىسى ئىپادىلەش جەھەتتە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شۇ قەدەر جانلىق كۆرۈنىدۇكى، قۇرئانى ئۇسلۇب ئۆزىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقا ھەرقانداق نەرسىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان كىشى ئوقۇۋېتىپمۇ ئۇنىڭ مەنە ـ مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلالايدۇ. بىز اللەنىڭ كىتابىنى ئوقۇۋاتقان ھالەتلىرىمىزدە ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشقا بۇيرۇلدۇق. تۆۋەندە قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز:

1. قۇرئان كەرىم ئۆزگىچە تەڭداشسىز نەزمىگە ئىگە. ئۇ نە شېئىر، نە ئىنسانلارنىڭ نەسرىگە ئوخشاش بىر نەسر ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭدا قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك مۇڭلۇق كۈي، شېئىردىن ھالقىپ چۈشىدىغان ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بار بولۇپ، ئۇ دائىم دېگۈدەك مەزمۇننىلا مەركەز قىلىۋالىدىغان شېئىرىيەتنىڭ كۆپلىگەن چەكلىمىلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدا يەنە قاپىيەگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل نەرسە بار، بىراق ئۇ شېئىر قاپىيىلىرىگە ۋە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان سەجئى قاپىيەگە ئوخشاش مەنىسىز ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئۇ قۇلاقلارغا تولىمۇ ياقىدۇ. ئىنساننىڭ ئۇنى دائىم ئوقۇغۇسى ۋە ئۇنى زور ئىشتىياق بىلەن تىڭشىغۇسى كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان تېمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس ھالدىكى كەيپىيات بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بۇ خىل ئىپادىلەش تەھدىت ۋە ئازابنىڭ مەۋجۇدلىقى بىلەن كۈچەيتىلسە، كۆيۈمچانلىق ۋە رەھمەت ياكى دۇئا ۋە بويسۇنۇش بىلەن يېنىكلىتىلىدۇ.

قىيىنچىلىق ۋە تەھدىت ھەققىدىكى مىسال سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ، ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ، ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَاسْلُكُوهُ، إِنَّهُ كَانَ لا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ، وَلا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ، فَلَيْسَ لَهُ الْيَوْمَ هَاهُنَا حَمِيمٌ ، وَلا طَعَامٌ إِلا مِنْ غِسْلِينٍ، لا يَأْكُلُهُ إِلا الْخَاطِؤُونَ﴾

«(الله دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: ”ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار. ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار. ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار“ (ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللەغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇ يەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ.»①

دۇئا قىلىۋاتقان كەيپىياتنىڭ مىسالى سۈپىتىدە مۇنۇ ئايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

﴿كهيعص، ذِكْرُ رَحْمَةِ رَبِّكَ عَبْدَهُ زَكَرِيَّا، إِذْ نَادَى رَبَّهُ نِدَاءً خَفِيًّا، قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْبًا وَلَمْ أَكُنْ بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا، وَإِنِّي خِفْتُ الْمَوَالِيَ مِنْ وَرَائِي وَكَانَتِ امْرَأَتِي عَاقِرًا فَهَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ وَلِيًّا، يَرِثُنِي وَيَرِثُ مِنْ آَلِ يَعْقُوبَ وَاجْعَلْهُ رَبِّ رَضِيًّا﴾

«كاف، ھا، يا، ئەين، صاد. بۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى. ئۇ ئېيتتى: ”پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق. مەن تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقلىرىدىن (يەنى دىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر، (پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن. ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي ۋە يەئقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن“.»②

---

① سۈرە ھاققە: 30 ـ 37 ـ ئايەت.
② سۈرە مەريەم: 1 ـ 6 ـ ئايەت.

2. قۇرئــان كەرىــم كۆرۈنۈشــلەرنى ناھــايىتى جــانلىق ئوتتۇرىغــا قويۇشــتەك ئالاھــىدىلىككە ئــىگە. ھەتتــاكى، ئىنســاننىڭ تۇيغۇســىغا ئادەتلىنىــپ كەتــكەن ئىشــلارمۇ ئۇنىڭغــا گويــا ئــۇنى تــۇنجى قېــتىم كۆرۈۋاتقاندەك ياكى ئەگەر ئۇ خىيالىي كۆرۈنۈش بولسا ئۇنى كۆز ئالدىدا ئەمەلىي كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

قۇرئــان كەرىمــدە تىلغــا ئېلىنغــان قۇيــاش، ئــاي، يۇلتــۇز، كــېچە، كۈندۈز، دەرەخ ۋە دەريا ... قاتارلىق كائىنات كۆرۈنۈشلىرى بىرىنچى تــۆردىكى كۆرۈنۈشــلەرنىڭ نامايەندىلىرىــدىن بولــۇپ، ئــۇلار ئىنســاننىڭ تۇيغۇسى كۆنۈپ كەتكەن ھەتتاكى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالغان كۆرۈنۈشلەر بولسىمۇ، بىراق، قۇرئان كەرىم ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى جانلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۇنى گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ تۇيغۇسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ ۋە ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ بۇ نەرسىلەرنى مۇشۇنداق شەكىلدە ياراتقان مۆجىزىلىك قۇدرەتكە كۆز تىكىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ قەلبى ياراتقۇچى اللەغا باغلىنىدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانىلىكىگە ئىشىنىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى!

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى رَبِّكَ كَيْفَ مَدَّ الظِّلَّ وَلَوْ شَاء لَجَعَلَهُ سَاكِنًا ثُمَّ جَعَلْنَا الشَّمْسَ عَلَيْهِ دَلِيلا، ثُمَّ قَبَضْنَاهُ إِلَيْنَا قَبْضًا يَسِيرًا، وَهُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ لِبَاسًا وَالنَّوْمَ سُبَاتًا وَجَعَلَ النَّهَارَ نُشُورًا، وَهُوَ الَّذِي أَرْسَلَ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ وَأَنزَلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء طَهُورًا، لِنُحْيِيَ بِهِ بَلْدَةً مَّيْتًا وَنُسْقِيَهُ مِمَّا خَلَقْنَا أَنْعَامًا وَأَنَاسِيَّ كَثِيرًا﴾

«پەرۋەردىگارىڭنىــڭ ســايىنى قانــداق ســوزغانلىقىنى كۆرمىــدىڭمۇ؟ ئەگەر خالىسا ئۇنى ئەلۋەتتە مۇقىم قىلاتتــى، ئانــدىن قۇياشــنى ســايىگە دەلىل قىلدۇق (يەنى كۈننىڭ چىققانلىقىنى ســايىنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلدۇق). ئاندىن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا يوقاتتۇق. اللــە ســىلەرگە كېچىنــى لىبــاس، ئۇيقــۇنى (بەدىــنىڭلار ئۈچــۈن) راھەت قىلــدى، كۈنــدۈزنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

(تىرىكچىلىك ئۈچۈن زېمىندا) يېيىلىدىغان ۋاقىت قىلدى. اللە رەھمىتىنى (يەنى يامغۇرنى) ياغدۇرۇش ئالدىدا شامالنى خۇش خەۋەر قىلىپ ئەۋەتتى، يامغۇر بىلەن ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ۋە بىز ياراتقان ھايۋانلارنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇلۇتتىن پاك سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.»①

ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە قىيامەت كۆرۈنۈشلىرى ئىككىنچى تۈردىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ نامايەندىلىرىدىن بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەر ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا ھازىر ئەمەس. ئىنسان ئۇ ھەقتە قۇلىقى ياكى كۆزى ئارقىلىق ئەمەس بەلكى خىيالى ئارقىلىق ئىزدىنىدۇ. لېكىن، قۇرئان كەرىم بۇ ۋەقەلىكلەرنى شۇ قەدەر جانلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، ئىنسان ئۇنى مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە كۆز ئالدىدا ئەمەلىي كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى ۋە ئىبرەتلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى كىشىلەرگە گويا ئۇلار نەخ مەيداندا تۇرۇپ كۆز ئالدىدىلا ئەمەلىي كۆرۈۋاتقاندەك جانلىق ھالەتتە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەلكى، يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەردىكى بۇ خىل جانلىق ئوتتۇرىغا قويۇش شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، ئىنساننىڭ كەلگۈسىدە ياشايدىغان دۇنياسى ھازىر مەۋجۇد بولۇپ رېئاللىققا ئايلانغاندەك، ھازىرقى رېئال دۇنيا بولسا ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان ۋە كەلمەسكە كەتكەن يىراق ئۆتمۈشتەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ.

قىسسەلەرنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى!

﴿وَقَالَ ارْكَبُوا فِيهَا بِسْمِ اللَّهِ مَجْرَاهَا وَمُرْسَاهَا إِنَّ رَبِّي لَغَفُورٌ رَحِيمٌ، وَهِيَ تَجْرِي بِهِمْ فِي مَوْجٍ كَالْجِبَالِ وَنَادَى نُوحٌ ابْنَهُ وَكَانَ فِي مَعْزِلٍ يَا بُنَيَّ ارْكَبْ مَعَنَا وَلَا تَكُنْ مَعَ الْكَافِرِينَ، قَالَ سَآوِي إِلَى جَبَلٍ يَعْصِمُنِي مِنَ الْمَاءِ قَالَ لَا عَاصِمَ

① سۈرە فۇرقان: 45 ـ 49 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

الْيَوْمَ مِنْ أَمْرِ اللَّهِ إِلا مَنْ رَحِمَ وَحَالَ بَيْنَهُمَا الْمَوْجُ فَكَانَ مِنَ الْمُغْرَقِينَ، وَقِيلَ يَا أَرْضُ ابْلَعِي مَاءَكِ وَيَا سَمَاءُ أَقْلِعِي وَغِيضَ الْمَاءُ وَقُضِيَ الأَمْرُ وَاسْتَوَتْ عَلَى الْجُودِيِّ وَقِيلَ بُعْدًا لِلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾

«نۇھ (ئىمان ئېيتقان تەۋەلىرىگە) ئېيتتى: ”كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى اللەنىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر“. كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: ”ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن“ دەپ توۋلىدى. ئۇ: ”مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن“ دېدى. نۇھ: ”بۈگۈن اللە رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ“ دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى. ”ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن“ دېيىلدى ، سۇ سوغۇلدى، اللەنىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، ”زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن“ دېيىلدى.»①

قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مىسالى ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى!

﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَعِيمٍ، فَاكِهِينَ بِمَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ وَوَقَاهُمْ رَبُّهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ، كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ، مُتَّكِئِينَ عَلَى سُرُرٍ مَّصْفُوفَةٍ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ، وَالَّذِينَ آمَنُوا وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَانٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَمَا أَلَتْنَاهُم مِّنْ عَمَلِهِم مِّن شَيْءٍ كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ، وَأَمْدَدْنَاهُم بِفَاكِهَةٍ وَلَحْمٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ، يَتَنَازَعُونَ فِيهَا كَأْسًا لا لَغْوٌ فِيهَا وَلا تَأْثِيمٌ، وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ غِلْمَانٌ لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ لُؤْلُؤٌ مَّكْنُونٌ، وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَى

① سۈرە ھۇد: 41 ـ 44 ـ ئايەت.

بَعْضٍ يَتَسَاءلُونَ، قَالُوا إِنَّا كُنَّا قَبْلُ فِي أَهْلِنَا مُشْفِقِينَ، فَمَنَّ اللَّهُ عَلَيْنَا وَوَقَانَا عَذَابَ السَّمُومِ، إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلُ نَدْعُوهُ إِنَّهُ هُوَ الْبَرُّ الرَّحِيمُ﴾

«تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى بەرگەن نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. (ئۇلارغا) "قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ (مۇكاپاتى) ئۈچۈن كۆڭۈللۈك يەڭلار ۋە ئىچىڭلار" (دېيىلىدۇ). ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز. ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر. ئۇلار كۆرۈۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە يەنە (ئۇلارنى) كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە كۆڭلى تارتقان گۆش بىلەن تەمىنلەيمىز. ئۇلار جەننەتتە ئۆزئارا (مەي قاچىلانغان) جاملارنى تۇتىشىدۇ، (مەي ئىچىش بىلەن) ئۇلاردىن (بۇ دۇنيادىكىدەك) بىھۇدە سۆز ۋە گۇناھ سادىر بولمايدۇ. گويا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەردەك (چىرايلىق) غىلمانلار ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ (ئۇلارنىڭ) خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: "بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە (اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق. اللە بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى. بىز ھەقىقەتەن ئىلگىرى اللەغا ئىبادەت قىلاتتۇق. اللە ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر".»[①]

3. قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇش جەھەتتىكى كۆپ

① سۈرە تۇر: 17 ـ 28 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

خىللىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوخشاش شەكىلدىكى كۆرۈنۈشلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۇ تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش جەريانىدا بىر ـ بىرىگە ھەرگىزمۇ ئوخشىشىپ قالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ كۆرۈنۈشلەر ھەر قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا كىشىگە گويا يېڭى بىر كۆرۈنۈشتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. قىيامەت كۆرۈنۈشلىرى ۋە كائىنات كۆرۈنۈشلىرى قۇرئاندا ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان تېمىلار بولسىمۇ، بىراق، بارلىق تەپسىلاتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش شەكىلدە ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ قالغان بىرەر كۆرۈنۈشنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يەنى، قۇرئان كەرىم بەزىدە بىرەر سۆزنى ۋە بەزىدە مەنە ـ مەزمۇننى ئۆزگەرتىدىغان بىرەر ھەرپنى ئۆزگەرتىش بىلەن بولسىمۇ بىر خىل كۆرۈنۈشنى كۆپ خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە اللەنىڭ سۈرە بەقەرەدىكى سۆزى بىلەن سۈرە ئىبراھىمدىكى مۇنۇ سۆزنى كۆرۈپ ئۆتەيلى!

﴿يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَلِكُمْ بَلاءٌ مِنْ رَبِّكُمْ عَظِيمٌ﴾

«سىلەرنى قاتتىق قىينىغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئايرىيدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى.»[1]

﴿يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ وَيُذَبِّحُونَ أَبْنَاءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَاءَكُمْ وَفِي ذَلِكُمْ بَلاءٌ مِنْ رَبِّكُمْ عَظِيمٌ﴾

«ئۇلار سىلەرنى قاتتىق قىينايتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلايتتى، خوتۇن كىشىلىرىڭلارنى (خىزمەت قىلدۇرۇشقا) قالدۇراتتى. بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە) چوڭ سىناق بار ئىدى.»[2]

ئىككى تېكىست ئارىسىدىكى پەرق پەقەت بىرلا ھەرپتۇر. يەنى،

---

① سۈرە بەقەرە: 49 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىبراھىم: 6 ـ ئايەت.

ئىككىنچى ئايەتتىكى ﴿وَيُذَبِّحُونَ﴾ دېگەن سۆزگە قوشۇلغان «ۋاۋ» ھەرپىدۇر. لېكىن، بۇ بىر ھەرپ مەنە ـ مەزمۇننى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بىرىنچى ئايەت ئازابنىڭ چېكىنى بىكىتىپ بېرىدۇ، يەنى ئۇ ئازاب بولسىمۇ ئوغۇللارنى بوغۇزلاپ، قىزلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرۇشتۇر. ئەمما ئىككىنچى ئايەت بولسا، ئازابنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ ئازابلارغا يەنە ئوغۇللارنى بوغۇزلاپ، قىزلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تۈرنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىرەر ھەرپمۇ ئۇنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى تۈنجى قارىماققا ئادەمنىڭ زېھنىگە كىرىۋالغاندەك تەكرارلانمىغان ئىككى ئايەتتەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

4. ئۇنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرىدىن بىرى شۇكى، قۇرئاندىكى ھەربىر سۈرە گەرچە باشقا سۈرىلەر بىلەن بەزى تېمىلاردا ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزگىچە مۇھىت خاسلىقىغا ۋە ئۆزگىچە ئوبرازغا ئىگە. مەدىنىدە نازىل قىلىنغان سۈرىلەر ھەربىرىنىڭ شەرىئەت ۋە باشقا يوليورۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە نازىل قىلىنغان شارائىتنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن گەرچە ئۇنىڭدا بەزى جەھەتلەردە ئورتاق تېما بىرلىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تېمىسى خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مەككە سۈرىلىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن پەرق ۋە ئورتاقلىقلار مەۋجۇد. مەككە سۈرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، مەككىدە نازىل قىلىنغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا، شېرىكلەرنى چۆرۈپ تاشلاشقا، مۇشرىكلەرنىڭ گۇمانلىرىغا مۇنازىرە ئېلان قىلىشقا، ئۇلارنى تەنقىدلەش ۋە مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىش بىلەن بىرگە مۇشرىكلارنى جەھەننەمدىكى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەربىر سۈرە ئوخشاش بىر خىل تېمىنى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىغان يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە تېما ئىلگىرىكى تېمىنىڭ ئۆزى بولسىمۇ ئۇنى ئوقۇغۇچى ئوقۇرمەن ئۆزىنى ئىزچىل يېڭىلىنىۋاتقان يېڭىچە مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ.

مانا بۇلار قۇرئاننىڭ تىل جەھەتتىكى مۆجىزىلىك بەلگىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. قۇرئان كەرىمنى ئۆگەنگۈچى ئۇنى ئوقۇش ۋە ئاڭلاش جەريانىدا كۆڭلىدە ئۇنىڭ مەنە ـ مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلالايدۇ. شۇنىڭدەك، اللەنىڭ كىتابىغا چوڭقۇر نەزەر سالغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ بايقاپ چىقالايدۇ.

### ئىككىنچى: قۇرئاننىڭ تېما جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:

ئەمەلىيەتتە بىز لەبزە (سۆز) بىلەن مەنە ـ مەزمۇننىڭ ياكى ئۇنىڭدىن مەنە ئىپادىلىنىدىغان ئۇبيېكتىپ تىلنىڭ ئارىسىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەيمىز. بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم تىل جەھەتتە مۆجىزىلىكتۇر» دېگەن سۆزىمىزنىڭ مەنىسى بولسا «قۇرئان كەرىم ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تېمىلارنى ئىپادىلەشتە مۆجىزىلىكتۇر» دېگەنلىكتۇر.

لېكىن، بىز بۇنىڭغا شۇنى قوشۇمچە قىلماقچىمىزكى، قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان تېمىلار ھەقىقى مۆجىزىدۇر. پۈتكۈل ئىنسانلار بىر يەرگە يىغىلىپ بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ تېما جەھەتتىكى مۆجىزىسى بىلەن تېمىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى مۆجىزىسى ئۆز ـ ئارا كىرىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىز قۇرئان كەرىمنىڭ تېما جەھەتتىكى مۆجىزىلىكىنىڭ ھەقىقىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېمىلىرىدىن ئىككى تېمىنى تاللىۋالدۇق. تۆۋەندە بىز ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. شەرىئەت (يەنى قانۇن چىقىرىش) جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:

بىز ناھايىتى ئىخچام قىلىپ: «قۇرئاننىڭ شەرىئەت (يەنى قانۇن چىقىرىش) جەھەتتىكى مۆجىزىسى تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت جەريانىدا، يەنى ساقلانغان تارىخىي كىتابلار تېپىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە بولغان ۋاقىت جەريانىدىكى قاراپ چىققىلى بولىدىغانلىكى مەنبەلەرگە قاراپ چىقىش ئارقىلىق ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان قانۇنلىرىنى يۈزەكى شەكىلدە كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىقلا روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ» دېيەلەيمىز.

بىراق بىز بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇد بولغان قانۇنى تەرەپلەرنى كۆپرەك مەركەز قىلىپ سۆزلەيمىز. چۈنكى، بۇ قانۇنلار ئىنسانلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قوشۇلغان ئىلمى تەرەققىيات، غايەت زور ماددى تەرەققىيات ۋە بۈرۈنقى بارلىق دەۋرنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا تۈزۈپ چىققان ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئەڭ مۇكەممەل قانۇن دەپ قارالماقتا. ئۇنداقتا بىز بۇ ھەقتە نېمە دەيمىز؟

پۈتۈن دۇنيا بىر كۈنلەردە غەربتىكى كاپىتالىزم لاگېرى ۋە شەرقتىكى كوممۇنىزم لاگېرىدىن ئىبارەت ئۆز-ئارا قارمۇ-قارشى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قانۇنى يەنە بىرىنىڭ قانۇنىغا قارشى كېلەتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا بىز بۇ ئىككى لاگېرنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەربىرىدە نېمىلەرنى بايقايمىز؟

1 . بىز شۇنى بايقايمىزكى، بۇ ئىككى لاگېرنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئۆزىنىڭ ئېتىقاد ئەقىدىسىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل بايانلار ـ ھە!... سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «ئىلاھ ئەسلا مەجۇد ئەمەس. كائىنات ئۆزلىگىدىن پەيدا بولغان مادىدىدۇر» دېيىلگەن. غەربنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بولسا «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنى، «دىن ئىنسانىنىڭ شەخسىي تەبىئىيتىدۇر. دۆلەتنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا، كىمكى كاپىر بولۇشنى خالىسا، ئۇنىڭدا مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە» دېگەن مەزمۇنلار كۆچەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىككى لاگېرنىڭ ھەر ئىككىسى ـ گەرچە، دەرىجە ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ئوخشاش بولمىسىمۇ ـ ئىنساننىڭ الله ئۈچۈن بولغان خالىس قۇلچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلدى.

بۇ مەسىلە ساپلا ئەقىدە مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قارىماققا ئۇنىڭ قانۇن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قانۇن بىلەن زىچ ئالاقىسى بار. اللەنىڭ ھەققى ئىبادەت قىلىنغۇچى زات ئىكەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنماستىن ئۇنىڭ قانۇن چىقارغۇچىلىق ھوقۇقى تارتىۋېلىنسا، ئۇنداقتا، قانۇن چىقارغۇچى مەنبە زادى كىم بولىدۇ؟ مانا بۇ، دەل ئاشۇ ئاساسىي قانۇن ئۇنى بەلگىلەيدىغان رېئاللىقتۇر.

غەربنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ـ نەزەرىيە جەھەتتىن ـ : «ئاۋام ـ خەلق قانۇننىڭ مەنبەسىدۇر» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا قانۇننى كاپىتالىزم سىنىپىدىكى پۇلدار بايلار چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ ـ نەزەرىيە جەھەتتىن ـ : «ئىشچىلار سىنىپى

دىكتاتورلۇقى قانۇنىنىڭ مەنبەسىدۇر» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا قانۇننى ھۆكۈمران كوممۇنىستىك پارتىيە چىقىرىدۇ.

2. مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غەربنىڭ كاپىتالىستىك قانۇنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كاپىتالىزمنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن. كوممۇنىستلارنىڭ قانۇنى بولسا ئاۋام-خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ھۆكۈمران كوممۇنىستلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن. قىسقىسى، ھەر ئىككى لاگېردا ئادالەت پۈتۈنلەي يوقالغان.

3. گەرچە، ئۇ ئىككى لاگېرنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، بىراق قانۇنىنىڭ ئەمەلى كۈچىگە ئەھمىيەت بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە روشەن پەرقلەرنى بايقايمىز. يەنى، غەرب لاگېرىدىكى ئاساسىي قانۇندا خەلقنىڭ ھاياتىغا قارىغاندا سىياسىي تەرەپلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. سوتسىيالىزم لاگېرىدا بولسا ئىقتىسادى تەرەپلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ھەر ئىككى لاگېرنىڭ قانۇنلىرى كىشىلەرنىڭ روھىي تەرەپلىرىگە سەل قارايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەخلاقى تەرەپلەر، ئائىلە مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە پۈتۈنلىكىنى ساقلاشقا ئالاقىدار تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ.

4. بىز ئۇنىڭدا يەنە شەخس بىلەن جەمئىيەت مەسىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىمۇ زور دەرىجىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى بايقايمىز. مەسىلەن: غەربنىڭ ئاساسىي قانۇنى شەخسنى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى، ئىجتىمائى ۋە ئىنسانى تەرەپلەردىن پارچىلىنىشىغا ۋە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولىدىغان مۇقەددەس مەجۇدىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. كوممۇنىزمنىڭ ئاساسىي قانۇنى بولسا جەمئىيەتنى (ئەمەلىيەتتە دۆلەتنى) شەخسكە

زۇلۇم سالىدىغان، سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە ئىنسانى تەرەپلەردىن ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى يوقىتىدىغان مۇقەددەس مەۋجۇدىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.

5. ھەر ئىككى لاگېرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تۇراقلىق بولغان خەلقئارالىق نىزامنامىلەر يولغا قويۇلمىغان ئەمەس. چۈنكى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە سىياسەت ئۆچۈن يوچۇق قالدۇرۇپ قويۇلغان. بۇ قانۇنلار ھەرگىزمۇ ئەگىشىش زۆرۈر بولغان تۇراقلىق ھەقىقەتلەرنى ئاساس قىلمايدۇ.

6. بۇ قانۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەخلاق ئىلمىنىڭ پۇتۇنلەي يوقالغان. بۇ قانۇنلارنىڭ باشقا تەرەپلەرگە بولغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. چۈنكى، بۇ قانۇنلار ئەخلاقىي ياكى ئىنسانىي ئېتىبار ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى، شەخسىي مەنپەئەت ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان قانۇنلاردۇر. گەرچە بۇ مەنپەئەتلەر ئازادلىق، قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك ... دېگەنگە ئوخشاش ھەسەلدەك شېرىن سۆزلەر بىلەن پەردىلەپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، ھۆكۈمرانلىقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدۇر. بۈگۈنكى دەۋردە ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى بارلىق قانۇنلىرىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ پىششىپ يېتىلگەن قانۇن دەپ قارىلىۋاتقان «ئاتالمىش قانۇن»غا نىسبەتەن يۇقىرىقىدەك ھەقىقەتلەرنى تويلاپ چىقىدىغان بولساق، ـ ھالبۇكى، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرى ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمى خالاس ـ قۇرئان كەرىمنىڭ قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى مۆجىزىسىنىڭ جاھىلىيەتنىڭ ئاشۇ «ئاتالمىش قانۇنلىرى»غا تامامەن قارشى يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

1 ـ قۇرئان كەرىم ئەڭ دەسلەپتە قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مەنبەنىڭ اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شەرىئەتنىڭ مۇسۇلماننى مۇسۇلما قىلىپ تۇرىدىغان «لا إله إلا الله» ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

2 ـ اللەنىڭ ئادالىتى دەل مۇشۇ نۇقتىدىن كېلىدۇ. چۈنكى، اللە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە بىر تەبىقىنى قويۇپ يەنە بىر تەبىقىگە ياكى بىر شەخسنى قويۇپ يەنە مۇئەييەن بىر شەخسكە يان بېسىش ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى قوغلاشمايدۇ. اللە ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاكىم بولسۇن ياكى مەھكۇم بولسۇن بارلىق ئىنسانلار اللەغا بولغان قۇلچىلىق ۋە ئىتائەتتىن ئىبارەت ئوخشاش بىر دەرىجە بىلەن بۇ قانۇنغا (يەنى شەرىئەتكە) بويسۇنىدۇ.

3 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ شەرىئەت (يەنى قانۇن چىقىرىش) جەھەتتىكى مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ھاياتى تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بىرلا ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. ھاياتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، ئەخلاقى ۋە قۇرئانى شەرىئەت ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇۋاتقان ئىدىيىۋى تەرەپلەردىن بولمىسۇن، قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن ـ تۈزۈم بەلگىلەپ بەرمىگەن شۇنداقلا يەنە ئۇ ساھەرلەرنىڭ بىر تەرىپىنى باشقا تەرەپلەرگە قارىغاندا كۆپرەك مەركەز قىلغان ياكى ئۇنى ھالسىرىتىپ ئۆلتۆرۈپ قويىدىغان بىرمۇ ساھە يوق. ئامىبابلىق ۋە تەڭپۇڭلۇق كۆرۈنۈشى ئىسلامى شەرىئەتنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ بارلىق ساھەلەردىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

4 ـ بىز ئىسلامىي شەرىئەتنىڭ شەخس بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇققا ئىگە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. يەنى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ھەق ـ ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بولىدۇ. ئىسلامدا بىرەر ئادەم

باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مۇقەددەس بولۇۋالىدىغان ئىش يوق. چۈنكى، ئىسلامدا مۇقەددەسلىك بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللەغا خاستۇر. شەخس ۋە جەمئىيەت باراۋەر ھالدا الله ئۈچۈن بەندىدۇر.

5 ـ ئىسلامى شەرىئەت تۇراقلىق بولغان خەلقئارالىق قانۇننى (يەنى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەزگىللىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئالاقىلەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ، ئىسلامدا پۈرسەتتىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە تىلغا ئېلىنماي تاشلاپ قويۇلىدىغان ئىشلار ئەمەس:

﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللَّهِ إِذَا عَاهَدْتُمْ وَلا تَنْقُضُوا الأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللَّهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلاً إِنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ، وَلا تَكُونُوا كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِنْ بَعْدِ قُوَّةٍ أَنْكَاثاً تَتَّخِذُونَ أَيْمَانَكُمْ دَخَلاً بَيْنَكُمْ أَنْ تَكُونَ أُمَّةٌ هِيَ أَرْبَى مِنْ أُمَّةٍ﴾

«سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، اللەنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (اللەنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار. چۈنكى سىلەر اللەنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار[①]. بىر جامائە (سان ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسەمىڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر (يەنى ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئۈستىدە بىر جامائە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىن، سانى، پۇل ـ مېلى كۆپرەك يەنە بىر جامائەنى كۆرۈپلا ئىلگىرىكى جامائە بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنى

① بۇ، قەسەم ئىچىپ چىڭ ئەھدە قىلىشقاندىن كېيىن ئۆز ئەھدىنى بۇزغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر.

بۇزۇپ، كېيىنكى جامائە بىلەن ئەھدى تۈزىسلەر).»[①]

6 ـ مەيلى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن بولمىسۇن پاكى ئائىلە تۈزۈمى ۋە شەخسلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى جەھەتتىن بولمىسۇن ئەخلاقى ئېلېمېنت پۈتكۈل ئىسلامى شەرىئەتتىكى ئاساسلىق ئېلېمېنتتۇر. چۈنكى، بۇ شەرىئەت يۈكسەك ئىنسانى سەۋىيىدىكى ئۈممەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. ئىسلامى ئەخلاق قارشىغا ئىگە بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ ئادەم ھېسابلانمايدۇ. قۇرئاننىڭ شەرىئەت (يەنى قانۇن چىقىرىش) جەھەتتىكى مۆجىزىلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىقى بايانلار يېتەرلىكتۇر. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر چۈشەنمەكچى بولغانلار شەرىئەتنىڭ ھەربىر ساھەسى ھەققىدە مەخسۇس يېزىلغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ. تۆۋەندە بىز شەرىئەتنىڭ ئىككى تەرىپى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز:

1. ھەد[②] ۋە قىساسقا خاس شەرىئەت. بۇ ھەقتە: «پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىلاھى قانۇن ۋە ۋە جازالار تەتبىقلانمىغان ئورۇنلىرىدا ئىنسان ئۆز قېنى، مال ـ مۈلۈكى ۋە يۈز ـ ئابرۇيىدىن ھەرگىزمۇ خاتىرجەم بولالمايدۇ» دېيىشىمىزلا بىزگە يېتەرلىكتۇر. باشقىچە شەكىلدە مۇلاھىزە قىلغاندا «ئىلاھى قانۇن ۋە جازالار ئەمەلى ئىجرا قىلىنغان دۆلەتلەر جىنايەت مىقدارى ۋە مەسىلە چىقىش جەھەتتە ئەڭ ئاز بولغان دۆلەتلەردۇر» .

2. هاراققا خاس شەرىئەت: دۇنيادىكى بارلىق تەرەققى تاپقان مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر هاراق ئىچىشنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان

---

① سۈرە نەھل: 91 ـ 92 ـ ئايەت.

② بۇ يەردىكى ھەد ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ۋە زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىش ھەققىدىكى جازانى كۆرسىتىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئادەم ئۆلتۈرۈش، باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە قاتناش ھادىسىلىرى قاتارلىقلارنى تىزگىنلىمەكچى بولدى. پۈتكۈل تارىختىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت ئىسلامى جەمئىيەتلا ھاراق ئىچىش مۇمكىنقەدەر ئەڭ ئاز بولغان جەمئىيەتتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسلامى شەرىئەت پۈتۈنلەي ـ ھاراقنى ھارام قىلىش توغرىسىدىكى قانۇنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ـ ئەقىدە ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئەمما، جاھىلىيەت قانۇنلىرى بولسا ھوقۇق ياكى مۇستەبىتلەرچە تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئەقىدىگە ئالاقىدار بۇيرۇق بىلەن ھوقۇق ياكى مۇستەبىتلەرچە تۈزۈمگە ئالاقىدار بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ، إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَعَنِ الصَّلَاةِ فَهَلْ أَنْتُمْ مُنْتَهُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللەنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟»[1]

بىز بۇ يەردە ـ قۇرئان كەرىمنىڭ قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى مۆجىزىلىك تېمىسىغا ـ ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئاجايىب تىرەنلىكىنى قوشۇمچى قىلماقچىمىز. چۈنكى، خۇددى سۈرە بەقەرەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە لەبزىلەرنى

---

① سۈرە مائىدە: 90 ـ 91 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلا ئايەت بەزىدە مۇكەممەل بىر تۈركۈم ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا تَدَايَنْتُمْ بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُسَمًّى فَاكْتُبُوهُ وَلْيَكْتُبْ بَيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ وَلا يَأْبَ كَاتِبٌ أَنْ يَكْتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ اللَّهُ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ وَلْيَتَّقِ اللَّهَ رَبَّهُ وَلا يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْئًا فَإِنْ كَانَ الَّذِي عَلَيْهِ الْحَقُّ سَفِيهًا أَوْ ضَعِيفًا أَوْ لا يَسْتَطِيعُ أَنْ يُمِلَّ هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُ بِالْعَدْلِ وَاسْتَشْهِدُوا شَهِيدَيْنِ مِنْ رِجَالِكُمْ فَإِنْ لَمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ أَنْ تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الأُخْرَى وَلا يَأْبَ الشُّهَدَاءُ إِذَا مَا دُعُوا وَلا تَسْأَمُوا أَنْ تَكْتُبُوهُ صَغِيرًا أَوْ كَبِيرًا إِلَى أَجَلِهِ ذَلِكُمْ أَقْسَطُ عِنْدَ اللَّهِ وَأَقْوَمُ لِلشَّهَادَةِ وَأَدْنَى أَلا تَرْتَابُوا إِلا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا بَيْنَكُمْ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَلا تَكْتُبُوهَا وَأَشْهِدُوا إِذَا تَبَايَعْتُمْ وَلا يُضَارَّ كَاتِبٌ وَلا شَهِيدٌ وَإِنْ تَفْعَلُوا فَإِنَّهُ فُسُوقٌ بِكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَيُعَلِّمُكُمُ اللَّهُ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم-زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى (اللە ئۇنىڭغا بىلدۈرگەنىدەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازىدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن، (قەرزدار) پەرۋەردىگارى اللەدىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى خۇدىنى بىلمەيدىغان، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا، ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقىتىدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. اللەنىڭ نەزىرىدە (يەنى ھۆكمىدە)، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، اللەنىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، اللە سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، اللە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.»[①]

گەرچە بۇ خۇسۇسىيەت قۇرئاننىڭ تىل جەھەتتىكى مۆجىزىلىكىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇرئاننىڭ شەرىئەت (يەنى قانۇن چىقىرىش) جەھەتتىكى مۆجىزىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئىنسانلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ھۆكۈملەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر قانچە بەت كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن قانۇن تۈزگۈچى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن بىر قىسىم ھۆكۈملەرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇنچە مەزمۇنلارنى قوشۇپ قويىدۇ.

2. قۇرئاننىڭ ئىلمى جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:

① سۈرە بەقەرە: 282 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ، قۇرئان كەرىم بىلەن تۇنجى خىتاب قىلىنغان ئەرەبلەردە ياكى باشقا مىللەتلەردە شۇ ۋاقىتلاردا تونۇشلۇق بولمىغان نۇرغۇنلىغان ئىلمى ۋە كائىنات ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىگەنىدى. ھالبۇكى، ئۇ ھەقتىكى ئىلىملەرنىڭ ھەقىقىتى پەقەت يېقىنقى ۋاقىتلاردىلا بايقالدى. بۇ ئىلىملەرنىڭ قۇرئان كەرىمدە مەۋجۇد بولۇشى، ئۇنىڭ اللە تەرەپتىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى بولۇشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنىڭ كەسكىن دەلىلىدۇر.

بىز بۇ يەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس، پەقەت مىسال ئۈچۈنلا قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن ئۆتكەن بەزى ئىلمى ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىماقچىمىز:

1 . قۇرئان كەرىم يەر تەۋرەپ ئىنسانلارنى خاتىرجەمسىز قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن تاغلارنىڭ زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن ساقلاپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم قوزۇق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

﴿خَلَقَ السَّمَاوَاتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا وَأَلْقَى فِي الأَرْضِ رَوَاسِيَ أَنْ تَمِيدَ بِكُمْ﴾

«اللە ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر. يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى.»①

ئىنسانلار پەقەت مۇشۇ ئەسىردىلا ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق تاغلارنىڭ يەر شارىنىڭ تەكشىۈكلىكىنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ خىل تەكشىۈكلۈك بۇزۇلغان چاغدا، يەر شارىنى تەكشىۈكلىۈكتا ئىگە قىلىش ئۈچۈن يەر تەۋرەش ۋە يانار تاغ پارتىلاش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

---

① سۈرە لوقمان: 10 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

2. قۇرئان كەرىم سۈتنىڭ چارۋىلارنىڭ قورسىقىدىكى تېزەك (يەنى ھەزىم قىلىنغان ئوزۇقلۇق) بىلەن قاندىن شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُسْقِيكُمْ مِمَّا فِي بُطُونِهِ مِنْ بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَبَناً خَالِصاً سَائِغاً لِلشَّارِبِينَ﴾

«چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز.»[1]

بۇ ئىلمى ھەقىقەتنىمۇ ئىلىم ـ پەن پەقەت مۇشۇ ئەسىردە بايقاپ چىقتى.

3. قۇرئان كەرىم بۇ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ جۈپتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

﴿سُبْحَانَ الَّذِي خَلَقَ الأَزْوَاجَ كُلَّهَا مِمَّا تُنْبِتُ الأَرْضُ وَمِنْ أَنْفُسِهِمْ وَمِمَّا لا يَعْلَمُونَ﴾

«الله (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار.»[2]

پەقەت يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا ئاندىن ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق قۇرئان كەرىم نازىل بولۇۋاتقان كۈنلەردە مەلۇم بولمىغان بىر قىسىم ھەقىقەتلەر بايقاپ چىقىلدى. ئۇ بولسىمۇ، خىمىيىلىك رېئاكسىيىلىشىش ئەمەلىيەتتە ئۆز ـ ئارا رېئاكسىيىلىشىدىغان ماددىلار ئارىسىدىكى جۈپلىشىش ئەمەلىيىتىدۇر. يەنى، ھەرقانداق ماددىنىڭ زەررىلىرى ئادەتتە بىر مۇسبەت يادرودىن ۋە بىر قانچە مەنپىي زەرەتتىن شەكىللىنىدۇ. بۇ زەرەتلەر ئاتوم ئەتراپىدىكى ھالقىلاردا ئايلىنىدۇ.

---

① سۈرە نەھل: 66 ـ ئايەت.
② سۈرە ياسىن: 36 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھالقا مۇكەممەل بولمايدۇ. ئەگەر باشقا ئىلمىيلەر ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر ئىلمىيەت تېپىلسا خىمىيىلىك رېئاكسىيىلىشىش يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: بىز پەرەز قىلىپ باقايلى! ئەگەر مەلۇم بىر ئىلمىيەتنىڭ زەرەتلىرى ئۇنىڭ ھەربىرى يەتتە زەرەتتىن تەركىپ تاپقان ھالقا ئەتراپىدا ئايلانسا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھالقىدا ئىككى زەرەت بولسا، بۇ ئىلمىيەت ئاخىرقى ھالقىسى يەتتە زەرەتتىن شەكىللەنگەن باشقا بىر ئىلمىيەت بىلەن ئۆز-ئارا ئۇچراشسا، باشقا ھالقىلارغا ئوخشاش ئىككى زەرەتلىك ھالقىنىڭ توققۇز زەرەتكە تولۇقلىنىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز-ئارا رېئاكسىيىلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

4. قۇرئان كەرىم تۆرەلمىنىڭ يېتىلىش باسقۇچىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الأِنْسَانَ مِنْ سُلالَةٍ مِنْ طِينٍ، ثُمَّ جَعَلْنَاهُ نُطْفَةً فِي قَرَارٍ مَكِينٍ، ثُمَّ خَلَقْنَا النُّطْفَةَ عَلَقَةً فَخَلَقْنَا الْعَلَقَةَ مُضْغَةً فَخَلَقْنَا الْمُضْغَةَ عِظَاماً فَكَسَوْنَا الْعِظَامَ لَحْماً ثُمَّ أَنْشَأْنَاهُ خَلْقاً آخَرَ فَتَبَارَكَ اللَّهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِينَ﴾

«بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان)دا (جايلاشقان) ئابىمەنىي قىلدۇق. ئاندىن ئابىمەنىينى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئاڭ ماھىر ياراتقۇچى اللە (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.»①

ئاناتومىيە ۋە تۆرەلمە تەتقىقاتى ئىلمى بۇ جەريانلارنى (يەنى

① سۈرە مۇئمىنۇن: 12 ـ 14 ـ ئايەت.

تۆرەلمىنىڭ يېتىلىش جەريانىنى) پەقەت مۇشۇ يېقىنقى ئەسىردىلا بايقاپ چىقتى.

5. قۇرئان كەرىم ھاۋا بوشلۇقىدا بولۇت دۆۋىلىرىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُزْجِي سَحَاباً ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُ ثُمَّ يَجْعَلُهُ رُكَاماً فَتَرَى الْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلالِهِ وَيُنَزِّلُ مِنَ السَّمَاءِ مِنْ جِبَالٍ فِيهَا مِنْ بَرَدٍ فَيُصِيبُ بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَيَصْرِفُهُ عَنْ مَنْ يَشَاءُ يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِ يَذْهَبُ بِالأَبْصَارِ﴾

«كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن، الله ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئۇنى الله خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ئۇنىڭ (زىيىنىدىن) خالىغان ئادەمنى ساقلايدۇ، چاقماقنىڭ يورۇقى (قارىغۇچىلارنى) كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ.»①

ئالىملار ئايروپىلان ئارقىلىق بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ ھەقىقەتنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى.

6. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِي مَدَّ الأَرْضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْهَاراً وَمِنْ كُلِّ الثَّمَرَاتِ جَعَلَ فِيهَا زَوْجَيْنِ اثْنَيْنِ يُغْشِي اللَّيْلَ النَّهَارَ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

«الله يەر يۈزىنى (ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك-چىشى-ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ

---

① سۈرە نۇر: 43-ئايەت.

يورۇقلۇقىنى ياپتى). بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار.»[①]

بۇ يەردە بۇ ئايەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر داۋاملىشىدۇ. لېكىن، بۇ خىل مۇلاھىزىنىڭ ئۇقۇمى مۇنۇ قۇرئان بىلەن تۇنجى خىتاب قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئىلىم ـ پەن ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ بىر قىسىم تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە باشلىدى. تاغلارنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئۇنىڭدىن يامغۇر يېغىش ئارقىلىق دەريالارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان بۇلۇتلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىلدۇر. چۈنكى، سۇ ھورىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان شامال بۇلۇتقا ئۇرۇلۇش ئارقىلىق يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، ئاندىن كېيىن يۇقىرى ھاۋا قاتلىمىدا سوۋۇشقا باشلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى سۇ ھورى زىچلىشىش ئارقىلىق يامغۇرغا ئايلىنىپ زېمىنغا چۈشىدۇ. ئەنە شۇ يامغۇردىن دەريالار شەكىللىنىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ دەريالار زىرائەتلەرنى سۇغىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چېچەكلەردە يۈز بەرگەن چاڭلىشىش ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە جۈپ ـ جۈپ مېۋىلەر بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈرۈۋېتىش ھەققىدىكى ئىلمى مۇلاھىزىنىڭ ئۇقۇمى (بەلكى بۇنى ئىلگىرىكى ئەۋلادلار مۇلاھىزە قىلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن) مېۋىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن (كېچىنىڭ كىرىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان) قاراڭغۇلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى يېڭىچە بايقاش مەيدانغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا نامەلۇم ھالەتتە ئىدى. بۇ، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان تاسادىپىي ھادىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ياپونىيىدىكى مەلۇم بىر شىركەت بىر دېھقاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى شال ئېتىزلىقىغا نېيون

① سۈرە رەئد: 3 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئارقىلىق يورۇپ تۇرىدىغان ئېلان تاختىسىنى قاداپ قويغان. نەتىجىدە، دېھقان مەھسۇلاتىنىڭ كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بۇ ئېلان تاختىسىنى قاداپ قويغان شىركەتنىڭ مەھسۇلات زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ سوتقا ئەرز سۇنغان. ئەرزنامىدە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بۇ ئېلان تاختىسى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەسىلە چوڭقۇر ئىلمى تەتقىقاتقا مۇھتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سوت مەھكىمىسى بۇ مەسىلىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشى ئۈچۈن پەن ـ تېخنىكا ئالىملىرىغا تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە نۇرغۇن قېتىم ئارقىمۇ ـ ئارقا تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا شۇنداق ئىسپاتلاپ چىقىلدىكى، بۇ نۇرلۇق ئېلان تاختىسى ئەمەلىيەتتە مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. چۈنكى ئۇ، زىرائەتلەرنىڭ كېچىدىكى ئارامىنى بۇزۇپ قويىدۇ. كېچە بولسا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكلەيدىغان ۋە مېۋە بېرىدىغان ۋاقتىدۇر. ئالىملار ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىب بولغان يەنە بىر ھەقىقەتنى بايقاپ چىقتى. ئۇ بولسىمۇ، ھەر بىر ئۆسۈملۈك بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ھالدا مۇئەييەن قاراڭغۇلۇققا مۇھتاج بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەر يۈزىگە تارقىلىشى بىر نەچچە خىل ئامىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەربىر رايوندىكى كېچە مەزگىلىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئەنە شۇ ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئۆسۈملۈكلەر چېچەكلەش مەزگىلىدە ئون ئىككى سائەت قاراڭغۇلۇققا مۇھتاج بولسا، ئۇنداقتا ئۇ، پەقەت ئون سائەتلا قاراڭغۇ بولىدىغان رايونلاردا ھەرگىزمۇ ئۆسەلمەيدۇ ياكى (ئۆسەلىگەن تەقدىردىمۇ) تولىمۇ ئاجىز بولىدۇ ۋە مېۋە بېرەلمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كېچىنىڭ كۈندۈزنى قاپلىشى بۇ ئايەتتە باشتىن ـ ئاخىر مۇلاھىزە قىلىنغان ئىلمىي

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تەتقىقاتنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە نامايەن بولىدى، ھالبۇكى بۇ، قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان ۋاقىتتىن بۇيانقى 13 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا ئېنىق ئايدىڭلاشماي كېلىۋاتقان ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ۋە كائىنات مۆجىزىلىرى توغرۇلۇق كۆرسەتمىلەر بار. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلىم ـ پەندە بايقالغانلىرىمۇ بولغۇنغە قەدەر بايقالمىغانلىرىمۇ بار. بۇ ھەقىقەتلەر قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغانلىقىنى، ئىنسانىنىڭ بولارنى ئۆز ئىچىدىن توقۇپ چىقىرىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىراق بىز قۇرئاننىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم يازغۇچىلار قىلىۋاتقاندەك بۇ ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ كەينىدىن ھاسىراپ ـ ھۆمىدىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ يۈرۈشكە مۇھتاج ئەمەسمىز. ئىلىم ـ پەن ھەر قېتىم بىرەر يېڭى كەشپىياتنى بايقىسا يازغۇچىلار: «بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ئىلگىرى سۆزلەپ بولغان» دېيىشىدۇ.

بىز بۇنداق قىلىشقا مۇھتاج ئەمەس. چۈنكى، بۇ كەشپىياتلار ھېلىھەم ئىسپاتلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تېخىچە ئەڭ ئاخىرقى ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ئايلانغىنى يوق. شۇ سەۋەبتىن بىز قۇرئاندىكى بۇ كائىنات مۆجىزىلىرىنى ئۆزگىرىشچان نەزەرىيەلەر ئارقىلىق ئىزاھلاشقا ئۇرۇنماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەتىلا بۇ نەزەرىيەلەرنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن مۆجىزىلىك دەلىللەر تۇراقلىق ۋە كەسكىن دەلىللەر بولۇپ، بىز باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆزىمىزنى گويا قۇرئاننىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئىسپاتقا مۇھتاج بولۇۋاتقاندەك

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تۈيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن بۇ نەزەرىيەلەرنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. بىزگە پەقەت ئىلىم ـ پەن ئۇنىڭ ئەڭ ئـاخىرقى ھەقىـقەت ئىكەنلىكىنـى ئىسـپاتلاپ چىققـان مەلۇمـاتلارلا يېتەرلىكتۇر. بەلكى قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىزگە پەقەت بىرلا دەلىل يېتەرلىكتۇر.

## ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى

شەكسىزكى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ناچار ھالەتتە تۇرماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىنىڭ ھەر قايسى قىتئەلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر مىلياردتىن ئاشىدۇ. بۇ، مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تارىختىن بۇيانقى ئەڭ كۆپ ساندۇر. لېكىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغىنىدەك سەلنىڭ كۆپۈكچىلىرىگە ئوخشاش كۆپۈكچىلەردۇر: «پات يېقىندا باشقا دىندىكى كىشىلەر سىلەرگە خۇددى ئاچ الغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ تاماق قاچىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! شۇ كۈندە بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «ياق، ئۇ كۈنى سىلەرنىڭ سانىڭلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بىراق سىلەر سەلنىڭ كۆپۈكچىلىرىگە ئوخشاپ قالىسىلەر» دېگەن.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا ئۇنىڭغا دۈشمەنلىرى بۈگۈنكى كۈندە ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك ياۋۇزلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان ھەر بىر ئورۇندا مۇسۇلمانلار نەچچە مىڭلاپ قىرغىن قىلىنماقتا، ئۆلتۈرۈلمەكتە، ۋەتەنلىرىدىن سۈرگۈن قىلىنماقتا ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ قالماقتا. دۈشمەنلەر ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن ماسلىشىپ ئۇلارغا الله نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇلارنى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«لا إله إلا الله»غا ئىشەنمەيدىغان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرمەكتە. ئىسلام زېمىنىدا ھەر قېتىم بىرەر كۈپرى دۆلىتى قۇرۇلسا، ئۇنىڭ زېمىنى تارايماقتا، بىرلىكى پارچىلانماقتا ۋە بۇ چوڭ دۆلەت بىر قانچە كىچىك دۆلەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلماقتا.

گەرچە ئىسلام زېمىنلىرى دۇنيادىكى بايلىقى ئەڭ مول رايونلارغا جايلاشقان بولسىمۇ، بىراق نامراتلىق، بىلىمسىزلىك ۋە كېسەللىك پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىماقتا.

ئىسلام دۇنياسى قېزىلما بايلىقلار، بولۇپمۇ نېفىت بايلىقى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار يەر شارىدىكى ئەڭ نامرات، بارلىق ساھەلەردە ئەڭ قالاق كىشىلەر بولۇپ قالماقتا.

بۇ ئىشلار زادى قاندا يۈز بەردى؟ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ھەقىقەتەن، الله بۇ ئۈممەتكە ئۇلارنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلىش ۋە ئۇلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ۋەدە قىلدى:

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً﴾

«الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.»①

---

① سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەجەبا، اللە بۇ ئۇممەتكە قىلغان ۋەدىسىدىن يېنىۋالدىمۇ؟ اللە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىشتىن پاكتۇر. ئۆزگەرگەن ئىش بولسا، بۇ ئۇممەت ئۆز پەرۋەرىگارىدىن ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن يىراقلىشىپ كەتتى.

اللە ئۇلارغا ئۇلارنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلىش، ئۇلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ئۇلارنى ئەمىن قىلىش بەدىلىگە مۆئمىنلەرگە شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ». بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار بۇ شەرتتىن، پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىنى ئۆزىگە ھۆكۈمران قىلىشتىن نېمىدېگەن يىراقلىشىپ كەتكەن ـ ھە!

ئۇلار قۇرئان كەرىمدىن يۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈدى. ئۆز ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىدىغان قانۇنلارنى، ئۆزلىرىنىڭ تەربىيە پرىنسىپلىرىنى، شۇنداقلا، ئەخلاق، ئىدىيە، تۇيغۇ ۋە ھەرىكەت يوللىرىنى قۇرئاندىن قوبۇل قىلمىدى.

ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ياۋروپانىڭ شەرق ۋە غەربىگە يۈزلەندى. ئۇلار ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن يۈز ئۆرۈگەن تۇرسا، پەرۋەردىگارىنىڭ ياردىمى ئۇلارغا قانداقمۇ يېتىپ كەلسۇن؟ ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ قويغان شەرتىگە خىلاپلىق قىلغان تۇرسا، اللەنىڭ ئۇلارنى زېمىندا خەلىپە قىلىش توغرىسىدىكى ۋەدىسى قانداقمۇ ئىشقا ئاشسۇن؟

ھەقىقەتەن، اللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى شۇ قەدەر چوڭ سىناق بىلەن سىنىدىكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سىناقتا ناھايىتى ياخشى سىنالدى. ئاندىن اللە ئۇنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلاپ ئۇنىڭغا: «مەن سېنى كىشىلەرگە (دىندا) پېشىۋا قىلىمەن»

دېدى. بۇ چاغدا بۇ ئەھدىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ كىشىلەرگە دىنى پېشۋا بولۇشىغا نىسبەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدا تەبىئىي قىزىقىش پەيدا بولۇپ اللەغا: «مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنىمۇ (دىندا) پېشۋا قىلساڭ» دەپ دۇئا قىلدى. اللە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق، ھۆرمەتلەش ئورنىدا تۇرۇپ: «مېنىڭ (دىندا) پېشۋا قىلىش ھەققىدىكى ئەھدەمگە زالىملار ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.

مانا بۇ، اللەنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ھېچكىمگە يان باسمايدىغان قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەگەر ئىنسانلار ئۆزلىرى مۇئمىن بولمىسا، ئۇلارنىڭ مۇئمىن قەۋمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغىنى ئۈچۈنلا اللە ئۇلارغا ھەرگىزمۇ كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار توغرا ئىماننىڭ شەرتىدىن يىراقلاپ كەتسە، ئۇلارنىڭ مۇئمىن قەۋملەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقى ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئەسقاتمايدۇ.

بىزنىڭمۇ بەنى ئىسرائىل چۈشۈپ قالغان خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىزگە ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ناھايىتى مۇكەممەل شەكىلدە بايان قىلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇردى:

﴿سَلْ بَنِي إِسْرَائِيلَ كَمْ آتَيْنَاهُمْ مِنْ آيَةٍ بَيِّنَةٍ وَمَنْ يُبَدِّلْ نِعْمَةَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَتْهُ فَإِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن سورىغىنكى، بىز ئۇلارغا نەقەدەر كۆپ روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلدۇق. كىمكى اللەنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى (كۇفرىلىق قىلىپ) ئۆزگەرتىۋەتسە (اللە ئۇنىڭغا ئازاب قىلىدۇ)، اللەنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.»[①]

بەنى ئىسرائىلدىن قانداق ئىشلار سادىر بولدى؟

---

① سۈرە بەقەرە: 211 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿فَخَلَفَ مِنْ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ وَرِثُوا الْكِتَابَ يَأْخُذُونَ عَرَضَ هَذَا الأَدْنَى وَيَقُولُونَ سَيُغْفَرُ لَنَا وَإِنْ يَأْتِهِمْ عَرَضٌ مِثْلُهُ يَأْخُذُوهُ أَلَمْ يُؤْخَذْ عَلَيْهِمْ مِيثَاقُ الْكِتَابِ أَنْ لا يَقُولُوا عَلَى اللَّهِ إِلا الْحَقَّ وَدَرَسُوا مَا فِيهِ وَالدَّارُ الآخِرَةُ خَيْرٌ لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ أَفَلا تَعْقِلُونَ﴾

«ئۇلاردىن كېيىن، (يامان) ئەۋلادلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل ـ مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ، ۋە بىزنى الله ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق پۇل ـ مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) اللهغا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى. ھارامنى تەرك ئېتىپ، اللهدىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر، بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟»①

ئىسلامى ئۈممەت بۈگۈن الله ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان خاتالىققا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ ئەرزىمەس مال ـ مۈلۈكلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى ئىلاھى كىتابنى تەرك ئېتىۋاتىدۇ. «بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن ھازىرقى ھالىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىسەكمۇ بىزگە ھېچ زىيىنى يوق» دېگەن شېرىن ئارزۇلار بىلەن ئۆزلىرىنى ئالداپ يۈرۈشىۋاتىدۇ.

ھالبۇكى، ئىمان ئارزۇ ـ ھەۋەس ۋە قۇرۇق دەۋا ئەمەس، بەلكى، قەلبتە ئورۇنلاشقان ۋە ئەمەل ئۇنى تەستىقلىغان نەرسىدۇر.

مۆئمىن بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىماننى ئېغىمىزدا داۋراڭ سېلىپ قويساقلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى، ئاشۇ دەۋالارنى تەستىقلايدىغان ۋە ئۇنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئەمەلى رېئاللىق بولۇش كېرەك.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ تەدرىجىي ئېغىپ كېتىش داۋامىدا شۇنداق

---

① سۈرە ئەئراف: 169 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىر مەزگىللەرنى باشتىن كەچۈردىكى، بۇ مەزگىللەردە دىن رىئاللىق بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق قەلبتىكى ۋە تۇيغۇدىكى قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر: «مېنىڭ سىرتقى ئەمەللىرىمگە قاراپلا ھۆكۈم چىقارما! چۈنكى، مەن قەلبىمنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇسۇلمانمەن. بۇ ئىمان يېتەرلىكتۇر. پەقەت اللهلا قەلبىنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى بىلگۈچىدۇ» دەيتتى.

ئۇلار دىنىنىڭ ھەقىقىتىگە قارشى بولغان بۇ خاتا تەسەۋۋۇرلارنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدى؟ ھالبۇكى، بۇ ئىدىيىلەر غەربنىڭ چىركاۋ چۈشەنچىلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. غەربنىڭ چۈشەنچىلىرىدە: «دىن بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدۇر، ئۇنىڭ ئورنى قەلبتە بولىدۇ» يەنى، «ئۇنىڭ ھايات رىئاللىقى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇ پەقەت قەلبنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇيغۇ ۋە سېزىمدىن ئىبارەتتۇر» دەپ قارىلاتتى.

ئىسلام بۇ دىنني جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك بارلىق ئىشلاردا اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۆزىنى «بىز ئىبراھىمنىڭ دىنىدا» دەۋالغىنىغا ئوخشاش ئەمەس بەلكى، ھەقىقىي ياشاشقا تېگىشلىك رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلدى:

﴿إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الإِسْلامُ﴾

«ھەقىقەتەن اللهنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.»①

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا اللهنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇنلارنى قانۇن قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە، تۇزۇم، ئەنئەنە ۋە ھەرىكەت يوللىرىنى ئىلاھى مەنبەنىڭ غەيرىدىن قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ، غەرب ۋە شەرقتىن اللە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ئەر-

---

① سۈرە ئال ئىمران: 19 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئاياللارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇلگە قىلىپ تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ھەقىقى مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

ھەقىقى ئىمان ئۈچۈن ئەمەلى ھەرىكەت كۆرۈنۈشى بولۇشى كېرەك.

ئىمان «شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرىدۇر. يەنى، اللە تەرەپتىن ھەق بىلەن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر» دېگەن گۇۋاھلىقتا مۇجەسسەملەنگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئاننى تەستىقلاشنىڭ تەلىپى ھايات رېئاللىقىدا ئەمەلى گەۋدىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ تەلىپى «شەخسىي ۋە كوللېكتىۋىزملىق يول ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

شەخس پەرۋەردىگارى ئۆزىنى بۇيرۇغان ۋە توسقان بارلىق ئىشلاردا پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. جامائەت بولسا اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىشى، بۇ ۋەزىپىنى پۈتۈن تىرىشچانلىقى بىلەن ئورۇندىشى ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا ھەر قانداق قانۇنلارنى رەت قىلىشى كېرەك.

شەخس ۋە جامائەت بۇ بۇيرۇقلارغا ئاگلىق رېئايە قىلغاندىلا ئاندىن قۇرۇق نام ۋە شوئاردا ئەمەس بەلكى، رېئال دۇنيادا ھەقىقى مۇسۇلمان شەخس ۋە مۇسۇلمان جامائەتكە ئايلىنالايدۇ. جەمئىيەتتىكى ئەمەلى يول بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك ئەمەس بەلكى، ھەقىقى ئىسلامى يولغا ئايلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامى دۆلەت سۈپىتىدە كۆرۈنگەن دۆلەتلەر ئىسلام بولۇشتىن نەقەدەر يىراق نەرسىلەر ـ ھە!

بىر قەۋم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسمى تىلغا ئېلىنسا ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن يىغلاپ تاشلىسا، شۇنىڭدىن كېيىن اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ غەيرى قانۇنلارنىڭ ئالدىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ بېرىش ۋە پۈتۈن ھاياتىنىڭ اللەنىڭ پرىنسىپلىرىدىن يىراق ھالەتتە داۋاملىشىشى ئۇلارغا نىسبەتەن قىلچە غەيرى تۇيۇلمىسا، بۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام بولمايدۇ.

﴿لَيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلا يَجِدْ لَهُ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلا نَصِيرًا، وَمَنْ يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلا يُظْلَمُونَ نَقِيرًا﴾

«(اللە ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللەدىن باشقا (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر ـ ئاياللاردىن مۇئمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ).»[①]

① سۈرە نىسا: 123 ـ 124 ـ ئايەت.

## ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسى

ئىسلام ئۈممىتى پەقەت الله تەرەپكە قايتىش ۋە قۇرئانى پرىنسىپلارغا ئەگىشىش ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى ناچار ھالىتىدىن قۇتۇلالايدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسلام دۇنياسى ئىسلاھات يۈرگۈزۈش ئۈچۈن شەرق ياكى غەربكە ئەگىشىشنى تەجرىبە قىلىپ سىناپ باقتى. نەتىجە ئارقىمۇ ـ ئارقا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. يەر شارىدا بىر ـ بىرىنى بوزەك قىلىش، قىرغىن قىلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش ھادىسىلىرى ئىزچىل داۋاملاشماقتا. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى تېخىمۇ پارچىلانماقتا.

بۇ، ئۇلار اللەنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە اللەنىڭ كىتابىدىن يىراقلاپ كېتىش يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارغا پەقەت اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا رىئايە قىلىش ئارقىلىقلا غەلىبە قازىنالايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلالايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَنْصُرُوا اللَّهَ يَنْصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر اللەغا (يەنى اللەنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ.»①

① سۈرە مۇھەممەد: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْماً غَيْرَكُمْ ثُمَّ لا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾
﴿ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللەغا ئىتائەت قىلىدۇ).»①

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى.

ئەك ئاۋۋال كۆز ئالدىدىكى اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ ئۇلار قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان جاھىلىيەت پرىنسىپلىرىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىق بىلىدىغان ۋاقتى كەلدى:

﴿أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْماً لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾
«ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللەغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللەدىنمۇ ئادىل كىم بار؟»②

ئۇلار يۈز ئۆرۈۋاتقان ئىلاھى شەرىئەت ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخشى قانۇنىدۇر. بارلىق جاھىلىيەت قانۇنلىرى بولسا خاتا ۋە ئازغۇن قانۇنلاردۇر.

پەقەت ئىسلام تەربىيە پرىنسىپلا ياراملىق ئىنسانلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر ئازغۇنلۇقتۇر.

شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىڭكى، اللە بۇ ئۇممەتنى ئۆز ئوبرازى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بولۇشى ۋە ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق قۇيرۇق ئەمەس بەلكى، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوماندانلىق مەركىزىدە تۇرالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇممەت قىلىپ

---

① سۈرە مۇھەممەد: 38 ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 50 ـ ئايەت.

مەيدانغا چىقارغان:

﴿وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً﴾

«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.»[1]

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى بىلىۋېلىڭكى، ئەگەر بۇ ئۈممەت ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقى ۋە بوشاڭلىقى سەۋەبىدىن ئىلمى ۋە ماددى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يوقىتىپ قويغان بولسا ۋە بۇ ساھەلەردە ياۋروپادىن تەلىم ئالغان بولسا، بۇنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچكەنلىكى، ئۆز تۈزۈملىرى، ئەخلاقلىرى، ئىدىيىلىرى ۋە ھەرىكەت يوللىرىنى ياۋروپادىن قوبۇل قىلغانلىقى ئەمەس. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەتنىڭ ئازغۇنلۇقلىرى بولۇپ، الله بۇ ئۈممەتنى بۇ ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى ئازغۇنلۇققا تارتىپ كېتىدىغان دۈشمەنلىرىدىنمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان:

﴿وَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ كَمَا كَفَرُوا فَتَكُونُونَ سَوَاءً﴾

«ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ.»[2]

﴿وَدَّتْ طَائِفَةٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يُضِلُّونَكُمْ﴾

«ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر سىلەرنى ئازدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»[3]

---

① سۈرە بەقەرە: 143 ـ ئايەت.
② سۈرە نىسا: 89 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئال ئىمران: 69 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ياۋروپا ئىلگىرى ئۆزىنىڭ گۈللىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا شاگىرت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بىراق ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەت بولغان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان ئىدى. نېمىشقا مۇسۇلمانلار شۇلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەرىپەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باتىل ئىدىيىلىرىنى، تۈزۈملىرىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى رەت قىلمايدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى پەقەت مۇشۇ خىل شەكىلدە بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ رېئاللىقى ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىلىمنى يەر شارىنىڭ مەۋجۇد بولغان ھەممە تەرەپلىرىدىن قوبۇل قىلسا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز دىنى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرالىسا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق ئىجرا قىلالىسا، اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن يەرشارىدا غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنالايدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ لا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۈزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللە ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ).»[①]

ئەگەر ئۇلار ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتسە، اللەنىڭ كىتابىدىن يۈز ئۆرۈشتىن توختىسا ۋە قۇرئان كەرىمدىكى پرىنسىپلارغا قايتىپ كەلسە، اللە ئۆز قۇدرىتى ئارقىلىق ئۇلارغا ـ ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان تىرىشچانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن ـ ئۆز بايلىقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەر شارىدىكى ئەڭ

---

① سۈرە رەئد: 11 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

باي ئۇممەتكە ئايلىنىدۇ:

﴿وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْقُرَى آمَنُوا وَاتَّقَوْا لَفَتَحْنَا عَلَيْهِمْ بَرَكَاتٍ مِنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ﴾

«(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق.»①

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەر شارىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۇممەتكە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بايلىق مۇئمىنلەرنىڭ نۇسرەت قازىنىشىدىكى ماددى كۈچ ـ قۇۋۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە ھالاكەت بىلەن تەھدىت سېلىنىۋاتقان دۇنيادىكى تىنچلىق قورالىغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيا ـ ئۆزىنىڭ ئىككى لاگېرىدا ـ بىزنى مۇستەملىكە قىلىش، بايلىقلىرىمىزنى ئىگەللىۋېلىش ۋە شانۇ ـ شەۋكىتىمىزنى سۇندۇرۇش توغرولۇق تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇپ، ئەڭ باي ئۇممەتكە ئايلانغان ۋاقتىمىزدا يەر شارىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى چەكلەيدىغان كۈچكە ئايلىنالايمىز. ياكى ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرى بىزدىن يىراق ھالەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ رېئاللىقىمىزمۇ بۆگۈنكىدەك بولۇپ قالمايدۇ.

---

① سۈرە ئەئراف: 96 ـ ئايەت.

# بەشىنچى باب

## ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ھازىرغا قەدەر اللەنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ئاخىرەتنى كۆرۈپ باقمىدى. بەلكى، الله ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش لازىملىقىنى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئۇقتۇردى ۋە ئۇنى كىتاب، سۈننەت ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇردى.

الله بىزگە قىيامەت كۈنى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىشىمىزنى بىزگە پەرز قىلدى ۋە ئۇنى ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس قىلىپ بېكىتتى. شۇ سەۋەپتىن الله ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىدا غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش ئېتىقادىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە غەيبكە ئىشىنىشنى ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىنىشىگە سەۋەپ بولغان ئامىللارنىڭ بىرى قىلدى.

ھەقىقەتەن، ھايۋانلار پەقەت ماددىي ئالەم دائىرىسىدىلا ياشايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۇنياسى شۇ دائىرىگىلا چەكلەنگەن بولىدۇ. لېكىن، الله ئىنسانىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ماددىي ئالەم دائىرىسىگىلا

چەكلەپ قويمىدى. بەلكى، ئەتراپىنى كەڭرى قىلدى ۋە ئۇنىڭغا غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ روھى ھايۋانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى، تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى تېخىمۇ كەڭرى ۋە ئۈستۈندۇر.

جاھىلىيەتلەر بولسا دائىم ئىنساننىڭ سۈرىتىنى سەتلەشتۈرىدۇ ۋە الله ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان ئىنساننى ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى جاھىلىيەتمۇ ئىنساننى ھايۋانىي دەرىجىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنى پەقەت ماددى ئالەم دائىرىسىگىلا چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ. ئىنسان غەيبكە ئىشىنىش ئارقىلىق اللهدىن ئېرىشكەن ھۆرمەت ۋە شەرەپنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالماقچى، «رىئاللىق ۋە ئىلمى روھ» دېگەن باھانە بىلەن ئۇنىڭ دۇنياسىدىن پۈتكۈل غەيبى ئالەمنى بىكار قىلىۋەتمەكچى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنساننى روھى، پسىخىكا ۋە ئەخلاقى جەھەتلەردە بۇزۇپ ئاخىردا ئۇنىڭ ئىنسانىيلىقىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، الله ئىنساننى ھۆرمەتلىدى، ئۇنى يۈكسەلدۈردى ۋە غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشنى تەقۋادارلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى قىلدى.

﴿الم ، ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ، الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾

«ئەلىف، لام، مىم. بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ[1]»

شۇنداق، غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر ئىش. شۇ سەۋەپتىن، قۇرئان

① سۈرە بەقەرە: 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كەرىم غەيبىكە ئىمان كەلتۈرۈشنى مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ بىشىدا كەلتۈردى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەيبىكە ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسانىنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ دۇنياسىنى ھايۋانلار دۇنياسىغا ئوخشىمايدىغان بىر دۇنياغا ئايلاندۇرىدىغان سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقىدۇر.

اللە ئىنسانىنى ياراتتى، ئۇنى زىمىندا خەلىپە قىلدى ۋە ئۇنى زىمىننى گۈللەندۈرۈشكە بۇيرىدى:

﴿هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى①»

اللە ئىنسانىنىڭ زىمىندىكى خەلىپىلىك رولىنى ياخشى ئورۇندىشى ۋە زىمىننى ئىلاھى پرىنسىپىنىڭ تەقەززاسى بويىچە گۈللەندۈرۈشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئامىللارنى بىلگەچكە ئىنسانىنىڭ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىشى ئۈچۈن اللە ئۇنى تەكلىپ قىلغان ۋەزىپىگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى تولۇق بەردى.

﴿لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْساً إِلَّا وُسْعَهَا﴾

«اللە ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ②»

اللە ئىنسانغا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل بەدەن قۇۋۋىتىنى بەردى. چۈنكى، ھايۋان بەدەن جەھەتتە ئىنساندىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ قولىنى ئىشلىتەلمەيدۇ ۋە ئۆرە تۇرالمايدۇ. جۈملىدىن مۈشۈ كۈچلەرنىمۇ جايىدا ئىشلىتەلمەيدۇ. ئىنسان بەدەن جەھەتتە كۆپلىگەن ھايۋانلاردىن ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن، ئىنسان ئۆزىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى نۇرغۇن جايلارغا ئىشلىتەلەيدۇ. مانا بۇلار

---

① سۈرە ھۇد: 61ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 286ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

زېمىندا خەلىپە بولۇش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە كېرەكلىك ئامىللار قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانغا يەنە پىكىر قىلىدىغان، ئويلىنىدىغان، ئىشلارنى پىلانلايدىغان، ئىنسان ياشاۋاتقان كائىناتتىكى نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنىڭ ۋە كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان قانۇنىيەتلەرنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان ئەقىل قۇۋۋىتىنى بەردى. بۇ قۇۋۋەت زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاللاھ تەرەپتىن ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن ئاسمان ـ زېمىندىكى ئېنېرگىيىلەرنى ئىشلىتىشكە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل:

﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً مِنْهُ﴾

«ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى[①]»

شۇنداقلا ئىنسانغا غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى بەردى ۋە بۇ ئىقتىدارنى ئىنساننىڭ زېمىندىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئامىللارنىڭ بېشىدا قىلدى. ئىنسان غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش ئارقىلىق اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ ئاندىن ئۇنىڭ روھى ياراتقۇچىسى بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇيرىقىنى جان ـ دىل بىلەن ئورۇندايدۇ. شۇندىلا ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ھاياتى ياخشىلىنىدۇ.

---

① سۈرە جاسىيە: 13 ـ ئايەت.

## ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدىكى بەزى ئەقلى ۋە نەقلى دەلىللەر

الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثاً وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لا تُرْجَعُونَ﴾

«ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۈزۈڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). ئۈزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟①.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَا خَلَقْنَا السَّمَاءَ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَاطِلاً ذَلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ ، أَمْ نَجْعَلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَالْمُفْسِدِينَ فِي الْأَرْضِ أَمْ نَجْعَلُ الْمُتَّقِينَ كَالْفُجَّارِ﴾

«ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟②»

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أَنْ نَجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَوَاءً مَحْيَاهُمْ وَمَمَاتُهُمْ سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ﴾

---

① سۈرە مۇئمىنۇن: 115 ـ ئايەت.
② سۈرە ساد: 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

«يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان[①].»

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَفَنَجْعَلُ الْمُسْلِمِينَ كَالْمُجْرِمِينَ، مَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ﴾

«بىز مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر![②]»

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەرنىڭ ئۇقتۇرىدىغان مەزمۇنى: كىشىلەر تىرىلدۈرۈلىدىغان ۋە دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا ھېساپ ئېلىنىدىغان بىر كۈن بولمىسا، دۇنيا ھاياتى ئاخىرقى مەنزىل بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا، ھاياتلىق، ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى بىھۇدە بولۇپ قالىدۇ دېگەنلىكتۇر.

بىز ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارىساق ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى بىز، دۇنيادا ئۆلگەنگە قەدەر باشقىلارغا زۇلۇم سالىدىغان زالىملارنى ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ئېزىلىۋاتقان مەزلۇملارنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەگەر ھاياتى دۇنيا ئاخىرقى مەنزىل بولسا ئۇنداقتا بۇ قىلمىشلار ئادالەتكە، ھېكمەتكە ئۇيغۇنمۇ؟ زالىمدىن قىساس ئېلىنمىسا ۋە مەزلۇمغا قىساس ئېلىپ بېرىلمىسە ئۇنداقتا ئادالەت قەيەردە؟ ھاياتلىق ھادىسىلىرى ئادالەتسىزلىك ئىچىدە داۋاملاشسا ۋە مۇشۇ رەۋىشتە ئاخىرلاشسا، ئۇنداقتا، ھاياتلىقنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت قەيەردە؟. شۇنداقلا بىز زېمىندا كاپىرلارنى، مۇئمىنلەرنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ

① سۈرە جاسىيە: 21 ـ ئايەت.
② سۈرە قەلەم: 35 ـ 36 ـ ئايەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىتىقادى، تۇتۇپ ماڭغان يوللىرى ۋە ياراتقۇچىغا نىسبەتەن تۇتقان مەيدانى ئوخشاش ئەمەس. بىر تۈركۈمى ياراتقۇچىغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ تەكەببۇرلۇق قىلسا يەنە بىر قىسمى اللهغا پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا ۋە ھاياتلىق مۇشۇ پېتى داۋاملىشىپ ئاخىردا ئۇلارنىڭ ۋە بۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا ئىشلار تۈگىسە، ئۇنداقتا، ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن يامان ئىش قىلغۇچىلار باراۋەر بولامدۇ؟ بىز دۇنيا ھاياتىدا كاپىرلارنىڭ زېمىندا قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى، باتىل قىلمىشلىرى بىلەن ھەددىدىن ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز. مۆئمىنلەرنىڭ بولسا ئېزىلىۋاتقانلىقىنى، قوغلاندى ۋە سۈرگۈن قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ئىش، يەنى الله ئۇنى ھەر بىر دەۋرەت ئۆچۈن تەقدىر قىلغان ۋە ئۇنى زېمىندىكى قانۇنىيەت قىلىپ بېكىتكەن سىناق مەزگىلى. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لا يُفْتَنُونَ ، وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ﴾

«ئىنسانلار ”ئىمان ئېيتتۇق“ دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ[①].»

كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىۋاتسا ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتى ئاشۇ سىناق مەزگىللىرىدە ئاخىرلىشىۋاتسا، كۆپرى زېمىندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىسە ۋە ئىمان مەغلۇپ پېتى تۇرىۋەرسە، ئۇنداقتا ئىشلار مۇشۇ رەۋىشتە داۋاملاشسا بۇ ھەق ۋە ئادىل بولامدۇ؟.

---

① سۇرە ئەنكەبۇت: 2ـ3ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھەق ئىگىلىرى زېمىندا سوْرگۈن قىلىنسا، بوزەك قىلىنسا ۋە باتىل ئىش قىلغۇچىلار زېمىندا قۇدرەت تېپىپ ئىنئاملارغا ئىگە بولسا بۇ ھەقلىق بولامدۇ؟.

اللەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە اللەنىڭ يولىدا چەك تۇرغانلار غەزەپكە يولۇققانلاردەك خارلىق ۋە ئاھانەت ئىچىدە ياشاپ شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسە ۋە اللەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغان، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلار اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلەردەك خۇشال ـ خۇرام ياشاپ بارلىق نېمەتلەرگە ئېرىشىپ ياشىسا ۋە شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسە بۇ ھەق ۋە ئادىللىق بولامدۇ؟.

ئەگەر ئىشلار تىرىلىش ۋە ئاخىرەتتىكى ھېساپ، مۇكاپات ۋە جازا بولماستىن ھاياتى دۇنيادىلا تۈگىسە ئىشلار مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

بىز اللە بۇيرىغان بەلگىلىمىلەردە توختىمايدىغان ۋە ھاياتى دۇنيادىكى نېمەتلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان بىر قىسىم ئاسىيلارنى ۋە يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ اللەنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن پەقەت اللە ھالال قىلىپ بەرگەن رىزىقلاردىنلا مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر دۇنيا ھاياتى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولۇپ قالسا ئىشلار ھەق ۋە ئادىل بولامدۇ؟ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان كىشىلەر جازالانمىسا، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغان كىشىلەر مۇكاپاتلانمىسا، ئۇنداقتا، ئىشلار ئادىل بولامدۇ؟.

ھەرگىزمۇ ئادىل بولمايدۇ! اللە ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ.

ئەگەر ئىشلار مۇشۇ شەكىلدە بولۇپ قالسا اللەنىڭ ئادالىتى ۋە ھېكمىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنداقلا، ھايات مەنىسىز ۋە ھېكمەتسىز بولۇپ قالىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن، بىز قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ئاسمان ـ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

زېمىننىڭ ھەق بىلەن يارىتىلغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى ئەمەللىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ۋە جازا ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بارلىقىنى كۆرىمىز.

﴿خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ وَصَوَّرَكُمْ فَأَحْسَنَ صُوَرَكُمْ وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ﴾

«اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق بىلەن ياراتتى، سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى، ئاخىرى قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر[①].»

﴿ وَاسْتَفْتَحُواْ وَخَابَ كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ ، مِّن وَرَآئِهِ جَهَنَّمُ وَيُسْقَى مِن مَّاء صَدِيدٍ ، يَتَجَرَّعُهُ وَلاَ يَكَادُ يُسِيغُهُ وَيَأْتِيهِ الْمَوْتُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍ وَمِن وَرَآئِهِ عَذَابٌ غَلِيظٌ ، مَّثَلُ الَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمْ أَعْمَالُهُمْ كَرَمَادٍ اشْتَدَّتْ بِهِ الرِّيحُ فِي يَوْمٍ عَاصِفٍ لاَّ يَقْدِرُونَ مِمَّا كَسَبُواْ عَلَى شَيْءٍ ذَلِكَ هُوَ الضَّلاَلُ الْبَعِيدُ ، أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللّهَ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ بِالْحَقِّ﴾

«پەيغەمبەرلەر اللەدىن مەدەت تىلىدى، ھەر بىر ئۆچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى اللەغا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. پەرۋەردىگارنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار (بۇ دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ چوڭقۇر ئېزىشتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر). ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى اللەنىڭ ھەق ئاساستا

① سۈرە تەغابۇن: 3 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ياراتقانلىقىنى (يەنى بىكار ياراتمىغانلىقىنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر اللە خالىسا، (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى) يېڭى ئادەملەرنى يارىتىدۇ[①]»

مۇئمىنلەر اللەنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ھەق بىلەن ياراتقانلىقىنى، بىھۇدە ياراتمىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار تىرىلىش ۋە ھىساپنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا اللەنىڭ ئۆزلىرىنى دەۋزەختىن يىراق قىلىشى ئۈچۈن اللەغا دۇئا قىلىدۇ:

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ ، الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَى جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ اللەنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) "پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن"[②]»

شۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىم ئەگەر تىرىلىش ۋە ھېساپ بولمىسا پەقەت ئىنساننىڭ يارىتىلىشىلا ئەمەس بەلكى ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشىمۇ بىھۇدە بولىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا پۈتكۈل ئىشلارنىڭ بىھۇدە ۋە باتىل ئەمەس، بەلكى، ھەق ئاساسىدا بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

اللە تائالا ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى قايسىمىزنىڭ ياخشى ئەمەل

---

① سۈرە ئىبراھىم: 15 ـ 19 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئال ئىمران: 190 ـ 191 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ:

﴿تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ، الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ﴾

«(پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللەنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، اللە ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، اللە غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر[1])»

شۇنداقلا زېمىن ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى زېمىن ئۈچۈن زىننەت قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ:

﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً﴾

«ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق[2]»

ئەگەر ئۆلۈم، بارلىق ئىشلار ئۆلۈم بىلەنلا تۈگەيدىغان ئاخىرقى چەك بولسا، ئۇنداقتا، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى يارىتىشتىكى ھېكمەت قەيەردە بولىدۇ؟ ياخشى ئەمەل قىلغانلار يامان ئەمەل قىلغانلاردىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟ زېمىن ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى زېمىن ئۈچۈن زىننەت قىلغانلىقنىڭ ھېكمىتى قەيەردە؟.

ئىنسان ھاياتىدىكى سىناق ۋاقتىسى دەل زېمىندا مەۋجۇت بولغان مۇشۇ گۈزەللىكلەردۇر. يەنى ئىنسان زېمىننىڭ گۈزەللىكلىرىدىن اللە رۇخسەت قىلغان ۋە ھالال قىلغان مىقداردا پايدىلىنامدۇ؟ ياكى اللە ھارام قىلغان نەرسىلەرنىمۇ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ اللەغا ئىتائەت قىلامدۇ؟

---

① سۈرە مۇلك: 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە كەھف: 7 ـ ئايەت.

دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر ئىنساننىڭ زېمىننىڭ گۈزەللىكلىرىدىن الله رۇخسەت قىلغان ۋە ھالال قىلغان مىقداردا پايدىلىنىشى بىلەن الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنىمۇ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ اللهغا ئاسىيلىق قىلىشى ئوخشاشلا پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئاخىرلاشسا، ئۇنداقتا، ھېكمەت يوقالغان بولمامدۇ؟!... زېمىندىكى ھالال نەرسىلەر بىلەنلا مەنپەئەتلەنگۈچى بىلەن زېمىندىكى ھارام نەرسىلەر بىلەن مەنپەئەتلەنگۈچى ئوخشاش بولسا ۋە شۇ مال ـ ماتالار ئارقىلىق اللهغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىزىپ كەتكەنلەر پىتنىدىن قۇتۇلغان ۋە تۈز يولدا ماڭغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ماددىي مەئىشەتلەر ئارقىلىق سىناشنىڭ نېمە مەنىسى بولىدۇ؟ شۇ سەۋەپتىن مۇنداق ئىنكار شەكلىدىكى سۇئاللار كېلىدۇ: «مۇسۇلمانلارنى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش قىلىمىزمۇ؟» ۋە «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟»

الله ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇ دېگەن پەقەت كاپىرلارنىڭ گۇمانى. كاپىرلار ئىشلارنى باراۋەر شەكلىدىكى ھېساپ ۋە جازا كۈتۈپ تۇرغىنى يوق دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئويلىشى ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى بىھۇدە ئىش دېگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

﴿وَمَا خَلَقْنَا السَّمَاءَ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا بَاطِلاً ذَلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ ، أَمْ نَجْعَلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَالْمُفْسِدِينَ فِي الْأَرْضِ﴾

«ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئوخشــاش قىلامــدۇق؟ يــاكى تەقــۋادارلارنى فاجىرلارغــا ئوخشــاش قىلامدۇق؟[①]»

بۇ ئايەت تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان قۇرەيش كـاپىرلىرى ھەققىـدە نازىل بولغـان. لـېكىن، ھەيـران قـالارلىق ئـىش شـۇكى، ئوقـۇرمەن بـۇ ئايەتلەرنى گويا بۈگۈنكى زامان جاھىلىيىتى ھەققىدە نازىل بولغانـدەكلا ھـېس قىلىـدۇ. خـۇددى بـۇ ئـايەتلەر پۈتـۈنلەي بۈگـۈنكى جـاھىلىيەت توغرىسـىدا بايـان قىلىنغانـدەك. مانـا، دىنسـىز يـازغۇچى «سـارتىرى» مۇنـداق دەيـدۇ: «مەۋجۇدىيەتنىـڭ ھەممىسـى ئەھمىيەتسـىز، ھەممىسـى بىھۇدە. ئىنسان ھاياتىنىڭ ھېچبىر مەنىسى ۋە ھېكمىتى يوق.»

﴿ ذَٰلِكَ ظَنُّ الَّذِينَ كَفَرُوا فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا مِنَ النَّارِ﴾

«ئـۇ (يەنـى ئـۇلارنى بىكـار يارىتىلغـان دەپ قـاراش) كاپىرلارنىـڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي![②]»

ئىنسـان اللەغـا ۋە ئـاخىرەت كـۈنىگە ئىمـان ئېيتمىغانـدا ئۇنىـڭ تۇيغۇسىدا ھاياتنىڭ سۈرىتى مانا مۇشـۇنداق بولـۇپ قالـدۇ ۋە پۈتكـۈل كائىناتنىڭ يەنى ئاسمان ـ زېمىـن، ئۇلارنىـڭ ئارىسـىدىكى نەرسىلەر ۋە ئىنساننىڭ ھاياتىمۇ مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ. تەبىئىيكى دۇنيا ھاياتىنى تولۇقلىمـاي تـۈرۈپ بـۇ كۆرۈنـۈش تولـۇق بولمايـدۇ ۋە ھەق ئاشـكارا بولمايدۇ. بۇ ھاياتى دۇنيانىـڭ تولۇقلىمىسـى بولسا كىشـىلەر ئـۇ يەردە ھىساپ ئېلىنىپ ھۆرمەتلىنىدىغان ياكى خارلىنىدىغان ئاخىرەت كۈنىدۇر. مانـا! شـۇ ۋاقىتتـا ئاسـمان ـ زېمىنىـڭ، ئىنسـاننىڭ يارىتىلىشـىدىكى ۋە ئۇنىڭ زېمىن ئۈستىدە ھايات كەچۈرۈشىدىكى ھەقىقەتلەر رۇشەنلىشىدۇ. ئۆلـۈم ۋە ھايـاتلىقنى يارىتىشـتىكى، زېمىـن ئۈسـتىدىكى نەرسـىلەرنى زېمىـن ئۈچـۈن زىنـنەت قىلىشـتىكى ھـېكمەت ئايدىڭلىشـىدۇ. لـېكىن،

---

① سۈرە ساد: 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە ساد: 27 ـ ئايەت.

جاھىلىيەت سۈرەتنى كېيىن ئۇنى سەتلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ھاياتلىقنىڭ مەنىسى، ھېكمىتى يوق». ھەقىقەتەن ئىلگىرىكى دىنسىزلارمۇ بۈگۈنكى كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ دىنسىز پەيلاسوپلىرى بىلەن ئوخشاش ھاماقەتلەر ئىدى.

﴿وَقَالُوا مَا هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَا إِلَّا الدَّهْرُ﴾

«ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز (دەيدۇ).①»

ئۇلار بۇ گەپنى مەيلى اللەنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قۇدرىتى يەتمەيدۇ دېگەن مۇددىئادا دېسۇن ياكى اللە پەقەتلا مەۋجۇت ئەمەس دېگەن مۇددىئادا دېسۇن ئۇلارنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسى ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن ئاجىز كەلدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىكى نىشانىنى بىلەلمەي ھايۋانلاردەك ياشايدۇ.

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَهُمْ﴾

«كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ②»

---

① سۈرە جاسىيە: 24 ـ ئايەت.
② سۈرە مۇھەممەد: 12 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

## ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ شەخس ۋە جامائەتنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئىنسان ھاياتىدا يېتەرلىك ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر تەسىرلىرى بار. بىز مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ روھىغا ئاساسەن قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئورۇنلاردا اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئوتتۇرىسىنى قانداق باغلىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش مەيلى ئىسپاتلاشتا بولسۇن مەيلى ئىنكار قىلىشتا بولسۇن ئارقىمۇ-ئارقا ۋە بىر-بىرىگە باغلانغان ھالەتتە كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنەۋالالايمىز.

﴿يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ﴾

«ئۇلار اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ[1]»

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ﴾

« كىشىلەر ئارىسىدا اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ)[2]»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُمْ بِالْمَنِّ وَالْأَذَى كَالَّذِي يُنْفِقُ مَالَهُ رِئَاءَ النَّاسِ وَلا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ﴾

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 114 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە: 8 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«ئى مۇئمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار[①]»

﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلا بِالْيَوْمِ الآخِرِ وَلا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾

«سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى اللەنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى اللەنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىقىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، اللە (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار[②]»

﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ﴾

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللەغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشىڭلا ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ.[③] »

---

[①] سۈرە بەقەرە: 264ـ ئايەت.
[②] سۈرە تەۋبە: 29ـ ئايەت.
[③] سۈرە بەقەرە: 177ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يــۇقىرىقى ئــايەتلەردە كۆرســـتىلگەندەك قۇرئــان كەرىــم ئــاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن اللەغا ئىمان كەلتۈرۈش ئوتتۇرىسىنى بىۋاسىتە باغلاپ كەلتۈرىدۇ. خۇددى ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تولۇقلىمىسىدەك.

ئەگەر ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىنىڭ روھىيىتىنى ۋە ئـۇ كىشىنىڭ ماددىي دۇنياغا بولغان تەسەۋۋۇرىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا تۇتقان پۇزىتسىيىسىنى بىلگىنىمىزدە، ئاندىن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ شەخس ۋە جامائەتنىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرىگە بولغان ئەھمىيىتىنى بىلەلەيمىز. ھەقىقەتەن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىنىڭ تۇيغۇسىدا ھاياتى دۇنيا دېگەن باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشتۇر. ئۇلار: «ئۆمۈر بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئەگەر ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشىمىساق ئۆمۈر زايا بولۇپ كېتىدۇ. ئۆمۈر ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ پەقەت بىر نەچچە يىلدۇر، دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە ھەرخىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تېز ـ تېز بولىشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا مەسىلە مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇلار: «ئۆمۈر دېگەن پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان چەكلىك پۇرسەت، شۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىشىمىز ۋە ئىمكان قەدەر كۆپلەپ مەنپەئەتلىنىشىمىز كېرەك» دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا جاھىلىيەتلەر داۋاملىق زېمىننىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۆز ـ ئارا كۈرەش قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنى پەقەت دۇنياغىلا قارىتىدۇ.

بۈگۈنكى زامان جاھىلىيىتى بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىدىكى شەخس ۋە جامائەتلەر مەشغۇل بولىۋاتقان ئىش زادى نېمە؟

ئەمما شەخس ئىشلەيدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىدۇ. بىراق، قايسى نىشان

ئۈچۈن؟... ئەلۋەتتە كۆچىنىڭ يېتىشىچە كۆپ مال ـ دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن. ئاندىن ئۇ قولغا كەلتۈرگەن ماللارنى تېخىمۇ كۆپ مال ـ دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا مال ـ دۇنيانىڭ ھالال ياكى ھارام بولىشى مۇھىم ئەمەس. بەلكى، ھارام دېگەن ئىدىيە ئۇنىڭ خىيالىغا كېرىپمۇ چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىگىدا پەقەت پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى پايدىلىنىش كېرەك، ئەگەر پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە قايتىپ كەلمەيدۇ دېگەن خىياللا بار. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا ھارامنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا ھارام دېگەنلىك مال ـ دۇنياغا سىڭىنىدىغان ئىشكەل، ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان ۋە ئىجابىيلىقى بولمىغان چەكلىمىدۇر. چۈنكى، ئۇ قايتىپ كەلمەيدىغان پۇرسەتنى زايا قىلىۋېتىدۇ. شۇنداقلا، يەنە ئەخلاق، كۆڭۈل ۋە ئىنسانيي تۇيغۇلارنىڭ ئۆلچەملىرىمۇ ئوخشاشلا ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان ئىشكەلدۇر. دەل شۇ سەۋەپتىن جاھىلىيەتلەردە ئەخلاق بۇزۇلىدۇ. قەلبنىڭ سىقىلىشى ئاجىزلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى شەخسىيەتچىلىك ئىگىلەيدۇ. جاھىلىيەتچىلەر ئىنسانى تۇيغۇلار ۋە ئاليي قىممەت قاراشلارنى بولسا ئەقىللىق ئىنسانغا لايىق كەلمەيدىغان دۆتلۈك ۋە گالۋاڭلىق، چۈنكى، ئۇ ئىشلار ئىنساننى مەنپەئەتلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قويىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما مىللەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ئەھۋالىمۇ شەخسنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ پەرىقلەنمەيدۇ.

ئۇ گورۇھلار اللەغا ئىمان كەلتۈرمىگەن ۋاقتىدا قايسى نەرسە ئۈچۈن تىرىشىدۇ ۋە قايسى نەرسە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ ھەر بىر گورۇھنىڭ نىشانى باشقا گورۇھلارنىڭ زىيىنى بەدىلىگە ئەڭ كۆپ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەربىر مىللەتنىڭ نىشانى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ۋە ئۇ مەنپەئەتلەرنى ئۆزى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىشتىن ئىبارەت. دەل شۇ سەۋەپتىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يەر شارىدا مىللەتلەر ئارا تىركىشىش ۋە ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ.

ئالىي قىممەت قاراشلار قەيەردە؟ ئىنساننىڭ ھوقۇقلىرى قەيەردە؟ ئەمەل قىلغۇچى قەلب قەيەردە؟ ئەھدىلەر ۋە چىن ۋەدىلەر قەيەردە؟ ياخشىلىق يولىدىكى ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىشلەر قەيەردە؟ ئادىللىق، قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك قەيەردە؟

ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى (جاھىلىيەتتە) قۇرۇق سۆزلەر بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى مۇناپىقلىق ۋە رىيا قىلىش يۈزىسىدىن جار سالىدۇ. ئۇلار شەيتانلىرىنىڭ قىشىغا بارغاندا بىز سىلەر بىلەن بىللە بىز ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ قويىدۇق دەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى توسقۇچىلاردۇر.

كىشىلەر ئۆز ـ ئارا ئۇرۇشىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆلگەنلەر ئۆلىدۇ. لېكىن، ئۇلار زېمىننىڭ مەنپەئەتلىرىنى تالىشىش يولىدا ئۆلىدۇ. قاچانكى ئۇلارغا كېلىڭلار بوزەك قىلىنغان، بىچارە ئەر ـ ئاياللار ۋە كىچىك باللارنى قوغداش يولىدا ياكى ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتى بىلەن باغلىنىشلىق بولمىغان خالىس ھەقىقەت يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار دېسەڭ، ئۇلار سەن بىلەن ئۇرۇشمىغاندىمۇ، مۆرىلىرىنى سىلكىشىدۇ ۋە سەندىن يۈز ئۆرىدۇ. چۈنكى سەن ئۇلارنى ئۇلارنىڭ دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى بۇزۇۋېتىدىغان بىر ئىشقا چاقىرىۋاتىسەن. ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرىگەنلىكى سەۋەبىدىن جاھىلىيەتلەردە قەلب زەئىپلىشىدۇ. ئەخلاق كەبى قىممەت قاراشلار ۋەيران بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرى پەقەت مۇشۇ ماددىي ئالەمگىلا باغلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نەزەر دائىرىسى تولىمۇ تار بولىدۇ. اللەغا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە ھېچقانداق نەرسە ئىنساننى دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن يۈكسەلدۈرەلمەيدۇ. ئىنسان اللەغا ئىتائەت قىلىش ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يۇزىسىدىن ماددىۋى دۇنيادا ۋاز كەچكەن ئارتۇق مەنپەئەتلەرنىڭ ئورنىغا ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىغا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زېمىننىڭ تۈگەپ كېتىدىغان ماددىي ـ مەئىشەتلىرى ئۈچۈن ھاياتى دۇنيادا اللەغا قارشى چىققانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرەتتە ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان دەرىجىدە جازالىنىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەندە:

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَاراً كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُوداً غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَزِيزاً حَكِيماً﴾

«شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[①]».

پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا.... يەنى، ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىمان ئېيتقاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا مەسىلە پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنيا نېمەتلىرىنى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا زېمىننىڭ مەنپەئەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرالايدۇ ۋە ئالى قىممەت قاراشلارغا، ئېسىل ئەخلاقلارغا ۋە يۈكسەك ئۆلگىلەرگە ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى، ئۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە جازا بېرىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ:

﴿لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللهِ وَاللّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ ، الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ، الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ﴾

« ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): ”پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان

---

① سۈرە نىسا: 56 ـ ئايەت.

ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن“ دەيدۇ. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (اللهغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر①»

﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُولَئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ، وَعَدَ اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾

«مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. الله مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) اللهنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر②.»

ئەنە شۇنداق ئىمان بولغاندىلا، ئاندىن ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىدىغان، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە ياردەملەشمەيدىغان ياخشى شەخس ۋە ياخشى جامائەت بارلىققا كېلىدۇ. نەتىجىدە تۆۋەندىكى سۈپەتكە لايىق ئۇممەت بارلىققا كېلىدۇ:

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

---

① سۈرە ئال ئىمران: 15 ـ 17 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە تەۋبە: 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«(ئـى مـۇھەممەد ئـۈممىتى!) سـىلەر ئىنسـانلار مەنپەئىتـى ئۈچـۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللهغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر[1]».

بۇ ئۈممەت يەنە بۇ بۇيرۇقنىمۇ تولۇق ئورۇنلايدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾

«ئـى مـۇئمىنلەر! اللهنـىڭ (ھەقلىرىنـى) ئـادا قىلىشـقا تىرىشـىڭلار، ئـادىللىق بـىلەن گـۇۋاھلىق بېـرىڭلار، بـىر قەۋمـگە بولغـان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بـۇ (يەنـى ئۇلارغا ئـۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اللهدىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.[2]».

بۇ تەلەپنىمۇ تولۇق ئورۇندايدۇ:

﴿وَمَا لَكُمْ لا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ وَلِيّاً وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ نَصِيراً﴾

«(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): "ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل" دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر[3]».

ۋە ئۇلاردا تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلەر تولۇق بولىدۇ:

---

① سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.
② سۈرە مائىدە: 8 ـ ئايەت.
③ سۈرە نىسا: 75 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ ، الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ، إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ، فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ ، وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ، أُوْلَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ ، الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆئمىنلەر نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ[①]».

---

① سۈرە مۆئمىنۇن: 1 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

## ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەقىقەتلەر

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر بۆلۈك ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىپ. ئۇ ھەقىقەتلەر بولسا: قەبرىنىڭ پىتنىسى، ئازابى ۋە نېمەتلىرى، قىيامەت ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى شۇنداقلا يەنە تىرىلىش، قىيامەت مەيدانىغا يىغىلىش، ھېساپ ۋە ھېساپتىن كېيىنكى مۇكاپات ۋە جازالار ۋە يەنە پۇلسىرات كۆۋرۈكى، جەننەت ۋە دەۋزەخ قاتارلىقلار.

### 1 ـ قەبرىنىڭ پىتنىسى، ئازابى ۋە نېمەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (گەرچە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان بولسىمۇ) ئۆزىنىڭ دۇئاسىدا قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دەيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن».

يەنە مۇنداق دەيتتى: «قەبرە جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىر باغچا ياكى دەۋزەخنىڭ ئورەكلىرىدىن بىر ئورەكدۇر[①]».

اللە تەئالا پىرئەۋن ئاھالىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَحَاقَ بِآلِ فِرْعَوْنَ سُوءُ الْعَذَابِ ، النَّارُ يُعْرَضُونَ عَلَيْهَا غُدُوّاً وَعَشِيّاً وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ أَدْخِلُوا آلَ فِرْعَوْنَ أَشَدَّ الْعَذَابِ﴾

«اللە ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى.

① تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى. ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: ”ئى پىرئەۋىن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!“ (دېيىلىدۇ)①».

الله تەئالا نۇھ قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مِمَّا خَطِيئَاتِهِمْ أُغْرِقُوا فَأُدْخِلُوا نَاراً فَلَمْ يَجِدُوا لَهُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَنْصَاراً﴾

«ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بىلەن) غەرق قىلىندى، دوزاخقا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن اللەدىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمىدى②»

بىز قەبرىدىكى نېمەت ۋە ئازاپنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئىنىق بىلمەيمىز. چۈنكى، قەبرىدىكى ئىشلار الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى تەپسىلى سۆزلىمىگەن ۋە ئۇ ھەقتە الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى خەۋەر بەرگەندىن تاشقىرى ھېچقانداق مەلۇمات بولمىغان غەيىب ئىشدۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە خەۋەر بەرگىنى پەقەت ئۆلۈك دەپنە قىلىنغان ھامان ئۇنىڭ قىشىغا ئىككى پەرىشتىنىڭ كىرىپ ئۇنى ئولتورغۇزىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن ھاياتى دۇنيادا قىلغان پۈتۈن ئەمەللىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىدىغانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ پەقەت ھەق ئىشقىلا جاۋاپ بىرەلەيدىغانلىقى، ئاندىن دۇنيادا قىلغان ئەمىلىگە ئاساسەن قەبرىسىنى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا ياكى دەۋزەخنىڭ ئورەكلىرىدىن بىر ئورەك كۆرىدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ھېساب كۈنى بولۇشتىن ۋە ھىسابتىن كېيىنكى جازا ـ مۇكات بېرىلىشتىن ئىلگىرىكى ئىشلاردۇر. شۇ سەۋەپتىن كىشىلەرنىڭ تىللىرىدا ئىقىپ يۈرگەن «ئۆلۈپ مەڭگۈلۈك ئارام تاپتى» دېگەن سۆز پەقەت ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنگىلا ئۇيغۇن

---

① سۈرە غاپىر: 45 ـ 46 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نۇھ: 25 ـ ئايەت.

كېلىدىغان بولۇپ، يامان ئىشلارنى قىلغۇچى مەيلى ئۆلۈمدە بولسۇن مەيلى قەبرىسىدە بولسۇن ھەرگىز ئارام تاپالمايدۇ. بەلكى، ئۆلگەندىن تارتىپ ئازاپلىنىدۇ. ھەتتا، قىيامەت كۈنىمۇ ئېغىر ئازاپقا قالىدۇ.

ئەبى سەئىدىل خۇدرىدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەججارنىڭ بېغىدا قېچىرىغا مىنىپ تۇراتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلىيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق. تۇيۇقسىز قېچىر ئۈركۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېتىۋەتكىلى تاسلا قالدى. بۇ يەردە ئالتە ياكى بەش ياكى تۆت قەبرە بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بۇ قەبرىدىكى كىشىلەرنى كىم تونۇيدۇ؟“دېدى. بىر ئادەم: ” مەن تونۇيمەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇلار قاچان ئۆلۈپ كەتكەن“ دېدى. ئۇ كىشى: ”ئۇلار مۇشرىكلىك ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ھەقىقەتەن بۇ كىشىلەر قەبرىلىرىدە ئازاپلىنىۋاتىدۇ، ئەگەر سىلەر بىر-بىرىڭلارنى دەپنە قىلىشتىن قاچمىغان بولساڭلا مەن ئاڭلىغان قەبرى ئازابىنى سىلەرگە ئاڭلىتىشى ئۈچۈن اللەغا دۇئا قىلغان بولاتتىم“ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قاراپ: ”اللەغا سىغىنىپ دەۋزەخ ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار“ دېدى. ساھابىلەر: ”اللەغا سىغىنىپ دەۋزەخ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”اللەغا سىغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار“دېدى. ساھابىلەر: ”اللەغا سىغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”اللەغا سىغىنىپ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىتنىلەردىن پاناھ تىلەڭلار“ دېدى. ساھابىلەر: ”اللەغا سىغىنىپ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىتنىلەردىن پاناھ تىلەيمىز“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”اللەغا سىغىنىپ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەڭلار“ دېدى. ساھابىلەر: ”اللەغا سىغىنىپ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمىز“ دېدى.[1]»

---

① مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

## 2 ـ قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى:

قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىرىدۇر. قىيامەت ھاياتى دۇنيا پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىدىغان ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل قورقۇنچلۇق ئەھۋاللىرى باشلىنىدىغان كۈندۇر. قۇرئان كەرىم قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ھادىسىلىرىنى قەلبنى تىترەتكۈدەك ۋە قورقۇنچنى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يەتكۈزگىدەك دەرىجىدە سۈپەتلەيدۇ. خۇددى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىكىگە ئوخشاش:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ، يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَى وَمَا هُم بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ﴾

«ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئىمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئىمىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرۈسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.①»

﴿يَوْمَ تَرْجُفُ الرَّاجِفَةُ، تَتْبَعُهَا الرَّادِفَةُ ، قُلُوبٌ يَوْمَئِذٍ وَاجِفَةٌ ، أَبْصَارُهَا خَاشِعَةٌ ، يَقُولُونَ أَئِنَّا لَمَرْدُودُونَ فِي الْحَافِرَةِ﴾

«بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دە زېمىن (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاسمان (ۋە ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر قوشۇلۇپ) تەۋرەيدۇ. بۇ كۈندە دىللارنى (يەنى كۇففارلارنىڭ

---

① سۈرە ھەج:1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.

دىللىرىنى) قورقۇنچ باسىدۇ. شۇ (دىللارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ) كۆزلىرى (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: ”راستلا بىز ئاۋۋالقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق؟ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇق؟)“ دەيدۇ.①»

﴿إِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ ، وَإِذَا النُّجُومُ انكَدَرَتْ ، وَإِذَا الْجِبَالُ سُيِّرَتْ ، وَإِذَا الْعِشَارُ عُطِّلَتْ ، وَإِذَا الْوُحُوشُ حُشِرَتْ ، وَإِذَا الْبِحَارُ سُجِّرَتْ ، وَإِذَا النُّفُوسُ زُوِّجَتْ ، وَإِذَا الْمَوْؤُودَةُ سُئِلَتْ ، بِأَيِّ ذَنبٍ قُتِلَتْ ، وَإِذَا الصُّحُفُ نُشِرَتْ ، وَإِذَا السَّمَاء كُشِطَتْ ، وَإِذَا الْجَحِيمُ سُعِّرَتْ ، وَإِذَا الْجَنَّةُ أُزْلِفَتْ ، عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّا أَحْضَرَتْ﴾

«كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا، ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا، جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا، نامە ـ ئەماللار ئېچىلغان چاغدا، ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا، دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا، جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ.②»

﴿إِذَا السَّمَاء انفَطَرَتْ، وَإِذَا الْكَوَاكِبُ انتَثَرَتْ، وَإِذَا الْبِحَارُ فُجِّرَتْ، وَإِذَا الْقُبُورُ بُعْثِرَتْ، عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ وَأَخَّرَتْ﴾

«ئاسمان يېرىلغان چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، دېڭىزلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان چاغدا، قەبرىلەر ئاستى ـ ئۈستى قىلىنغان (يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان) چاغدا، ھەر ئادەم ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ.③»

﴿كَلَّا إِذَا دُكَّتِ الْأَرْضُ دَكًّا دَكًّا، وَجَاء رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا، وَجِيءَ يَوْمَئِذٍ بِجَهَنَّمَ يَوْمَئِذٍ يَتَذَكَّرُ الْإِنسَانُ

---

① سۈرە نازىئات: 6 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە تەكۋىر: 1 ـ 14 ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە ئىنفىتار: 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

وَأَنَّى لَهُ الذِّكْرَى، يَقُولُ يَا لَيْتَنِي قَدَّمْتُ لِحَيَاتِي، فَيَوْمَئِذٍ لا يُعَذِّبُ عَذَابَهُ أَحَدٌ، وَلا يُوثِقُ وَثَاقَهُ أَحَدٌ﴾

«(ئــى غــاپىللار!) بۇنىڭــدىن يېــنىڭلار، زېمىــن ئارقىمۇئارقــا تەۋرىــتىلگەن چاغدا. پەرۋەردىگارىــڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا. (گۇناھكارلارنى كۆرۈش ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈنــدە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن. ئۇ ئېيتىدۇكى: "كاشكى مەن (دۇنيادىكى) ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!". شۇ كۈنــدە ھەر ئەھەدى (اللهغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى) اللــه جازالىغانــدەك جازالىمايدۇ. ھەمدە ھېچ ئەھەدى الله باغلىغاندەك باغلىمايدۇ.①»

﴿فَكَيْفَ تَتَّقُونَ إِنْ كَفَرْتُمْ يَوْماً يَجْعَلُ الْوِلْدَانَ شِيباً ، السَّمَاءُ مُنْفَطِرٌ بِهِ كَانَ وَعْدُهُ مَفْعُولاً﴾

(ئى كاپىرلار!) ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار، (دەھشىتىدىن) باللارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر. ئۇ كۈننىڭ (دەھشــتىدىن) ئاسمان يېرىلىدۇ، اللەنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ (چۈنكى الله ۋەدىسگە خىلاپلىق قىلمايدۇ)②».

قىيــامەت ـ ئۇنىــڭ قورقــۇنچلىرى ئاســمان ـ زېمىننــى قاپلايــدىغان، كائىناتنىــڭ ئەھــۋاللىرىنى پۈتــۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىــدىغان غــايەت زور قورقۇنچلۇق كۈندۇر. ئۇ كۈندە ئاسمان يېرىلىدۇ، يۇلتۇزلار تۆكۈلىدۇ، زېمىــن تەۋرەيدۇ، دېڭىــزلاردا ۋولقــان پــارتلاپ، ئــوت قــاينىمى پەيدا قىلىدۇ ۋە تاغلار كۇكۇم تالقان بولىدۇ:

﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْجِبَالِ فَقُلْ يَنسِفُهَا رَبِّي نَسْفًا، فَيَذَرُهَا قَاعًا صَفْصَفًا، لا تَرَى فِيهَا عِوَجًا وَلا أَمْتًا، يَوْمَئِذٍ يَتَّبِعُونَ الدَّاعِيَ لا عِوَجَ لَهُ وَخَشَعَتِ الأَصْوَاتُ لِلرَّحْمَنِ فَلَا تَسْمَعُ إِلا هَمْسًا﴾

«ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق

---

① سۈرە فەجر: 21 ـ 26 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە مۇززەممىل: 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ”پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ). ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن“. بۇ كۈندە (كىشىلەر اللەنىڭ مەھشەرگاھقا) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ، مەرھەمەتلىك اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن[1]»

ھېچ نەرسە ئۆز ئورنىدا ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىدە تۇرالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە كىشىلەر تىرىلدۈرۈلۈپ سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.

قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن ئالامەتلىرى بار. قىيامەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن باشلاپ يېقىنلاشقان. شۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ يېقىنلاشقانلىقى ھەققىدە بايانلار كەلگەن:

﴿اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ﴾

«قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى[2]».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتورا بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«مەن قىيامەت مۇشۇ ئىككىسىدەك قالغاندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم[3]».

لېكىن اللەنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمى بىزنىڭ ئۆلچىمىمىزگە ئوخشىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب مۇشرىكلىرىنى قىيامەت يېقىنلاشتى دەپ

---

[1] سۈرە تاھا: 105 ـ 108 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە قىيامەت: 1 ـ ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئاگاھلاندۇرغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ساناقلىق كۈنلەردىن كېيىن قىيامەت بولىدۇ دەپ ئويلاشتى، ئۇلار قىيامەت بولمىغانلىقىنى كۆرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەن بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئازاپ قېنى؟، سەن يېقىنلاشتى دېگەن قىيامەت قېنى؟» دېدى. شۇڭا الله ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ كۆپ ئايەتلەرنى چۈشۈردى:

﴿بَلْ يُرِيدُ الْإِنْسَانُ لِيَفْجُرَ أَمَامَهُ ، يَسْأَلُ أَيَّانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ﴾

«بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھتا ئەزۋەيلىمەكچى بولىدۇ. ئۇ (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): "قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ" دەپ سورايدۇ[①]».

﴿وَيَسْتَعْجِلُونَكَ بِالْعَذَابِ وَلَنْ يُخْلِفَ اللَّهُ وَعْدَهُ وَإِنَّ يَوْماً عِنْدَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ مِمَّا تَعُدُّونَ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن سەندىن ئازابنىڭ تېز نازىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (ئازاب چوقۇم نازىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ)، الله ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ الله بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر[②]»

﴿اللَّهُ الَّذِي أَنْزَلَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ وَالْمِيزَانَ وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّ السَّاعَةَ قَرِيبٌ، يَسْتَعْجِلُ بِهَا الَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بِهَا وَالَّذِينَ آمَنُوا مُشْفِقُونَ مِنْهَا وَيَعْلَمُونَ أَنَّهَا الْحَقُّ أَلا إِنَّ الَّذِينَ يُمَارُونَ فِي السَّاعَةِ لَفِي ضَلالٍ بَعِيدٍ﴾

«الله كىتاب (يەنى قۇرئان) نى ھەق بىلەن نازىل قىلدى ۋە ئادالەتنى نازىل قىلدى. سەن نېمە بىلىسەن؟ قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ

① سۈرە قىيامەت: 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ھەج: 47 ـ ئايەت.

بىلىدۇ، بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق مۇجادىلە قىلىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر.①»

يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ باشقا ئالامەتلىرىمۇ بار.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا بىزگە قاراپ "نېمە توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىۋاتىسىلەر؟" دېدى. ساھابىلەر قىيامەت توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر ئۇنىڭ تۆرلۈك ئىشنى كۆرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ" دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىس ـ تۈتەكنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى، دەججال ۋە بىر خىل ھايۋاننىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىدىغانلىقى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشىدىغانلىقى، يەئجۇج ـ مەئجۇجلارنىڭ چىقىدىغانلىقى، ئۈچ قېتىملىق يەر تەۋرەش بولىدىغانلىقى، بۇ يەر تەۋرەشلەر شەرقتە بىر قېتىم، غەربتە بىرقېتىم، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قېتىم بولىدىغانلىقى ۋە ئەڭ ئاخىردا يەمەندىن بىر ئوت چىقىپ كىشىلەرنى مەھشەرگاھقا ھەيدەپ ئاپىرىدىغانلىقى قاتارلىق ئون خىل ئىشنى سۆزلەپ بەردى.②»

يەنە بىر ھەدىستە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى نېمە؟ دېگەندە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ سەھرالىق پادىچىلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سېلىشتا بەسلەشكەنلىكىنى ۋە دېدەكلەرنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىنى تۇغقانلىقىنى كۆرگىنىڭدە قىيامەت بولىدۇ" دېگەن.③»

قىيامەت بولغاندا بىرىنچى قېتىملىق سۇر ناھايىتى قاتتىق چېلىنىدۇ

---

① سۈرە شۇرا: 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.
② مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
③ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئاندىن ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىدۇ.

﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَنْ شَاءَ اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُمْ قِيَامٌ يَنْظُرُونَ﴾

«سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى اللە خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ[①]»

دېمەك، بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا اللە ساقلاپ قالغان كىشىلەردىن باشقا ئاسمان ـ زېمىندىكى ھايات قالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا كىشىلەر يېغىلىدىغان كۈن ئۈچۈن قەبرىلىرىدىن قوپىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىككى قېتىملىق سۇرنىڭ ئوتتورىسىدا قىرىق يىل ئۆتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن اللە ئاسماندىن يامغۇرنى چۈشۈرىدۇ ئاندىن كىشىلەر ئوت چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئىنساننىڭ قۇيرۇق سۆڭىكىدىن باشقا ھەممە يېرى چىرىپ تۈگەيدۇ، ئىنسان قىيامەت كۈنى شۇ سۆڭەكتىن قوراشتۇرۇلىدۇ" دېگەن.[②]»

---

① سۈرە زۇمەر: 68 ـ ئايەت.
② بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**3 ـ تىرىلىش:**

مەككە مۇشرىكلىرى ئەڭ ئەجەپلىنىدىغان قىيامەت ۋە قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلار ئىچىدىن ئۇلار ئەڭ گۇمانلىنىدىغىنى تىرىلىش مەسىلىسى ئىدى.

﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا هَلْ نَدُلُّكُمْ عَلَى رَجُلٍ يُنَبِّئُكُمْ إِذَا مُزِّقْتُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّكُمْ لَفِي خَلْقٍ جَدِيدٍ﴾

«كاپىرلار (بىر ـ بىرىگە) ئېيتىدۇ: "سىلەرگە سىلەر (قەبرىلەردە چىرىپ) تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم يېڭىدىن يارىتىلىسىلەر دەپ خەۋەر بېرىدىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ قويايلىمۇ؟. ئۇ اللەغا يالغاننى توقۇدىمۇ؟ يا ئۇ ئېلىشىپ قالدىمۇ؟" ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلار ئازابتا ۋە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر.[1]»

﴿ وَقَالُوا أَإِذَا كُنَّا عِظَاماً وَرُفَاتاً أَإِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقاً جَدِيداً﴾

«مۇشرىكلار: "بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟" دېيىشىدۇ.[2]»

﴿وَكَانُوا يَقُولُونَ أَإِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَاباً وَعِظَاماً أَإِنَّا لَمَبْعُوثُونَ، أَوَآبَاؤُنَا الْأَوَّلُونَ﴾

«ئۇلار: "بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟" دەيتتى.[3]»

ئۇلارنىڭ گۇمانى ھەر تۈرلۈك نادانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئۇلار اللەغا ھەقىقى رەۋىشتە ئىمان ئېيتمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار اللەنىڭ ئۆلۈكلەرنى تېرىلدۈرۈش قۇدرىتىگە سەل قارىدى. ئەگەر ئۇلار

---

① سۈرە سەبەئ: 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ئىسرا: 49 ـ ئايەت.
③ سۈرە ۋاقىئە: 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

اللەغا ھەقىقى رەۋىشتە ئىمان ئېيتقان، اللەنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئۇنىڭ غالىب قۇدرىتىگە ھەقىقى ئىشەنگەن بولسا ئىدى، اللەنىڭ تېرىلدۈرۈش قۇدرىتىگە ھەرگىز سەل قارىمىغان بولاتتى.

ئۇلار يەنە كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يارىتىش مۆجىزىلىرىگە ھەقىقى رەۋىشتە ئىمان ئېيتمىدى. ئەگەر ئۇلار ئۇ مۆجىزىلەرگە ھەقىقى رەۋىشتە ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى ئۇلار يارىتىشنىڭ زور مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، مەخلۇقاتلارنى يارىتىشقا قادىر بولغان زاتنىڭ ھېچ قانداق ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يارىتىش مۆجىزىسىدىنمۇ كاتتىراق مۆجىزە يوق.

ھەقىقەتەن، تۇيغۇ كۆپلىگەن نەرسىلەرگە نىسبەتەن دۆتلىشىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ئاسمان ـ زېمىن، قۇياش، ئاي، كېچە، كۈندۈز، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى تۇيغۇنىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بىراق، كۆنۈپ كەتكەنلىك ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن دۆتلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى مۆجىزىلەرنى ھىس قىلالمايدۇ.

ئەگەر ئىنسان نەسىھەت قۇبۇل قىلغان ياكى كۆزىنى يوغان ئېچىپ كائىناتنىڭ مۆجىزىلىرىگە نەزەر سالغان بولسا چوڭ ـ كىچىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە مۆجىزە بارلىقىنى ۋە مۇشۇ نەرسىلەرنى يوقلۇقتىن بار قىلغان زاتنىڭ مەخلۇقاتلارنى خالىغاندا قايتا يارىتىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ كائىناتقا بولغان تونۇشى بۈگۈنكىدەك تەرەققى قىلمىغان ئىدى. لېكىن، ئىنساننىڭ ئىلمى سەۋىيىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ كائىناتتىكى مەلۇم كۆرۈنۈشلەردىن اللەنىڭ يارىتىشتىكى مۆجىزىلىرىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە ئۇلار

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرغان يارىتىش مۆجىزىلىرى بىلەن ئۇلارغا خىتاب قىلىپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياراتقان زات ئۇلارنى قايتا يارىتىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ» دەيدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ مِن مُّضْغَةٍ مُّخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ لِّنُبَيِّنَ لَكُمْ وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاءُ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّى وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْلَا يَعْلَمَ مِن بَعْدِ عِلْمٍ شَيْئًا وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاءَ اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنبَتَتْ مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ ، ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّهُ يُحْيِي الْمَوْتَى وَأَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ، وَأَنَّ السَّاعَةَ آتِيَةٌ لَّا رَيْبَ فِيهَا وَأَنَّ اللَّهَ يَبْعَثُ مَن فِي الْقُبُورِ﴾

«ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابىمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىللىك كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (اللە تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرۈسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ (يەنى اللە تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى

يۇقىرىقىــدەك يارىتىشــى)، اللەنىــڭ ھەق ئىكەنلىكىنــى، ئۆلــۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قــادىر ئىكەنلىكىنــى ســىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈنــدۇر. شۇنداقلا قىيامەتنىــڭ شەكسىز بولىــدىغانلىقىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى (ئۆلــۈك زېمىننــى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈنــدۈرۈش بىــلەن تىرىلدۈرگەنــدەك) اللەنىــڭ تىرىلدۈرىــدىغانلىقىنى بىلــدۈرۈش ئۈچۈنــدۇر.[①]»

﴿وَهُوَ الَّذِي يَبْدَأُ الْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ وَلَهُ الْمَثَلُ الْأَعْلَى فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾

«مەخلۇقــاتنى دەســلەپتە (يــوقتىن) بــار قىلىــدىغان، ئانــدىن ئــۇنى (ئۆلگەنــدىن كېــيىن) تىرىلدۈرىــدىغان الــلە ئەنە شــۇدۇر، ئــۇ (يەنــى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) اللەغا (ئۇنى دەسـلەپتە يـوقتىن بـار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر، ئاسـمانلاردا ۋە زېمىنـدا ئەڭ ئـالىي سۈپەت اللەغا خاستۇر، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[②]»

﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّ اللَّهَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَمْ يَعْيَ بِخَلْقِهِنَّ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يُحْيِيَ الْمَوْتَى بَلَى إِنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«ئــۇلار (يەنــى ئۆلگەنــدىن كېــيىن تىرىلىشــنى ئىنكــار قىلغــۇچى كۇففــارلار) بىلمەمــدۇكى، ئاســمانلارنى ۋە زېمىننــى ياراتقــان ۋە ئــۇلارنى يارىتىشــتا چارچــاپ قالمىغــان الــلە ئۆلــۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشــكە قــادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.[③]»

قۇرئانــدىكى «قاف» سۈرىســدە بــۇ نادانلىققا قارشــى ئىنســانلار كــۆز ئالدىــدىكى مــۆجىزىلەرنى كــۆرۈپ بــۇ مەخلۇقــاتلارنى ياراتقــان زاتنىــڭ ئۇلارنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مۇنازىرە بار:

---

① سۈرە ھەج: 5ـ7ـ ئايەتلەر.
② سۈرە رۇم: 27ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەھقاف: 33ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ، بَلْ عَجِبُوا أَن جَاءهُمْ مُنذِرٌ مِّنْهُمْ فَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا شَيْءٌ عَجِيبٌ، أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا ذَلِكَ رَجْعٌ بَعِيدٌ، قَدْ عَلِمْنَا مَا تَنقُصُ الْأَرْضُ مِنْهُمْ وَعِندَنَا كِتَابٌ حَفِيظٌ ، بَلْ كَذَّبُوا بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءهُمْ فَهُمْ فِي أَمْرٍ مَّرِيجٍ، أَفَلَمْ يَنظُرُوا إِلَى السَّمَاء فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَاهَا وَزَيَّنَّاهَا وَمَا لَهَا مِن فُرُوجٍ، وَالْأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ، تَبْصِرَةً وَذِكْرَى لِكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ، وَنَزَّلْنَا مِنَ السَّمَاء مَاء مُّبَارَكًا فَأَنبَتْنَا بِهِ جَنَّاتٍ وَحَبَّ الْحَصِيدِ، وَالنَّخْلَ بَاسِقَاتٍ لَّهَا طَلْعٌ نَّضِيدٌ، رِزْقًا لِّلْعِبَادِ وَأَحْيَيْنَا بِهِ بَلْدَةً مَّيْتًا كَذَلِكَ الْخُرُوجُ، كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَأَصْحَابُ الرَّسِّ وَثَمُودُ، وَعَادٌ وَفِرْعَوْنُ وَإِخْوَانُ لُوطٍ، وَأَصْحَابُ الْأَيْكَةِ وَقَوْمُ تُبَّعٍ كُلٌّ كَذَّبَ الرُّسُلَ فَحَقَّ وَعِيدِ، أَفَعَيِينَا بِالْخَلْقِ الْأَوَّلِ بَلْ هُمْ فِي لَبْسٍ مِّنْ خَلْقٍ جَدِيدٍ﴾

«قاف. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن. بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆز ئىچىدىن ئۇلارغا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى، كاپىرلار ئېيتتى: ”بۇ قىزىق ئىشتۇر. بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ ئىلگىرىكى ھالىتىمىزگە قايتامدۇق)، بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن) يىراقتۇر“. ئۇلارنى زېمىننىڭ كېمەيتكىنىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى يەر يەپ كەتكىنىدىن) بىز ھەقىقەتەن خەۋەردارمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) بار. بەلكى ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، ئۇلار قالايمىقان ھالەتتىدۇر. ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟. يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. اللەغا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق). كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق. (ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئۇلاردىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغانلار نۇھنىڭ قەۋمى رەس ئاھالىسى، سەمۇد (قەۋمى)، ئاد (قەۋمى)، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى (يەنى شۇئەيب قەۋمى) تۇببە قەۋمى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابىم (ئۇلارغا) تېگىشلىك بولدى. (ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس) بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز) ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە) قارىتا گۇماندىدۇر.①»

قۇرئان كەرىم يەنە قولىغا يەردىن چىرىپ كەتكەن بىر تال سۆڭەكنى ئېلىپ، ئۇنى ئۇۋىلاپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە پۈۋلەپ تۇرۇپ دۆتلەرچە: «سىنىڭ پەرۋەردىگارىڭ مۇشۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟» دېگەن ئىنكارچى تەكەببۇر بەدبەختكە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَوَلَمْ يَرَ الْإِنسَانُ أَنَّا خَلَقْنَاهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ، وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ، قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ، الَّذِي جَعَلَ لَكُم مِّنَ الشَّجَرِ الْأَخْضَرِ نَارًا فَإِذَا أَنتُم مِّنْهُ تُوقِدُونَ، أَوَلَيْسَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يَخْلُقَ مِثْلَهُم بَلَى وَهُوَ الْخَلَّاقُ الْعَلِيمُ، إِنَّمَا أَمْرُهُ إِذَا أَرَادَ شَيْئًا أَنْ يَقُولَ لَهُ كُنْ فَيَكُونُ، فَسُبْحَانَ الَّذِي بِيَدِهِ مَلَكُوتُ كُلِّ شَيْءٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾

«ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە

---

① سۈرە قاف: 1 ـ 15 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

(ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: ”چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟“ دېدى. ئېيتقىنكى، ”ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر.“ اللە سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، اللە ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. اللە بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ”ۋۇجۇتقا كەل“ دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. اللە پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر[①].»

يارىتىش ئىشى باشتىن ئاخىرى بىر ئىش. كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى بىرلا اللە ياراتقان دەپ ئىمان ئېيتقان كىشى اللەنىڭ ئۇلارنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە يېڭىدىن يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى، كائىنات اللە ئۇنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ يارىتىشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. اللەنىڭ قۇدرىتى ئىلگىرى بىر قېتىملا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يوقاپ كېتىپ، اللە تۇنجى قېتىم ياراتقان نەرسىلەرنى يارىتالمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ ياكى بۇرۇنقىدىن ئاسانراق بولامدۇ؟ بۇ گالۋاڭلارچە گۇمانلىنىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. چۈنكى، يارىتىش ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىۋاتامدۇ؟ تۇغۇلىدىغان ھەر قانداق تۆرەلمە قەيەردىن كېلىدۇ؟ ۋەھالەنكى ئۇ ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، يەنە زېمىن زىرائەتلەرنى قانداق

---

① سۈرە ياسىن: 77 ـ 83 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۆستۈرىدۇ؟ مانا بۇ ئۇلار كۆرۈپ تۇرىۋاتقان يىگىدىن يارىتىش ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىرەرسى بۇگۈنكى كۈندىكى ھاكاۋۇرلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق ئۇرۇقتىن بارلىققا كېلىدۇ دىسە، ئۇنداقتا، تۇنجى قېتىم ئۇرۇقلارغا ھاياتلىق بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۆسۈش ئىقتىدارىنى بەرگىنى كىم؟

بۇنداق سۆزلەرنى دېيىش پەقەت دۆتلۆكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كىشىلەر يارىتىش مەسىلىسىگە خۇددى ئۇ ئۆزلىكىدىن يۈز بېرىۋاتقاندەك قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسى دۆتلەشكەن ۋاقىتتا ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت بولۇپ ئۇلار شۇ سەۋەپلىك اللەنىڭ يارىتىش مۆجىزىلىرىنى كۆرۈشتىن قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ ـ دە، اللەنىڭ قايتا يارىتىش قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدۇ.

بۈگۈنكى جاھىلىيەتنىڭ مۇسىبىتى تېخمۇ چوڭ. چۈنكى، ئۇلار ئىلىم ئارقىلىق كائىناتنىڭ يارىتىلىشتىكى ئىنچىكە مۆجىزىلەرنى تونۇپ يەتتى. ھەر قاچان ئىلىم ئۇلارغا كائىناتنىڭ ئىنچىكە سىرلىرىدىن، بولۇپمۇ، زەررىچىلەر دۇنياسىنىڭ سىرلىرىدىن بىرەر يېڭىلىقنى ئېچىپ بەرسە ھەيرانلىقتىن ئېغىزلىرىنى ئېچىپلا قالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىدۇ ۋە ھەقكە يۈزلىنىشتىن قېچىپ: «ئۇ دېگەن تەبىئەت①» دەيدۇ ۋە بارلىق جاھىلىيەتكە ئوخشاش اللەنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش قۇدرىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.

قۇرئان داۋاملىق ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ﴾

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى

---

① ئۇ نادانلار «تەبىئەت» مەسىلىسىدە لوگىكىلىق ۋە ئىلمى مۇنازىرىلەشمەيدۇ. دېمەك، تەبىئەت دېگىنى ئېنىق بىر نەرسە ئەمەس.

ياراتقۇچىمۇ؟ [1].»

ئۇلارنى دائىم قورقۇتۇپ تۇرىدۇ:

﴿فَذَرْهُمْ حَتَّى يُلاقُوا يَوْمَهُمُ الَّذِي فِيهِ يُصْعَقُونَ ، يَوْمَ لا يُغْنِي عَنْهُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئاً وَلا هُمْ يُنْصَرُونَ﴾

«ئۇلارنى ھالاك قىلىنىدىغان كۈنگىچە تەرك ئەتكىن. ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ[2]»

ئۇلار ھەقىقى ئالىم ئەمەس:

﴿يَعْلَمُونَ ظَاهِراً مِنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ﴾

«ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر[3].»

ئەمما، ھەقىقى ئالىملار اللەغا ۋە ئىرىلىشكە باشقا كىشىلەردىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىدۇ:

﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾

«اللەنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللەدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ[4]».

---

① سۈرە تۇر: 35ـ ئايەت.
② سۈرە تۇر: 45ـ 46ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە رۇم: 7ـ ئايەت.
④ سۈرە فاتىر: 28ـ ئايەت.

**4 ـ توپىلاش:**

اللّه ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ ئاندىن پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇغلايدۇ. قۇرئان كەرىم توپلاشنىڭ قورقۇنچلىرىنى قىيامەتنىڭ قورقۇنچلىرىنى سۈپەتلىگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەيدۇ:

﴿يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ ، وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ ، وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ، لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ﴾

«ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ①.»

ھەشىر قىلىش ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىدىغان ۋە ھەر بىر ئىنسانىنى دۇنيادا ئەڭ يېقىن ئۆتكەن كىشىلىرىدىنمۇ قاچىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدىغان قورقۇنچلۇق ئىشتۇر:

﴿يَخْرُجُونَ مِنَ الْأَجْدَاثِ كَأَنَّهُمْ جَرَادٌ مُنْتَشِرٌ ، مُهْطِعِينَ إِلَى الدَّاعِ﴾

«ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان ھالدا گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگرەيدۇ.②»

﴿يَوْمَ يَخْرُجُونَ مِنَ الْأَجْدَاثِ سِرَاعاً كَأَنَّهُمْ إِلَى نُصُبٍ يُوفِضُونَ﴾

«ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ③»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەشىر كۈنىسىنى سۈپەتلەپ: «قىيامەت كۈنى كىشىلەر

---

① سۈرە ئەبەسە: 34 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە قەمەر: 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

③ سۈرە مەئارىج: 43 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىپ يالىڭاچ ھەشىر قىلىنىدۇ» دېدى. ئائىشە: «ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئەر ـ ئاياللار ھەممىسى بىر يەردە تۇرسا ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىمامدۇ؟» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەي ئائىشە! ئىش ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىشىدىن قاتتىقراقتۇر[1]» دېدى.

لېكىن، كىشىلەرنىڭ توپلىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بەلكى، ئەمەللىرىگە ئاساسەن پەرىقلىق بولىدۇ:

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ ، إِلَى رَبِّهَا نَاظِرَةٌ ، وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ بَاسِرَةٌ ، تَظُنُّ أَن يُفْعَلَ بِهَا فَاقِرَةٌ﴾

«بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ. بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر تۇتۇق بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ چوڭ مۇشكۈللۈككە دۇچار بولىدىغانلىقىغا ئۇلار جەزمەن ئىشىنىدۇ.[2]»

﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُّسْفِرَةٌ ، ضَاحِكَةٌ مُّسْتَبْشِرَةٌ ، وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ ، تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ ، أُوْلَئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ﴾

«ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر[3].»

﴿وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ تَرَى الَّذِينَ كَذَبُوا عَلَى اللَّهِ وُجُوهُهُمْ مُسْوَدَّةٌ﴾

«قىيامەت كۈنى اللەغا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى قاپقارا كۆرىسەن، جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟[4]»

﴿لِّلَّذِينَ أَحْسَنُواْ الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ وَلاَ يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلاَ ذِلَّةٌ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ، وَالَّذِينَ كَسَبُواْ السَّيِّئَاتِ جَزَاء سَيِّئَةٍ بِمِثْلِهَا وَتَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ مَّا لَهُم مِّنَ اللّهِ مِنْ عَاصِمٍ كَأَنَّمَا أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِّنَ

---

① بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
② سۈرە قىيامەت: 22 ـ 25 ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە ئەبەسە: 38 ـ 42 ـ ئايەتلەر.
④ سۈرە زۇمەر: 60 ـ ئايەت.

اللَّيْلِ مُظْلِمًا أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

«ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللەنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. (دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر[①].»

﴿يَوْمَ نَحْشُرُ الْمُتَّقِينَ إِلَى الرَّحْمَنِ وَفْداً ، وَنَسُوقُ الْمُجْرِمِينَ إِلَى جَهَنَّمَ وِرْدا﴾

«شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) تەقۋادارلارنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يىغىمىز. گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز[②].»

﴿يَوْمَ يُنفَخُ فِي الصُّورِ وَنَحْشُرُ الْمُجْرِمِينَ يَوْمَئِذٍ زُرْقًا ، يَتَخَافَتُونَ بَيْنَهُمْ إِن لَّبِثْتُمْ إِلا عَشْرًا ، نَحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ إِذْ يَقُولُ أَمْثَلُهُمْ طَرِيقَةً إِن لَّبِثْتُمْ إِلا يَوْمًا﴾

«بۇ سۇر چېلىنىدىغان كۈندۇر، بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناھكارلارنى يىغىمىز. (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) ”(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈنلا تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى: ”سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار“

---

① سۈرە يۇنۇس: 26ـ 27ـ ئايەتلەر.
② سۈرە مەريەم: 85 ـ 86 ـ ئايەتەر.

دەيدۇ.①»

﴿وَمَنْ يَهْدِ اللَّهُ فَهُوَ الْمُهْتَدِ وَمَنْ يُضْلِلْ فَلَنْ تَجِدَ لَهُمْ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِهِ وَنَحْشُرُهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى وُجُوهِهِمْ عُمْياً وَبُكْماً وَصُمّاً﴾

«كىمكى الله ھىدايەت قىلغان ئىكەن ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، الله گۇمراھ قىلغان ئادەمگە اللهدىن باشقا (ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچىلەرنى تاپالمايسەن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز②.»

مىقدار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى قۇياش كىشىلەرگە بىر مىل مىقدارى يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەر ئەمەللىرىگە قارىتا تەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلاردىن ئوشۇقىغىچە، تىزىغىچە، بېلىغىچە ۋە ئېغىزىغىچە تەرنىڭ ئىچىدە قالىدىغانلار بار③.»

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەرخىل بولىدۇ. ئۇلاردىن ئەمىلىنىڭ يامان بولغانلىقى نەتىجىسىدە قەلبىگە قورقۇنۇچ چۈشۈپ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ئاھانەتكە ئۇچراپ ئاندىن ھايۋانلارغا ئوخشاش ھەيدىلىپ ئەڭ يامان جايغا ئېلىپ بېرىلىدىغان كىشىلەر بار. ئۇلاردىن قەلبىگە خاتىرجەملىك ۋە خۇرسەنلىك تاشلىنىدىغانلىرى بار. ئۇ كىشى پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىنى جەننەتكە كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كۈتۈۋېلىش ۋە ھۆرمەتلەشكە ئېرىشىدۇ.

---

① سۈرە تاھا: 102 ـ 104 ئايەتلەر.
② سۈرە ئىسرا: 97 ـ ئايەت.
③ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**5 ـ ھېساب:**

كىشىلەر ئىنساننى ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن قاچىدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىدىغان قورقۇنچ ئىچىدە ھەشىر قىلىنغاندىن كېيىن اللەغا يۈزلىنىش ۋە ھېساب باشلىنىدۇ:

﴿وَعُرِضُوا عَلَى رَبِّكَ صَفّاً لَقَدْ جِئْتُمُونَا كَمَا خَلَقْنَاكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ بَلْ زَعَمْتُمْ أَلَّنْ نَجْعَلَ لَكُمْ مَوْعِداً﴾

«ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ ـ سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ، (كاپىرلارغا) ”سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساپ بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر)“ دېيىمىز[①].»

كىشىلەر دۇنيادا ئەڭ كىچىك ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ سوئال ـ سوراق قىلىنىشتىن قورقىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ ھۆكۈمران ئۇلارغا قولىدىكى ھوقۇقتىن باشقىنى ئىشلىتەلمەيدىغان ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر. ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنى چوڭ بولسا ئۇلارنىڭ قورقۇنچى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىشىنىڭ تىزراق بىر تەرەپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، كۈتۈپ ئۆتكۈزگەن ۋاقىت ناھايىتى ئۇزۇن بىلىنىدۇ ۋە بىر مىنۇت بىر كۈندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ، بىرقانچە سائەتتىن ياكى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر قانچە كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

ئۇلار ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ھەممىدىن غالىپ، ھەممىدىن كۈچلۈك بولغان اللەنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا ۋە بىر كۈننىڭ

---

① سۈرە كەھف: 48 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۈزۈنلۈقى ئەللىك مىڭ يىلدەك كېلىدىغان كۈندە ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟:

﴿تَعْرُجُ الْمَلَائِكَةُ وَالرُّوحُ إِلَيْهِ فِي يَوْمٍ كَانَ مِقْدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ ، فَاصْبِرْ صَبْرًا جَمِيلًا ، إِنَّهُمْ يَرَوْنَهُ بَعِيدًا ، وَنَرَاهُ قَرِيبًا ، يَوْمَ تَكُونُ السَّمَاءُ كَالْمُهْلِ ، وَتَكُونُ الْجِبَالُ كَالْعِهْنِ ، وَلَا يَسْأَلُ حَمِيمٌ حَمِيمًا﴾

«پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) اللهغا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ. (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن. ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ. بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز. ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ. تاغلار ئېرىتىلگەن رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. (ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ①»

كىشىلەرنىڭ سوتلىنىش ئۈچۈن ھاكىمنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇلۇپ قويۇلغان ۋاقىتتىكى ھالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن. شۇنداق ئىكەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللهنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇلۇپ سوراققا تارتىلغان قورقۇنچلۇق مەيداننى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟!...

﴿وَخَشَعَتِ الْأَصْوَاتُ لِلرَّحْمَنِ فَلَا تَسْمَعُ إِلَّا هَمْسًا ، يَوْمَئِذٍ لَّا تَنفَعُ الشَّفَاعَةُ إِلَّا مَنْ أَذِنَ لَهُ الرَّحْمَنُ وَرَضِيَ لَهُ قَوْلًا ، يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِهِ عِلْمًا ، وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ وَقَدْ خَابَ مَنْ حَمَلَ ظُلْمًا﴾

«مەرھەمەتلىك اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن. بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك الله ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن الله رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ. الله

---

① سۈرە مەئارىج: 4 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ. گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى(مەڭگۇ) ھايات اللهغا ئېگىلىدۇ، اللهغا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ.[①]»

ئاندىن سوئال ـ سوراق ۋاقتى كېلىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىغىچە بولغان بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئۇزۇن سەپتىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىسى سوراق قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دېگەن:

﴿فَوَرَبِّكَ لَنَسْأَلَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ، عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق)نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز[②].»

ئەگەر اللهنىڭ ئالدىغا تۇغرىلىنىش قورقۇنچلۇق بولسا، ئۇنداقتا سوراققا تارتىلىش تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ؟.

سەن كىشىلەرنىڭ ھاكىمنىڭ ئالدىدا سوئال ـ سوراق قىلىنىش ئۈچۈن تۇرغاندىكى ھالىغا قاراپ باقماسەن؟ سوراق مەيدانىغا بارماي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدۇ، ئۇلارغا نۆۋەت كەلگەندە نەپەسلىرى قالايمىقانلىشىپ، يۈرەكلىرى سېلىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ كېتىدۇ. ئەگەر گۇناھكار بولسا سوراق باشلانغاندىن باشلاپ جازامۇ باشلىنىدۇ.

ئۇلار ھاكىمنىڭ ئالدىدا گەپ يورغىلىتالايدۇ. يالغان گەپ قىلالايدۇ ۋە سوراقتىن بىر ئاماللار بىلەن قۇتۇلۇپمۇ كېتەلەيدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ تىلىغىمۇ ئىگە بولالمايدىغان، تىللىرى، تىرىلىرى ۋە پۇتلىرى

---

① سۈرە تاھا: 108 ـ 111 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ھىجر: 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەزالىرى ئۇلارغا گۇۋاھ بولىدىغان قورقۇنچلۇق مەيداندا قانداق بولۇپ كېتەر؟ تۆۋەندىكى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك:

﴿يَوْمَ تَشْهَدُ عَلَيْهِمْ أَلْسِنَتُهُمْ وَأَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ، يَوْمَئِذٍ يُوَفِّيهِمُ اللَّهُ دِينَهُمُ الْحَقَّ وَيَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ الْمُبِينُ﴾

«شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇ كۈندە الله ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار اللهنىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ[1]»

﴿الْيَوْمَ نَخْتِمُ عَلَى أَفْوَاهِهِمْ وَتُكَلِّمُنَا أَيْدِيهِمْ وَتَشْهَدُ أَرْجُلُهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾

«شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)[2]»

﴿وَيَوْمَ يُحْشَرُ أَعْدَاءُ اللَّهِ إِلَى النَّارِ فَهُمْ يُوزَعُونَ ، حَتَّى إِذَا مَا جَاؤُوهَا شَهِدَ عَلَيْهِمْ سَمْعُهُمْ وَأَبْصَارُهُمْ وَجُلُودُهُمْ بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ، وَقَالُوا لِجُلُودِهِمْ لِمَ شَهِدتُّمْ عَلَيْنَا قَالُوا أَنطَقَنَا اللَّهُ الَّذِي أَنطَقَ كُلَّ شَيْءٍ وَهُوَ خَلَقَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ، وَمَا كُنتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَنْ يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَا أَبْصَارُكُمْ وَلَا جُلُودُكُمْ وَلَكِن ظَنَنتُمْ أَنَّ اللَّهَ لَا يَعْلَمُ كَثِيرًا مِّمَّا تَعْمَلُونَ ، وَذَلِكُمْ ظَنُّكُمُ الَّذِي ظَنَنتُم بِرَبِّكُمْ أَرْدَاكُمْ فَأَصْبَحْتُم مِّنْ الْخَاسِرِينَ ، فَإِن يَصْبِرُوا فَالنَّارُ مَثْوًى لَّهُمْ وَإِن يَسْتَعْتِبُوا فَمَا هُم مِّنَ الْمُعْتَبِينَ﴾

«ئۇ كۈندە اللهنىڭ دۈشمەنلىرى دوزاخقا توپلىنىدۇ، ئالدى ـ ئارقىسى يىغىلىپ بولغۇچە توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئۇلار دوزاخقا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە: ”نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟“ دەيدۇ، تېرىلىرى:

---

① سۈرە نۇر: 24ـ 25ـ ئايەتلەر.
② سۈرە ياسىن: 65ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

”ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن اللە بىزنى سۆزلەتتى، ئۇ دەسلەپتە سىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر“دەيدۇ. سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار)، لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى ”اللە بىلمەيدۇ“ دەپ گۇمان قىلدىڭلار. پەرۋەردىگارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ (قەبىھ) گۇمانىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (ئازابقا) چىدىسا، (چىداملىقنىڭ پايدىسى يوق) دوزاخ ئۇلارنىڭ جايىدۇر، ئەگەر ئۇلار (اللەدىن) رازىلىق تىلىسە، ھەرگىز رازىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ[1]»

ئۇلار گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلماي ۋە ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرمەي ئامالى يوق.

﴿يَا مَعْشَرَ الْجِنِّ وَالْإِنْسِ أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِنْكُمْ يَقُصُّونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِي وَيُنْذِرُونَكُمْ لِقَاءَ يَوْمِكُمْ هَذَا قَالُوا شَهِدْنَا عَلَى أَنْفُسِنَا وَغَرَّتْهُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَشَهِدُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَنَّهُمْ كَانُوا كَافِرِينَ﴾

«”ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟“ ئۇلار: ”گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق“ دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.[2]»

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت: 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنئام: 130 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇ يەردە تارازىلار قويۇلىدۇ ۋە ئەمەللەر ئۆلچىنىدۇ.

﴿وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئاً وَإِنْ كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ﴾

«قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.①»

﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِنْ تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ فَتَكُنْ فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ﴾

«(لوقمان ئېيتتى) ”ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىنىنىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). الله ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر“ دېدى.②»

﴿وَلَدَيْنَا كِتَابٌ يَنْطِقُ بِالْحَقِّ وَهُمْ لا يُظْلَمُونَ﴾

«بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقنى سۆزلەيدىغان كىتاب (يەنى بەندىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن نامە ـ ئەمال بار، ئۇلارغا (ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىش ياكى ئازابىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن) قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.③»

---

① سۈرە ئەنبىيا: 47 ـ ئايەت.
② سۈرە لوقمان: 16 ـ ئايەت.
③ سۈرە مۇئمىنۇن: 62 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿وَوُضِعَ الْكِتَابُ فَتَرَى الْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَا وَيْلَتَنَا مَالِ هَذَا الْكِتَابِ لا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلا كَبِيرَةً إِلا أَحْصَاهَا وَوَجَدُوا مَا عَمِلُوا حَاضِراً وَلا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَداً﴾

«كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: "ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟" دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ.[①]»

﴿يَوْمَ تَجِدُ كُلُّ نَفْسٍ مَا عَمِلَتْ مِنْ خَيْرٍ مُحْضَراً وَمَا عَمِلَتْ مِنْ سُوءٍ تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ أَمَداً بَعِيد﴾

«ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.[②]»

﴿وَكُلَّ إِنْسَانٍ أَلْزَمْنَاهُ طَائِرَهُ فِي عُنُقِهِ وَنُخْرِجُ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ كِتَاباً يَلْقَاهُ مَنْشُوراً ، اقْرَأْ كِتَابَكَ كَفَى بِنَفْسِكَ الْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيباً﴾

«ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق .كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) "نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە" دېيىلىدۇ.[③]»

---

① سۈرە كەھف: 49ـ ئايەت.
② سۈرە ئال ئىمران: 30ـ ئايەت.
③ سۈرە ئىسرا: 13ـ14ـ ئايەتلەر.

كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قارىتا ھەرخىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە نام ـ ئەمەللىرى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدۇ بەزىلىرىگە سول تەرەپتىن بېرىلىدۇ.

﴿فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَيَقُولُ هَاؤُمُ اقْرَؤُوا كِتَابِيهْ ، إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَاقٍ حِسَابِيهْ ، فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ ، فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ، قُطُوفُهَا دَانِيَةٌ ، كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا أَسْلَفْتُمْ فِي الْأَيَّامِ الْخَالِيَةِ ، وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِشِمَالِهِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَابِيهْ ، وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيهْ، يَا لَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ ، مَا أَغْنَى عَنِّي مَالِيهْ ، هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيهْ ، خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ، ثُمَّ الْجَحِيمَ صَلُّوهُ ، ثُمَّ فِي سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَاسْلُكُوهُ ، إِنَّهُ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ ، وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ ، فَلَيْسَ لَهُ الْيَوْمَ هَاهُنَا حَمِيمٌ ، وَلَا طَعَامٌ إِلَّا مِنْ غِسْلِينٍ ، لَا يَأْكُلُهُ إِلَّا الْخَاطِؤُونَ﴾

«نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): ”بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم“ دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغانىدىمۇ، ئولتۇرغانىدىمۇ، ياتقانىدىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ. (ئۇلارغا) ”ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار“ دېيىلىدۇ. نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، ”ماڭا نامە ـ ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ!. ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم! دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ!. مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى“. (اللە دوزاختىكى مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: ”ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى دوزاختا تاشلاڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار“. (ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللەغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بېرىشـنى تەرغىـب قىلمـايتتى. بۇگـۈن ئۇنىڭغـا بـۇ يەردە (ئۇنىڭـدىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كاپىرلارلا) يەيدۇ.[①]»

﴿فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ ، فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا ، وَيَنقَلِبُ إِلَى أَهْلِهِ مَسْرُورًا ، وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ وَرَاء ظَهْرِهِ ، فَسَوْفَ يَدْعُو ثُبُورًا ، وَيَصْلَى سَعِيرًا﴾

«نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمـدىن ئاسـان ھېسـاب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ. نـامە ـ ئەمـالى ئارقـا تەرىپىـدىن بېرىلگەن ئـادەم "ۋاي دەپ توۋلايـدۇ (يەنـى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ)"دوزاختا كىرىدۇ.»

مانـا بـۇلار قۇرئـان كەرىـم ئـوڭ تەرەپ ئىگىلىـرى ۋە سـول تەرەپ ئىگىلىرى ياكى بەختلىكلەر ۋە بەختسىزلەر دەپ ئاتىغان كىشىلەردۇر. بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشـلەرنىڭ ھەر بىرسـىنىڭ ئۆزىگە يارىشا بارىـدىغان جايى بار.

---

① سۈرە ھاققە: 19 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

## 6 ـ پىلسىرات كۆۋرۈكى:

الله بىلەن ئۇچرىشىش ۋە سوئال ـ سوراقلار ئاخىرلىشىپ، ئەمەللەر ئۆلچىنىپ ئاخىرقى نەتىجە بىكىتىلىپ بولسا ھەر بىر پىرقە ئۆزىنىڭ جايىغا قاراپ ماڭىدۇ، بىر پىرقە جەننەتكە، بىر پىرقە دەۋزەخكە. ئۇلار يولدا پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ. جايى دەۋزەخ بولغان كىشى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن دەۋزەخكە چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار دەۋزەختە ئازاپلىنىدۇ. ئەمما جايى جەننەت بولغان كىشىلەر پەقەت كاپىرلارنىڭ ئورنىنى كۆرىشى ۋە اللەنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغان ئازابنى بىلىشى ئۈچۈن دەۋزەخنى يىراقتىن كۆرىدۇ. ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ پاك پەرىشتىلەر كۈتىۋالىدىغان جايغا بارىدۇ.

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ مِنْكُمْ إِلا وَارِدُهَا كَانَ عَلَى رَبِّكَ حَتْماً مَقْضِيّاً ، ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوْا وَنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيّا﴾

«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز.①»

يەنە ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "اللە تەئالا قىيامەت كۈنى پۈتۈن كىشىلەرنى جۇغلايدۇ ۋە ھەركىم ئۆزى ئىبادەت قىلغان نەرسىسگە ئەگەشسۇن دەيدۇ". ئاندىن قۇياشقا ئىبادەت قىلغان كىشى قۇياشقا ئەگىشىدۇ، ئايغا ئىبادەت قىلغان كىشى ئايغا ئەگىشىدۇ ۋە تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر تاغۇتلارغا ئەگىشىدۇ. ئاخىرىدا

---

① سۈرە مەريەم: 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”دەۋزەخنىڭ ئۈستىگە پىلسىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ مەن ۋە مېنىڭ ئۈممىتىم ئۆتىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەۋۋىلى“ دېدى[1].»

ئەبى سەئىدىل خۇدرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پىلسىرات كۆۋرۈكى قانداق بولىدۇ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”پىلسىرات كۆۋرۈكى تېيىلغاق ئۇنىڭدا ئىلمەكلەر، قاماغلار ۋە تىكەنلەر بار “ دېدى، ئاندىن ئەبۇ سەئىد: ”مەن پىلسىرات كۆۋرۈكنىڭ قىلدىن ئىنچىكە ۋە قىلىچتىن ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم“ دېدى.[2]»

ھۇزەيپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پىلسىرات كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇيرۇلغان كىشىلەرنى قامالايدىغان قاماقلار بار. بەدەنلىرى تىلىنىپ قۇتۇلۇپ قالىدىغانلار بار، بەدەنلىرى شىلىنىپ قۇتۇلۇپ قالىدىغانلار بار ۋە دەۋزەخكە چۈشۈپ كېتىدىغانلار بار» دېدى.[3]

---

① بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
② مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
③ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

### 7 ـ جەننەت ۋە دەۋزەخ:

بىز بۇ يەردە ئاخىرقى ئورۇنغا يېتىپ كېلىمىز. تىرىلىش تۇپلىنىش، اللهنىڭ ئالدىغا توغرىلىنىش ۋە سوئال ـ سوراقلار ئاخىرلىشىپ بولغاندىن كېيىن زېمىنىدىكى پانىي دۇنيادىن باشلانغان ئۇزۇن سەپەر ئاخىرلىشىدۇ:

﴿كَمَا بَدَأَكُمْ تَعُودُونَ ، فَرِيقاً هَدَى وَفَرِيقاً حَقَّ عَلَيْهِمُ الضَّلالَةُ إِنَّهُمُ اتَّخَذُوا الشَّيَاطِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ﴾

«سىلەر الله دەسلەپتە پەيدا قىلغان هالىتىڭلارغا (ئەسلىڭلەرگە) قايتىسىلەر، الله (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى هىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراهلىق تېگىشلىك بولدى. شۈبهىسىزكى، ئۇلار اللهنى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ.①»

بۇ يەردە ئىشلار مۇكەممەللىشىدۇ، هەقىقەت ئىشقا ئاشىدۇ ۋە هەممە نەرسە ئۆز ئورنىغا بارىدۇ. پانىي دۇنيادا توغرا يولدا مۇستەهكەم تۇرغان، اللهغا ئىمان ئېيتقان، اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندىغان، قىيامەت كۈنى اللهغا ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، الله چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراقلاشقان، اللهنى رازى قىلىشقا تىرىشىپ، شۇ يولدا جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەككەن ۋە هەقىقەت يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلالىغان كىشىلەرلا اللهنىڭ رازىلىقىغا، جەننەتتىكە ۋە قورقۇنچ يوق، نېمەتلەر كەملەپ كەتمەيدىغان خاتىرجەملىك ئورنىغا ئېرىشىدۇ.

﴿لا يَذُوقُونَ فِيهَا الْمَوْتَ إِلَّا الْمَوْتَةَ الْأُولَى وَوَقَاهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ﴾

«ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە

---

① سۈرە ئەئراف: 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ھېچقانــداق ئۆلــۈمنى تېتىمايــدۇ، اللــه ئــۇلارنى دوزاخ ئازابىــدىن ساقلايدۇ.[1]»

ئەمما كاپىر بولغان، مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغان، ئازغۇنلۇقىدا چىڭ تۇرۇۋالغان، اللـه ۋە اللەنىـڭ پەيغەمبەرلىرىنىـڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشـى چىققـان، دۇنيا ھاياتىـدا ھـارام ئىشـلار بىـلەن شـۇغۇللىنىپ شـەيتانلارنى رازى قىلىـش يولىـدا جاپـا چەكـكەن، ئۆزىنىـڭ خاتـا قىلمىشلىرىدىن پەخىرلەنگەن ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلغان كىشىلەر ئازابى بىر كۈنمۇ يەڭگىللىتىلمەيدىغان ۋە ئۆلۈم ياكى ھاياتلىق بولمىغان دەۋزەخكە كىرىدۇ.

مانـا! بـۇيەردە اللەنىـڭ ئـادالىتى ئايـان بولىـدۇ. ئاسـمانلارنىڭ، زېمىنىنــــڭ، ئۆلــۈم ۋە ھاياتلىقنىــــڭ يارىتىلىشــــىدىكى ھەقىــــقەت ئاشكارىلىنىدۇ. ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ تىگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ ۋە مۇشۇ ھاياتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىسپاتى مۇكەممەللىشىدۇ.

قۇرئـان كەرىمنىـڭ نۇرغـۇن جايلىرىـدا جەننەتنىـڭ، دەۋزەخنىـڭ، نېمەتنىڭ ۋە ئازاپنىڭ سۈپەتلىرى كېلىدۇ. بىز بۇيەردە مىساللارنى كۆپ كەلتـۈرمەيمىز، چـۈنكى قۇرئـان كەرىـم ھەمـمە كىشـىنىڭ ئۆيىـدە بـار. ھەرقاچـان قۇرئـاننى ئوقۇسـا قىيـامەت كۈرۈنۈشـلىرى توغۇرىسـىدىكى سۈپەتلەرنى تاپالايدۇ. بىز بۇيەردە نـېمەت ۋە ئـازاپ ھەققىـدە قىسقىچە سۆزلەيمىز، ئاندىن بىر قىسىم ئايەتلەرنى ئۈلگە قىلىپ كەلتۈرىمىز.

قۇرئاندا ئازاپ ھېسسي ۋە مەنىۋي دەپ سۈپەتلەنگەندەك، نېمەتمۇ ھىسسـي ۋە مەنـىۋي دەپ سـۈپەتلىنىدۇ. چـۈنكى، ئىنسـان دۇنيـادا جەسەتتىن، روھتىن، ماددى ۋە مەنىۋى نەرسـىلەردىن تەركىـپ تاپقـان بىر ھاياتتا ياشايدۇ. ئىنسان ئاخىرەتتە ھۆرمەتلىنىدۇ يـاكى خارلىنىـدۇ.

---

[1] سۈرە دۇخان: 56ـ ئايەت.

ئەگەر ھۆرمەتلەنسە جەسىتىمۇ ۋە روھىمۇ ھۆرمەتلىنىدۇ. ئەگەر خارلانسا جەسىتىمۇ ۋە روھىمۇ خارلىنىدۇ.

الله بىزگە ئۆزىنىڭ جەننىتى ۋە دەۋزىخىنى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە ئامىباپ قىلىپ سۈپەتلەپ بەردى. لېكىن، بىزنىڭ تۈيغۇمىز جەننەت ۋە دەۋزەخنىڭ ھەقىقى سۈپەتلىرىنى بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەت توغرىسىدا «جەننەتتە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەر بار» دېگەن.①

بىز ھىسسىي ۋە مەنىۋىي نېمەتلەرنى پەقەت ھاياتى دۇنيادىكى تەجرىبىمىزگە ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلىمىز. لېكىن، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىز ئويلىغاندىن نەچچە ھەسسە گۈزەل. جەننەتنىڭ دەرەخلىرى دۇنيانىڭ دەرەخلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشىمايدۇ. جەننەت ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكى دۇنيادا بىز تەسەۋۋۇر قىلغان گۈزەللىكتىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى. الله تەرەپتىن بولغان رازىلىقمۇ شۇنداق بولىدۇ: «اللهنىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر.②»

ئەمما، اللهنىڭ رازىلىقىنى، كۆڭۈلنىڭ بۇ رازىلىقتىن قانچىلىك مەمنۇن، روھنىڭ قانچىلىك خۇشھال بولىدىغانلىقىنى ئۆز ھەقىقتىنى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، تەجرىبە ۋە تەسەۋۋۇر دائىرىسىگە كىرمەيدىغان نەرسىنى تىل بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ.

ئازاپ توغرىسىدىكى ئىشلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىز دەۋزەخنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت دۇنيادا كۆرگەنلىرىمىزگە ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلىپ

---

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
② سۈرە تەۋبە: 72 ـ ئايەت.

باقىمىز. لېكىن، بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ دەۋزەختىكى كاپىرلارنى كۆتۈپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى ئازاپنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەيمىز ۋە شۇنداقلا رەسۋاچىلىق، ھەسرەت ـ نادامەت ۋە خورلۇق قاتارلىق ئازاپلارنىڭمۇ ھەقىقىتىنى بىلەلمەيمىز.

ئەمدى بىز قۇرئان كەرىمدىكى جەننەت ۋە دەۋزەخنىڭ سۈپەتلىرىنى ئوقۇپ باقايلى ۋە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىگە يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ باقايلى.

**1 ـ جەننەت ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرى:**

﴿وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ جَنَّتَانِ ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ، ذَوَاتَا أَفْنَانٍ ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ، فِيهِمَا عَيْنَانِ تَجْرِيَانِ ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ، فِيهِمَا مِن كُلِّ فَاكِهَةٍ زَوْجَانِ ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ، مُتَّكِئِينَ عَلَى فُرُشٍ بَطَائِنُهَا مِنْ إِسْتَبْرَقٍ وَجَنَى الْجَنَّتَيْنِ دَانٍ ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ، فِيهِنَّ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلا جَانٌّ ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ، كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ ، فَبِأَيِّ آلاء رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ، هَلْ جَزَاء الإِحْسَانِ إِلا الْإِحْسَانُ﴾

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ ئىككى جەننەتتە ھەر مېۋىدىن ئىككى خىلدىن بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇلار ئەستەرلىرى قېلىن تاۋاردىن بولغان تۆشەكلەرگە يۆلىنىدۇ، ئىككى جەننەتنىڭ مېۋىسى (تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئادەممۇ ئۆزەلەيدىغان دەرىجىدە) يېقىندۇر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ گويا ئۇلار (سۆزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.[①]»

﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَعِيمٍ ، فَاكِهِينَ بِمَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ وَوَقَاهُمْ رَبُّهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ ، كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ، مُتَّكِئِينَ عَلَى سُرُرٍ مَّصْفُوفَةٍ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ ، وَالَّذِينَ آمَنُوا وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَانٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَمَا أَلَتْنَاهُم مِّنْ عَمَلِهِم مِّن شَيْءٍ كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ ، وَأَمْدَدْنَاهُم بِفَاكِهَةٍ وَلَحْمٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ ، يَتَنَازَعُونَ فِيهَا كَأْسًا لَّا لَغْوٌ فِيهَا وَلَا تَأْثِيمٌ ، وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ غِلْمَانٌ لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ لُؤْلُؤٌ مَّكْنُونٌ ، وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ يَتَسَاءلُونَ ، قَالُوا إِنَّا كُنَّا قَبْلُ فِي أَهْلِنَا مُشْفِقِينَ ، فَمَنَّ اللَّهُ عَلَيْنَا وَوَقَانَا عَذَابَ السَّمُومِ ، إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلُ نَدْعُوهُ إِنَّهُ هُوَ الْبَرُّ الرَّحِيمُ﴾

«تەقۋادارلار ھەقىقەتەن جەننەتلەردە ۋە نېمەت ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى بەرگەن نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. (ئۇلارغا) "قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ (مۇكاپاتى) ئۈچۈن كۆڭۈللۈك يەڭلار ۋە ئىچىڭلار" (دېيىلىدۇ). ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز. ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى)

---

① سۈرە رەھمان: 46ـ 60ـ ئايەتلەر.

ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر. ئۇلار كۆرۈۋاتقان نېمەتنىڭ ئۈستىگە يەنە (ئۇلارنى) كۆڭلى تارتقان مېۋە ۋە كۆڭلى تارتقان گۆش بىلەن تەمىنلەيمىز. ئۇلار جەننەتتە ئۆزئارا (مەي قاچىلانغان) جاملارنى تۇتىشىدۇ، (مەي ئىچىش بىلەن) ئۇلاردىن (بۇ دۇنيادىكىدەك) بىھۇدە سۆز ۋە گۇناھ سادىر بولمايدۇ. گويا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەردەك (چىرايلىق) غىلمانلار ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ (ئۇلارنىڭ) خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئۇلار (يەنى ئەھلى جەننەت) بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: ”بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە (اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق. الله بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى. بىز ھەقىقەتەن ئىلگىرى اللەغا ئىبادەت قىلاتتۇق، الله ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.“ ①»

﴿وَجَزَاهُم بِمَا صَبَرُوا جَنَّةً وَحَرِيرًا ، مُّتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ لَا يَرَوْنَ فِيهَا شَمْسًا وَلَا زَمْهَرِيرًا ، وَدَانِيَةً عَلَيْهِمْ ظِلَالُهَا وَذُلِّلَتْ قُطُوفُهَا تَذْلِيلًا ، وَيُطَافُ عَلَيْهِم بِآنِيَةٍ مِّن فِضَّةٍ وَأَكْوَابٍ كَانَتْ قَوَارِيرَا ، قَوَارِيرَ مِن فِضَّةٍ قَدَّرُوهَا تَقْدِيرًا ، وَيُسْقَوْنَ فِيهَا كَأْسًا كَانَ مِزَاجُهَا زَنجَبِيلًا ، عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّى سَلْسَبِيلًا ، وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُّخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيْتَهُمْ حَسِبْتَهُمْ لُؤْلُؤًا مَّنثُورًا ، وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا ، عَالِيَهُمْ ثِيَابُ سُندُسٍ خُضْرٌ وَإِسْتَبْرَقٌ وَحُلُّوا أَسَاوِرَ مِن فِضَّةٍ وَسَقَاهُمْ رَبُّهُمْ شَرَابًا طَهُورًا ، إِنَّ هَذَا كَانَ لَكُمْ جَزَاءً وَكَانَ سَعْيُكُم مَّشْكُورًا﴾

«ئۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقەتلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ. جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ. ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي

① سۈرە تۇر: 17 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

تولدۇرۇلغان) كۆمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار، ئۇلارنىڭ ئېهتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېهتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ. ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىبىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ. جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار. قېرىماي هەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلۈكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن. قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ. شۈبهىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېهنىتىڭلار قوبۇل بولدى.[1]»

﴿وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَانًا عَلَى سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ ، لاَ يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ﴾

«ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان هالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ.[2]»

2 ـ دەۋزەخ ۋە دەۋزەخ ئەهلىنىڭ سۈپەتلىرى:

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَاراً كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُوداً غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ﴾

---

① سۈرە ئىنسان: 12 ـ 22 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە هىجر: 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«شۇبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[①]»

﴿وَقَالَ الَّذِينَ فِي النَّارِ لِخَزَنَةِ جَهَنَّمَ ادْعُوا رَبَّكُمْ يُخَفِّفْ عَنَّا يَوْماً مِنَ الْعَذَابِ ، قَالُوا أَوَلَمْ تَكُ تَأْتِيكُمْ رُسُلُكُمْ بِالْبَيِّنَاتِ قَالُوا بَلَى قَالُوا فَادْعُوا وَمَا دُعَاءُ الْكَافِرِينَ إِلَّا فِي ضَلَالٍ﴾

«دوزاختىكىلەر دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە: "سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسە ئىكەن" دەيدۇ. ئۇلار (يەنى دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر): "پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟ " دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كۇففارلار): "ھەئە، ئېلىپ كەلگەن ئىدى" دەيدۇ. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): "سىلەر دۇئا قىلىڭلار، (لېكىن) كاپىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىزدۇر" دەيدۇ.[②]»

﴿وَبُرِّزَتِ الْجَحِيمُ لِلْغَاوِينَ ، وَقِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ ، مِن دُونِ اللَّهِ هَلْ يَنصُرُونَكُمْ أَوْ يَنتَصِرُونَ ، فَكُبْكِبُوا فِيهَا هُمْ وَالْغَاوُونَ ، وَجُنُودُ إِبْلِيسَ أَجْمَعُونَ ، قَالُوا وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ ، تَاللَّهِ إِن كُنَّا لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ ، إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ الْعَالَمِينَ ، وَمَا أَضَلَّنَا إِلا الْمُجْرِمُونَ ، فَمَا لَنَا مِن شَافِعِينَ ، وَلا صَدِيقٍ حَمِيمٍ ، فَلَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾

«دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلارغا: " سىلەر ئىلگىرى اللەنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟" دېيىلىدۇ. بۇتلار، گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ. ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: "اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى (ئىبادەتتە

---

① سۈرە نىسا: 56 ـ ئايەت.
② سۈرە غافىر: 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر.

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق. بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق. ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق. ئەگەر بىزگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، بىز مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق."①»

﴿هَذَا وَإِنَّ لِلطَّاغِينَ لَشَرَّ مَآبٍ ، جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا فَبِئْسَ الْمِهَادُ ، هَذَا فَلْيَذُوقُوهُ حَمِيمٌ وَغَسَّاقٌ ، وَآخَرُ مِن شَكْلِهِ أَزْوَاجٌ ، هَذَا فَوْجٌ مُّقْتَحِمٌ مَّعَكُمْ لَا مَرْحَبًا بِهِمْ إِنَّهُمْ صَالُوا النَّارِ ، قَالُوا بَلْ أَنتُمْ لَا مَرْحَبًا بِكُمْ أَنتُمْ قَدَّمْتُمُوهُ لَنَا فَبِئْسَ الْقَرَارُ ، قَالُوا رَبَّنَا مَن قَدَّمَ لَنَا هَذَا فَزِدْهُ عَذَابًا ضِعْفًا فِي النَّارِ ، وَقَالُوا مَا لَنَا لَا نَرَى رِجَالًا كُنَّا نَعُدُّهُم مِّنَ الْأَشْرَارِ ، أَتَّخَذْنَاهُمْ سِخْرِيًّا أَمْ زَاغَتْ عَنْهُمُ الْأَبْصَارُ ، إِنَّ ذَلِكَ لَحَقٌّ تَخَاصُمُ أَهْلِ النَّارِ﴾

«بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كاپىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر. ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان ـ يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن. يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار. (ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەن چاغدا، ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئېيتىلىدۇ) "بۇ جامائە سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر". (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئېيتىدۇ) "ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ، ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر". ئەگەشكۈچىلەر ئېيتىدۇ: "بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر، سىلەر ئازابنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار (يەنى بىزنى ئازدۇرۇپ دوزاخقا كىرىشىمىزگە سەۋەبچى بولدۇڭلار)، بۇ نېمىدېگەن يامان جاي!" ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر): "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە دوزاخ ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن" دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى) ئېيتىدۇ: "بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (يەنى مۇئمىنلەرنى) (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلارنى بىز (دۇنيادىكى چاغدا) مەسخىرە قىلاتتۇقمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئېغىپ كەتتىمۇ؟ (يەنى ياكى ئۇلار دوزاختا بىز بىلەن بىللە

---

① سۈرە شۇئەرا: 91 ـ 102 ـ ئايەتلەر.

تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتامدۇق؟)“. ئەھلى دوزاخنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆزئارا جاڭجاللىشىشى چوقۇمدۇر.[①]»

﴿إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَاراً أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا وَإِنْ يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاءٍ كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ بِئْسَ الشَّرَابُ وَسَاءَتْ مُرْتَفَقاً﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ”(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن“ دېگىن، بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرىۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي![②]»

﴿ثُمَّ إِنَّكُمْ أَيُّهَا الضَّالُّونَ الْمُكَذِّبُونَ ، لَآكِلُونَ مِن شَجَرٍ مِّن زَقُّومٍ ، فَمَالِؤُونَ مِنْهَا الْبُطُونَ ، فَشَارِبُونَ عَلَيْهِ مِنَ الْحَمِيمِ ، فَشَارِبُونَ شُرْبَ الْهِيمِ هَذَا نُزُلُهُمْ يَوْمَ الدِّينِ﴾

«ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر. ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى بولغان قايناقسۇنى تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى زىياپىتىدۇر.[③]»

بىز جەننەت ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ، دوزاخ ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تامامەن تەكىۈزلۈق بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. جەننەت ئىنسانلار ئويلىغان بەلكى ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپ نېمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جەننەت ئەھلى سۆھبەت، دوستلۇق ئىچىدە بولىدۇ. ئەمما، دوزاختا ھېسسىي ئازاپلاردىن ئىنسان ئويلاپ باقمىغان دەھشەتلىك ئازاپلار بار. خورلۇق ۋە ھەسرەت ـ نادامەت ئۇلارنىڭ دائىملىق ئازابىدۇر.

---

① سۈرە ساد: 55 ـ 64 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە كەھف: 29 ـ ئايەت.
③ سۈرە ۋاقىئە: 51 ـ 56 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلار مۇشۇندىق ئازاپلانغاندىن باشقا تاپا ـ تەنە ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ.

«پەرۋەردىگارىمىز بىزگە دۇنيادا ياخشىلىقنى بەرگىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىقنى بەرگىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»

# ئالتىنچى باپ

## تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئىنسان تەقدىرنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىغا، كائىناتتىكى پۈتۈن ئىشلارنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتمىغىچىلىك ئۇنىڭ ئىمانى تولۇق بولمايدۇ (بەلكى، ئىمان ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ).

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىپلىقى ئېنىق. ئۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، پۈتكۈل كائىناتتا ۋە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر ـ ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرىدا ـ بىر بولسا ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان ۋە ئۇنى تەقدىر قىلغان اللە تەرەپتىن كېلىدۇ. بىر بولسا ـ ئىنساننىڭ تەپەككۇر رامكىسىغا ئاساسەن ـ اللەنىڭ غەيرىدىن كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان اللەدىن كەلدى دەپ ئىشەنسە، ئۇنداقتا، اللەغا ھەقىقى ئىمان كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر اللەنىڭ غەيرىدىن كەلدى دەپ ئويلىسا، ئۇنداقتا، ئۇ اللەغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى، شېرىك ئىبادەتلەرنى اللەنىڭ غەيرىگە قىلىش ۋە اللەنى قويۇپ ھالال ـ ھارام قىلىشتىلا چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋالدا شېرىك ئەڭ ئالدى

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بىلەن ئەقىدىدە، يەنى «لا إله إلا الله»دا پەيدا بولغان بولىدۇ. «لا إله إلا الله»نىڭ بىرىنچى مەنىسى اللەدىن باشقا كائىناتنى باشقۇرغۇچى ھېچقانداق ئىلاھ يوق دېگەنلىكتۇر. اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق مەئبۇد يوق، اللەدىن باشقا ئىتائەت قىلىشقا لايىق بىرەرسى يوق ۋە اللەدىن باشقا ھەقىقى ھۆكۈمران يوق دېگەن مەنىلەر «لا إله إلا الله»دىن كېلىپ چىقىدۇ.

قانداق بىر ئىنسان كائىنات ھادىسىلىرى ۋە ھاياتنىڭ تۈزۈملىرى اللەدىن باشقا قايسى بىر مەنبەدىن كېلىدۇ دەپ ئويلىسا، ئۇ شېرىك ئېتىقادتا بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مەنىسى كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى يالغۇز اللەلا ئەمەس، بەلكى، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى اللە بىلەن بىرگە باشقۇرىدىغان بىرەرسى بار دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەگەر بىرەر كىشى ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم جاھىلىيەتچىلەرگە ئوخشاش ھادىسىلەر اللەنىڭ تەدبىرى، اللەنىڭ ئىلمى ۋە اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۆزلىكىدىن يۈز بېرىدۇ دەپ ئېتقاد قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇ كىشى شېرىكنىڭ بىر تۈرىگە چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ اللەنىڭ كۈچىدىن باشقا بىر كۈچ ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىدى ۋە تاسادىپى يۈز بەرگە رەۋىشتە روياپقا چىقاردى دەپ ئويلىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى تىلى بىلەن ھادىسىلەر تەدبىر ۋە پىلانسىز يۈز بېرىدۇ دېسە، بىراق، خىيالىدا قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۈز بېرىدۇ دەپ ئويلىسا، ئاندىن تاسادىپى ئۆز-ئارا ماس كېلىپ قالىدۇ دەپ پەرەز قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇ ئاخىرقى ھېساپتا كائىناتنى ۋە ئۇنىڭ ھادىسىلىرىنى ماگدۇرىدىغان اللەنىڭ باشقا بىر كۈچ بار دەپ پەرەز قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ ئەقىدىنىڭ ئەسلىدىكى، يەنى « لا إله إلا الله»دىكى شىرىكدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ قازا ۋە قەدەرنىڭ اللە تەرەپتىن

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

بولىدىغانلىقىغا ۋە كائىناتتىكى بارلىق ئىشلار اللەنىڭ تەقدىرىسىز يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن «لا إله إلا الله»غا ھەقىقى ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.

تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا ھەدىسلەر كەلگەندەك قۇرئاندا ئايەتلەرمۇ بار. الله مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ﴾

«كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت اللەنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)①»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قُلْ لَنْ يُصِيبَنَا إِلَّا مَا كَتَبَ اللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلَانَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾

«ئېيتقىنكى، "بىزگە پەقەت اللەنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۇئمىنلەر اللەغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۇئمىنلەر ھەممە ئىشنى اللەغا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا ھېچ كىشىگە يۆلەنمىسۇن) " ②.»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنْفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَبْرَأَهَا إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾

«يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللەغا ئاساندۇر.③»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَنْ تَمُوتَ إِلا بِإِذْنِ اللَّهِ كِتَاباً مُؤَجَّلاً﴾

«ھېچ كىشى اللەنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ،

---

① سۈرە تەغابۇن: 11 ـ ئايەت.
② سۈرە تەۋبە: 51 ـ ئايەت.
③ سۈرە ھەدىد: 22 ـ ئايەت.

باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ)[1].»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنْثَى وَمَا تَغِيضُ الْأَرْحَامُ وَمَا تَزْدَادُ وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِمِقْدَارٍ﴾

«ھەر بىر (ھامىلدار) ئاياللىڭ قورسىقىدىكىنى الله بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ـ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (الله) بىلىدۇ. اللەنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.[2]»

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾

«بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق[3].»

ئەمما ھەدىسلەر بەكلا كۆپ بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدىكى «بۇ جىبرىئىل سىلەرگە دىنى ئىشلىرىڭلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى» دېگەن ھەدىستە ئىمان دېگەن نېمە دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمان دېگەن سېنىڭ اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، اللەنىڭ كىتابلىرىغا، اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشۈڭ» دېگەن.[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله ئاجىز مۇئمىندىن كۈچلۈك مۇئمىننى بەكراق ياخشى كۆرىدۇ، ھەر قانداق ئىشتا بىر ياخشىلىق بار، ئۆزۈڭگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغىن ۋە اللەدىن ياردەم

---

① سۈرە ئال ئىمران: 145 ـ ئايەت.
② سۈرە رەئىد: 8 ـ ئايەت.
③ سۈرە قەمەر: 49 ـ ئايەت.
④ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

سورىغىن، بوشاڭلىق قىلمىغىن. ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇنداق قىلسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېمىگىن. لېكىن، اللهنىڭ تەقدىرى، الله خالىغان ئىش بولىدۇ دېگىن. چۈنكى، ئۇنداق قىلسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېيىش شەيتاننىڭ قىلىقىدۇر.[①]»

ھۇزەيفە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنى بالا ياتقۇدا ئورۇنلۇشۇپ قىرىق كۈن ياكى قىرىق بەش كۈن بولغاندا پەرىشتە كىرىپ، ئى رەببىم! بۇ بالا ئوغۇل بولامدۇ ياكى قىز بولامدۇ دەپ سورايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىز ئىكەنلىكى يېزىلىدۇ ئاندىن ئۇنىڭ ئەمەلى، ئىش ـ ئىزلىرى، ئەجىلى ۋە رىزقى يېزىلىدۇ. ئاندىن دەپتەر يېپىلىدۇ ئۇنىڭغا ئارتۇق قىلىنمايدۇ ۋە كەمۇ قىلىنمايدۇ.[②]»

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەرتىپلىرى باشقا ھەربىر ئىماننىڭ تەرتىپلىرىگە ئوخشاش. چۈنكى، ئىقرار قىلىش ئىماننىڭ شەرتىدۇر. ئىنسان ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتمىغىچە مۇئمىن بولالمايدۇ. لېكىن، بۇ يەردە اللهنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش ۋە بويسۇنۇش دەرىجىسى بار. بۇ دەرىجىگە ئىنساننىڭ ئىمانى چوڭقۇرلاشقان ۋە مۇستەھكەملەشكەنسىرى يېتەلەيدۇ. ئاندىن ھەر بىر تەقدىردە بىر ھېكمەت بارلىقىنى ۋە اللهنىڭ تەقدىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغان مۇئمىننىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

---

① بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
② مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

## تەقدىرگە توغرا رەۋىشتە ئىمان ئېيتىشنىڭ تەسىرى:

1 ـ تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ياخشى ئەمەللەرگە، مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە چىدامچانلىق بىلەن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشقا ئۈندىگۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئامىلدۇر.

تەقدىرگە توغرا رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرۈش تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا تارىخ خاتىرلىگەن ئاجايىپ ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار زېمىندا دەۋەتنى مۇستەھكەملىگەن ۋە ئۇنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى قىسقا ۋاقىتتا كەڭ دائىرىدە تارقاتقان. تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار يەنە ھاياتنىڭ بارلىق مەيدانلىرىدا مىسلىسىز ئۈلگىلەرنى ياراتقان. ئەلۋەتتە ئۇ ئۈلگىلەرنىڭ بېشى ئاللە يولىدا ۋە دەۋەتنى تارقىتىش يولىدىكى جىھادتا قانلارنى تەقدىم قىلىش ئىدى. ئۇلار ئاللەنىڭ: ﴿قُلْ لَنْ يُصِيبَنَا إِلا مَا كَتَبَ اللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلانَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، ”بىزگە پەقەت ئاللەنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۇئمىنلەر ئاللەغا تەۋەككۈل قىلسۇن (يەنى مۇئمىنلەر ھەممە ئىشنى ئاللەغا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا ھېچ كىشىگە يۆلەنمىسۇن) “[1]» دېگەن سۆزىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن.

ئىنسانغا مەيلى ئۇ ئۆيدە ئولتۇرسۇن ياكى ئۇرۇشقا بارسۇن پەقەت ئاللەنىڭ پۈتكىنىلا يېتىدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا، ئىنسان نېمىشقا قورقىدۇ؟ نېمىشقا ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۇرۇشتىن قاچىدۇ؟ ئۇنى ئۇرۇش ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇ؟ ياكى مۇئەييەن ۋاقىتتىكى مۇئەييەن ھالەتتە ئاللەنىڭ

[1] سۈرە تەۋبە: 51 ـ ئايەت.

ئۆلۈشكە پۈتكەن تەقدىرىمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆلۈم پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇرۇشقا بارماسلىقى ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالالامدۇ؟ ئەگەر ئۆلۈم پۈتۈلمىگەن بولسا، ئۇرۇشقا بارغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟. تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق چۈشەنگەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار قورقماستىن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن قالماستىن جىهادقا ئاتلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن باتۇرلۇق ۋە اللهنىڭ پۈتكىنىگە رازى بولغان هالدا قاتتىقچىلىقلارغا سەۋر قىلىش مەيدانلىرىدا تارىخ خاتىرلىگەن ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر بار. ئۇلار شۇنداقلا سۈرە ئال ئىمراندا ئۇهود غازىتى هەققىدە ئۆزلىرىگە چۈشكەن دەرسنىمۇ ئېسىدە چىڭ ساقلىغان. مۇناپىقلار: «بىزگە الله ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دېگەندە، الله ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى، هەممە ئىش هەقىقەتەن اللهنىڭ ئىلكىدە» دېدى. ئۇلار: «ئەگەر بىزگە غەلىبىدىن ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دېگەندە، الله ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (اللهنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ» دېدى. الله مۇئمىنلەرگە:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ كَفَرُوا وَقَالُوا لِإِخْوَانِهِمْ إِذَا ضَرَبُوا فِي الْأَرْضِ أَوْ كَانُوا غُزًّى لَوْ كَانُوا عِنْدَنَا مَا مَاتُوا وَمَا قُتِلُوا لِيَجْعَلَ اللَّهُ ذَلِكَ حَسْرَةً فِي قُلُوبِهِمْ وَاللَّهُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ، وَلَئِنْ قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِمَّا يَجْمَعُونَ ، وَلَئِنْ مُتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى اللَّهِ تُحْشَرُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى هەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار، الله بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا هەسرەت قىلسۇن. الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ). الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر. ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار، (ئاخىرەتتە) چوقۇم اللهنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (الله سىلەرنى ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ)①.»

ئۇلار اللهنىڭ بۇ ئايىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتتى ۋە ئۇلار ئۆلۈم پۈتۈلگەن كىشى ئۆيىدە يېتىۋالغان ھالەتتىمۇ ئۆلىدىغانلىقىغا، ئەگەر ئۆلۈم پۈتۈلمىگەن بولسا قاتتىق ئۇرۇشلار، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك ئېتىلغان ئوقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشەندى.

ئۇلار يەنە ئىنسان ئۇرۇشقا چىقىپ اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە الله ئۇنىڭغا پۈتكەن ئەجىر ۋە ساۋاپنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ھەقىقى ئىشەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۇلارغا بەكلا سۆيۈملۈك بىلىنەتتى. ئۇلار اللهغا ياردەم بەردى، اللهمۇ ئۇلارغا ياردەم بەردى ۋە الله ئۆزى ۋەدە قىلغاندەك ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلدى. الله مۇنداق دېگەن: ﴿إِنْ تَنْصُرُوا اللَّهَ يَنْصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾

«ئى مۆئمىنلەر! سىلەر اللهغا (يەنى اللهنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ.②»

---

① سۈرە ئال ئىمران: 156 ـ 158 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە مۇھەممەد: 7 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ تەقدىرگە مۇشۇ رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرۈشى ئۇلارنى دەۋەت قىلىش ياكى رىزىق ئىزدەش ياكى زېمىننىڭ نامەلۇم جايلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن بولسۇن يەر يۈزىدە ئايلىنىشقا ئۈندەيدىغان ئامىل بولغان ۋە مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ بەلگىلىك تۆھپىسى ۋە كۆرۈنەرلىك تەسىرلىرى بولغان.

دەۋەتنى تارقىتىشتا ئىسلامنىڭ يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە غەربتە ئوكيانىدىن شەرقتە ھىندىستانغىچە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە تارقالغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىرگە اللەنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇش ئارقىلىق ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھەيۋىسىنىڭ ئاشقانلىقىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرەب تىلىنىڭ زېمىندىكى تىللارنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىنى بېسىپ چۈشىدىغان تىزلىك بىلەن تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

رىزىق تەلەپ قىلىشتا بولسا ئىسلام دۇنياسىغا بايلىقلار ئېقىپ كىردى. ھەتتا، مۇسۇلمانلار زېمىندىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ بايلىرىغا ئايلاندى. چۈنكى، ئۇلار تىجارەت قىلىش ۋە سانائەت ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلارنى كەزگەن ئاندىن ئۇلارغا ھەرقايسى تەرەپتىن پۇل ـ ماللار كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۈللىنىش ۋە مەدەنىيلىشىش پۈرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدى.

جۇغراپىيىۋى كەشپىيات مەيدانىدا مۇسۇلمانلار نامەلۇم جايلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، شۇ جايلارنىڭ ئىنچىكە جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. كېيىن پاسكو داگاما ۋە ماگىللانلار ئافرىقا ۋە ئاسىياغا قىلغان سەپىرىدە شۇ خەرىتىلەردىن پايدىلانغان. ئۇلار يەنە سۇ مەنبەلىرىنى ئاچقان ۋە شۇ جايلارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. كېيىن ياۋروپالىق كەشپىياتچىلار مۇسۇلمانلار سىزغان ئاشۇ خەرىتىلەرگە ئاساسلانغان بولسىمۇ، بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزلىرىنى ھەقىقى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كەشپىياتچى بىز دېيىشتى.

مانا! مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چوڭقۇر ئىمانى كۈچ بىلەن جانلىقلىق ئۆزىنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشلىرى بىلەن شەرقكە ۋە غەربكە تارقالغان.

2 ـ تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش مۇسىبەت يەتكەندە ۋايساشتىن ۋە سەۋر قىلالماسلىقتىن توسىدۇ:

ئىنسان داۋاملىق بالايى ـ ئاپەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ اللهنىڭ زېمىندىكى قانۇنىيىتى. دۇنيادا مۇسىبەت يەتمەيدىغان ھېچ قانداق كىشى يوق. ئادەتتە كىشىلەرگە يېتىپ تۇرىدىغان كېسەللىك ۋە ئاغرىقلار بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە يەتمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن مۇسىبەت يېتىدۇ.

مۇسىبەت يەتكەندە ئىنساننىڭ كۆڭلى بىئارام بولىدۇ. پەرۋاسىز ۋە قەلبى قېتىپ كەتكەن كىشىمۇ مۇسىبەت يەتكەندە تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. لېكىن، مۇسىبەت يەتكەندە قايغۇرۇش بىر ئىش. ئەمما، مۇسىبەت يەتكەندە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇش ۋە سەۋر قىلالماسلىق بولسا باشقا بىر ئىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىبراھىمنى يوقوتۇپ قويغانلىقىغا قايغۇرغان. لېكىن، ئۇ:«كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، بىز پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزلەرنىلا قىلىمىز، ئى ئىبراھىم ئەلۋەتتە بىز سېنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىمىزغا قايغۇرىمىز» دېگەن.

ئەمما، ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇش ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئىنساننى روھلۇق ھالىتىگە قايتىشتىن توسۇپ قويىدۇ ۋە ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈشكە سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل ئىشلار ئىنسان تەقدىرگە ئىمان ئېيتمىغان ۋە تەقدىرگە بويسۇنمىغاندا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله مۇسۇلمانلارغا تەربىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَمَنْ يُؤْمِنْ بِاللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُ وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

«كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت اللەنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى اللەغا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت اللەنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، اللە ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، اللە ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.①»

﴿مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلا فِي أَنْفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَبْرَأَهَا إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ ، لِكَيْلا تَأْسَوْا عَلَى مَا فَاتَكُمْ وَلا تَفْرَحُوا بِمَا آتَاكُمْ وَاللَّهُ لا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾

«يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، اللەغا ئاساندۇر. (اللە تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە اللە بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، اللە مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.②»

اللەنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن ئىنسان ئىرادىسىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. اللەنىڭ تەقدىرىگە ئىشەنگەن ھالدا يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە اللەنىڭ ئىغىرچىلىقلارنى يەڭگىللەشتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى تەقدىر ئەقىدىسىگە نۇرغۇن ئىغىپ كېتىشلەر كىلىپ قوشۇلدى. شۇ سەۋەپتىن ئازغۇن گورۇھلار مەيدانغا كەلدى بىر گورۇھ: «ئىنساندا ئىختىيارى ئەركىنلىك يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان قىلمىشىدىن سوراق قىلىنمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «جەبەرىيىلەر» پىرقىسى: «ھەرقانداق ئىش اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، ئىنسان قىلغان ئىشنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغان. ئىنسان ئۇ ئىشلارنى

① سۈرە تەغابۇن: 11 ـ ئايەت.
② سۈرە ھەدىد: 22 ـ 23 ـ ئيەتلەر.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قىلماي ئامالى يوق. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئىرادىسى بىكار قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان قىلمىشىدىن ھېساب ئېلىنمايدۇ.» دېدى.

بۇرۇنقىلار تەقدىرنى ئىنساننىڭ قىلمىشىدىن مەسئۇلىيەتنى ساقىت قىلىۋېتىدۇ دەپ قارايدىغان ئەقىدىۋى خاتالىققا چۈشۈپ قالمىغان.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

## تۆنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرگە بولغان چۈشەنچىسى

مۇسۇلمانلار ئوھۇدت ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن ئۆزلىرىگە يەتكەن مۇسىبەتنى اللە تەرەپتىن تەقدىر قىلىنغان دېيىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن دەپ چۈشەنگەن.

بۇھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُمْ مِثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ، وَمَا أَصَابَكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ فَبِإِذْنِ اللَّهِ وَلِيَعْلَمَ الْمُؤْمِنِينَ﴾

«سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: ”بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟“ دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، ”ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى“. اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان كۈندە (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار توقۇنۇشقان ئۇھۇد جېڭىدە) سىلەرگە كەلگەن مۇسىبەت اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلگەندۇر، بۇ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى بىلىش (يەنى ئايرىش) ئۈچۈندۇر.①»

ئىمانى مۇكەممەل مۆئمىننىڭ تۇيغۇسىدا اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن

① سۈرە ئال ئىمران: 165 ـ 166 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇش ۋە ئەمەلىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق بولمايدۇ. كۇپۇرلۇق قىلىش ياكى ئاسىيلىق قىلىش ياكى بوشاڭلىق قىلىش ۋە ئۆزىنى تاشلىۋېتىش قاتارلىق ئىشلارنى تەقدىر دەپ تۇرۇۋېلىش مۇئمىنلەرگە لايىق ئەمەس. چۈنكى، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغاندا، الله قۇرئاندا ئۇلارنى ئەيىبلەپ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان:

﴿وَقَالَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلا آبَاؤُنَا وَلا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهِ مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ فَعَلَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ إِلَّا الْبَلاغُ الْمُبِينُ﴾

«مۇشرىكلار: ”مۇبادا الله خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز اللەنى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، الله ھارام قىلمىغان (يەنى اللەنىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق“ دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت (ھىدايەت قىلىش بولسا اللەنىڭ ئىشىدۇر)[1]»

﴿سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلا آبَاؤُنَا وَلا حَرَّمْنَا مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ حَتَّى ذَاقُوا بَأْسَنَا قُلْ هَلْ عِنْدَكُمْ مِنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا إِنْ تَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ أَنْتُمْ إِلَّا تَخْرُصُونَ ، قُلْ فَلِلَّهِ الْحُجَّةُ الْبَالِغَةُ فَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ﴾

«مۇشرىكلار: ”ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق“ دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى.

---

[1] سۈرە نەھل: 35 ـ ئايەت.

(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ”سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، اللەغا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر“. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) اللەنىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى.“①»

ئاشۇ مۇشرىكلار ئىمانغا قىزىقىپ تۇرسىمۇ اللەنىڭ ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن توسۇپ قويغانلىقىغا بىرەر دەلىلى بارمۇ؟.

الله كىشىلەرگە ھىدايەت يولىنى ۋە ئازغۇنلۇق يولىنى تونۇتقان ۋە ئۇ ئىككى يول ئوتتورىسىدا ئىختىيارلىق بەرگەندىن كېيىن مەيلى ئىماندا بولسۇن ياكى كۇپۇرلۇقتا بولسۇن بىر ئۇممەت بولماسلىقىنى تەقدىر قىلدى.

﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا ، فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا ، قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا ، وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا﴾

«روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ.②»

ئىمان ئېيتقان كىشى روھىنى پاكلىغان بولىدۇ ۋە كاپىر بولغان كىشى روھىنى كەمسىتكەن بولىدۇ.

بىر قىسىم پىرقىلەر:

كېيىنكى ئەسىرلەردە بارلىق مۇسۇلمانلار دۇنيا ھاياتىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى تەقدىر ئەقىدىسىدە ئىغىپ كەتتى.

ئۇلارغا باشقا ئېغىپ كېتىشلەر بىلەن بىرگە يەنە يۆلىنىۋېلىش

① سۈرە ئەنئام: 148 ـ 149 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە شەمس: 7 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كېسەلى يۇقتى ۋە ئۇ يۆلىنىۋېلىش ئۇلارنىڭ بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق قىلىشىغا ۋە ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىگە سەۋەب بولدى.

ئۇلار كائىناتتىكى ھەرقانداق بىر ئىش اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ دېگەن سۆزنى ئىنساننىڭ ئىشلىشى ھاجەتسىز، چۈنكى، ئىنسان ئىشلىسۇن ياكى ئىشلىمىسۇن اللەنىڭ تەقدىر قىلغىنى بولىدۇ ۋە ساقا تىگىشلىك نەرسە چوقۇم سېنىڭ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رىزىق ئىزدەش يولىدا جاپا چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ چۈشەندى. ئۇلار يەنە اللەنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇشنىڭ مەنىسىنى بۇلار اللە تەرەپتىن تەقدىر قىلىنغان، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىشىمىز كېرەك دەپ چۈشىنىپ، ئىنسانغا يەتكەن پېقىرلىق، كېسەللىك ياكى ئىلىمسىزلىكنى، ھەتتا، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى ئۆزگەرتىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

بۇ خىل يۆلىنىۋېلىش ۋە سەلبىيلىك ھەرگىزمۇ ئىسلامدىن كەلگەن ئەمەس. ئەگەر بۇ ئىشلار ئىسلامدىن كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا، بىزگە مۇشۇ دىنىنىڭ توغرا چۈشەنچىلىرىنى ئۆگەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلمىغان؟.

بىز يەنە بىر قېتىم ئوھۇد دەرسىنى تەكرارلاپ ئۆتىمىز. مۇسۇلمانلار بۇ دەرستىن بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوھۇد كۈنىسىدىكى مەغلۇبىيەت اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن يۈز بەردى دەپ چۈشەنگەن. يەنى يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئىنسان ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا مەسئۇل بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ مۆرىسىنى سىلىكىۋېتىپ: «مەن ئۆتكۈزگەن خاتالىق اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، ئەگەر اللە مېنى خاتالاشماسلىققا تەقدىر قىلغان بولسا

خاتالاشمىغان بولاتتىم، بۇ خاتالىققا مەن مەسئۇل ئەمەس» دېيىشى توغرا ئەمەس.

ھەقىقەتەن ئەقىدىسى ساغلام مۆئمىننىڭ تۇيغۇسىدا ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقى ۋە شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ئۆز قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇشى ئوتتۇرىسىدا قارمۇ- قارشىلىق يوق.

مۇسۇلمانلار ئوھۇد ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ ھادىسىلىرىدىن يەنە بىر ئىشنى بىلىۋالدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ اللهنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇشى. لېكىن بويسۇنۇشنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسى ئەگەر ئۇ ئىشلار اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان بولسا ئۇلارغا يەتكەن ئىشلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشمۇ؟.

الله ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿ فَأَثَابَكُمْ غَمّاً بِغَمٍّ لِكَيْلا تَحْزَنُوا عَلَى مَا فَاتَكُمْ وَلا مَا أَصَابَكُمْ وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر (ئى اللهنىڭ بەندىلىرى! مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭلار، مەن رەسۇلۇللاھتۇرمەن، كىمكى جىھاد مەيدانىغا قايتسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ دەپ) ئارقاڭلاردىن سىلەرنى چاقىرىپ تۇراتتى، سىلەر ھېچ كىشىگە قارىماي قاچاتتىڭلار، (بۇنىڭدىن كېيىن) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە (يەنى غەنىيمەتكە)، بېشىڭلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە (يەنى مەغلۇبىيەتكە) قايغۇرماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە غەم ئۈستىگە غەم بەردى (يەنى سىلەرنى غەنىيمەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈستىگە مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى). الله قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.[1]»

ھەقىقەتەن قايغۇرۇش ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئۇنى

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 153 ـ ئايەت.

بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ئىرادە قىلمىغان. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ قايغۇرماسلىقى ۋە ئىرادىلىرىنىڭ بوشىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى اللەنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇشقا بۇيرىدى. لېكىن، ئۇلارغا يەتكەن خاپىلىقلارنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلماسلىق مەنىسىدە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلمىدى.

ئۇرۇشنىڭ ھادىسىلىرى تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر رەۋىشتە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەغلۇبىيەتتىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بىرلەشتۈرگەنگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ۋە ئىرادىلىرىنى بىرلەشتۈردى. اللە بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِلَّهِ وَالرَّسُولِ مِنْ بَعْدِ مَا أَصَابَهُمُ الْقَرْحُ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا مِنْهُمْ وَاتَّقَوْا أَجْرٌ عَظِيمٌ ، الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَاناً وَقَالُوا حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ ، فَانْقَلَبُوا بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ لَمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُوا رِضْوَانَ اللَّهِ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ﴾

«(ئۇھۇد غازىتىدا) يارىلانغاندىن كېيىن اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر)دىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ. (مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: "شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار" دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: "بىزگە اللە كۇپايە، اللە نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! " دېدى. ئۇلار اللەنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. اللە ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر.[①]»

اللە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى چېكىندۈرۈۋەتتى. لېكىن، ئۇلار

---

① سۈرە ئال ئىمران: 172 ـ 174 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پۇتۇنلەي ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ بولغان، ئىرادىلىرىنى مۇستەھكەملىگەن ۋە اللەغا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا دۈشمەنگە ئۇچرىششقا تەييارلىنىپ بولغان ئىدى. مانا! بۇ اللە مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلغان ھەقىقى تەۋەككۇل قىلىشتۇر.

يۈز بەرگەن ئىشلارنى اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان دېگەن باھانە بىلەن ئۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماسلىق مۇسۇلمانغا لايىق كەلمەيدىغان زور نادانلىقتۇر. توغرا، يۈز بەرگەن ئىشلار اللەنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. لېكىن، اللەنىڭ ئۆزىگە ئەتە، بەلكى، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن نىمىنى تەقدىر قىلغانلىقىنى كىم بىلەلەيدۇ؟ ياكى اللەنىڭ تەقدىر قىلغىنى بولىدۇ، اللەنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكۈچى يوق دەپ ئولتۇرىدىغان ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم بىلەمدۇ؟. اللە كېيىنكى ۋاقىتتا ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى تەقدىر قىلمامدۇ؟ ئىنسان قانداقسىگە اللەنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇپ اللەغا تەۋەككۇل قىلدىم دەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ؟.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسۇلمانلارغا بەرگەن كۆرسەتمىلىرىمۇ يۈلەنمىچىلىككە تۈپتىن قارشى. سۈرە ئەنفالنىڭ مۇنۇ ئايىتىگە قاراپ باقايلى:

﴿وَلا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَبَقُوا إِنَّهُمْ لا يُعْجِزُونَ﴾

«(بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.①»

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى نىمە؟ بۇنىڭ مەنىسى بۇ دىننى زېمىن يۈزىدىن يوقىتىشنى ۋە بۇ دىنىنىڭ قۇدرەت تاپماسلىقىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان

---

① سۈرە ئەنفال: 59 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كىشىلەر ھەرگىزمۇ اللەنىڭ بۇدىنىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ئۇنى غالىپ قىلىش تەقدىرى ئۈستىدىن ھەرگىزمۇ غالىپ كېلەلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر.

اللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾

«مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، اللە ھەق دىنىنى بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.[①]»

ئۇلار ھەرگىزمۇ اللەنىڭ بۇ دىنىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى تەقدىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى اللە كاپىرلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى، بۇ دىنىنىڭ غەلىبە قىلىپ، قۇدرەت تېپىشىنى تەقدىر قىلغان ئىكەن، سەۋەپ قوللىنىش ھاجەتسىز دەپ اللەنىڭ تەقدىرىگە يۆلىنىۋىلىشمۇ؟.

بۇ ئايەتكە قارىساڭ چوقۇم جاۋاپ تاپالايسەن: ﴿ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لا تُظْلَمُونَ﴾

«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، اللەنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر ، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، اللە تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ اللە يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ).[②]»

ئۇنداقتا چوقۇم كۈچ توپلاش ۋە پۈتۈن ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن

---

① سۈرە سەپ: 9ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنفال: 60 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

جىهادقا تەييارلىق قىلىش قاتارلىق سەۋەپلەرنى قوللىنىش كېرەك.

مانا! مۇشۇنداق چۈشەنگەندىلا تەقدىر ئەقىدىسىنى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنگىنىگە ئوخشاش توغرا چۈشەنگەن بولىمىز. تەقدىر ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ ئەمىلىگە مەسئۇل بولۇشقا چاقىرىدۇ، ھەرگىزمۇ رىئاللىقنى ئۆزگەرتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ۋە اللەنىڭ تەقدىرىنى كۆتۈپ، سەۋەپ قوللانماي ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكە چاقىرمايدۇ.

مانا بۇ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە يەتكەن پىقىرلىق، كېسەللىك، ئىلىمسىزلىك، يۆلەنمچىلىك، بوشاڭلىق ۋە شۇ سەۋەپلىك دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىشى قاتارلىق ئىشلىرىنى يوقىتىشى ئۈچۈن قايتىشى كېرەك بولغان توغرا چۈشەنچىدۇر. اللەنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىزنىڭ قەدەملىرىمىز خاتا كەتكەندە يولىمىزنى توغرىلاشتىكى تۈپ مەنبەيىمىزدۇر.

# خاتىمە

## ئىسلام ئەقىدىسى

بىز بۇ كىتابتا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى بولغان اللەغا، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ساماۋى كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ھەققىدە سۆزلىدۇق.

بىز بۇ يەردە ئىسلام ئەقىدىسى ھەققىدىكى ئومۇمى سۆزىمىز بىلەن گەپنى تۈگەتمەكچىمىز. بۇ سۆزىمىزدە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

### 1 ـ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

ئىسلام ئەقىدىسى بىرىنچىدىن اللە رازى بولغان ۋە بىزگە ئىنئام قىلغان ئەقىدىدۇر: ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلاَمَ دِيناً﴾

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى

تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.①»

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەقىدە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بىزنى ياخشىلىققا ئېرىشتۈرىدىغان، اللهنىڭ بىزنى يارىتىش نىشانى بولغان خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىمىز ئۈچۈن الله بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا پرىنسىپتۇر.

﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن“ دېدى.②»

الله زېمىننى ئۆزى ئىرادە قىلغاندەك ئاۋاتلاشتۇرىشىمىز ئۈچۈن يول كۆرسەتتى: ﴿ هُوَ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا﴾

«ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى.③»

ئىنسانىيەتنى يارىتىشتىكى غايە بولغان اللهغا ئىبادەت قىلىش ھەققىدىمۇ بىزگە يول كۆرسەتتى: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.④»

بۇ قىسىمنى مەزمۇنلار بىزگە بۇ ئەقىدىنىڭ ئامىمىباپلىقى، مۇكەممەللىكى ۋە تەڭپۇڭلۇقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەمدى بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە قىسقىچە

① سۈرە مائىدە: 3ـ ئايەت.
② سۈرە بەقەرە: 30ـ ئايەت.
③ سۈرە ھۇد: 61ـ ئايەت.
④ سۈرە زارىيات: 56ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

توختىلىمىز:

**بىرىنچى، ئامبىاپىلىقى (ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى):**

ھەقىقەتەن بۇ ئەقىدە ئىنساننىڭ جىسمى، ئەقلى ۋە روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، ئىنساننىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئىدىيىسىنى، تۇيغۇلىرىنى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتىدا بۇ ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ۋە ئەقىدىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ھېچقانداق ئىش يوق. بۇ ئەقىدە ئىنساندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ. ئىنساننىڭ قىلغان ھەر بىر ئەمىلىدە، ئويلىغان ئويىدا ۋە قەلبىگە كەچكەن ھەر بىر خىيالىدا ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدۇ.

بۇ ئەقىدىنىڭ بىرىنچى ئاساسى اللهغا ئىمان ئېيتىش. اللهغا ئىمان كەلتۈرۈشتە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەردائىم، ھەر بىر ئەمىلىدە، ئىدىيىسىدە قەلبى دائىم الله باغلىنىشتەك ئۆلگىلىك كۆرۈنۈشلەر بار.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلالمايمىز. الله بىزگە رەھمەت قىلىپ بىزنى كۈچىمىز يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمىدى، الله بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە اللهدىن قورقۇڭلار». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «توغرا ئىش قىلىڭلار، توغرىغا يېقىنلاشتۇرۇڭلار». بىراق، بۇ سۆز بۇ ئەقىدىنىڭ ئەسلى بولغان ئامبىاپىلىقنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

بىز بۇ ئەقىدىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا بىر مەنبەگە جۈغلىنىدىغان كۆپلىگەن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

1 ـ ئېتقاد تەرىپىدە بىز كۆرۈپ ئۆتكەنىدەك اللەغا، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ ئەمەل ساھەسىدە بىرلا ۋاقىتتا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 ـ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەت دائىرىسىدە ئۇنىڭ جىسمىنىڭ ھەرىكىتىنى، ئەقلىنىڭ تەپەككۇرىنى ۋە روھىنىڭ پەرۋاز قىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4 ـ ئىنسانى جەمئىيەت دائىرىسىدە شەخس، جامائەت، ئۇممەت ۋە دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5 ـ ئالاقە دائىرىسىدە ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى بۇ مۇناسىۋەت ئائىلە ئىچىدىكى، جەمئەتتىكى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئىنسان بىلەن كائىنات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بولسۇن ئوخشاش.

بۇنىڭدىنمۇ كەڭرى، بۇنىڭدىنمۇ ئومۇمىيراق بىر دائىرە تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مەۋجۇدىيەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### ئىككىنچى، مۇكەممەللىكى:

ھەقىقەتەن بۇ ئەقىدە پەقەت بىز ئۇنىڭ ساھەلىرىنى ۋە ھەرخىل تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئامىباپلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

مۇكەممەللىكى ۋە ئۆز ـ ئارا باغلىنىشچانلىقلىقى بىلەن تونۇلىدۇ.

بىز بۇ ئەقىدىدە ئامىباپلىق بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىكى باغلىنىشچانلىقنىڭ تەسىرلىرىنى كۆرۈپ بىقىش ئۈچۈن بۇ ساھەلەرنى بىردىن ـ بىردىن سۆزلەيمىز.

1 ـ ئېتىقاد ساھەسىدە:

بىز ئېتىقاد ساھەسى اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، ساماۋى كىتاپلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېدۇق. لېكىن، ئامىباپ دېگەنلىك بىلەن بۇ ئېتىقادلارنىڭ خاسلىقى ۋە بىر ـ بىر بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى مەقسەت قىلىنمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، اللهغا ئىمان ئېيتىش ئەقىدىنىڭ ئاساسى. باشقا ئاساسلار بولسا ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدۇ، ئۇنىڭغا باغلىنىدۇ ئاندىن مۇكەممەللىشىدۇ.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش اللهنىڭ ئادالىتى، ھېكمىتى، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ۋە ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھەقىقەت بىلەن باغلىنىشلىق. يەنى بىزنىڭ اللهنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، بىز قىيامەت كۈنى ھەقىقەتنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا، ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇقلىنىدىغانلىقىغا ۋە ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆز جايىغا يېتىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىمىساق، ئۇنداقتا، بىزنىڭ اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە بولغان تەسەۋۋۇرىمىز كەمتۈك بولغان بولىدۇ.

پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش بىر تەرەپتىن اللهنىڭ قۇدرىتى بىلەن باغلىنىشلىق.

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَاعِلِ الْمَلَائِكَةِ رُسُلاً أُولِي أَجْنِحَةٍ مَثْنَى وَثُلاثَ وَرُبَاعَ يَزِيدُ فِي الْخَلْقِ مَا

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾

«جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ئاللاھغا خاستۇر! ئاللاھ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.[①]»

يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ بىزنىڭ شۇ بويىچە مېڭىشىمىزنى ئىرادە قىلغان پرىنسىپنى تونۇشىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، پەرىشتىلەر ئاللاھ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلاردىن ئۆزى خالىغان كىشىگە ۋەھىي يەتكۈزۈش مۇددىئاسىدا ئەۋەتىدىغان ئەلچىلەردۇر. شۇ سەۋەپتىن پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش بۇ ئەقىدىدىكى ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئايرىم ئاساس ئەمەس، بەلكى، ئاللاھغا ئىمان ئېيتىش بىلەن ۋە ئىسلامنىڭ باشقا ئاساسلىرى بىلەن باغلىنىشلىق.

بىز بۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلامنىڭ باشقا ئاساسلىرىنىڭمۇ بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى ۋە باشقىلىرىنىڭ ئاللاھغا ئىمان ئېيتىش بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنۋالالايمىز. كىتابلارغا ئىمان ئېيتىش ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈزۈشى ئۈچۈن يولغا قويغان ئىلاھى پرىنسىپ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. چۈنكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا ۋەھىي قىلغان ئىلاھى پرىنسىپنى بىزگە يەتكۈزىدۇ.

ئەمما تەقدىرگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە بولغان ئىمانىمىز بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. چۈنكى، ئاللاھغا ئىمان ئېيتىش كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئاللاھ بىلەن بىرگە

---

① سۈرە فاتىر: 1 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

پىلانلايدىغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بىرەرسى بارمۇ ياكى بۇ ئىشلارنى يەككە ـ يېگانە اللە ئۆزى يالغۇز قىلامدۇ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىدۇر.

بۇنىڭ بىلەن بىز ئېتىقاد ساھەسىدە ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلىنىشچانلىقنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

2 ـ ئەمەل ساھەسىدە:

بىز بۇ ئەقىدە بىرلا ۋاقىتتا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېدۇق. بىز بۇ يەردە بۇ ئەقىدىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قاتارىدىن ئۇنىڭ دۇنيالىق ئەمەللەر بىلەن ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئىسلامدا پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈنلا بولغان ياكى پەقەت ئاخىرەتلىك ئۈچۈنلا بولغان ئەمەل يوق. بەلكى، ئىسلامدىكى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈندۇر.

پەقەت ئاخىرەتلىك ئەمەلدەك كۆرۈنگەن ئەمەللەرمۇ ھاياتى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مەسىلەن: ﴿إِنَّ الصَّلاَةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾

«ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.[1]»

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك،

---

① سۈرە ئەنكەبۇت: 45 ـ ئايەت.

سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.①»

يەنى ھاياتى دۇنيادا مۇشۇنداق بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن بولغان باشقا ئەمەللەرنىڭمۇ دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان غايىسى بار.

يەنە بىر تەرەپتىن پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈن دەپ قارىلىدىغان يېيىش ـ ئىچىش، كىيىم كىيىش، ئۆي سېلىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق ئەمەللەر دۇنيادا قىلىنىدىغان ئىشلار. لېكىن، ئۇ ئىشلاردا ھالال ـ ھارامنى ئايرىش ۋە اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجانىدىل ئورۇنداش قاتارلىق ئۇنى ئاخىرەتكە باغلاپ تۇرىدىغان شەرتلەر قويۇلىدۇ. ئۇ ئىشلاردا اللەنىڭ بۇيرىقىنى ئورۇنداش مەقسەت قىلىنسا ۋە ئىنسان شۇ ئىشلار بىلەن اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىسە، ئۇنداقتا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا ئىبادەت بولىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾

«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.②»

﴿قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ، لا شَرِيكَ لَهُ﴾

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر.“③»

شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەت بىر ـ بىرى

---

① سۈرە بەقەرە: 183 ـ ئايەت.
② سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

3 ـ ئىنسانىي مەۋجۇدىيەت ساھەسىدە:

بىز بۇ ئەقىدە ئىنساننىڭ جىسمىنىڭ ھەرىكىتىنى، ئەقلىنىڭ تەپەككۇرىنى ۋە ئۇنىڭ روھىنىڭ پەرۋاز قىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېدۇق. لېكىن، بۇ ئىشلار بىرسى ـ بىرسىدىن ئايرىلالمايدۇ. توغرا، بەزى ۋاقىتلاردا يېيىش ـ ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش جىسمنىڭ ھەرىكىتى ئېشىپ كېتىدۇ. بەزى ۋاقىتتا ئىلىم ياكى ئەمەل ئىشلىرىدا ئويلىنىش ياكى تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەقلىنىڭ تەپەككۇرى ئېشىپ كېتىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا روھىنىڭ پەرۋاز قىلىشى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىسلام بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى باشقىلىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ.

ئىنسان يېمەك ـ ئىچمەكتە ۋە جىنسى مۇناسىۋەتلەردە ھالال ـ ھارامنى ئايرىيدۇ ۋە اللەنى ئەسلەيدۇ. ئىنسان يەنە تەپەككۇر قىلغاندا يامان ئوي ـ خىياللاردىن ساقلىنىدۇ ۋە ياخشى ئىشلارنى ئويلايدۇ، پەقەت ئەقىلگە تايىنىپلا تەپەككۇر قىلمايدۇ.

ئىسلامىي ئىبادەتلەردە جىسىم ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە روھىنىڭ پەرۋاز قىلىشى بىلەن بىرگە ئەقلىمۇ ئىشلەيدۇ. مەسىلەن، نامازنى مىسالغا ئالساق، ناماز پەقەت روھىنىڭ پەرۋاز قىلىشىلا ئەمەس. بەلكى، نامازدا قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ قىلىش ۋە سەجدە قىلىش ئارقىلىق جىسىممۇ ئىبادەتكە ئورتاقلىشىدۇ ۋە يەنە نامازدا ئوقۇيدىغان اللەنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿لَيسَ لَكَ مِنْ صَلاتِكَ إلاّ ما وَعَيْتَ﴾ «سېنىڭ ئاڭلىق تۇردە (ئويغاق

ھالەتتە) ئوقۇغان نامىزىڭدىن باشقىسىغا ئەجرى بېرىلمەيدۇ“[1].»

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەقىدىنىڭ تەلەپلىرىنى ئۇرۇنداشتا بىرسى ـ بىرسى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. ئىنساننىڭ جىسمى ئەقلىدىن ياكى روھىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ.

4 ـ ئىنسانىي جەمئىيەت دائىرىسىدە:

بىز بۇ ئەقىدە ئىنسانى جەمئىيەت دائىرىسىدە شەخسنى، جامائەتنى، ئۈممەتنى ۋە دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېدۇق. بىز بۇ يەردە شۇنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەككى، بۇ ئەقىدە بۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئەقىدە ياخشى شەخسنى بىر خىل ئۆلچەمدە ۋە ياخشى جامائەتنى يەنە بىرخىل ئۆلچەمدە تەربىيىلىمەيدۇ. بەلكى، شەخس بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىپلەر ئوخشىمىسىمۇ ئۆلچەم بىر خىل بولىدۇ. ئۆلچەم اللەغا ئىمان ئېيتىش، اللەدىن قورقۇش ۋە الله چۈشۈرگەن بۇيرۇقلارنى چىن دىلى بىلەن ئورۇنداش. ئاندىن كېيىن شەخس يالغۇز ئورۇندايدىغان ۋە جامائەت بىرلىكتە ئورۇندايدىغان تەكلىپلەر بار. لېكىن، شەخس ۋە جامائەت بىر ئاساسنى ۋە بىر خىل يۆلىنىشلىك تەربىيىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۈممەت ھەممىسى ئۆزى بىلگەننى قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى ئۆچ كۆرىدىغان ۋە جامائەت بىلەن قارشىلىشىدىغان ھەرخىل گورۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتمەيدۇ ۋە بۈگۈنكى جاھىلىيەتتىكى شەرق ۋە غەربتە بولۇۋاتقاندەك زوراۋان شەخسكە ۋە ئىناقسىز توپقا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

شـۇنداقلا ئـۇممەت ۋە دۆلەت ئېتىقادىنــىڭ ئاساســى بولغــان اللهغــا ئىبادەت قىلىش ۋە الله چۈشۈرگەن شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىشقا مەركەزلىشىدۇ.

مۇنۇ ئايەتكە ئوخشاش: ﴿ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾

«كىملەركــى الــله نازىــل قىلغــان ئــايەتلەر بــويىچە ھۆكــۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.[1]»

ۋە يەنە اللهغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ تەقەززاسى بولغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ئىشىدىمۇ بىرلىككە كېلىدۇ: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾

«(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللهغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.[2]»

نەتىجىدە ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىشچانلىق پەيدا بولىدۇ.

5. ئالاقە ساھەسىدە:

بىز يۇقىرىدا: «ھەقىقەتەن ئەقىدە ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۆزى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بىز بۇ يەردە شۇنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمىزكى، بۇ ئالاقىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز-ئارا باغلىنىشچان بولۇپ، ئۇلار اللهغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن

---

[1] سۈرە مائىدە: 44ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئىبارەت ئورتاق بىر يادرولۇق مەركەزدە ئۇچرىشىدۇ. ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئىبادەت قىلىشتۇر. ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا روھىنى پاكلاشتۇر. روھنى پاكلاش ئىمان ۋە ئىبادەت ئارقىلىق، ئىماننىڭ ئاساسلىق تەلىپى بولغان اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە اللەنىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئالاقىلەر اللەغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلغان بىر خىل تەرتىپتە ئىنتىزاملىشىدۇ.

شۇنىڭدەك، بۇ ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى ئارىسىدىكى باغلىنىشچانلىق ۋە مۇكەممەللىك بارلىق مەركەز ۋە بارلىق ھالەتلەردە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى، تەڭپۇڭلۇقى:**

بۇ ئەقىدە ئاممىباپلىقى ۋە باغلىنىشچانلىقى بىلەن بىرگە تەڭپۇڭلۇققا ئىگە.

بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق ئوخشىمىغان مەيدانلاردا ۋە كۆپلىگەن ساھەلەردە كۆزگە چىلىقىدۇ.

1 ـ روھ بىلەن تەن ياكى مەنىۋى دۇنيا بىلەن ھىسسى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق.

2 ـ غەيبى ئالەم بىلەن ھىسسى ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق.

3 ـ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق.

4 ـ تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش بىلەن سەۋەپلەرنى قوللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق.

# ئىمانىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

5 ـ ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى يەنى سىياسەت، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق.

بىز بۇ يەردە بۇ ساھەلەردىن ھەر بىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1 ـ ئىنسان بىر چاڭگال لاي بىلەن اللەنىڭ بىر پۈۋلەم روھىدىن يارىتىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى خىل ماددىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق بار. ئەگەر بىز بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ، يەنە بىرسىگە سەل قارىساق چاتاق چىقىدۇ. جاھىلىيەتلەر داۋاملىق مۇشۇ ئىشتا خاتالىشىدۇ. ھىندى دىنىدىكىلەر ۋە بۇتپەرەسلەر بولسا پەقەت روھى تەرەپكىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ ياكى بۈگۈنكى جاھىلىيەت ياۋروپانىڭ شەرقى ۋە غەربىدە قىلغاندەك پەقەت جىسمىغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

2 ـ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇ ئەقىدە تەن بىلەن روھ ئوتتۇرىسىنى ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن ھىسسى دۇنيا بىلەن روھى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇ ئىككىسىنى ئەمەل ۋە ئىبادەت ساھەلىرىدە ئورتاقلاشتۇرىدۇ. يەنە بىرتەرەپتىن ئۇ ئىككىسىدىن ھەر بىرىگە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ. بۈگۈنكى جاھىلىيەتنىڭ قىلغىنىدەك ئىنساننى پەقەت ھىسسى دۇنياغىلا مەشغۇل قىلىپ، ئۇنىڭ روھىنى خاراب قىلمايدۇ. ھىندى ۋە بۇددىزىم دىنىدىكىلەرنىڭ قىلغىنىدەك ئۇنىڭ ماددى دۇنياسىنىڭ ۋە جىسمىنىڭ تەلەپلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش بەدىلىگە پەقەت روھى ئىشلارغا مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاگاھ بولۇڭلاركى مەن سىلەرگە قارىغاندا اللەدىن بەكراق قورقىمەن. لېكىن، مەن روزا تۇتىمەن، ئىپتار قىلىمەن؛ قىيامدا تۇرىمەن، ئۇخلايمەن ۋە توي قىلىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن

يۈز ئۆرۈدىكەن ئۇ مەندىن ئەمەس[1]»دېگەن. دەل مۇشۇ ئەقىدىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىسلام مەدەنىيىتى ماددىي ۋە مەنىۋىي تەرەپ ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ.

ئىسلام غەيبكە ئىمان ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان غەيبى يول ئارقىلىق اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ. بىراق، ئىنساندىن ھىسسى دۇنياغا سەل قاراش تەلەپ قىلىنمايدۇ. بەلكى، ئىنساننىڭ ئەقىدىنىڭ ھەقىقەتلىرىگە يۈزلىنىشى، اللەنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىنى ئويلىنىشى ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق اللەغا ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئىسلام ھەرگىزمۇ مەنىۋىي پالەچلىكنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ئىبادەت ئاشنالىرى «بىزگە اللەنىڭ زاتىغا بولغان ئاشىقلىقىمىز كۇپايە» دېگەن دەستەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ، الله ياراتقان رېئال دۇنيانى چەتكە قېقىپ، دەل ئاشۇ مەنىۋىي پالەچلىككە گىرىپتا بولۇشىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رېئال ئالەمگە بېرىلىپ، غەيبى ئالەمنى ئىنكار قىلىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ الله ۋە ئاخىرەت كۈنى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. مانا دەل بۈگۈنكى جاھىلىيەت ئالىمىدىكى ماتېرىيالىستلار بىلەن شەرق ئالىمىدىكى روھانىيلارنىڭ ئوببېكتىپ ھالىتىدۇر.

3 ـ بىز ئىلگىرى: «ئىسلام دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمەيدۇ» دېگەن ئىدۇق. بىز بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىزكى، بۇ خىل باغلىنىشنىڭ ئۆزى مۇشۇ ئەقىدىدىكى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل باغلىنىش

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا ئاخىرەتتىن ئۈزۈلگەن چاغدا، ئىنسان ئەمەللەرنى ئاخىرەتتىن ئۈزۈلگەن ھالدا، پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈنلا دەپ قىلىدۇ. يەنە بەزى ئەمەللەرنى بولسا دۇنيادىن ئايرىپ پەقەت ئاخىرەتلىك ئۈچۈنلا دەپ قىلىدۇ. ئىش ئەگەر مۇشۇنداق بولسا ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا چاتاق پەيدا بولىدۇ ـ دە، بىر تۈركۈم ئەمەللەرگە سەل قارىلىپ بەزى ئەمەللەر چەكتىن ئىشىپ كېتىدۇ. ئىنسان بىر بولسا ئاستا ـ ئاستا دۇنياغا بېرىلىپ ئاخىردا ئاخىرەتنى ئۇنتۇيدۇ ياكى ئاخىرەتنىڭ ئەمەللىرىگە بېرىلىپ ئاخىردا دۇنيادىن ۋاز كېچىدۇ. ئىسلامدا بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتا. بىرىنچىسى بولسا رىزىق ئىزلەش باھانىسى بىلەن دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ماددىي ـ مەئىشەتلىرىنى كۆپەك تويلاش بىلەن ئاۋارە. ئىككىنچىسى بولسا زېمىننىڭ ماددىي ـ مەئىشەتلىرىدىن، رىزىق تەلەپ قىلىشتىن ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن يۈز ئۆرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى اللەنىڭ ئالدىدا كەمچىلىك ئۆتكەزگۈچى ۋە گۇناھكار بولىدۇ.

ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك:

﴿وابتغ فيما آتاك الله الدار الآخرة ولا تنس نصيبك من الدنيا﴾

«اللە ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن.[①]»

شۇ ۋاقىتتا ئىنساننىڭ تۇيغۇسىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەت بىر ـ بىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ ـ دە! ئۇ دۇنيالىقتا ئىشلەش بىلەن بىرگە ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ. ئىبادەتكە ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە سەل قارىمايدۇ.

4 ـ بىز تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش بابىدا مۇسۇلماننىڭ تۇيغۇسىدىكى

---

[①] سۈرە قەسەس: 77 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش بىلەن سەۋەپلەرنى قولللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۇ دېگەن ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ھەقىقەتەن يۆلىنىۋالغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدۇق دەپ ئويلايدۇ، ئاندىن سەۋەپلەرنى قولللىنىشقا سەل قارايدۇ. شۇ سەۋەپلىك ئۇلارنى كەمبەغەللىك، كېسەللىك، ئىلىمسىزلىك، بوشاڭلىق ۋە زېمىن يۈزىدىكى خورلۇقلار قاپلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ياۋروپا جاھىلىيىتى ئاللاھدىن ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ، سەۋەپلەرنى قوللىنىپ، زور ماددى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، ياۋروپا جاھىلىيىتى مۇئمىن ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش ئارقىلىق تاپىدىغان خاتىرجەملىكنى يوقاتتى. نەتىجىدە ئۇلار خاتىرجەمسىزلىك، نېرۋا قالايمىقانلىشىش، روھى كېسەللىك، ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلتۈرۋېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولدى.

ئىسلام بۇ ئىككى ئېلېمېنت ئوتتۇرىسىنى ناھايىتى ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ ماددىي كائىناتتا ئىنسانىيەت ھاياتىنى شۇ ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئىلاھى قانۇنىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، ئەگەر بىز مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولساق، ئۇنداقتا، مۇشۇ قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىپ، سەۋەپلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. لېكىن، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇئمىننى پەقەت سەۋەپكىلا تايىنىۋالماسلىققا، بەلكى، ئاللاھنىڭ ئۆزى يەتمەكچى بولغان نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ، قەلبىنىڭ دائىم ئاللاھقا باغلىنىپ تۇرۇشىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى توغرىلىق تەربىيە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ زېمىندىكى ئىشلىرى تەڭپۇڭلىشىدۇ. ئۇ سەۋەپلەرنى قوللىنىشقا سەل قارىمايدۇ، يۆلەنمىچىلىك قىلمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئارزۇ قىلىشتىن توختاپ قالمايدۇ.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئاخىرىدا بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز بۇ ئەقىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. بىرەر تەرەپنى چەكتىن ئاشۇرۋەتمەيدۇ روھى تەرەپنى ماددىي تەرەپتىن، سىياسىي تەرەپنى ئىقتىسادىي تەرەپتىن، ئىقتىسادنى ئەخلاقتىن ئۈستۈن بىلمەيدۇ. بەلكى، ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى اللەغا ئىمان ئېيتىش ۋە اللە چۈشۈرگەن بارلىق قانۇن ـ پرىنسىپلارنى چىڭ تۇتۇشنى بەلگىلىگەن ئەقىدە ئاساسىدا تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭپۇڭ ھالەتتە ھەرىكەت قىلىدۇ.

## 2 ـ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئىنسانلار ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى:

بىز بۇ ئەقىدىنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە تۈنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي رېئاللىقى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىمىز. ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى بولۇشقا رازى بولغان بۇ ئەلچىلىكنىڭ ئۆچمەس تارىخى رېئاللىقى اللەنىڭ مۇشۇ ئەلچىلىككە ئاتا قىلغان مەرھەمىتى بولۇپ، بۇ ئەلچىلىك قۇرۇق شۇئار ياكى خىيالى فانتازىيە ئەمەس. بەلكى،تارىخ قۇرلىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن رېئال ئەمەلىيەتتۇر.

بۇ ئەقىدىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا «كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتنى» مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكى تەسىر جەھەتتە يېتەرلىك. چۈنكى، قۇرئان ئۇلارنىڭ ھايات رېئاللىقىدا تەتبىقلانغان ۋە ئۇ ئۈممەت ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق دائىرىسىدە تۇرۇپ قۇرئاننى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتە قۇرئاننىڭ ھەقىقى تەرجىمانى بولغان.

بىزگە يەنە مۇشۇ ئەقىدىنىڭ ئەمەلىي رەۋىشتە ئىنسانلار ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن مۇشۇ ئۈممەتنىڭ بولۇپمۇ، تۈنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى ئوقۇشىمىز بىزگە يېتەرلىك.

بۇ ئەقىدىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك نۇقتا تەۋھىد بولۇپ، ئىنسان تەۋھىدنى ئىدىيە، تۇيغۇ ۋە يول جەھەتتە ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرسا ئىنسان ھاياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىنسان تەۋھىدكە مۇشۇنداق تويۇنسا ئەقىدىدىن خالى بولغان ئادەتتىكى كىشىلەر قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ.

بىز نۇقسانسىز ساپ مەنبەدىن ئۆزىنىڭ ئېلېكتىر مەنبەسىنى قوبۇل قىلىپ خىزمىتىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئورۇندايدىغان بىر ئۈسكۈنىگە قاراپ باقايلى! ھەقىقەتەن بۇ تەۋھىد ئەقىدىسى ساپ بولغان مۇئمىننىڭ ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇئمىن ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئېنېرگىيىسىنى ئەقىدىدىن قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ «ئەڭ گۈزەل شەكىلدە» يارىتىلغان.

ھەقىقەتەن ئىسلام تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلاردا بارلىققا كەلتۈرگەن ئۈلگىلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىغا نىسبەتەن تەڭداشسىز ئۆلگىلەردۇر. ئۇ ئۆلگىلەر پەقەت ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى (اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ۋە تارىخ خاتىرلىگەن ئاشۇ چاقناق ئىسىملاردىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى، تارىخ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەپ بولالمىغان نەچچە ئون مىڭ كىشىلەردە ئەكس ئەتكەن. ياكى بولمىسا سەن: «بۇ ئۇممەت بىر گىگانت تاغقا ئوخشايدۇ. تارىخچىلار ئىگىز چوققىلارنى سۆزلەش بىلەنلا بولدى قىلدى. چۈنكى، باشقا پرىنسىپ ۋە نىزاملاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇش تولىمۇ قىيىن بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسى سايىسىدا رېئاللىققا ئايلىنىشى تولىمۇ ئاسان بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن تارىخچىلار يۈزەكى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى» دېگىن.

بىز اللە يولىدا جىھاد قىلىشقا چىققان، قولىدا بىر نەچچە تال خورما قالغاندا: «ئەگەر مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام ھايات بەكلا ئۇزۇراپ كەتكۈدەك» دەپ اللە يولىدا شەھىد بولۇش ئۈچۈن

خورمىنى تاشلاپ ماڭغان ۋە شەھىدلىككە ئېرىشكەن ئەسكەر ھەققىدە نېمە دەيمىز؟

پارىسلارغا قارشى ئۇرۇشتا تۆشۈك دوبۇلغىسىنى كىيىپ ماڭغانىدا، قېرىنداشلىرى ئاگاھلاندۇرۇپ، دوبۇلغىسىنى ئالماشتۇرۇۋېلىشىنى ئېيتقاندا، كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەگەر ماڭا مۇشۇ تۆشۈك ئارقىلىق مۇسىبەت يەتسە مەن اللهغا يارىغان بولىمەن» دېگىنىچە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، شۇ تۆشۈكتىن ئوق تېگىپ شەھىد بولغان چاغدا ئۆزىنى اللهنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەندەك ھېس قىلىپ خۇرسەن بولغان ھالدا اللهنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن مۇجاھىد ھەققىدە نېمە دەيمىز؟

بىز يەنە ئۆيىدە بىردىنبىر يېمەكلىكى بولغان خورمىنى يېيىش ئۈچۈن جۇغلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۆيىگە مېھمان كەلسە، مېھمان خورمىدىن باشقا يېمەكلىكنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ قىلىپ، تاماق يېگىلى ئۇنىماي قالمىسۇن دەپ، قەستەن چىراقنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، خورمىلار بىلەن مېھماننى كۈتكەن ئالىيجاناپ كىشىلەر ھەققىدە نېمە دەيمىز؟. الله ئۇلار ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان:

﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّأُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ

بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.[①]»

ھەر بىر تەرەپتە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئۈلگىلەر بار. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدىكى ئۈلگىلەردۇر.

بىز بۇ يەردە مۇسۇلمان ئۇممەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەقىدىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ چىقىمىز، ئاندىن بۇ دىنىنى قوبۇل قىلمىغان باشقا ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

1 ـ اللهغا تەقۋادار بولۇش: اللهدىن ۋە اللهنىڭ ھېساب ئېلىشىدىن قورقۇش ئارقىلىق ئىمان چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئۆز قىلمىشىغا بولغان مەسئۇلىيىتىگە قارىتا ھەرىكەت ۋە ھېس تۇيغۇلار تۇغرىلىنىدۇ. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ بەيتۇل مالدىن بۆلۈپ بېرىلگەن بىر قانچە دەرھەمگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر سۆزىنى مىسال قىلىپ باقايلى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەنئادا بىر خېچىر پۇتلىشىپ كەتسە، ئۇنىڭ يولىنى تۈزلەپ قويمىغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەن مەسئۇل بولىمەن».

2 ـ الله يولىدا جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن جىھاد قىلىش ئارقىلىق زېمىندا مۇشۇ دىنىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ئىسلام پەتھلىرىدە ئازغىنە قوشۇننىڭ سان ۋە تەييارلىق جەھەتتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ قوشۇننىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىشى.

3 ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش پرىنسىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق زېمىندا بۇزۇقچىلىقنىڭ تارىلىپ

[①] سۈرە ھەشر: 9 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كىتىشنى توسۇش.

4 ـ ئۈممەت ئىچىدە ئىجتىمائىي كاپالەت پرىنسىپىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۈممەتنى ساقلاپ قىلىش، ئۇنى ياخشىلىققا ياردەملەشتۈرۈش، ئۈممەتنى پارچىلايدىغان ئۆچمەنلىكلەرنى يوقۇتۇش ۋە ئىسلام جەمئىيىتىدە ياخشىلىق روھىنى تارقىتىش.

5 ـ ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىش: ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئىسلام ئۈممىتىدە ئەمەلگە ئاشقاندەك ھېچبىر ئۈممەتتە ئىشقا ئېشىپ باقمىغان.

6 ـ ئۆتمۈشتىكى خەلقلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ۋە پەتھى قىلغۇچىلار بىلەن پەتھى قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىلاھى ئادالەتنى يولغا قويۇش.

7 ـ ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى سايىسى ئاستىدا مۇسۇلمان بولمىغان باشقا دىن ۋە مەزھەبلەرگە دىنى جەھەتتىكى كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش.

8 ـ مۇسۇلمانلار ئېغىر دەرىجىدە ئېغىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىدىمۇ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئەخلاق مۇھاپىزەت قىلىنغان. مۇسۇلمانلار ئىچىدە پاھىشىنىڭ نىسبىتى ھەر قانداق بىر جەمئىيەت ۋە دەۋرگە سىلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ئازايغان ياكى پۈتۈنلەي يوق دېيەرلىك بولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنە ۋە ئابرۇيىنى قوغداش يېقىن مەزگىللەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

9 ـ دەۋەتنى ناھايىتى قىسقا مەزگىل ئىچىدە زېمىننىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقىتىشتىكى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرەب تىلىنىڭ تارقىلىشىدىكى ھەرىكەت ئاكتىپچانلىقى.

10 ـ مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىلىپ بارغان زور ئىلمىي ھەرىكەت. ئۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپ ئىلمنى نەزىرىيىدىن تەجرىبىدىن ئۆتكەن پرىنسىپقا ئايلاندۇرۇش ھەمدە ئۇنى پەلسەپچىلەر شەكىللەندۇرگەن قۇرۇق نەزىرىيىدىن ئوبيېكتىپ نەزىرىيىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

11 ـ ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام مەدەنىيەت ھەرىكىتى. ئۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا روھنىڭ تەلەپلىرى بىلەن تەننىڭ تەلەپلىرىنى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمەيدىغان ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت شەكىللەندۇرۇشتۇر.

12 ـ يەر شارىدا ئۇممەت مەنىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. ئۇممەت ۋەتەن، تىل، مىللەت، ئىرق ۋە شەخسىي مەنپەئەت ئاساسىدا بىرلەشمەستىن، بەلكى، ئەقىدە ئۇستىدە بىرلەشتى. شۇ سەۋەپلىك مۇسۇلمان ئىسلام دۇنياسىدا ئوكياندىن ئوكيانغا كېزىپ يۈرسىمۇ، ھۆكۈمەتلىرى باشقا بولسىمۇ غېرىبلىق ھېس قىلمايدۇ.

ئەنە ئاشۇلار ئەقىدىدىن پەيدا بولغان ئىسلام جەمئىيىتىدىكى تەسىرلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىدىن، ئەقىدە كۆرسەتكەن يول ـ مەسلەكلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ تەلەپ ـ تەقەززالىرىنى ئەمەلىي تەتبىقلاشتىن ئۇرغۇپ چىققان. بىز مۇشۇ ئارقىلىق بۇ ئەقىدىنىڭ ياخشى بىر ئىنساننى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ ئىنسان اللەغا كەڭ مەنىدە ئىبادەت قىلىدۇ. يەنى ھەر قانداق گەپ سۆز، ھەرىكەت، ئەمەل ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە اللەنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ، اللە بەلگىلىگەن پرىنسىپتىن ھالقىماي، ئىبادەتنىڭ ئالەمشۇمۇل، كەڭرى مەنىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

﴿قُلْ إِنَّ صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ، لا شَرِيكَ لَهُ﴾

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر.“[1]»

زېمىننىڭ شەھۋەتلىرىدىن ئۆزىنى ساقلىيالىغان ھەر قانداق كىشى باشقا بىراۋغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىلاھى بولغان اللە ئۈچۈن خالىس بولالايدۇ. ئۆزىنىڭ يولىنى، ئىدىيىسىنى ۋە تۇيغۇلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالىغان كىشى اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن زېمىننى گۈللەندۈرىدۇ.

بۇ ئەقىدىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا تەسىرلىرى بار. بۇ دىنىنى قوبۇل قىلمىغان، ھەتتا، ئىسلام دۇنياسىغا قوشۇن تارتىپ كەلگەن ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى ياكى ئىسلام جەڭچىلىرى قوشۇن تارتىپ بارغان باشقا ئەل خەلقلىرىدىمۇ ئىسلامنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلىرى بار. بىر قىسىم ياۋروپالىقلار ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن ئىلىملەرگە ئەگەشكەن. چۈنكى، ياۋروپا زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە ۋە روھلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئىلىم ۋە ئىلمىيلىككە قارشى تۇرغان. ئىلمىي جەھەتتىن جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان ھۆكۈمرانلار ۋە چېركاۋ ساھىبلىرى ئۆز ئارزۇسى بويىچە خەلقنى نادان قالدۇرغان ياكى ساختا ئىلىمنى مەجبۇرى تاڭغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىرىستىيان دىنىدا بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنى ئۆز-ئارا باغلاپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەت بولمىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پومىشچىك خوجايىنلىرى قانۇن چىقىرىش ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋېلىشقان ئىدى. ئۇلار يەنە بىر

[1] سۈرە ئەنئام: 162 ـ 163 ـ ئايەتلەر.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ روھىنى، ئىدىيىسىنى قۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋالغاندەك، ئۇلارنىڭ جىسمانى كۈچى ۋە زېھنىي تىرىشچانلىقلىرىنىمۇ مونوپول قىلىۋالغان ئىدى.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ كَثِيراً مِنَ الْأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾

«ئى مۇئمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلەردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) اللەنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللەنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن.①»

ياۋروپا مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىنى قورشاپ تۇرۇۋاتقان ئىسلام بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئىسلام بىلەن ئەندەلۇستا (ئىسپانىيىدە)، شىمالىي ئافرىقىدا ۋە سىتسىلىيە ئارىلىدا تىنچ ھالەتتە ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام بىلەن ئىككى ئەسىر داۋاملاشقان ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدا ئۇچراشتى.

بۇ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇچرىشىش ئارقىلىق ياۋروپادا تۆۋەندىكىدەك تەسىلەر پەيدا بولدى:

1 ـ ياۋروپا ئىسلامىي ئىلىملەرنى، بولۇپمۇ، ئىلمىي تەتقىقاتتىكى «تەجرىبە پرىنسىپى»نى قوبۇل قىلدى ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئىلمى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈردى.

2 ـ ياۋروپا بىر خىل سىستېما ئۆز ـ ئارا باغلاپ تۇرىدىغان ۋە بىر

① سۈرە تەۋبە: 34 ـ ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

قانۇن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان «مىللەت» ياكى «دۆلەت» ئۇقۇمىنى مۇسۇلمانلاردىن قوبۇل قىلغان بولىسمۇ، بىراق، ئۇلاردىكى بۇزۇلۇش ئەقىدىدىكى بۇزۇلۇش بولغانلىقى، بۇزۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار خىرىستىئان روھانىيلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتنى ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىغا قۇرمىدى. بەلكى، ھازىرقى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى بولغان مىللەتچىلىك ئاساسىغا قۇرۇپ چىقتى.

3 ـ كالۋىن ۋە مارتىن ليۇتېر قاتارلىق خىرىستىئان دىن ئىسلاھاتچىلىرى ئەقىدە جەھەتتىكى ۋە چىركاۋدىكى بۇزۇقچىلىقلارنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولىسمۇ، بىراق، ئومۇملىشىپ كەتكەن بۇزۇقچىلىقلاردىن پەقەت ئاز بىر قىسمىنىلا ئىسلاھ قىلالىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ياۋروپانىڭ ھەقىقى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولى بولغان ئىسلامنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقىدا ئىدى.

4 ـ ئىسلام ئۇنىۋېرستېتلىرىنىڭ تۈزۈملىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرستېتىنى قۇرۇپ چىقتى.

5 ـ ياۋروپادا مۇسۇلمانلاردا بار بولغان ئالىجاناپلىق، قەھرىمانلىق ۋە يۈكسەك ئەخلاقلارنى ئۆگىنىش ھەرىكەتلىرى پەيدا بولدى.

6 ـ ھۆكۈمرانلارنىڭ خاھىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلمىغان ئوچۇق ئاساسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئاساسى قانۇن» تۈزۈش ئىدىيىسى بارلىققا كەلدى. ياۋروپا كۆپىنچە قانۇنلارنى ئىسلام پىقھىلىرىدىن كۆچۈرۈپ ئالدى. فىرانسىيىنىڭ يەرلىك قانۇنىنىڭ كۆپىنچىسى ئىمام مالىكنىڭ پىقھىسىدىن ئېلىنغان. چۈنكى، ئىمام مالىكنىڭ پىقھىسى ئۇلارغا نىسبەتەن شىمالى ئافرىقىدىكى مەزھەپلەرنىڭ

ئەڭ يېقىنراقى ئىدى.

7 ـ ياۋروپا ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بىنالىرىنى ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىپ ياسىدى. شۇنداقلا، ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت قىممەت قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشمىغىچە ئۆيلەرگە مۇنچا ياساش ۋە مۇنچىدا يۇيۇنۇشنىمۇ بىلمەيتتى.

8 ـ ياۋروپا جۇغراپىيىلىك كەشپىياتتىن ۋە ئىسلام خەرىتىسىدىن پايدىلىنىپ زېمىندىكى سەپىرىنى باشلىدى.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتساق ھەقىقەتەن ياۋروپا گەرچە ئىسلامنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىنى ھاياتىغا كىرگۈزمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ جاھىلىيەتچە تەرەپبازلىقى ئىچىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى گۈللىنىشىنىڭ ئۇرۇقىنى پۈتۈنلەي ئىسلامدىن ئالغان.

بۈگۈن ئەتراپىمىزدىكى ئىسلام دۇنياسىغا قارىساق توغرا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تەسىرلىرىنى كۆرەلمەيمىز. ئۇنداقتا ئىسلام ئەقىدىسى ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يوقۇتۇپ قويدىمۇ؟.

ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئىسلام ئەقىدىسى ھېچقاچان ئۆزىنىڭ تەسىرچانلىقىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھايات پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا تۈزىلىدىغان تەسىرچانلىققا ئىگە ئىلاھى پرىنسىپتۇر.

بۇ يەردىكى مەسىلە ھەقىقەتەن بۇ ئەقىدە پەقەت ئىنسان ئۆزىگە ۋە ھايات رېئاللىقىغا سىرىپ قىلغان تىرىشچانلىققا قاراپ تەسىر كۆرسىتىدۇ:

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

﴿إِنَّ اللَّهَ لا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللە ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)[1]»

مانا بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ھەقىقەتەن ئىنسان تىرىشمىسا ۋە مۇئەييەن نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى ئىشلىمىسە اللە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ھەر قانداق بىر تۈرتكىلىك ئامىلغا ئوخشىمايدىغان تۈرتكىلىك ئامىلدۇر. لېكىن، ئىسلام ئەقىدىسى ئۇنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات رېئاللىقىدا تەتبىقلاشقا ئۇرۇنغان كىشىلەرگىلا تۈرتكە بولىدۇ.

قېنى سەن ئويلىنىپ باق! ھەر دائىم ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان بىر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى ئىشلەتمىسە ياكى بىرەر ئادەم ئۇنىڭدىن ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارمىسا، ئۇنداقتا، بىز ئېلېكېر ئېنېرگىيىسى رولىنى يوقاتتى دەمدۇق؟ ياكى كىشىلەر ئۇنى ئىشلىتىشتىن قاچتى دەمدۇق؟!...

مانا! بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلىق نامىنى كۆتۈرۈۋالغان، لېكىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئىسلامدىن ئەسەرمۇ يوق، ئۆزىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشتۇق دەپ ئويلايدىغان، بىراق، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشمايدىغان، ئاندىن ھاياتى چۈشكۈنلۈككە پېتىپ، ھۇشىنى

---

[1] سۈرە رەئد: 11 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

يىغىپ پاتقاقتىن قۇتۇلماقچى بولغاندا ئۆزلىرىنى ھەقىقەتكە باشلايدىغان ئادەم تەرەپكە يۈزلەنمەي، ئەكسىچە ئۆزىنى پاتقاققا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىتتىرىۋېتىدىغان كىشى تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغان كىشىلەرنىڭ مىسالى.

ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار شەيتان ئىزىغا قۇرۇپ قويغان كىشىگە ئوخشاش ئىزىپ يۈرۈشىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى توغرا يولغا سالىدىغان بىر كۈچنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدىكى ئورنىغا، اللە رازى بولۇپ تاللاپ بەرگەن ئەقىدىسىگە ۋە ئىسلام ھەقىقىتىگە قايتىپ كېلىشى كېرەك.

گەرچە كەلگۈسى زور تىرىشچانلىققا مۇھتاج بولسىمۇ، بىراق، بۈگۈن زېمىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ياشلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام ھەققىدە ئىزدىنىش ھەرىكىتى كەلگۈسىگە نىسبەتەن ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى.

پات ئارىدا اللە ئۆزىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دىننى زېمىندا قايتا گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. دىندىن ۋاز كەچكەن ۋە دىندىن چىقىپ كەتكەنلەر ھەرگىزمۇ اللەنىڭ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئىلاھى ئاگاھلاندۇرۇش تەتبىقلىنىدۇ:

﴿ وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْماً غَيْرَكُمْ ثُمَّ لا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾

«ئەگەر سىلەر (اللەنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللەغا ئىتائەت قىلىدۇ).[1]»

[1] سۈرە مۇھەممەد: 38 ـ ئايەت.

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى(2 ـ قىسىم)

ئەمما، بۇ دىنىدا چىڭ تۇرغان ۋە بۇ دىنىنى زېمىندا قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلغان كىشىلەر پات ئارىدا اللەنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىدۇ:

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً﴾

«اللە ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.[1]»

ئى اللە! بىزنى ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلاردىن قىلغىن.

اللە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

اللەنىڭ ياردىمى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ 1 ـ 2 ـ قىسمى تولۇق ئاخىرلاشتى.

باشتىن ئاخىرى ھەمدۇ سانالار يەككە ـ يىگانە اللەغا مەنسۇپ.

---

[1] سۈرە نۇر: 55 ـ ئايەت.